قۇرئانى-كەرىم نۇرى ئاستىدا پەيغەمبەرلەر تارىخى



# مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

## (مەككە دەۋرى)

ئوسمان نۇرى توپباش

ئەركام نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي

تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئىرفان**
گىرافىك ۋە مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: **زاكىر**
ئالاقىلىشىش ئېلخەت ئادرېسى:
astane3@gmail.com

ئوسمان نۇرى توپباش

قۇرئانى-كەرىم نۇرى ئاستىدا پەيغەمبەرلەر تارىخى

# مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

## مەككە دەۋرى (1 ـ قىسىم)

ئەركام نەشرىياتى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.»** (قەلەم سۈرىسى، 4-ئايەت)

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا

**«سىلەرگە ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى، 12-ئايەت)

إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى، 65-ئايەت)

وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُواوَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ

«پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.» (ھەشر سۈرىسى، 7 ـ ئايەت)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَطِيعُوا اللَّهَ وَأَطِيعُوا الرَّسُولَ وَلَا تُبْطِلُوا أَعْمَالَكُمْ

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەمەللىرىڭلارنى (كۇفرى، نىفاق ۋە رىيا بىلەن) بىكار قىلىۋەتمەڭلار.» (مۇھەممەد سۈرىسى، 33 ـ ئايەت)

وَمَن يُطِعِ اللهَ وَالرَّسُولَ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاء وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا

«كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن، پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار.» (نىسا سۈرىسى، 96 ـ ئايەت)

أَلَمْ يَعْلَمُواْ أَنَّهُ مَن يُحَادِدِ اللّهَ وَرَسُولَهُ فَأَنَّ لَهُ نَارَ جَهَنَّمَ خَالِدًا فِيهَا ذَلِكَ الْخِزْيُ الْعَظِيمُ

«(بۇ مۇناپىقلار) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە كىمكى قارشىلىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى، دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ چوڭ رەسۋالىقتۇر.» (تەۋبە سۈرىسى، 36 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«شۈبھىسىزكى، مەن گۈزەل ئەخلاقنى تاماملاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.»
(مۇۋەتتا، «ھۇسنۇل خۇلۇق»، 8)

«جىن ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىسيانكارلىرىدىن باشقا، ئاسمان-زېمىندىكى پۈتۈن مەۋجۇداتلار مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ.»
(ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، «مۇسنەد»، 3-جىلد، 310)

«سىلەرگە ئىككى نەرسە قالدۇرۇپ كەتتىم. بۇلارغا چىڭ ئېسىلساڭلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەيسىلەر. (بۇلار) ئاللاھنىڭ كىتابى (قۇرئانى-كەرىم) ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدۇر.» (مۇۋەتتا، «قەدەر»، 3)

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ جان بۇ بەدەندە بار بولغان مۇددەتچىلىك مەن قۇرئاننىڭ چاكىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنىڭ توپرىغى. كىمكى بۇ سۆزىمدىن باشقا بىر سۆز نەقىل كەلتۈرسە، ئۇ كىشىدىن ھەم ئۇ سۆزدىن بىزارمەن.»

## مۇندەرىجە

**كىرىش سۆز.................................13**
مۇقەددىمە .......................................17
ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاشتا پەيغەمبەر تەرجىمىھالىنىڭ
ئەھمىيىتى .......................................17
ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئەرەبىستاننىڭ بۆشۈك قىلىپ تاللىنىشىنىڭ
ئەھمىيىتى .......................................26
ئۇممۇل قۇرا: مەككە................................31
كەبىنىڭ تارىخى ۋە مۇقەددەسلىكى..........................39
كەبىنىڭ ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىبرەتلىك
ھادىسە: پىل ۋەقەسى ...............................47
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەنىفلىك ........................50

بىرىنچى باپ
**پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام/57**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بالىلىق دەۋرى .......59**
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك نەسەبى......................59
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ بىلەن ئانىسى ئامىنىنىڭ
ئۆيلىنىشى .......................................61
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھنىڭ ۋاپاتى ...........64
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بېشارەت بېرىدىغان
خەۋەر ۋە ھادىسىلەر ...............................65
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بۇ ئەسنادا يۈز بەرگەن
ۋەقەلەر .........................................79
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسملىرى .....................83

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىغا بېرىلىشى ........................85
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يېرىلىش
ۋەقەسى ........................................................92
مەدىنە ساياھىتى ۋە ئانىسىنىڭ ۋاپات بولىشى ........................94
چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ھىمايىسى ............................95
تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ھىمايىسى ...................................98
ئىككىنچى قېتىملىق كۆكرەك يېرىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
قەلبىنىڭ مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن تولدۇرۇلىشى ...................100

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق دەۋرى ....................103**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى103
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي بېقىشى ...........................107
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرى بىلەن بولغان ساياھەتلىرى ....109
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راھىب بۇھەيرا بىلەن ئۇچرىششى ۋە
راھىبنىڭ سۆزلىرى .................................................111
خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى ..............................................116
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇل-مۇئامىلىسى .......................118
راھىب ناستۇرانىڭ بايقىشى .........................................122
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى......123
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئۆيلىنىشى ۋە ھېكمىتى ...........126
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئازاد قىلىپ بالا
قىلىۋېلىشى .......................................................137
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىنى يېنىغا ئېلىشى .........139
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرى.............................140
كەبىدە ھۆكۈم قىلىش ...............................................142
قۇس ئىبنى سائىدەنىڭ خىتابى ........................................145
ھىرا غارىدا خىلۋەت...............................................148

باللىق ۋە ياشلىق دەۋرىنىڭ تەھلىلى ........................153

## ئىككىنچى باپ

## پەيغەمبەرلىكنىڭ مەككە دەۋرى/155

پەيغەمبەرلىكنىڭ مەككە دەۋرى ..................................157
ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى: راست چۈشلەر ..............................157
**پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلى: مەخپىي دەۋەت باسقۇچى......159**
تۇنجى ۋەھيي ۋە ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى .......................159
ۋەھيىنىڭ ھەقىقىتى ۋە كېلىش شەكلى ..............................168
پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەت ........................................183
پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى .......................................186
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ......................203
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئۈممى بولۇشى ۋە ھېكمىتى .............207
ھلىيەئى سائادەت ..................................................211
ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ..........................................220
تۇنجى مۇسۇلمانلار .................................................222
دارۇل ئەرقەم: تۇنجى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم-تەربىيە مەركىزى ........232
**پەيغەمبەرلىكنىڭ تۆتىنچى يىلى ...................................234**
ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن! يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى
ئاگاھلاندۇرغىن ......................................................234
پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ سەفا تۆپىلىكىدە قۇرەيشنى ئىسلامغا دەۋەت
قىلىشى .............................................................240
تەبلىغنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇسلۇبى ....................................249
ئىسلام تەبلىغى ۋە مەسئۇلىيەتلىرى ..................................268

ئەبۇ لەھەب ۋە ئايالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان
ھۆرمەتسىزلىكى ........................... 270
مەككىنىڭ يارىشىش تىرىشچانلىقى ........................... 274
قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا بولغان تەسىرى ..... 284
مۇشرىكلارنىڭ قۇرئانغا قارشى چىقىشى ........................... 300
رەسۇلۇللاھ ۋە قۇرئانغا قارشى تۆھمەتلەر ........................... 308
زۇلۇم باسقۇچى ........................... 314
مۇسۇلمانلارغا سەۋر ۋە مۇستەھكەملىك ئاتا قىلىنىشى ........................... 327

**پەيغەمبەرلىكنىڭ بەشىنچى يىلى ........................... 334**

ھەبەشىستانغا ھىجرەت ........................... 334
غەرانىق مەسىلىسى ........................... 337
ئىككىنچى قېتىملىق ھەبەشىستانغا ھىجرەت ........................... 340

**پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالتىنچى يىلى ........................... 344**

نەجاشىدىن مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى ........................... 344
ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ........................... 350
ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ........................... 356

**پەيغەمبەرلىكنىڭ يەتتىنچى ـ توققۇزىنچى يىللىرى: بايقۇت يىللىرى ..... 364**

مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈشى: ئۈچ يىل سۈرگەن
بايقۇت ........................... 364
بايقۇتنىڭ ئاخىرلىششى ........................... 369
ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىش مۆجىزىسى ........................... 373
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا تەبلىغ قىلىشقا داۋام
قىلىشى ........................... 376

**پەيغەمبەرلىكنىڭ ئونىنچى يىلى ........................... 380**

قايغۇ يىلى: ھەزرىتى خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتى ........................... 380

تائىف سەپىرى ........................................ 384
تەڭداشسىز مەرھەمەت ۋە ئىلاھىي تەسەللىلەر ........................ 388
جىنلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن قۇرئان ئاڭلاپ ئىمان ئېيتىشى ......... 390
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى ۋە ئۇلارنى
ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى ................................... 395
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى سەۋدە بىلەن ئۆيلىنىشى ....... 404

**پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون بىرىنچى يىلى ........................ 406**

ئەقەبە ئۇچرىشىشى ........................................ 406
كۆكرىكىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يېرىلىشى مېراجغا تەييارلىق ......... 408
ئاللاھتائالانىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان تەڭداشسىز
ئىكرامى: مېراج ............................................ 408
مېراجدىن بىر قانچە خۇلاسە ................................ 426
مېراجنىڭ تەسىرلىرى ...................................... 427

**پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئىككى ۋە ئون ئۈچىنچى يىللىرى ............... 431**

بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى ................................... 431
مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلىنىشى ۋە مەدىنىنىڭ
قۇرئان بىلەن فەتھى قىلىنىشى ............................... 432
ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى ..... 437
مەككە دەۋرىنىڭ تەھلىلى ................................... 445
مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىگى ............... 447
**پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقى چارىسى: ھىجرەت (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون
ئۈچىنچى يىلى ............................................ 254**
ھىجرەتكە رۇخسەت ۋە مەدىنىگە ھىجرەت ......................... 452
مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەست پىلانى ............................ 457
جاپالىق سەپەر ........................................... 463
كۇتۇلگەن ئەزىز يولۇچى ..................................... 481

تەقۋالىق ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد: قۇبا مەسجىدى ............... 485
رانۇنا ۋادىسىدا تۇنجى جۈمە نامىزى .............................. 489
مەدىنىدە ھاياجانلىق كۈتۈش .............................. 491

## كىرىش سۆز

نەبىلەر شەجەرىسىنىڭ تۈنجى ۋە ئاخىرقى ھالقىسى، كائىناتنىڭ پەخرى، ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ پەيغەمبىرى، ئىككى ھەرەمنىڭ ئىمامى، ئالەملەرگە رەھمەت

# مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ «ھەبىبىم» (دوستۇم) دېگەن ئىلاھىي خىتابقا سازاۋەر بولغان ئۆرنەك ھاياتىنى شۇ قۇرلاردا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەستۇر. بىراق ئۇنى تونۇش ۋە تونۇتۇش جەھەتتە ھەر ئىنسان كۈچىنىڭ يېتىشىچە غەيرەت قىلىشىنىڭ چەكسىز پايدىلىرى بار. مانا بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، يازالىغانلىرىمىز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەمۇنە خاراكتېرىدىن ئازراق بولسىمۇ نېسىۋىمىزنى ئېلىش، ئۇنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش بىز ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك شەرەپتۇر. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنى زاتىغا لايىق تونۇش ۋە تونۇتۇش سۆزىدىن خىجىللىق ھېس قىلىمىز. چۈنكى ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە:

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى، 65-ئايەت) دېيىش ئارقىلىق ساناقسىز پەرىشتىلىرى بىلەن «رەھمەت يوللىغان» ۋە ( لَعمْرُكَ) «سېنىڭ

ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى...» دېيىش ئارقىلىق شەنىنى ئۇلۇغلىغان بۇ پەيغەمبەرلەر سۇلتانىنىڭ ئالىيجاناب ھاياتىنى زاتىغا لايىق ئۇسلۇپتا ئىزھار قىلىش سۆزلەرنىڭ مەۋجۇت ئىمكانلىرى بىلەن مۇمكىن ئەمەستۇر.

دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىدىن شەيخ غالىپنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىنى بايان قىلغان تەسىرلىك مۇناجاتىغا ئائىت شۇ مىسرالار بۇ ھەقىقەتنى نەقەدەر يارقىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ-ھە!

سىز سۇلتانى رەسۇل، شاھى مۇمەججەدسىز ئەپەندىم،
سىز بىچارىلەرگە دۆلەتى سەرمەدىسىز ئەپەندىم،
سىز دىۋانى ئىلاھىيدا سەرمادىسىز ئەپەندىم،
سىز مەنشۇرى **«لەئەمرۇك»** بىلەن مۇئەييەدسىز ئەپەندىم
سىز ئەھمەدۇ مەھمۇدۇ مۇھەممەدسىز ئەپەندىم،
سىز ھەقتىن بىزگە سۇلتانى مۇئەييەدسىز ئەپەندىم.

«سەن پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى، شان-شۆھرىتى ئۇلۇغ بىر پادىشاھسەن! بىچارىلەرگە ئەبەدىي بىر دۆلەت (ۋە داۋادۇرسەن!) ئىلاھىي دىۋاندا (قىيامەتنىڭ ئۇ دەھشەتلىك كۈنلىرىدە ئۈممەتنىڭ) بېشىدا ۋە ئەڭ ئالدىدا يەر ئالغان (شەپقەتلىك بىر باشپاناھسەن!) (جانابى ئاللاھ): «سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى» دەپ قەسەم قىلغان، ئىلاھىي قەسەم بىلەن توغرىلانغان (ئۇلۇغ بىر پەيغەمبەرسەن!) سەن ھەزرىتى ئەھمەد، مەھمۇد، مۇھەممەد دەپ ئاتالغان پەيغەمبەرسەن! جانابى ئاللاھ بىزگە ئېھسان قىلغان، ئىلاھىي قەسەمگە سازاۋەر بولغان بىر سۇلتانسەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جانابى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى قەدىر-قىممىتى ئىنتايىن بۈيۈككى، جانابى ئاللاھ ھەبىبىگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ئىتائەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكنى ئەمەللەرنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى، ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشنى تەقۋانىڭ ئىمتىھانى، پەيغەمبىرىگە نامۇۋاپىق

خىتاب قىلىشنى جاھىللىق دەپ قارىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چەكسىز دۇرۇت ئېيتىش ئارقىلىق ئۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى بۇيرىغان.

بۇ دەرىجىدە شانۇ-شەۋكەتتى ئۇلۇغ بولغان سەرۋەرى ئالەم (كائىناتنىڭ پەخرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زاتىغا مۇناسىپ ئىزھار قىلىش ئەلۋەتتە جانابى ئاللاھنىڭ بۇ ئاجىز بەندىسىگە مۇشكۈل ۋە ھەددى ئەمەستۇر. بىزمۇ ئەسلىدە ھەقىقەتنى سۆكۈتنىڭ ئەبەدىلىكىدە ئېچىلىدىغان بۇ تېمىدىكى سۆزلىرىمىزنى، پەقەتلا ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسمىنىڭ يادى بىلەن كۆزەللەشتۈرۈش غەيرىتىنىڭ شەرىپىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمىز. شۇڭا، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزدىن بۇ ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلغانلىق نوقتىئى نەزىرىدە تۇرۇپ باھالىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇنى لايىقىدا چۈشىنىش ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەشتە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەتتىكى چوڭقۇرلۇق نىسبىتىدە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەبەدى بىر نۇر ۋە سىرلار ئالەمىدۇر. ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى ئىدراك قىلىش غەيرىتى بىلەن تەسۋىرلىمەكچى بولغان بايانلىرىمىز ئۈچۈن كەرەم ئىگىسى ئاللاھتائالانىڭ لۇتۇف ۋە ياردىمىگە ئىلتىجا قىلىمىز.

بۇ ھەقتە سەلەپى سالىھىن:

«رەببىم! سەن پەقەتلا ئىتائەتكار بەندىلىرىڭنى ئەپۇ قىلساڭ، گۇناھكارلار كىمگە ئىلتىجا قىلىدۇ؟ رەببىم! سەن پەقەتلا تەقۋا ساھىبى بەندىلىرىڭگە مەرھەمەت قىلساڭ، گۇناھكارلار كىمدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ؟» دەپ يالۋۇرغان[1].

بىزمۇ كائىناتنىڭ پەخرى ئەبەدىي مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنى كەلىمىلەرنىڭ چەكلىك دائىرىسىدە ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلغاندا، ئاجىزلىقىمىزدىن ئەدەب ۋە ھۆرمەت جەھەتتە

1. بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 2-جىلد، 62؛ غەززالى، «ئىھيا»، 1-جىلد، 338

سەھۋەنلىكتىن مەيدانغا كېلىپ چىققان خاتالىقىمىز ئۈچۈن رەببىمىزنىڭ مەغپىرەت دەرياسىغا ئىلتىجا قىلىمىز.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز!

ئىلگىرى پەيغەمبەرلەر شەجەرىسى نامىدا تۆت جىلد شەكلىدە تەييارلانغان كىتابىمىز، كېڭەيتىلىپ قايتىدىن نەشرگە تەييارلاندى. رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ئۈچ جىلد قىلىپ نەشر قىلىندى. ئىلگىرىكى نەشرىدە تۆتىنچى جىلدىغا توغرا كېلىدىغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى يېڭى نەشرىدە بىرى مەككە مۇكەررەمە، يەنە بىرى مەدىنە مۇنەۋۋەر دەۋرىگە مەخسۇس قىلىنىپ، ئىككى مۇستەقىل جىلد قىلىپ تەييارلاندى.

بۇ ئاخىرقى ئىككى جىلدنىڭ، ھەدىس، سىيەر (تەرجىمھال) مەنبەلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا مۇرات قايا ۋە باشقا ئاكادېمىك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خالىس غەيرىتىگە شاھىت بولدۇم. بۇ يەردە ئۇلارغا تەشەككۇر ئېيتىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ غەيرەتلىرىنىڭ سەدىقە جارىيە بولۇپ، جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى تىلەيمەن. يەنە پايدىلانغان ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرىنىمۇ رەھمەت بىلەن ياد ئېتىپ، رەببىمدىن ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت ۋە كاتتا ئەجىرلەر تىلەيمەن.

**تەۋپىق ئاللاھتىندۇر!**

ئوسمان نۇرى توپباش

# مۇقەددىمە

## ئىسلامنى چۈشىنىش ۋە تەتبىقلاشتا پەيغەمبەر تەرجىمىھالىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىنساننىڭ تۇغۇلىشىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ تەربىيلىنىش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇنلىغان ئامىللار بار. ئىنسان ئالدى بىلەن ھەر جەھەتتە ئۈلگە ۋە باشلامچى بولىدىغان بىر شەخسكە موھتاجدۇر. چۈنكى ئۇ تىل، دىن، ئەخلاق، ئادەت ۋە ھاكازالارغا ئوخشاش ھاياتىنى شەكىللەندۈرگەن كۆز قاراشلارنى، ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان شەخسلەردىن ئالغان تەجرىبە-ساۋاقلار بىلەن شەكىللەندۇرىدۇ. بەزى ئايرىم ئەھۋاللار بولىسمۇ ئومۇمىي جەھەتتە مۇشۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: بىر بالا ئاتا-ئانىسى قايسى تىلنى سۆزلىسە، دەسلەپتە ئۇنى ئۆگىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆرنەك قوبۇل قىلغان باشقا ئۈلگە ۋە مىساللار بىلەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ھەتتا تۆتىنچى تىلنى ئۆگىنىدۇ.

ئىنساندا تۇغما مەۋجۇت بولغان تەقلىد قىلىش خاھىشى ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. بۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنى تەربىيلەشمۇ ئۇنىڭغا ئىجابى ياكى سەلبى ئۈلگىلەرنى تەقلىد قىلغۇزۇش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسان ئۆزىنى پەرۋىش قىلغان ئاتا-ئانا، ئائىلە ۋە ئاخىرىدا ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇلارنى تەقلىد قىلىش نەتىجىسىدە ئىجابىي ياكى سەلبىي شەخس بولۇپ جەمئىيەتكە قوشۇلىدۇ.

باشقىلارنىڭ تىلى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش تاشقى خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆگىنىش كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر مەسىلە سادىر قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ دىنىي، ئەخلاقى ۋە مەنىۋىي دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشىدە خەتەرلىك تۇسالغۇلار

پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى ئىلاھىي ئىرادىنىڭ ئىنسانغا ئىمتىھان مەقسىتىدە بېرىلگەن، ئىنساننى ھېچ تەركەتمەيدىغان «**نەپس**»، «**ئىبلىس**»قا ئوخشاش، ئىككى چوڭ توسالغۇ يۇقىرىقى پەزىلەتلەرنى تەقلىد قىلىش ۋە ئەمىلىيلەشتۈرۈشتە ئىنساننى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا تەتۈر تەرەپكە مايىل بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن ئىنساننىڭ مەنىۋىي دۇنياسى ئۇلۇغ، دانىشمەن زاتلار بولغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئاللاھتائالانىڭ تەقۋادار دوستلىرى تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان غەپلەت، جاھالەت ۋە ئىسيانغا ئىتتىرىلىشتىن ئۆزىنى قوغداپ قالالمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەبەدىي سائادىتىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەگە ئايلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ھەر دائىم پاكىز روھلۇق، نازاكەتلىك ۋە يۇمشاق كۆڭۈللۈك رەھبەرلەرگە موھتاجدۇر. كىشىلەر ئىجابىي ياكى سەلبىي بولسۇن ئۆزىگە رەھبەر دەپ قارىغان كىشىلەرگە مەپتۇندۇر. مەستانە بولغان بۇ كىشىلەرنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە تەقلىد قىلىشنى ئويلايدۇ. كۈنىمىزدە ئۇيۇن-تاماشا ۋە مەنىۋىي يوقسۇللۇق ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارغا ئوخشاش بولۇش ئۈچۈن ئەبەدى سائادىتىنى ھالاكەتكە ئىتىۋاتقان ئەھۋاللارنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ ئالدىنىش ئەسلىدە بوش قالغان كۆڭۈل تەختىنى، سەلبىي كىشىلەرگە تەقدىم قىلىپ، تولدۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقتىن كېلىپ چىققان زىيانلاردۇر.

مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ئىنساننىڭ بۇ خىل ئاجايىپ ۋە مۇرەككەپ ئەھۋالىنى شۇ مىسال بىلەن تىلغا ئالىدۇ:

«قۇزىنىڭ بۆرىدىن قېچىشىغا ھەيران بولماسلىق كېرەك. چۈنكى بۆرە قوزىنىڭ دۈشمىنى ۋە ئوۋچىسى. لېكىن ھەيران قالىدىغان ئىش قۇزىنىڭ بۆرىگە مەپتۇن بولىشىدۇر!»

مانا بۇ ئۆتكۈنچى ئىمتىھان دۇنياسىدا بۆرىگە كۆڭلىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئەبەدىي پالاكەتكە دۇچار بولماسلىق ئۈچۈن جانابى ئاللاھنىڭ بىز بەندىلىرىگە «ئۇسۋەتۇن ھەسەنە» يەنى ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىك شەخس دەپ تونۇشتۇرغان كائىناتنىڭ پەخرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى

مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشىمىز، ئۇنى كۆڭۈل تەختىمىزنىڭ يېگانە سۇلتانى ۋە ھاياتىمىزنىڭ رەھبىرى قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇنى ياخشى كۆرۈش بىزگە پەرز قىلىنغان[2].

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە:

النَّبِيُّ أَوْلَى بِالْمُؤْمِنِينَ مِنْ أَنفُسِهِمْ

**«پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ (جانلىرىدىنمۇ) يېقىندۇر.»** (ئەھزاب سۈرىسى، 6-ئايەت) دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە جېنىمىزدىنمۇ يېقىندۇر.

ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت ھەقىقي ئىمانىنىڭ شەرتى قىلىنىپ:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردىن بىرىڭلار مېنى ئاتا-ئانىسى، ئەۋلادى ۋە پۈتكۈل ئىنسانلاردىن زىيادە ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقي مەنادا ئىمان ئېيتقان ھېسابلانمايدۇ.» دېيىلگەن. (بۇخارى، «ئىمان»، 8)

باشقا بىر ھەدىستە ئىمانىنىڭ لەززىتىنى ئۈچ خىل ئالاھىدىلىگى بولغان كىشىنىڭلا تېتىيالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرنى ھەممە نەرسىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈش»نىڭ بۇ ئۈچ ئالاھىدىلىكنىڭ بېشىدا كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[3].

ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشامدىن نەقىل قىلىنغان شۇ ھەدىس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەتنىڭ قايسى دەرىجىدە بولۇشى كېرەكلىكىگە يارقىن مىساللاردىن بىرىدۇر:

---

2. تەۋبە سۈرىسى، 24-ئايەتكە قاراڭ

3. بۇخارى، «ئىمان»، 9؛ مۇسلىم،«ئىمان»، 67

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغان ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ ئەسنادا ھەزرىتى ئۆمەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى جېنىمدىن باشقا پۈتۈن نەرسىلەردىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. - دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ياق، سەن مېنى جېنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك! - دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر، دەرھال:

- ئۇنداقتا سېنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن ئى رەسۇلۇللاھ!

- دېدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مانا ئەمدى بولدى. - دېدى.

مۇھەببەتنىڭ شەرتى ۋە مېۋىسى سۆيگىنىنى ئۇنۇتماسلىق، ئۇنىڭ بىلەن سۆز، ئىش-ھەرىكەت، كۆز قاراشتا بىردەك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر سۆيگۈسى بىلەن تولغان قەلبكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ سۈننەتلىرىنى تەپسىلى بىلەن ئۆگىنىپ، بۇ سۈننەتلەرنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئىش-ھەرىكەتلەرگە تەتبىقلاش كېرەك. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى بىلمەي، كۆڭۈلنى ئۇنىڭ مۇھەببىتى بىلەن زىننەتلىمەي، ئاللاھ قوبۇل قىلىدىغان ئىسلامىي ھاياتنى ياشاش مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇنىڭ ئەمەلگە ئېششى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىنى بىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغان نازۇك ۋە چوڭقۇر ھېسياتقا ئىگە بولۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇماي، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت، سۆيگۈ-ساداقەتنى ۋايىغا يەتكۈزمەي، ھەقىقىي ئىمانغا مۇيەسسەر بولۇش مۇمكىن ئەمەستۇر. جانابى ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولۇشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشقا باغلىقتۇر. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيگۈ توغرىسىدا ئىنچىكىلىك بىلەن توختالغان ۋە داۋاملىق سۆيگۈگە دائىر مەسىلىلەر ھەققىدە توختۇلۇش ئېھتىياجى ھېس قىلغان.

پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى بىپايان دەريا كەبىدۇر.

رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن 124 مىڭدىن ئارتۇق پەيغەمبەرنىڭ بىلىنگەن-بىلىنمىگەن سۈپەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراقىغا ئىگە بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋرىگىچە ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر ۋە ياشاش ئادەتلىرىدىن كېلىپ چىققان تەرەققىياتىغا قۇشۇمچە قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ قىيامەتكە قەدەر رىئاللىقتا ئۇچرىتىشى مۇمكىن بولغان ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىغىدەك نەمۇنە شەخسىيىتى بىلەن «ئاخىر زامان پەيغەمبىرى» قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر.

تارىختا ھاياتىنىڭ ئەڭ ئىنچكە تەرەپلىرىگىچە تەپسىلى خاتىرلەنگەن بىردىنبىر پەيغەمبەر ھەتتا يېگانە ئىنسان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانىيەتنى ھەقىقەت ۋە ياخشىلىققا چاقىرىش جەھەتتە ئىنسانىيەتكە ئۆرنەك بولالايدىغان ئەخلاقىدىن، پەقەت مۇئەييەن بىر قىسمىلا كۆنىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ھالبۇكى، ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئاددىيدىن-مۇرەككەپكىچە، كىچىكىدىن-چوڭىغىچە بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرى ئىپادىسىدە ئەكس ئەتكەن، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىدىن تارتىپ تەپسىلى كۆزىتىلگەن ۋە تارىخقا شەرەپ لەۋھەسى سۈپىتىدە خاتىرلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئالاھنىڭ بۈيۈك ئىلتىپاتى بىلەن ئەسىرلەردىن بۇيان تاكى قىيامەتكىچە كېلىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا يۈتكىلىپ تۇرۇۋشتەك شەرەپكە سازاۋەر بولغان.

ئىسلام ئەخلاقىنى نەزىرىيەدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتكۈزگەن ۋە باشقا ئەخلاقلاردىن ئۈستۈن قىلغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىكى ئۆلچەملەرنىڭ، يەنى ئۇنىڭ ئۆرنەك ھاياتى تەپسىلى خاتىرلىنىپ، ئەسىرلەردىن بۇيان ساغلام شەكىلدە ساقلىنىپ، كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەنلىكىدۇر.

بىز ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ھاياتىمىزنىڭ تۈرلۈك سىناق، مۇسىبەت ۋە تاسادىبىيلىقى ئالدىدا ئۆزىمىزنى ھەرخىل پىتنە ـ پاساتلاردىن قوغدىيالىشىمىز ئۈچۈن شۈكۈر، تەۋەككۈل، تەقدىرگە رازى بولۇش، بالا ـ قازاغا سەۋر قىلىش، ئىرادە، شىجائەت، پىداكارلىق، قانائەت، كۆڭۈل بايلىقى، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، سېخىلىق، كەمتەرلىككە ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ھاياتىمىزدىكى ھەرخىل بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ ئالدىدا تەڭپۇڭلۇقىمىزنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

جانابى ئاللاھنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پۈتۈن ئالاھىدىلىكلەر ئاساسىدا مۇكەممەل نەمۇنە سۈپىتىدە ئىنسانىيەتكە ھەدىيە قىلغان ئەڭ بۈيۈك يول كۆرسەتكۈچى، پاك، ئەخلاقى گۈزەل مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلار جەمئىيتى ئىچىدە ئاجىزلىق جەھەتتە ئەڭ تۆۋەن كۆرۈلىدىغان يېتىملىك دەۋرىدىن باشلاپ، ھاياتىنىڭ پۈتكۈل باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، قۇدرەت، سالاھىيەت جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە، يەنى پەيغەمبەرلىك ۋە دۆلەت رەئىسلىكىگە قەدەر يۈكسەلتكەن.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى بويىچە ياشىغان دەۋرلەر، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەر تۈرلۈك باسقۇچلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئۈچۈن مۇكەممەل ئۈرنەكتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ھاياتى قايسى ۋەزىيەت، قايسى جەمئىيەتتە تىپىلسۇن، پۈتۈن ئىنسانلارغا، ئۆز ئىقتىدارىغا يارىشا تەقلىد قىلالايدىغان ھاياتى كۈچكە ئىگە مۇكەممەل ئۈرنەكتۇر. يەنى ئىسلام ھەرقانداق سەۋىيەدىكى ئىنساننىڭ قولايلىق بىلەن چۈشىنەلىشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى تەتبىق ساھاسىگە كىرگەندۇر.

جانابى ئاللاھنىڭ بۇ چەكسىز مەرھەمىتى ئالدىدا بىزگە چۈشكەن ۋەزىپە ئاللاھ سۆيگۈسى تولغان قەلب بىلەن ئالەملەرنىڭ ئەبەدى پەخرى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى يەنى تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشكە غەيرەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئۈچۈن يېگانە رەھبەر ۋە ئۈلگە ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز مۇھىم بولغاندەك، ئۇنى ئۆرنەك ئېلىشتىكى ئۆلچىمىمىزنىڭ قانداق بولىشى كېرەكلىكىنى بىلىشىمىزمۇ مۇھىمدۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ۋە سۆز-ھەرىكىتى ئىككى كاتېگورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### 1. ئۆزىگە خاس بولغان ئەھۋالى

مەسىلەن: داۋاملىق پۈتلىرى ئىششىپ كەتكۈچە كېچىلەرنى ناماز بىلەن ئۆتكۈزۈشى، كۈنلەپ ئېپتار قىلماي بىر-بىرىگە ئۇلاپ روزا تۇتۇشى، ئوھود تېغىدەك ئالتۇنى بولسا، قەرزى ئۈچۈن ئايرىغىنىدىن باشقا ھەممىسىنى سەدىقە قىلىشى، مىراس قالدۇرماسلىقى، ئۆزى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن زاكات، سەدىقە قوبۇل قىلىشنى قىيامەتكىچە چەكلىشىگە ئوخشاش ئىشلار...

بۇ سەۋەبتىن:

«مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن.» (بۇخارى، «سالات»، 31. «ئەھكام»، 20) دەپ، ئۆزىنىڭ پەرىشتە ياكى باشقا جىنستىن ئەمەس بەلكى ئۈممىتىگە ئوخشاش ئىنسان جىنسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، ئۆزىنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىق تەرىپىنى ئېيتىپ: «مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ھەرقانداق بىرسىڭلارغا ئوخشىمايمەن، مەن ئاللاھ تەرىپىدىن يېگۈزىلىمەن، ئىچكۈزىلىمەن.» (بۇخارى، «روزا»، 49 ئىتىسام، 5 مۇسلىم، «سىيام»، 57-61) دېگەن.

مۇئمىنلەر بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە تاقەت قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ماددى ۋە مەنىۋي ھەرىكەتلىرىنى قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ھالىتىدەك ھالەتكە كېلەلمەيدۇ. پەيغەمبەرلەردە ئۈممىتىگە ئۆرنەك بولۇش سۈپىتى بولۇش بىلەن بىرگە بۇ تۈردىكى خۇسۇسىيەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈممەتكە ئۆرنەك بولۇش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

### 2. پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان ئەھۋالى:

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە خاس بولغان ئالىي پەزىلەتلەردە ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە مەسئۇل ئەمەسمىز. چۈنكى بىزنىڭ بۇلارنى قىلىشقا تاقىتىمىز يەتمەيدۇ. ئەمما ئىككىنچى قىسىمغا كىرىدىغان

ئەھۋاللار كۆچمىزنىڭ يېتىشچە بىر ئۆمۈر تەقلىد قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق ئىزىدا يۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. دېمەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتنىڭ ھەر قاتلىمىدىكى ئىنسانلار ئۈچۈن گۈزەل ئۆرنەكتۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى ئەمەللەرنىڭ سۈننەت، بەزىسىنىڭ رۇخسەت ئىكەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى، قۇرئانى-كەرىمنى چۈشىنىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

نَزَلَ بِهِ الرُّوحُ الْأَمِينُ عَلَى قَلْبِكَ لِتَكُونَ مِنَ الْمُنْذِرِينَ بِلِسَانٍ عَرَبِيٍّ مُبِينٍ

**«ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى. (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلدا (نازىل بولدى.)»** (شۇئەرا سۈرىسى، 193-195-ئايەت)

قۇرئانى-كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى بىلەن تەپسىر قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن بىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ۋە ھاياتىنى بىلمەي، قۇرئانى-كەرىمنى لايىقىدا چۈشىنىشى مۇمكىن ئەمەستۇر[4].

---

**5.** نەزىرىيە بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەقىقەتلەر ئەمەلى مىساللار بىلەن ئىسپاتلانمىسا، تەتبىقلاشتا خاتالىشىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنى ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئىدراك سەۋىيەسىگە قارىتا قىلىدۇ، ئەمما شەخسنىڭ ئەمەلى ھاياتىغا ئايلانغان ئۆرنەكلەر، ئۇ مۇجەررەد ھەقىقەتنىڭ تەتبىقلىنىش شەكلىنى ئىختىلاپسىز شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئىنسانلارغا توغرىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە سۆزلەنگەن پىكىرلەر، ئەمەلى بىر شەخسكە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ تەتبىقلىنىشىدا كۆپلىگەن پەرقلەر ھاسىل بولىدۇ، ئىسلام چۈشەنچىسى بۇ جەھەتتە باشقا ھېچقانداق بىر چۈشەنچىگە قىياسلانمايدىغان دەرىجىدە كۆپ خىللىق ۋە مۇكەممەللىككە ئىگىدۇر. بۇنى بۇ شەكىلدە ساقلاپ قالغانمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنە شۇ ھەقىقەتلەرنى ھاياتى جانلىق شەخسىيەتكە ئايلاندۇرغانلىقى ۋە بۇلارنىڭ ساھابىلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي بىلەن قوبۇل قىلىنىپ، تۇنجى ئۇستاز پەيغەمبەر

ئۇنىڭدىن باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى توغرا بىلىشىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدىن ئىلھام ئېلىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھېس-تۇيغۇلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە قەلبىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە باغلىقتۇر.

ئىسلام ھۆكۈملىرىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە كۆرسىتىلگەن يېگانە جانلىق مەنزىرە مەۋجۇدىيەت نۇرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پاك ھاياتىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ، ئىسلامنىڭ بەخت-سائادەتكە تولغان ھايات نىزامىغا چاقىرغۇچىلارنىڭ زېھنى ۋە قەلبىنى نۇرلاندۇرۇشتا تەھسىل قىلىنىدىغان بىر ئىلىمدىن، يەنى (ئۇنىڭ تەرجىمھالىدىن) بىھاجەت قېلىشى ئەپسۇسلىنارلىقتۇر. پەيغەمبىرىمىز تەلىم-تەربىيە ۋە تەبلىغ جەھەتتىمۇ تېپىلغۇسىز ئۆرنەكتۇر.

قىسقىسى، دۇرۇست ۋە ئەمىن بولۇشنى خالىغان بىر يىگىت ئاللاھ ئۈچۈن دەۋەت قىلىشنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلىشى، كىشلەرنى گۈزەل سۆزلىرى بىلەن دەۋەت قىلىۋاتقان دەۋەتچى، دۆلىتىنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىشنى ئىرادە قىلغان دۆلەت رەئىسى، مۇئامىلىدە ئۆرنەك ئائىلە باشلىقى، ئائىلىسىگە شەپقەتلىك بولغان بىر دادا، ئەسكەر باشقۇرۇشنى ياخشى بىلگەن بىر قوماندان. قىسقىسى، يېشى، ئورنى، سەۋىيەسى ئوخشاش بولمىغان ھەر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆلچەملەرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.[5]

---

ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ بىزگە يەتكۈزۈلگەن بولىشىدۇر.

6. بۇ ھەقىقەتنى، شەرقلىق بىر مۇتەپەككۇر شۇ سۆزلىرى بىلەن ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان: «ھېچكىم ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ يولىدىن ياخشىراق بولغان بىر يولنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ياۋرۇپا پۈتۈن مۇۋەپپىقىيەتلەرگە ئىگە بولىشىغا قارىماي، ياۋرۇپالىقلار تۈزگەن قانۇن-نىزاملار، ئىسلام مەدەنىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى تۆۋەن تۇرىدۇ. بىز ياۋرۇپا مىللەتلىرى مەدەنى ئىمكانلىرىمىزنىڭ كۆپ بولىشىغا قارىماي، ھەزرىتى مۇھەممەد ئاخىرقى پەشتەققا بېسىپ بولغان پەلەمپەينىڭ ئەمدىلا بىرىنچى پەشتىقىدا تۇرۇۋاتىمىز.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلامنى ئومۇمىي چۈشىنىپ، تەتبىقلاش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. شۈبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھنىڭ تەرجىمھالىنى لايىقىدا ئۆگىنىش ۋە تەلىۋى بۇيىچە ياشاش ئىنسانىيەتكە مۇكەممەل ھايات نەمۇنىسى بەخش ئېتىدۇ.

## ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئەرەبىستاننىڭ بۆشۈك قىلىپ تاللىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىسلام مەيدانغا كەلگەندە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ بۆشۈك قىلىپ تاللىنىشىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى، مىجەز-خارەكتېرى، ياشىغان رايۇنىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئىككى مەشھۇر ئىمپېراتورلۇق، رىم ئىمپېراتورلىقى (ۋىزانتىيە) بىلەن ئىران ئىمپېراتورلۇقى (پارىس) ئەرەبلەرنىڭ قوشنىسى ئىدى. ۋىزانتىيە ئۆز مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مەملىكەتلەردە مەيدانغا كەلگەن دىنىي ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن ئېغىر كىرزىس ئىچىدە قالغانىدى

بۇ مەملىكەتلەرنى باشقۇرغۇچىلار خىرىستىئانلىقنى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ئويۇنچۇق ھالىتىگە كەلتۈردى. رىم پوپلىرى خالىغان كىتابنى مۇقەددەس دەپ ئېلان قىلسا، خالىمىغانلىرىنى ھۆكۈمدىن قالدۇراتتى. دىنىنىڭ ئەقىدىسىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە تۈزەتتى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان يېڭى پوپ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پوپنى چىركاۋدىن قوغلاپ چىقىرىپ، خەلق ئارىسىدىكى يۈز-ئابرويىنى تۆكەتتى. دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى

---

شۈبھىسىزكى، ھېچكىم بۇ مۇسابىقىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدۇ. بۇ قۇرئان ئىنتايىن قولاي ۋە چۈشىنىشلىك بولغانلىقىدىن كۆچىنى مەڭگۈ يوقاتماي، باشقا مىللەتلەرنى ئەتراپىغا توپلايدۇ.(Johonn Woflgang von Goethe)

خالىغان شەكىلدە ئۆزگەرتەتتى. خەلققە قويغان ئېغىر باج-سېلىق ۋە ئەمەلدارلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان پارىخورلۇق نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان ئەخلاقىي چىرىكلىك، ۋىزانتىيەنى ئىچىدىن تۈگەشتۈرۋاتاتتى.

پارسلار سىياسىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. ئىنسانىنىڭ ئۆز ئانىسى ھەتتا ئۆز قىزى بىلەن توي قىلىشىغا يول قوياتتى. ئىنسانلىق ئىززەت-ھۆرمىتىنى يوقاتقان ھايات چۇشەنچىسىدە ياشايتتى. مىلادى 5-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن باتىل پىكىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «مەزدەكىچىلىك» ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ پۈتۈن ئاياللار ۋە كىشلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ھالال دەپ، خالىغان ئاياللارنى تۇتۇپ ئەسىرگە ئالاتتى، كىشلەرنىڭ مال-مۈلۈك ۋە ئۆي-ۋارانلىرىنى خالىغانچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلاتتى.

يۇنان مەدەنىيىتى، پىتنە-پاسادنىڭ مەنبەسىگە ئايلانغان پەلسەپى مۇنازىرە ۋە خۇراپاتلىقلارنىڭ ئىچىدە بوغۇلۇۋاتاتتى. ھىندىستان مەدەنىيىتىمۇ ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئىپتىدائىي دەۋرنى ياشاۋاتاتتى.

بۇ دەۋرلەردە ئەرەبلەر بۇ پىتنە-پاساتلاردىن يىراق، ئەتراپى چۆللەر بىلەن قاپلانغان، ھەربى ئىشغال ۋە مەدەنىيەت ئىستىلاسىدىن يىراق بىر رايوندا خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشايتتى. ھېچقاچان باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا خارلىق كۆرمىگەن ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ تەبىئىتى ھەر قانداق بىر شەكىلگە كىرگۈزۈلۈپ، بۇزۇلمىغان خام ماددىغا ئوخشايتتى. تەبىئىتىدىكى پاكلىقنى پۈتۈنلەي يوقاتمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىپپەت، سۆزىدە تۇرۇش، سېخىلىق، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، ساداقەت، سەۋر ۋە مەرتلىككە ئوخشاش مەدھىيىلىنىشكە تېگىشلىك سۈپەتلەرگە ئىگە ئىدى. لېكىن بۇ سۈپەتلەر ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ھەددىدىن ئاشۇرۇش ۋە سەل قاراش بىلەن تەكشۈكلۈقنى يوقۇتۇپ قويغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرىگە ھەقىقەتنى كۆرسىتىدىغان رەھبەردىن مەھرۇم ھالدا، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا ياشايتتى.

بۇنداق جاھالەت ۋە نەپسىگە بويۇن ئېگىش ئىللىتى ئاخىرىدا تەبىئىتىدە ساقلىنىپ قالغان گۈزەل خىسلەتلەرنى ئۆز دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ،

ئىپپەت ۋە شەرىپىنى قوغداش نامىدا كىچىك قىزلارنى، ئانىلارنىڭ يۈرەكلىرىنى پارە-پارە قىلغان ھالدا تىرىك كۆمۈشتەك، ئەشەددى جىنايەتنى قىلىشقا ئېلىپ باردى. سېخىلىققا چاڭ-توزان قوندۇرماسلىق ئۈچۈن زۇرۇر بولغان ماللىرىنى بۇزۇپ-چېچىشتەك ئەقىلسىزلىقنى قىلسا، يىگىتلىك ۋە مەردلىك ھېسسىياتىنىڭ مەست قىلىشى بىلەن ئۆز ئىچىدە ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان قانلىق ئۇرۇشلارنى چىقىراتتى. ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن جاھىلىيەت ئادەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە لايىق بولغان مۇكەممەل ئورنىنى تاپتى. يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىلگىرىكى خاتا چۈشەنچىلەر تازىلىنىپ، مەدەنىي بىر ھالغا كەلدى.

ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىش ئورنىنىڭ ئەرەبىستان بولۇپ تاللىنىشىدىكى يەنە بىر ھېكمەت پەيغەمبىرىمىزنىڭ رىسالىتى ۋە پەيغەمبەرلىكى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە چۈشمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى غايە قىلىش ئىدى.

ئەرەبلەر ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز بىر مىللەتتى. بۇ سەۋەبتىن قوشنا مىللەتلەرنىڭ پىتنە-پاساتلارغا تولغان مەدەنىيەت ۋە پەلسەپەلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ئىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللاھنىڭ سالامى ۋە رەھمىتى ئۇنىڭغا بولسۇن) ئۇممى (ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمىگەن) ئىنسان بولماي، قوشنا دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى بىلىدىغان بىر كىشى سۈپىتىدە رىسالەت ۋەزىپىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسا ئىدى، ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگەن دەۋىتىنى ئىلاھىي ۋەھيي سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى بۇنداق ئاسان بولمايتتى.

ئىسلام دەۋاسى يۇنان، ۋىزانتىيە ۋە ئىرانغا ئوخشاش مەدەنىيەتتە مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەن مىللەتلەرنىڭ بىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسا ئىدى، ئىنسانلار ئىسلامىي ھۆكۈم ۋە ئاساسلارنى قوبۇل قىلىشتا قىينىلاتتى. چۈنكى بۇ قېتىم ئىسلام نىزامىنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكى قوبۇل قىلىنماي، ئۇنىڭ ئەنە شۇ مەدەنىيەتلەردىن كەلگەنلىك سەپسەتىسى مەيدانغا چىقاتتى.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلامنىڭ ئاللاھتىن كەلگەنلىكىگە زىت بىر چۈشەنچىنىڭ مەيدانغا كەلمەسلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساۋاتسىز بىر جەمئىيەتتە، ئۇممى (ساۋاتسىز) بىر پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنىدى.

ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىنىڭ كېسىشكەن نوقتىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدا جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى.[6]

ئىسلام مەيدانغا كەلگەندە، ئۇنىڭ بۆشۈكى بولۇپ تاللانغان مەككە قۇرئانى-كەرىمدە: **«زىرائەت تېرىلمىغان بىر ۋادى»**[7] دەپ، بايان قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ يەردىكى كىشىلەر پەقەت تىجارەت بىلەنلا شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئادەتتە توپراققا باغلىنىپ قالىدىغان، يىراق جايلارغا بېرىشقا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەردۇر. ھۈنەرۋەن-كاسسىپلار ھەر خىل ھۈنەرلەردىن يىراق، مەلۇم كەسىپ بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئەمما تىجارەتچىلەردە ئۇزۇن سەپەرلەرگە چىقىش، ئۆز يۇرتلىرىدىن يىراق جايلارغا بېرىش ۋە ھەر خىل ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇشقا ئوخشاش ئىمكانلار بولىدۇ. ئىسلامنى يەتكۈزۈش غايىسىدە نۇرغۇن دىيارلارنى ئېچىشتا ھەرىكەتلىك بىر ھايات زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان مەككە ئاھالىسى ئىسلامنىڭ تۇنجى چاقىرىلغۇچىلىرى بولغان.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىسلام دەۋىتىنىڭ تىلى، ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ تەرجىمانى ۋە تەبلىغ ۋاستىسى بولۇش شەرىپىنى ئەرەب تىلىغا ئاتا قىلغان. ئەگەر پۈتۈن مىللەتلەرنىڭ تىللىرى ئارىسىدا سېلىشتۇرما قىلىنسا، سۆزلەرنىڭ تۈزۈلىشى، تۈرلىنىشى، پېئىللارنىڭ قۇرۇلىشى ۋە تەلەپپۇز قائىدىسى قاتارلىق كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەرەپ تىلىنىڭ باشقا تىللاردىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

---

6. مۇھەممەد ئىلياس ئابدۇغەنى، "تارىخۇ مەككە"، 12-13-بەت.

7. ئىبراھىم سۈرىسى، 73-ئايەتكە قاراڭ.

ئەرەب تىلى ئەڭ كىچىك بىرەر ھەرىكەتنىڭ ئىگىز-پەس بولۇشى بىلەن مەنا، ئىپادىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان تىلدۇر. بۇ تىل لۇغەت ساھەسىنىڭ موللىقى سايىسىدا ھەرخىل پىكىرلەرنى ئۆز قىممىتىگە لايىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

15 ئەسىردىن بۇيان تۈزۈلىشىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىشنىڭ بولمىغانلىقى، ئەرەب تىلىنىڭ ئاشۇ ۋاقىتلاردىلا ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشكەن ۋە مۇكەممەللىكىنى تاماملىغان بىر تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىگى بىلەن ئۇ زامانلاردا يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولغان تىللار ئارىسىدا پەقەت ئەرەبچىلا ئىلاھىي دەۋەتنى قوبۇل قىلالايدىغان يېڭىلىق ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلام ئوتتۇرىغا چىققان يەر بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان ھەق دىن مەيدانغا كەلگەن بەرىكەتلىك يەر ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ يەردە ياشاپ، كەبىنى بىنا قىلغان. مەككە ئاھالىسى بۇنىڭ سايىسىدا ئۆزىنى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مەنىۋى ۋارىسى دەپ بىلەتتى.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلامنىڭ بۇنداق ئورۇندا مەيدانغا كېلىشى، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىنىش ۋە تارقىلىشىنى ئاسانلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانىيەت تارىخىي بىلەن ئەينى ياشتىكى دىنىي مەركەز بولغان (كەبە)نىڭ بۇ يەردە بولىشىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

شۈبھىسىزكى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېكمەتلەردىن باشقا بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ھېكمەتلەرنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر.

ئىلاھىي ئىرادىنى بىر قىسىم ھېكمەتلەر بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ سەۋەبتىن بۇ ھەقتىكى سۆزىمىزنى:

«الله أعمل بمراده» (ئاللاھ نېمىنى ئىرادە قىلغانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) دېگەن سۆز بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

## ئۇممۇل قۇرا: مەككە

مەككە قۇرئانى-كەرىمدە «ئۇممۇل قۇرا»، «بەككە» ۋە «ئەل بەلەدۇل ئەمىين» ئىسىملىرى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. مەككە ۋە بەككە بابىل تىلىدا: «بەيت» يەنى ئۆي مەنىسىدە بولۇپ، ئامالىقلار تەرىپىدىن بۇ يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ ئىشلىتىلگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سارە ئانىمىزدىن پەرزەنتى يوق ئىدى. بۇ سەۋەپتىن سارە ئانىمىز چۆرىسى ھاجەرنى ئازاد قىلىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق قىلدى[8].

بۇ ياتلىقتىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا كۆچتى. سارە ئانىمىز بۇ نۇرنىڭ ئۆزىدىن يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ غەمكىن بولدى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ھاجەر ئانىمىزنى باشقا بىر يەرگە ئاپىرىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھاجەر ئانىمىز ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى ئۇ زامانلاردا ئادىمىزاتسىز، گۈل-گىياھ ئۈنمەيدىغان قاقاس شەھەر مەككىگە ئېلىپ كەلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يول باشلىدى.

مەككىگە كەلگەندە:

- ئى ئىبراھىم! ئائىلەڭنى بۇ يەرگە ئولتۇراقلاشتۇرغىن! - دېدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم:

---

8. ھەممىزگە مەلۇم بولغىنى ھاجەرنىڭ ئانىمىز سارەنىڭ چۆرىسى ئىكەنلىكى، ئەمما مەشھۇر ئەللامە بۈيۈك يازغۇچى مۇھەممەد سۇلايمان مەنسۇر فورى ھاجەر ئانىمىزنىڭ دېدەك چۆرە ئەمەس بەلكى ھۆر ۋە شۇ زامانىدىكى مىسىر فىرئەۋنىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى تەھقىقلاپ چىقتى. قىسقىچە ۋەقەلىك: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر قېتىملىق سەپىرىدە مىسىرغا كېلىدۇ، مىسىر فىرئەۋنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى سارەگە يامان نىيەتتە بولىدۇ، لېكىن ئاللاھ بۇنىڭ يامان نىيىتىنى ئۆزىگە قايتۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىنلىشالمايدۇ، فىرئەۋن سارەدىكى ئاللاھقا بولغان كۈچلۈك باغلىنىشنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز قىزى ھاجەرنى سارەنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن ھەدىيە قىلىدۇ. (ئالەملەرگە رەھمەت: 2-جىلد، 36-37-بەتلەر.) (تارىخ ئىبنى خەلدۇن: 2\1\77.)

- بۇ يەر زىرائەت ۋە چارۋىچىلىققا ئۇيغۇن ئەمەسكەن! - دېگەندە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

- شۇنداق. ئەمما بۇ يەردە سېنىڭ ئوغلۇڭنىڭ نەسلىدىن ئۈممى پەيغەمبەر كېلىدۇ ۋە (ئەلكەلىمەتۇل ئۇليا) «ئەڭ يۇقىرى» سۆز بولغان (تەۋھىد) ئۇنىڭ بىلەن تاماملىنىدۇ.- دېدى. (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 164-بەت.)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس[9] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىز ۋە ئۇنىڭ سۈتتىن ئېسىلمىگەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى مەككىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى يېقىندا ئېتىلىپ چىقىدىغان (زەمزەم) قۇدۇقىنىڭ يېنىدا بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ، يېنىغا بىر سېۋەت خورما ۋە سۇ توشقۇزۇلغان بىر ئىدىشنى قويۇپ ئارقىسىغا قايتتى.

ھاجەر ئانىمىز، ئارقىسىدىن:

- بىزنى بۇ يەرگە تاشلاپ قۇيۇشنى ساڭا ئاللاھ بۇيرىدىمۇ؟- دەپ سورىدى.

---

9. ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئوغلىدۇر. ئانىسى ھەزرىتى خەدىچەدىن كېيىنلا مۇسۇلمان بولغان ئۇممۇل فەزل لۇبابەدۇر. ئىبنى ئابباس ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن تۇغۇلغاندا، ئۇنى ئەكىلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ قۇچىقىغا قويىدۇ. رەسۇلۇللاھ مۇبارەك ئېغىزىدا چاينىغان خورما بىلەن ئۇنى ئېغىزلاندۇرىدۇ. ئىبنى ئاببىاس " تەھنىك" دېيىلگەن بۇ ھادىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ساھابىلەر ئارىسىدا كۆپلىگەن ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغان. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم دۇئا قىلغان، بۇ دۇئالارنىڭ بىرىدە: «ئى ئاللا! ئۇنى بۈيۈك ئالىم قىلغىن (فەقىھ قىلغىن) ۋە ئۇنىڭغا قۇرئاننى ئۆگەت!» دەپ دۇئا قىلغان. بۇ سەۋەبتىن، ئۇ قۇرئانى-كەرىمنى ئەڭ ياخشى بىلگەن ساھابە بولغان ۋە ئۇنىڭغا (قۇرئانى-كەرىمنىڭ تەرجىمانى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. ئۈممەتنىڭ ئالىمى مەناسىدا: "ھىبرۇل ئۈممە" دەپ ئىسىم بېرىلگەن. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەكرارلانغانلىرى بىلەن قوشۇپ، 1660 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئاخىرقى ئۆمرىدە كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. ھىجرەتنىڭ 68، مىلادىنىڭ 687-يىلى تائىفتا 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنداق! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ھاجەر ئانىمىز ئاللاھقا تەسلىم بولغان ھالدا، ئىشەنچ بىلەن:

ـ ئۇنداقتا، رەببىمىز بىزنى قوغدايدۇ ۋە ھەرگىز قىيىنچىلىقتا قويمايدۇ.

ـ دەپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ھاجەر ئانىمىز ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە يىراقلاشقاندىن كېيىن، قوللىرىنى ئېچىپ، ئاللاھقا مۇنداق يالۋۇردى:

رَّبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ الصَّلاَةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِّنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُم مِّنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ

**«پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمىنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم. پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن. ئۇلارنى شۈكرى قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن.»** (ئىبراھىم سۈرىسى، 37 ـ ئايەت)، (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 9)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يېگانە بالىسى ۋە ئايالى ھاجەرنى ھاياتلىق بولمىغان چۆلدە تاشلاپ قويۇپ، ئۇلار ئۈچۈن شۇ دۇئانى قىلدى:

رَبِّ اجْعَلْ هَذَا بَلَدًا آمِنًا وَارْزُقْ أَهْلَهُ مِنَ الثَّمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُم بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ

**«پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن. ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن.»** (بەقەرە سۈرىسى، 126 ـ ئايەت)

جانابى ئاللاھ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىمان ئېيتقانلار ھەققىدە قىلغان دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى. ئارقىدىن كاپىر بولغانلارغا تەھدىت قىلىپ:

وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُ قَلِيلاً ثُمَّ أَضْطَرُّهُ إِلَى عَذَابِ النَّارِ وَبِئْسَ الْمَصِير

**«كافىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن». (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت!»** (بەقەرە سۈرىسى، 126 ـ ئايەت) دېگەن.

بۇ دۇئالار ۋاستىسى بىلەن ئاللاھتائالا ھەج ۋە ئۆمرە قىلغان مۇئمىنلەرنىڭ قەلبلىرىنى مەككە ـ مۇكەررەمىگە مۇھەببەت بىلەن تولدۇرماقتا. روھلار ئۇ يەردە ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشمەكتە.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ يانلىرىغا قويۇپ قويغان كىچىك بىر ئىدىش سۇ ئۇزۇنغا بارماي تۈگىدى. ھاجەر ئانىمىز سۇ تېپىش ئۈمىدىدە سەفا ۋە مەرۋە ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ ئىككى تۆپىلىكنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 400 مېتىر ئەتراپىدا ئىدى. ھاجەر ئانىمىز بىر تەرەپتىن يۈگۈرسە، بىر تەرەپتىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا قارايتتى. ئۇ يەردە ئىنسان ئەمەس، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇشنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ھېچبىر يەردە ھاياتلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. ھەزرىتى ھاجەر مەرۋە تۆپىسىگە چىققىنىدا، بىر ئاۋاز ئاڭلىدى. ئۆز ـ ئۆزىگە: «توختا!» ئاڭلا دېدى ۋە قۇلاق سالدى. ئەينى ئاۋازنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىدى. «تامام، ئاۋازىڭنى ئاڭلاتتىڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا بىزگە ياردەم قىل» دېدى. توساتتىنلا شۇنى كۆردىكى،

زەمزەم قۇدۇقى جايلاشقان يەرنى بىر پەرىشتە تاپىنى ياكى قانىتى بىلەن كولاۋاتاتتى.

ئاخىرىدا سۇ كۆرۈندى. قاتتىق خۇشاللىق ئىچىدە پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر قىلدى. ھاجەر ئانىمىز ئېقىپ كەتمىسۇن دەپ، سۇنىڭ ئەتراپىنى قوللىرى بىلەن توسۇپ، سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، ئىدىشىگە تولدۇرۇشقا باشلىدى. سۇغا «توختا، توختا» دېگەن مەنىدە «زەمزەم» دېدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھ ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەرگە رەھمەت قىلسۇن! ئەگەر ئۇ زەمزەمنى ئۆز ھالىغا قويۇپ، سۇنىڭ ئەتراپىنى توسمىغان بولسا ئىدى، زەمزەم داۋاملىق ئاقىدىغان بىر بۇلاق بولاتتى.» (بۇخارى، «ئەنبىيا»، 9)

ئانا ـ بالا ئىككەيلەن قۇرغاق ۋە ئادەمزاتسىز بۇ شەھەردە ھاياتىنى پەقەت زەمزەم بىلەن ئۆتكۈزدى. بۇ ئەتراپتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جۇرھۇم قەبىلىسى بىر قۇشنىڭ داۋاملىق بىر يەرگە قاراپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە شۇ يەردىن يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. بۇنىڭ بىر ھاياتلىق ئالامىتى بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ، ئۇ يەرگە ئىككى كىشىنى ئەۋەتتى. كەلگەنلەر زەمزەم سۈيىنى كۆرۈپ، ھاجەر ئانىمىزدىن:

ـ بۇ يەرگە ماكانلاشساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ھاجەر ئانىمىز:

سۇغا ئىگىدارچىلىق قىلماسلىق شەرتى بىلەن رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەككىگە تۇنجى بولۇپ يەرلەشكەن قەبىلە جۇرھۇم قەبىلىسى بولدى. زامان ئۆتۈپ مەككە تەرەققى قىلىپ، بىر شەھەر ھالىتىگە كەلدى. يەمەندىن كۆچۈپ كەلگەن خۇزائە قەبىلىسى جۇرھۇملاردىن ئۇ يەرگە يەرلىشىشكە روخسەت سورىدى. تەلىۋى قوبۇل قىلىنمىغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، 207 ـ يىلى شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئىسمائىل ئوغۇللىرى بۇ ئۇرۇشتا تەرەپسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، خۇزائە قەبىلىسى ئۇلارغا چېقىلمىدى. خۇزائە قەبىلىسى مەككىگە ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قىلدى. زامانىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن يىراقلاشتى ۋە بۇتپەرەسلىكنىڭ تارقىلىشىغا يول قويۇپ، ئىنسانلارنى گۇمراھلىققا ھەيدىدى.

ھۇبەلناملىق بىر بۇتنى تىكلەپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلدى. ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ نەسلى بولغان قۇرەيش قەبىلىسى كۈچلەنگەندە قۇسەينىڭ قوماندانلىقىدا ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، 440-يىلى خۇزائە قەبىلىسىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. قۇسەي مەككە شەھەر دۆلىتىنىڭ پارلامېنتى ئورنىدا «دارۇن نەدۋە»نى قۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىدارىسى، دىنىي ۋەزىپىلەرگە مۇناسىۋەتلىك مۇئەسسەسەلەرنى بەرپا قىلدى. «دارۇن نەدۋە»نىڭ رەئىسلىكى، ھەربى قوماندانلىق شتابى (قىيادە)، كەبىنىڭ خىزمەتلىرى (سىدانە، ھىجابە)، ھاجىلارغا سۇ ئىكرام قىلىش (سىقايە) ۋە باجدىن كەلگەن كىرىملاردىن ھاجىلارغا تاماق بېرىش (رىدانە)قا ئوخشاش ۋەزىپىلەر، بىۋاستە قۇسەي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ۋاپات بولغاندا، بۇ ۋەزىپىلەرنى تۆت ئوغلىدىن ئىككىسى بولغان «ئابدۇددار» ۋە «ئابدۇماناف»قا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلدى. چۈنكى بۇ ۋەزىپىلەر دادىدىن ئوغۇلغا يۆتكىلەتتى[10].

قىرىق ياشقا كىرگەن مەككىنىڭ ھەر قانداق ئاھالىسى مەجلىسكە ئىشتىراك قىلالايتتى. ئەمما رىئاللىقتا مۇئەييەن ئائىلە باشلىقلىرى ۋە قەبىلە رەئىسلىرىدىن باشقىلارنىڭ بۇ يىغىنلارغا قاتناشقانلىقى كۆرۈلمەيتتى. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بۇ «دارۇن نەدۋە» ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىگە قارشى چىقىش ئۈچۈن ئېچىلغان يىغىنلارغا سەھنە بولدى.

«دارۇن نەدۋە» ۋە مەھەللىۋى يىغىلىش ئورۇنلىرى بولغان «نادى»لار سىياسىي ۋە ھەربى قارارلار ئېلىنىدىغان يەرلەر بولۇش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرمۇ ئېلىپ بېرىلىدىغان يەرلەر ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرى ئاللاھنىڭ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، كۆپىنچە مەسىلىلەردە بۇتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلاتتى. مەككە زېمىنى دېھقانچىلىققا ئۇيغۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردە ياشىغان ئاھالە تۇرمۇشنى تىجارەت بىلەن قامدايتتى. بۇ سەۋەبتىن مەككىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا دىنىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇھىم ئورنى بار ئىدى.

10. قاراڭ، ئىبنى ھىشام، 1، 135-142

مەككىدىكى سودا ـ سېتىق قىش ـ ياز داۋاملىشاتتى. يازدا سۈرىيە، قىشتا يەمەن تەرەپلىرىگە قاتنايتتى. كارۋاندىكى ماللار تۆگىلەر بىلەن توشۇلاتتى، بەزى چاغلاردا تۆگىلەرنىڭ سانى 2500 گە يېتەتتى. بۇ تىجارەت كارۋانلىرى مەككە ئۈچۈن شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك ئىدىكى، ئاللاھتائالا قۇرەيشنى ئىمانغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇلارغا ئاتا قىلغان بۇ نېمەتنى ئەسلىتىپ:

لِإِيلَافِ قُرَيْشٍ، إِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ, فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَذَا الْبَيْتِ, الَّذِي أَطْعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَآَمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ

**«قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى.»** دېگەن. (قۇرەيش سۈرىسى، 1 ـ 4 ـ ئايەت)

سىياسىي ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم ۋە مۇقىمسىزلىق ئىچىدىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇ تۆردىكى ئىقتىسادىي ئېھتىياجلارنى ھەل قىلىش قىيىن بولۇش بىلەن بىرلىكتە، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا بۇ خاتىرجەملىك تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلاتتى. چۈنكى باشقا پۈتۈن بازارلار ئۈچۈن پەقەت رەجەپ ئېيى ھارام دەپ قوبۇل قىلىنغان بولسا، مەككە «ئەشھۇرۇل ھۇرۇم» يەنى ھارام قىلىنغان 4 ئاينىڭ ھەممىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «باسىل» ئىسىملىك بىر مۇئەسسەسە بىلەن مەككىدىكى بەزى ئائىلىلەرنىڭ ماللىرىنى 8 ئاي بويىچە قاراقچىلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىدىن قوغدايتتى.

مەككە ئەتراپىدا ئوكاز، مىجەننە ۋە زۇلمەجاز بازارلىرى ئېچىلاتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ئىبادەت بولغان ھەج ۋاقىتلىرىدا ئېچىلىدىغان بۇ بازارلار ئىنتايىن قىزىپ كېتەتتى. بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تىجارەتچىلەرنىڭ تىجارىتى جانلىنىپ، مەككىلىك تىجارەتچىلەر زور پايدىغا ئېرىشەتتى.

مەككىنىڭ جوغراپىيەلىك ئورنى ئىلگىرىدىن تارتىپ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. مەككە بەيتۇللاھنىڭ جايلاشقان ئورنى

بولۇش تۈپەيلىدىن بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مەككە نۇرغۇنلىغان توقۇنۇشلارغا قارشى قوشنا دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنماي، تارىختىن بويان مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ كەلگەن. ۋىزانتىيەلىكلەرمۇ مەككىگە ئۆز نوپۇزىنى يېيىش ئۈچۈن داۋاملىق ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمىغان.



## كەبىنىڭ تارىخى ۋە مۇقەددەسلىكى

لۇغەتتە «كۇپ شەكلىدىكى نەرسە» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدىغان كەبە، قۇرئانى-كەرىمدە ئىككى يەردە تىلغا ئېلىنغان. ئايەتلەردە «بەيت، بەيتۇللاھ، ئەلبەيتۇل ئەتىق، ئەلبەيتۇل ھەرەم، ئەلبەيتۇل مۇھەررەم، ئەلمەسجىدۇل ھەرەم» قاتارلىق ھەر خىل ئىسملار بىلەن تىلغا ئېلىنغان كەبە خەلق ئارىسىدا «كەبە مۇئەززەم» يەنى ئۇلۇغ كەبە دەپ ئاتالغان.[11]

11. كەبە تەخمىنەن بىر يېرىم مېتىر كەڭلىكتە بولغان دائىرە ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەككە ئەتراپىدىن ئېلىپ كېلىنگەن تاشلار بىلەن بىنا قىلىنغان كەبىنىڭ تېمىدا ھەر خىل چوڭلۇقتا 1614 پارچە تاش بار. شەرق تەرىپىدە يەردىن 1.1 مېتىر ئېگىزلىكتە كۈمۈش كوزا ئىچىدە "ھەجەر ئەسۋەد" بار بولۇپ، تاۋاپنىڭ باشلىنىش ۋە ئاياقلىشىش نۇقتىسىنى ئىشارەت قىلىدۇ. كەبىنىڭ شەرقى تەرىپى "رۇكنى ھەجەر ئەسۋەد" ياكى "رۇكنى شەرقى"، شىمالى تەرىپى "رۇكنى ئىراقى"، غەرب تەرىپى "رۇكنى شامى" ۋە جەنۇب تەرىپى "رۇكنى يەمانى" دېيىلىدۇ. كەبىنىڭ ئۈستىگە ياغقان يامغۇر سۇلىرى چۈشىدىغان نەيچە (ئەمما بۇ نەيچىدەك ئەمەس، بەلكى ئۈستى ئوچۇق ئوتتۇرى ئويمات بىر نەرسە) "مىزابى كەبە"، "ئالتۇن نەيچە" دېيىلىدۇ. كەبىنىڭ غەربى شىمالى تېمى (رۇكنى ئىراقى بىلەن رۇكنى شامى ئارىسى)نىڭ ئالدىدا زېمىندىن 1.23 مېتىر ئېگىزلىكتە ۋە 1.55 مېتىر قېلىنلىقتا يېرىم دائىرە شەكلىدىكى تام بىلەن ئورالغان يەرنىڭ كەبىدىن باشلاپ تۇنجى ئۈچ مېتىرلىق قىسمىغا "ھاتىم" دېيىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان كەبە بىناسىغا بۇ قىسىملارمۇ كىرەتتى. كېيىن قۇرەيش تەرىپىدىن رېمونت قىلىنغاندا خام ئەشيا يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ قىسمى سىرتتا قالدۇرۇلغان. قېلىپ قالغان 5.64 مېتىرلىق قىسمى "ھىجرى كەبە، ھىجرى ئىسمائىل" ياكى "خاتىرا" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىز ۋە ئوغلى ئىسمائىل ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەراك دەرىخىدىن بىر سايىۋەن ياسىغان ئىدى. ھەزرىتى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجىر ئەتراپىغا دەپنە قىلىنغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. تاۋاپنىڭ ھىجىرنىڭ سىرتىدىن قىلىنىشى ۋاجىب دەپ قارىلىدۇ. كەبىنىڭ ئىشىكى، بىنانىڭ شەرقى شىمالى تەرىپىدە، زېمىندىن 2.25 مېتىر ئېگىزلىكتە. تامنىڭ ئىشىك بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئارىسىدا بولغان يېرى "مۇلتەزىم" دېيىلىدۇ. كەبىنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىردۇر. مۇلتەزىم تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلىقى 12.84 مېتىر، ھاتىم تەرەپىنىڭ ئۇزۇنلىقى 11.28 مېتىر، ھاتىم بىلەن رۇكنى يەمانى ئارىلىقى 12.11

ئادەم ئەلەيھىسسالام يەر ـ يۈزىگە چۈشۈرۈلگەندە، مەككىدە بەيتۇللاھنىڭ ھازىرقى ئورنىغا بىر ئىبادەتخانا سېلىشقا بۇيرۇلغان[12].

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِي بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَالَمِينَ

**«ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 69 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ زەر[13] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، يەر يۈزىدە تۇنجى بىنا قىلىنغان مەسجىدنىڭ «مەسجىدۇل

---

مېتىر، رۇكنى يەمانى بىلەن ھەجەر ئەسۋەد ئارىلىقى 11.52 مېتىردۇر. كەبىنىڭ ئىچىدە، تورۇسنى تۇتۇپ تۇرغان ئۈچ تۈۋرۈك بار. بۇلار ئوتتۇرىدا بولۇپ غەربتىكى تامدىن ھاتىمغا قاراپ تىزىلغان. ئىشىكتىن كىرىشتىكى ئوڭ تەرەپتە ئۆگزىگە چىقىدىغان بىر پەلەمپەي بار. پەلەمپەينىڭ كىرىشىدىمۇ بىر ئىشىك بولۇپ "تەۋبە ئىشىكى" دەپ ئاتىلىدۇ. كەبىنىڭ ئىچ تاملىرى ۋە تورۇسى يېپەكتىن توقۇلغان يېشىل يوپۇق بىلەن ئورىلىدۇ. (مۇھەممەد ئىلياس ئابدۇلغەنى، 33 ـ دىن 66 ـ بەتكىچە؛ كامىل مىراس، 6 ـ جىلد، 17 ـ دىن 20 ـ بەتكىچە).

12. تابەرى، تارىخ، 1، 124

13. ھەزرىتى ئەبۇ زەرنىڭ ئىسمى جۇندۇب ئىبنى جۇنادە. ئۇ غىفار قەبىلىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەبۇ زەر ئەلغىفارى دەپ ئاتالغان. ئۇ ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارنىڭ بەشىنچىسى. زاھىد، تەقۋا، قانائەتچان ۋە باشقىلاردىن بىھاجەت بىر كىشى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ئىساسى (مەسىھۇل ئىسلام) دەپ لەقەم بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن چوڭ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن. دائىم پەيغەمبەر ئەلەيىسسالام بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. ئىلىم ئۆگىنىشكە شۇ قەدەر ئىشتىياقلىق ئىدىكى، بىلمىگەن ھەر قانداق نەرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان. ھەزرىتى ئەلى ئۇنى "ئىلىم تاغىرى" دېگەن. 281 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ھىجرىيەنىڭ 31 ـ يىلى مەككىنىڭ يېنىدىكى رەبەزەدە ۋاپات بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىچىك بىر جامائەت نامىزىنى چۈشۈرۈپ، دەپنە قىلغان.

ھەرەم»، ئىككىنچىسىنىڭ «مەسجىدۇل ئەقسا» ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[14].

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەككە تۇنجى ئىنسان (ئادەم ئەلەيھىسسالام) بىلەن بىرلىكتە تاللىنىپ، مۇقەددەس قىلىنغان يەردۇر.

كەبە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە كەلگەن تۇپان بالاسىدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت قۇم ئاستىدا قالغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئايالى ۋە ئوغلىنى قويۇپ كەتكەن مەككىگە كەلگىنىدە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا: «پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرى بار. بىر ئۆي بىنا قىلىمىز، سەنمۇ ماڭا ياردەم قىلىسەن.» دىگەن. بۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام تاش توشىغان، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنىڭ تاملىرىنى قوپارغان. ماقامى ئىبراھىم دەپ ئاتالغان ۋە ئۈستىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياق ئىزى بولغان مەرمەر تاشمۇ كەبە تاملىرىنى قوپىرىۋاتقاندا، لىفتلىق رول ئوينىغان[15].

ئاللاھتائالا ماقامى ئىبراھىمنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ:

وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً وَاتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلًّى

**«ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق.»** (بەقەرە سۈرىسى، 125-ئايەت)

يەنە باشقا بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

14. بۇخارى: «ئەنبىيا»، 10.

15. سەئىد بەكتاش: «ھەجەرۇل ئەسۋەد ۋە ماقامى ئىبراھىمنىڭ پەزىلىتى»، 108-بەت. يەنە بىر رىۋايەتتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ماقامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىنسانلارنى ھەجگە چاقىرغان، دېيىلگەن. سەئىد بەكتاش، 111-بەت.

**«ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرىۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن.»** (بەقەرە سۈرىسى، 127 ـ ئايەت)[16]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىدا بىر ئالامەت بولىشى ئۈچۈن ھەجەر ئەسۋەدنى كەبىنىڭ بىر تەرىپىگە يەرلەشتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قارا تاشنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلغاندا سۈت ۋە قاردىنمۇ ئاق ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ گۇناھى ئۇنىڭ قاراداپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتقان[17].

جاھىلىيەت ۋە ئىسلام دەۋرىدە بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى، ئۇنىڭ تېخىمۇ قارىداپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ھەقىقەتتە، قارا يېرىنىڭ پەقەت كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسمىلا ئىكەنلىكى، كەبىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان تەرىپى ھېلىمۇ ئاق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە مۇجاھىد:

«ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇللاھنى يېڭىلاش ئۈچۈن تاشنى ئۆرىگەندە، ھەجەر ئەسۋەدكە قارىدىم، بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدىكى قىسمى ئاق ئىدى» دېگەن.

«كارماتىلار» سۆكۈپ ئېلىپ كەتكەن ھەجەر ئەسۋەد ھىجرىيەنىڭ 339 ـ يىلى قايتۇرۇپ كېلىنگەندە، ئۆز جايىغا قويۇلۇشتىن بۇرۇن مۇھەممەد ئىبنى نافى ئەلخۇزائى ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ مۇنداق دېگەن:

---

16.. ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇخارى، "ئەنبىيا"، 9 غا قاراڭ.

17. (تىرمىزى: «ھەج»، 49\778. ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 307 ـ بەت) ئالىملار شۇنداق دېگەنكى، گۇناھلار بىر تاشقىمۇ بۇنداق تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ رەڭگىنى قارىغا ئايلاندۇرىۋېتەلىسە، قەلب ئۈستىدە قانچىلىك بۈيۈك ۋە قانچىلىك دەھشەتلىك ئىز قالدۇرىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھلاردىن پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك.

«ھەجەر ئەسۋەدنى ئورنىدىن چىقىرىلغان ھالەتتە كۆردۈم، قارىلىقى پەقەت باش تەرەپتە ئىدى، باشقا تەرەپلىرى بولسا ئاپئاق ئىدى.»

ھىجرىيەنىڭ 1039 ـ يىلى كەبە چوڭ بىر كەلكۈندە يىقىلىپ كەتكەن. يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان پەيتتە ئۇ يەردە بولغان ئىمام ئىبنى ئەللان ئەلمەككى قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتقان مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەپسىلاتىنى خاتىرلەپ، ھەجەر ئەسۋەد ھەققىدە شۇلارنى دېگەن:

«ھەجەر ئەسۋەدنىڭ كەبىنىڭ ئىچىدىكى تەرىپىنىڭ رەڭگى ماقامى ئىبراھىمدەك ئاق ئىدى.[18]» كەبىنىڭ قۇرۇلىشى تاماملانغاندا، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا مۇنداق دۇئا قىلدى:

رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ

**«پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن. بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن ۋە تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن. ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى) ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان ئۇلارنى (مۇشرىكلىق ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن. ھەقىقەتەن، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى.»** (بەقەرە سۈرىسى، 128 ـ 129 ـ ئايەتلەر)

18.سەئىد بەكتاش، 36 ـ 38 ـ بەتلەر، دوكتور مۇھەممەد ئىلياس ئابدۇلغەنى، 43 ـ بەتكە قاراڭ.

كەبىنىڭ سېلىنىشى پۈتكەندىن كېيىن ئاللاھتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن ئىنسانلارنى ھەجگە چاقىرىشقا بۇيرۇپ، مۇنداق دېگەن:

وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ

**«كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن. ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ.»** (ھەج سۈرىسى، 27-ئايەت)

بۇ ئىلاھىي تەلىماتقا ئاساسەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئەبۇ قۇبەيس» تېغى ياكى (يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە) ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا بۇرۇلۇپ تۇرۇپ: «ئاللاھنىڭ كەبىنى ھەج قىلىشنى ئىنسانلارغا پەرز قىلغانلىقىنى» بىلدۈردى[19].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئېلاننى جاكارلىغاندىن كېيىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنىڭغا سەفا، مەرۋە ۋە ھەرەمنىڭ چېگرالىرىنى كۆرسەتكەن. بەلگە بولۇش ئۈچۈن بىردىن تاش تىكلەشنى بۇيرىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەجنىڭ پۈتۈن پەرزلىرىنى ئۆگەتكەن. شۇندىن كېيىن يېقىن-يىراق شەھەرلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر ھىجازغا كېلىپ «بەيتۇللاھ»نى زىيارەت قىلىشقا باشلىغان. كەبە مۇھىم دىنىي مەركەزگە ئايلىنىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ يۈزلىنىدىغان قىبلىگاھى بولغان.

كەبە ئۆزىنىڭ ئىگە بولغان قىممىتى ۋە مۇقەددەسلىكىگە ھەسەد قىلغان كۆپلىگەن مۇشرىكلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. يەمەن ھۆكۈمدارى ئەبرەھەنىڭ ھۇجۇمىدىن ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە بۇتپەرەس بولغان ئۈچ نەپەر يەمەن ھۆكۈمدارى كەبىنى چېقىپ تاشلىماقچى بولغان. بۇ ھۇجۇملارنىڭ بىرىسىدە «ھۇزەيل جەمەتىدىن» بەزى كىشىلەر «تۇببە»[20]نى كەبىگە

19. كامىل مىراس، تەجرىد تەرجىمىسى، 21-20، سەئىد بەكتاش، 111-بەت.
20. "تۇببە" يەمەن ھۆكۈمدارلىرىغا بېرىلگەن نامدۇر. پادىشاھ، ھۆكۈمدار دېگەن مەنىلىرى

ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى چېقىپ تاشلاپ، ئۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى ئېلىشقا قىزىقتۇرغان. ئۇنى بۇنداق ھۇجۇمغا كۈشكۈرتىشنىڭ سەۋەبى «تۆببە» دىن قۇتۇلۇش ئىدى.

ھالبۇكى، «ھۇزەيل جەمەتى» كەبىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە ئىشىنەتتى تارىخىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا قارشى قىلىنغان ھەر قانداق سۇيىقەستىنىڭ مۇتلەق ھالاكەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

كەبىنى چېقىش ئۈچۈن يولغا چىققان «تۆببە» ۋە ئۇنىڭ جامائىتى يولدا قۇمغا پېتىپ قالغاندا، «تۆببە»نىڭ قوشۇنىدىكى ئالىم كىشىلەرنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن كەبىگە قارشى پىلانلىغان يامان نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن. بەيتۇللاھنى ئۇلۇغلاپ، مەككە خەلقىگە ئىززەت-ئىكرام قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلغان.[21]

بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەر بىلەن كەبىنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى قەدىر-قىممىتى ئاشكارا بولغانىسىرى، خەلق نەزىرىدىكى ئېتىبارىمۇ يۈكسەلگەن. كەبە، مەككە ۋە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئىلاھىي مۇھاپىزەت ئاستىدا ئىكەنلىكى ھەققىدىكى چۈشەنچە ئەرەبىستان ئاھالىسى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بەيتۇللاھتا بۇتپەرەسلىك باشلانغان ۋاقىتقىچە ئىبادەتلەر تەۋھىد ئاساسىغا ئۇيغۇن شەكىلدە داۋاملاشقان. لېكىن مەككىدە بۇتپەرەستلىكنىڭ تارقىلىشى بىلەن بىللە مۇشرىكلار تەرىپىدىن كەبىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىغا نۇرغۇنلىغان بۇتلار تىكلەنگەن. بۇنداق بولىشىغا قارىماي، كەبە ھېچبىر زامان بۇتلارغا ئىزافە (نىسبەت) قىلىنمىغان يەنى پالانى بۇتنىڭ ئۆيى دېيىلمىگەن. ئەكسىچە ھەر ۋاقىت «بەيتۇللاھ» يەنى «ئاللاھنىڭ ئۆيى» دېگەن ئىسىم بىلەن ياد ئېتىلگەن[22].

بار.

21. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 19-20-بەتلەر، ئابدۇرراززاق، 5، 153

22. ئىنسانلار شېرىك پاتقىقىغا پېتىپ تاش، ياغاچلارغا ئىبادەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇلۇغ دەپ بىلگەن كەبە، ھەجەر ئەسۋەد ۋە ماقامى ئىبراھىملارغا ھېچبىر زامان ئىبادەت قىلمىغان. بۇ ئاللاھتائالانىڭ ئالاھىدە قوغدىشىدۇر.

مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن كەبىنىڭ ئىچىدىكى بۇتلار پۈتۈنلەي چېقىپ تاشلانغان. كەبىنىڭ ئىچى-تېشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نازارىتىدە زەمزەم بىلەن يۇيۇلغان. شۇ كۈندىن باشلاپ كەبە ھەر يىلى قۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى زەمزەم ۋە گۈل سۈيى بىلەن يۇيۇلۇپ، ئەنبەر چېچىلىدۇ. يوپۇقمۇ يېڭىلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدە مۇشرىكلار قىممەتلىك دەپ بىلىدىغان «مۇئەللەقەتۇس سەبئە»گە ئوخشاش، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئوخشاش، مۇھىم سىياسىي ھۆججەتلەرنىڭ كەبە تاملىرىغا ئېسىلىشى، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

كەبە بىنا قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىپ كېلىنىۋاتقان بىر نەچچە بەلگىلىمە ۋە ۋەزىپىلەر بولغان. بۇلارنى ئەڭ باشتا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام باشقۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلىغا ئۆتكەن. ئۇندىن كېيىن جۇرھۇملار ۋە ئۇلاردىن كېيىن ھەر خىل قەبىلىلەرگە ئۆتۈپ، ئاخىرىدا قۇرەيشكە ئۆتكەن. كېيىن قۇرۇلغان مەككە شەھەر دۆلىتىدە ئىجرا قىلىنىدىغان بۇ ۋەزىپىلەر تۆۋەندىكىلەردۇر:

1. «**سىدانە ياكى ھىجابە**» كەبىنىڭ پەردىسىنى باشقۇرۇش ۋە ئاچقۇچىنى ساقلاش[23].

23. كەبىگە بىرىنچى بولۇپ يوپۇق ياپقان كىشىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. (ئابدۇررازىزاق: 5-جىلد، 451-بەت) ئىسلام تارىخىدا كەبىنىڭ يوپۇقى بۈيۈك ھۆكۈمدار، خەلىپە ياكى مەككە ۋالىيسى تەرىپىدىن تەييارلىناتتى. ئىچى ۋە تېشى بولۇپ ئىككى پارچە تەييارلىنىدىغان كەبىنىڭ يوپۇقى 1517-يىلى خىلاپەتنىڭ ئوسمانلى دۆلىتىگە ئۆتىشى بىلەن بىرلىكتە ئىستانبۇلدا توقۇلغان. سۇلتان 3-ئەھمەتخان زامانىدا ئىچ ۋە تاش يوپۇق رەختلىرى ئىستانبۇلدا توقۇلۇشقا باشلىغان. "دۆلەتى ئالىييە" تەرىپىدىن توقۇلغان ئەڭ ئاخىرقى يوپۇق 1916-يىلى ئەۋەتىلگەن. بۇ تارىختىن كېيىن شەرىپ ھۈسەيىن ئىسيانى تۈپەيلىدىن ئەۋەتىلىش توختاپ قالغان. ئۇندىن كېيىن بىر مۇددەت مىسىردا

2. «**سقايە**» هاجىلارغا تاتلىق سۇ ئىكرام قىلىش ۋە زەمزەم قۇدۇقىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپە.

3. «**رىدانە**» كەمبەغەل هاجىلارغا تاماق بېرىش، ياتاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مېهمان قىلىش.

بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئەڭ بۈيۈك شەرەپ هېسابلىناتتى. بۇ خىزمەتلەر سائادەت ئەسرىدە مەككىنىڭ ئىمتىيازلىق ئائىلىلىرى ئارىسىدا بۆلۈشۈۋېلىنغان ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مەزكۇر خىزمەتلەر ئۈچۈن ئايرىم خىراجەت ئاجرىتىلغان. ھەزرىتى مۇئاۋىيەدىن باشلاپ بۇ ئىشلار تەرتىپلىك قىلىنىشقا باشلىغان. ئوسمانىيە دۆلىتى هۆكۈمرانلىقىدا كەبە خىزمەتلىرىگە ھەر يىل خىراجەت ئايرىلغان.

## كەبىنىڭ ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىبرەتلىك ھادىسە: پىل ۋەقەسى

ئاللاھتائالانىڭ ئەمرى بىلەن بىنا قىلىنغان كەبە ھەر ۋاقىت ئىلاھىي مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغان. تارىختا «پىل ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقە بۇنى كۆرسىتىدىغان ئىبرەتلىك مىساللاردىن بىرىدۇر.

يەمەن ۋالىيسى ئەبرەھە رىم ئىمپېراتورىنىڭ ياردىمى بىلەن سەنئادا سالدۇرغان چىركاۋغا كىشلەرنىڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغاندەك، قىززىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەر بۇرۇندىن تارتىپ مۇقەددەس بىلىپ زىيارەت قىلىپ كېلىۋاتقان كەبىنى چېقىشنى قارار قىلغان. كۈنىمىزدىكى تانكىلارنىڭ ئورنىدا بولغان چوڭ پىللار بىلەن زور بىر قوشۇن تەييارلاپ، مەككىگە قاراپ يولغا چىققان. بۇنىڭ بىلەن گويا ئىنسانلارنىڭ مەككىگە قاراپ ماڭغان يۆلىنىشنى ئۆزى ياسىغان چىركاۋ تەرەپكە ئۆزگەرتمەكچى بولغان.

توقۇلۇپ ئەۋەتىلگەن يوپۇق، كۈنىمىزدە مەككىدە تەسىس قىلىنغان خۇسۇسى بىر فابرىكىدا توقۇلۇۋاتىدۇ.

ئەبرەھە تارتىۋېلىنغان تۆگىلىرى ئۈچۈن كەلگەن ئابدۇلمۇتتەلىبكە ھەيرانلىق بىلەن: «مەن كەبىنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن كەلدىم، سەن تۆگىلىرىڭنى ئويلاۋاتىسەن!» دېگەندە، ئابدۇلمۇتتەلىب: «ئۇنىڭ ئىگىسى بار! ئۇنى ئىگىسى قوغدايدۇ.» دېگەن. بۇ سۆزلەرگە كىبىرلىك بىلەن: «ماڭا قارشى ئۇنى مەندىن قوغدىيالايدىغان ھېچكىم يوق!» دەپ مەسخىرە قىلغان.

ئەبرەھە مەككىگە يېقىنلاشقان قوشۇنىغا كەبىگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەرگەندە، پىللار مېڭىشتىن توختاپ، ئاسمان «ئەبابىل قۇشلىرى» بىلەن تولغان. قۇشلار پۇت ۋە تۇمشۇقلىرىدا ئېلىپ كەلگەن پىششىق خىشتىن ياسالغان تاشلارنى، ئەبرەھە قوشۇنىنىڭ ئۈستىگە تاشلاشقا باشلىغان. بۇ تاشلار كىمگە تەگسە ئۇنى ھالاك قىلغان. مەككىنىڭ ئالدى بىردەمدە ئىنسان ۋە پىللار مازارلىقىغا ئايلانغان. بۇنداق كىچىك قۇشلار نەچچە تون ئېغىرلىقتىكى پىللارنى ئېزىپ يەر بىلەن يەكسان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ دەھشەت تولغان ئىلاھىي مۆجىزە مەيدانىغا كەلگەن يىل «پىل يىلى» دەپ ئاتالغان. ئاللاھتائالا بۇ ۋەقەنى قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

أَلَمْ تَرَ كَيْفَ فَعَلَ رَبُّكَ بِأَصْحَابِ الْفِيلِ، أَلَمْ يَجْعَلْ كَيْدَهُمْ فِي تَضْلِيلٍ، وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ، تَرْمِيهِمْ بِحِجَارَةٍ مِنْ سِجِّيلٍ، فَجَعَلَهُمْ كَعَصْفٍ مَأْكُولٍ

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟، ئۇ ئۇلارنىڭ ھىلە ـ مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ ـ توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى، قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن ساماندەك قىلىۋەتتى.»** (فىل سۈرىسى، 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

كەبە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىنا قىلىنغان ياخشىلىق يېرىدۇر. ئۇ يەر ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ماكانى بولۇپ، مۇقەددەس قىلىنغان. شۇڭا، ئىلاھىي مۇھاپىزەت ئاستىدادۇر.

ئەبرەھەنىڭ بۇ مابەدكە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىگە بېرىلگەن جازا قىيامەتكە قەدەر ئوخشاش شەكىلدە قىلىنماقچى بولغان باشقا ھەرىكەتلەر ئۈچۈن تەھدىت ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

باشقا بىر ئايەتتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّنْ مَنَعَ مَسَاجِدَ اللهِ أَنْ يُذْكَرَ فِيهَا اسْمُهُ وَسَعَى فِي خَرَابِهَا أُولَئِكَ مَا كَانَ لَهُمْ أَنْ يَدْخُلُوهَا إِلَّا خَائِفِينَ لَهُمْ فِي الدُّنْيَا خِزْيٌ وَلَهُمْ فِي الْآخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ

**«ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلار پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى. ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 114 ـ ئايەت)

زالىم ئەبرەھە ئۆزىنى چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ خىيال قىلغان ئىدى. بۇنىڭغا قارشىلىق ئاللاھتائالا ئۇنى چۆللەردىكى ئارسلان، قاپلان ياكى زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش قورقۇنۇچلۇق، كۈچلۈك مەخلۇقاتلار بىلەن ئەمەس، ئىنتايىن كۈچسىز ۋە ئاجىز مەخلۇقاتلار بولغان «ئەبابىل» قۇشلىرى ئاتقان نوقۇتتىن كىچىك تاشلار بىلەن ھالاك قىلغان. ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا فىرئەۋن، نەمرۇد ۋە جالۇتقا ئوخشاش تەكەببۇرلارنى دائىم ئۇلاردىن كىچىك ۋە ئاجىز كۆرۈنگەن مەخلۇقلار بىلەن ھالاك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتتە قانچىلىك ئاجىز مەخلۇقلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەبرەھەمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن يۈرۈش قىلغان مەككىدىن، ئۆز يۇرتى يەمەنگە پارچە ـ پارچە بولغان بەدەن بىلەن خار ھالەتتە قوغلاندى قىلىنىپ قايتقان. ئۇنىڭ بۇ ھالى، تەكەببۇرلارنىڭ مۇشۇ دۇنيادىلا رەسۋا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«پىل يىلى» قۇرەيش قەبىلىسى ئارىسىدا بىر يېڭى تارىخ باشلانغۇچى بولۇپ قوللىنىلغان. بۇ رىۋايەت بۇنىڭ گۇۋاھ مىسالىدۇر:

قۇباس ئىبنى ئەشيەم: «مەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (پىل يىلى) تۇغۇلدۇق» دېگەن.

ئۇسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭدىن:

«ياشتا سەن چوڭمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا،

مۇبارەك ساھابە ئەدەپ بىلەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن بۈيۈكتۇر. تۇغۇلۇشتا مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن![24] مەن پىللارنىڭ ئارقىسىنى يېشىل ۋە ئۆزگەرگەن ھالەتتە كۆردۈم.» دەپ جاۋاب بەرگەن.(تىرمىزى: «مەناقىب»، 2)

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەنىفلىك

مەككىدە بۇتپەرەستلىك ئەۋج ئېلىش بىلەن بىرلىكتە، تەۋھىدنىڭ ئىزلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلۈپ كەتمىگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن تەۋھىد دىنىي ئاز بولسىمۇ بىر قىسىم ئىنسانلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتاتتى.

ئاللاھنىڭ دوستى مەنىسىدىكى «خەلىلۇللاھ» دېگەن سۈپەتكە ئىگە بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئۇلۇل ئەزم» پەيغەمبەرلىرىدىن بىرىدۇر. نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىدۇر. ئاللاھتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئون بەتلىك ۋەھيى نازىل قىلغان.

24. ئەسھابە-كىرام بۇ رىۋايەتتە ئىپتىلغاندەك، دائىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۈستۈن ماقامدا دەپ ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە بەدىنى تېگىپ قالغانلار بۈيۈك ئىپتىخار ھېس قىلاتتى: "مانا بۇ ئىككى قولۇم بىلەن رەسۇلۇللاھقا بەيئەت قىلدىم" دەپ قوللىرىنى كۆرسىتەتتى. (ئىبنى سائاد: 6-جىلد، 306-بەت؛ ھەيسەمى: 8-جىلد، 24-بەت)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى قۇرئانى-كەرىمدە يىگىرمە بەش سۈرىدە ئاتمىش توققۇز قېتىم تىلغا ئېلىنغان. (ئەۋۋاھ) «ئاللاھقا يالۋۇرغۇچى»(ھەلىم) «ئىنتايىن مۇلايىم»، (مۇنىب) «ئاللاھقا سېغىنغۇچى قانىت) «ئاللاھقا قۇللۇق قىلغۇچى»، (شاكىر) «ئاللاھقا شۈكۈر قىلغۇچى» (ھەنىف) «توغرا يولدا ماڭغۇچى» قاتارلىق ھەر خىل ئىسىم ۋە سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىپ، مەدھىيىلەنگەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا «ھەنىفلىك» دېيىلگەن. ھەنىف سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى: ئەگرىلىكنى تاشلاپ توغرا يولغا ماڭغان، ئىستىقامەت ئۈستىدە كېتىۋاتقان، باشقا دىن، باتىل ئەقىدىلەردىن يىراق تۇرۇپ، يالغۇز، يەككە-يېگانە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان مۇۋەھھىد (ئاللاھنى بىر دەپ ئېتىقاد قىلغۇچى) دېگەنلىكتۇر

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالُوا كُونُوا هُودًا أَوْ نَصَارَى تَهْتَدُوا قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

**«ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن.»** (بەقەرە سۈرىسى، 135-ئايەت)

مَا كَانَ إِبْرَاهِيمُ يَهُودِيًّا وَلَا نَصْرَانِيًّا وَلَكِنْ كَانَ حَنِيفًا مُسْلِمًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

**«ئىبراھىم يەھۇدىيمۇ ئەمەس، ناسارامۇ ئەمەس ۋە لېكىن توغرا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى، ئاللاھقا بويسۇنغۇچى ئىدى، مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 67-ئايەت)

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەخلاقسىزلىق ۋە بۇتپەرەستلىكتىن يىراق ئۆرۈپ، ھەق تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىشەنگەن كىشىلەر «ھەنىف» دېيىلەتتى. ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، ئوسمان ئىبنى ھۇۋەيرىس، زەيد ئىبنى ئەمر، قەيس ئىبنى سەئىيدكە ئوخشاش زاتلار ھەنىفلەردىن بەزىلىرىدۇر. ھەنىفلەر جانسىز، تىلسىز، ھېچبىر نەرسىگە كۈچى يەتمەيدىغان بۇتلارنىڭ ئالدىدا ئېگىلىشنى، ئۇلارغا يالۋۇرۇشنى ئىنتايىن پەس ئىش دەپ بىلەتتى.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[25] مۇنداق دەيدۇ:

25. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئۈچىنچى يىلى تۇغۇلدى. دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلدى. ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ئىشتىراك قىلغان قوشۇن بىلەن بىرلىكتە ئىستانبۇل يۈرۈشىگە قاتناشتى. ئاچىسى ھەزرىتى ھەفسە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېقىنىدا بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. تەكرارلانغانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 2630 ھەدىس رىۋايەت قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالسا ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ ئىككىنچىسى بولدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ كۆپ پەتۋا بېرىدىغان يەتتە ساھابىنىڭ بىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات شەكلىنى ئەينەن ئۆزىگە ئۆرنەك قىلغان ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتا ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىرى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى سەۋەبلىك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغان يەرلەرنى تېپىپ، ئۇ يەرلەردە ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ ماڭغان يوللاردا ماڭاتتى، سايىداپ، ئارام ئالغان دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى ۋە قۇرۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇلارنى سۇغىراتتى. (بۇخارى: «سەلات» 89؛ ئىبنى ھەجەر، «ئەلئىسابە»، 2-جىلد، 349-بەت) ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسھابى-كىرامنىڭ ئىچىدىكى كۆرۈنگەن بايلاردىن بىرى ئىدى. بايلىقىنىڭ كۆپ توپلىنىپ كېتىشىگە يول قويماي، قولىغا چۈشكەننى يوقسۇللارغا تارقىتاتتى. ئىگە بولغان نەرسىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرگەنلىرىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش ياكى سەدىقە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئايرىيتتى. ياخشى ئەخلاقىنى كۆرگەن، بولۇپمۇ ناماز ئوقۇغان پۈتۈن قۇللىرىنى ئازاد قىلىشقا باشلىغان ئىدى. دوستلىرىدىن بىرى ئۇنى ئاگاھلاندۇردى ۋە قۇللىرىدىن بىر قىسمىنىڭ پەقەت ئازاد قىلىنىش ئۈچۈنلا مەسجىدكە بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ قەلبىدىكى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرسىتىدىغان شۇ گۈزەل

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن «بەلداھنىڭ[26]» پەس تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەردىكىلەر تەرىپىدىن بىر داستىخانغا دەۋەت قىلىندى. داستىخاندا زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيلمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گۆش ئىكرام قىلىندى. كائىناتنىڭ پەخرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ تاماقتىن يېمىگەنلىكى ئۈچۈن زەيدمۇ بۇ تاماقتىن ئۆزىنى تارتتى. زەيد گۆشنى يېمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

«مەن سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلانغان گۆشنى يېمەيمەن. مەن پەقەت ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان نەرسىدىن يەيمەن.»

زەيد قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ھايۋانلارنى بۇتلارنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايدىغانلىقىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەيتتى: «قوينى ئاللاھ ياراتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، يەردىن ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈردى، ئەمما سىلەر ئۇنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلماي بوغۇزلايسىلەر.»

باشقا بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

زەيد ئىبنى ئەمر، ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنى بىرگە ئېلىپ ھەقىقى دىننى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۈچۈن شامغا بارغان. ئۇ يەردە بىر يەھۇدىي ئالىمى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن دىنىي ھەققىدە سوئال سوراپ:

- بەلكىم دىنىڭغا كىرىشىم مۇمكىن، ماڭا ئۇنىڭ ھەققىدە مەلۇمات بەر. - دېگەن.

يەھۇدىي:

جاۋابىنى بەردى: "بىزنى ئاللاھ بىلەن ئالدىماقچى بولغانلارغا ئالدىنىشقا رازىمىز!". مىڭدىن كۆپ قۇل ئازاد قىلدى. ھىجرىيەنىڭ73-يىلى، مىلادىيە 692-يىلى سەكسەن بەش يېشىدا مەككىدە ۋاپات بولدى.

26. بەلداھ: مەككىنىڭ يېنىدىكى بىر ۋادى.

ـ سەن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماي تۇرۇپ، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرەلمەيسەن.ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

زەيد:

ـ مەن ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قېچىپ بۇ يەرلەرگە كەلدىم، (غەزەپ ئەمەس، رىزا ئىزدەۋاتىمەن) ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن بىر ئۇلۇش ئېلىش نىيىتىم يوق! سەن ماڭا باشقا دىننى كۆرسەتكىنكى، ئۇنىڭغا كىرەي! ـ دېگەن.

يەھۇدىي ئالىم:

ـ مەن ھەنىفلىكتىن باشقا بىر دىن بىلمەيمەن. ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

زەيد:

ـ ھەنىفلىك دېگەن نىمە؟ ـ دەپ سورىغان.

يەھۇدى ئالىم:

ـ ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ دىنىدۇر. ئۇ يەھۇدىي ۋە ناسارامۇ ئەمەس. ئاللاھتىن باشقا ھەر قانداق نەرسىگە ئىبادەت قىلمىغان.ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

زەيد ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىۋاتقاندا بىر ناسارا ئالىمى بىلەن ئۇچراشقان. ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئاللارنى سورىغان.

ئۇمۇ:

ـ سەن ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىمىغىچە، بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرەلمەيسەن. ـ دېگەن.

زەيد ئۇنىڭغىمۇ:

ـ مەن ئەسلىدىلا ئاللاھنىڭ لەنىتىدىن قېچىپ، بۇ دىيارلارغا كەلدىم، قولۇمدىن كېلىشىچە ھېچبىر ۋاقىت ئاللاھنىڭ لەنىتىدىن ھېچقانداق نەرسە ئالمايمەن. سەن ماڭا باشقا بىر دىن كۆرسىتىپ قويالامسەن؟ـ دېگەن.

ئۇ ئالىممۇ يەھۇدىي ئالىمغا ئوخشاشلا، ھەنىفلىك توغرىسىدا سۆز قىلغان. زەيد ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئىبراھىم ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقىپ، قولىنى كۆتىرىپ: «ئى ئاللاھ!

سېنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا!» دېگەن. (بۇخارى، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 24)

ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

زەيد ئىبنى ئەمرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ، دۈمبىسىنى كەبىگە يېقىپ تۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«ئەي قۇرەيش جامائىتى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەندىن باشقا ھېچقايسىڭلار ئىبراھىمنىڭ دىنىدا ئەمەس!» زەيد تىرىك پېتى توپراققا كۆمۈلىدىغان قىزلارنى قۇتقۇزغان ۋە قىزنى كۆممەكچى بولغان ئادەمگە:

«ئۇنى ئۆلتۈرمە، ئۇنىڭ بارلىق چىقىملىرىنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن» دەپ قىزنى ئېلىپ كېتەتتى. قىز چوڭ بولغاندا، دادىسىغا:

«خالىساڭ ئۇنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرەي، خالىساڭ مېنىڭ يېنىمدا قېلىۋەرسۇن.» (بۇخارى، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 24) دېگەن.

ئاللاھ رەسۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەنىفلاردىن بىرى بولغان ۋەرەقە ھەققىدە: «ئۇنى جەننەتنىڭ ئوتتۇرىدا، ئۈستىگە ئالتۇن-كۈمۈشتىن تىكىلگەن يىپەك رەختلىك كىيىم كەيگەن ھالەتتە كۆردۈم» دېگەن.

زەيد ھەققىدە:

«ئۇ قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا ئايرىم بىر ئۈممەت بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ» (ھەيسەمى، 6-جىلد، 416) دېگەن.

تىلغا ئېلىنغان بۇ ھەنىفلەر ئىلگىرىكى مۇقەددەس كىتابلاردا ئازدۇر-كۆپتۇر بايان قىلىنغانلىقى ئۈچۈن «ئاخىرقى پەيغەمبەر»نىڭ كېلىش ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن.

كۆپ قىسىم ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا-ئانىسمۇ مەككىدىكى ھەنىفلەردىن ئىدى.

ھەنىفلىك ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئېتىقادىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەنىف بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگىشىشنى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بۇيرىغان:

ثُمَّ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ أَنِ اتَّبِعْ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

**«ئاندىن ساڭا: «باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى (يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكىن، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دەپ ۋەھيي قىلدۇق.»** (نەھىل سۈرىسى، 123 ـ ئايەت)

بۇ سەۋەبتىن ھەنىفلىك ئىسلام دىنى ھەققىدە قوللىنىلغان. سەممىي ۋە ئىخلاسمەن ھەرقانداق مۇسۇلمانغا «ھەنىف» دېگەن سۈپەت بېرىلگەن.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن كەچۈرۈمچان ھەنىف دىن بىلەن ئەۋەتىلدىم.» (ئەھمەد، 5 ـ جىلد، 266)[27] دېگەن.

27. بۇخارى، «ئىمان»، 29 گە قاراڭ.

پەيغەمبەرلىكتىن ئىلگىرى

# مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم



1-باب

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بالىلىق دەۋرى

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك نەسەبى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ھەزرىتى ئابدۇللاھ، ئانىسى ھەزرىتى ئامىنەدۇر. ئۇنىڭ مۇبارەك نەسەبى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەڭ شەرەپلىكى بولغان ئادنانغىچە تۇتىشىدۇ[28].

پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسى بولغان ئادنان، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىندۇر[29].

ئادناننىڭ ئوغلى مەئدنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىردىشى (بىر ئەسىردە ياشىغانلىقى) ئىكەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە دادا، ئانا تەرەپتىن پاكىز ۋە شەرەپلىك بىر ئائىلىگە مەنسۇپتۇر. ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەسەبىنىڭ پاك ۋە شەرەپلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە:

«مەن جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ يامان ئادەتلىرىدىن ھېچبىر نەرسە يۇقمىغان ئاتا-ئانىدىن مەيدانغا كەلدىم. مەن ئادەمدىن باشلاپ ئاتا-ئانامغا كەلگىچە

28. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك نەسەبى مۇنداق: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەي ئىبنى غالىب ئىبنى فەھر ئىبنى مالىك ئىبنى نەزر ئىبنى كىنانە ئىبنى ھۇزەيمە ئىبنى مۇدرىكە ئىبنى ئىلياس ئىبنى مۇزەر ئىبنى نىزار ئىبنى مەئد ئىبنى ئادنان. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 28؛ ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 1-دىن 3-بەتكىچە؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 55-56-بەتلەر).

29. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 1-دىن 5-بەتكىچە.

داۋاملىق نىكاھ مەھسۇلى بولۇپ مەيدانغا كەلدىم. قەتئىي زىنادىن مەيدانغا كەلمىدىم!» (ئىبنى كەسىر، «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»، 2ـ جىلد، 260) دېگەن.

ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسىمـ شەرىپى «مۇستاپا»دۇر. بۇ ئىسىم شۇ تارىخىي تاللىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەنسۇپ بولغان جەمئىيەت قايسى ۋاقىتتا ئىككىگە ئايرىلسا، ئاللاھتائالا ئۆز رەسۇلىنى ئەڭ ياخشى جەمئىيەتتە بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ كائىناتنى يورۇتقان نۇرى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇيان ئەڭ پاك ئاتاـ ئانىلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يۆتكىلىپ، ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن[30].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈرە شۇئەرانىڭ 219ـ ئايىتىنى شۇ مەنادا ئىپادىلەپ، تۆۋەندىكىدەك تەپسىر قىلغان:

«سەن يەنى نۇرۇڭ داۋاملىق سەجدە قىلغانلاردىن ئايلاندۇرۇلۇپ، ساڭا يۆتكەلگەندۇر.» (قۇرتۇبى، 8ـ جىلد، 144، ھەيسەمى، 8ـ جىلد، 214)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ پاك بولغانلىرىدىن بولۇپ، دەۋردىنـ دەۋرگە، ئائىلىدىنـ ئائىلىگە يۆتكىلىپ، ئاخىرىدا مانا بۇ ئائىلىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدۈم!» (بۇخارى، «مەناقىب»، 23)

«ئاللاھتائالا ئىبراھىم ئائىلىسىدىن ئىسمائىلنى تاللىدى. ئىسمائىل ئائىلىسىدىن كىنانە ئوغۇللىرىنى تاللىدى. كىنانە ئائىلىسىدىن قۇرەيشنى تاللىدى. قۇرەيشتىن ھاشىم ئوغۇللىرىنى تاللىدى. ھاشىم ئوغۇللىرىدىن ئابدۇلمۇتتەلىبنى تاللىدى، ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغۇللىرىدىن بولسا، مېنى تاللىدى.» (مۇسلىم، «فەزائىل»، 1 تىرمىزى، «مەناقىب»، 1)

بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ئىبنى خەلدۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىنىڭ تەپسىلى بايان قىلىنىشى ۋە ئەسلى ھالىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

---

30. ئەھمەد: 1ـ جىلد، 210ـ بەتكە قاراڭ.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ نەسەبى نەسەب جەھەتتىن بۇنداق ئېنىق ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزگە كەلگىچە پاملىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان شەكىلدە داۋاملاشقان ئەمەس. بۇ ئاللاھتائالانىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان خۇسۇسى ئىلتىپاتىدۇر.» (ئىبنى خەلدۇن، 1ـ جىلد، 11)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ بىلەن ئانىسى ئامىنىنىڭ ئۆيلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىگە يېقىن بىر زاماندا تەۋھىد ئېتىقادى بۇزۇلۇپ، كەبە ھەرخىل قەبىلىلەرگە ئائىت بۇتلار بىلەن تولدۇرۇلۇپ، زەمزەم قۇدۇقىمۇ ئېتىلىپ قالغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب بىر كۈنى ھىجردا ئۇخلاۋاتقاندا، چۈشىدە زەمزەم قۇدۇقىنى قېزىپ چىقىرىش بۇيرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قېزىلىدىغان يەر ئىشارەت بىلەن كۆرسىتىلدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب قېزىشنى باشلىغاندا، قۇرەيش: «ئىبادەتخانىمىزنىڭ يېنىنى قېزىشقا بولمايدۇ» دەپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقتى. ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ھازىرچە ئۇلارغا قارشى تۇرغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئابدۇلمۇتتەلىب ئاللاھ ئۇنىڭغا ئون پەرزەنت ئاتا قىلسا ۋە ئۇلار چوڭ بولۇپ ئۇنى قوغدىغىدەك ياشقا كەلسە، ئۇلاردىن بىرىنى كەبىنىڭ يېنىدا قۇربانلىق قىلىدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى.

بىر مۇددەتتىن كېيىن قۇرەيش ئابدۇلمۇتتەلىبتە كۆرگەن بەزى ئەھۋال لار تۈپەيلىدىن بىر ئاز يۇمشاپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلدى. ئابدۇلمۇتتەلىب قۇدۇقنى قېزىپ، زەمزەمنى ئوتتورىغا چىقاردى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئون پەرزەنتىمۇ دۇنياغا كېلىپ، ئۇنى قوغدىغىدەك ياشقا كەلدى. بۇنىڭ كەينىدىن، چۈشىدە:

«قەسىمىڭنى ئەمەلگە ئاشۇر!»دېيىلىپ، يىللار بۇرۇن ئاللاھقا بەرگەن قەسىمى ئەسلىتىلدى. قەسەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن رەت-رەت قوي-كاللىلارنى بوغۇزلىغان ئابدۇلمۇتتەلىبتىن ھەر قېتىمقىدىنمۇ چوڭراقى تەلەپ قىلىندى. ئۇ: «چوڭى نېمە؟» دەپ سورىغاندا:

- ئوغۇللىرىڭدىن بىرىنى قۇربانلىق قىلىشنى قەسەم قىلغانتىڭ! دېيىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلاتلىرىنى يېنىغا توپلاپ، ئاللاھقا قىلغان قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىتائەت قىلىشقا چاقىردى. ئۇلار قارشى چىقماستىن: «سەن قەسىمىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىن، خالىغىنىڭنى قىل!» دېدى. ئابدۇلمۇتتەلىب، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرئە[31]قىلىۋاتقاندا: «ئى ئاللاھ! مەن ئەۋلاتلىرىمدىن بىرىنى ساڭا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتىغانىدىم، ھازىر ئوتتۇرىدا چەك تاشلايمەن، ئۇلاردىن ئۆزەڭ خالىغىنىڭنى چىقارغىن» دەپ دۇئا قىلدى.

قۇرئە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دادىسى ئابدۇللاھقا چىقتى. ئابدۇلمۇتتەلىب قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئوغلىنى كەبىنىڭ يېنىغا كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، مەككىلىكلەر پەرزەنت قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى توستى. ئابدۇلمۇتتەلىبنى قايىل قىلىپ، بىر ئالىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى.

ئالىم:

«سىلەردە بىر ئىنساننىڭ دىيىتى قانچىلىك؟» دەپ سورىدى. ئون تۆگە دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭغا قارىتا ئالىم: «ئۇنداقتا، ئابدۇللاھ بىلەن ئون تۆگە ئوتتۇرىسىدا قۇرئە (چەك) تاشلاڭلار، قۇرئە ئابدۇللاھقا چىقسا يەنە ئون تۆگە قوشۇپ يىگىرمە تۆگە بىلەن ئابدۇللاھ ئوتتۇرىسىدا

31. قۇرئە بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە بىر قانچە ياغاچ بولغان بىر قۇتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ياغاچنىڭ ئۈچىدا بىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغان بولىدۇ، ئۇنى قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن بىرىنى چىقىرىپ كىمنىڭ ئىسمى چىقسا ئۇ تاللانغۇچى بولىدۇ. ھازىرقى چەك تاشلاشقا ئوخشاش. ت)

قۇرئە تاشلاڭلار، بۇ سانى قۇرئە تۆگىلەرگە چىققىچە ئۇندىن-ئۇندىن كۆپەيتىڭلار!» دەپ تەۋسىيە قىلدى.

ئۇن تۆگە بىلەن ئابدۇللاھ ئوتتۇرىسىدا قۇرئە تارتقاندا، قۇرئە ئابدۇللاھقا چىقتى. يەنە ئۇن تۆگە قوشۇپ تەكرار قۇرئە تارتتى، يەنە ئابدۇللاھقا چىقتى. تۆگىلەرنىڭ سانى يۈزگە يەتكىچە قۇرئە ئابدۇللاھقا چىقتى. سان دەل يۈزگە تولغان قېتىم قۇرئە تۆگىلەرگە چىقتى. ئابدۇلمۇتتەلىب خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئارقىمۇ-ئارقا ئۈچ قېتىم قۇرئە تاشلىدى. بۇ ئەسنادا ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىنىڭ قۇتۇلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلدى. ھەر ئۈچ قېتىمدا قۇرئەنىڭ تۆگىلەرگە چىققىنىنى كۆرگەنلەر، خۇشاللىقىدىن تەكبىر ئېيتتى. كېيىن ئابدۇلمۇتتەلىب تۆگىلەرنى قۇربانلىق قىلىپ گۆشلىرىنى سەدىقە قىلدى[32].

كۈنىمىزدە ئىسلام شەرىئىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئىنساننىڭ دىيىتىنىڭ يۈز تۆگە ياكى ئۇنىڭ بەدىلى بولۇپ بەلگىلىنىشى بۇ تارىخىي ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە دادىسى ئابدۇللاھنىڭ قۇربانلىق قىلىنىش ئۈچۈن تاللانغانلىقىنى ئىشارەت قىلىپ: «مەن ئىككى قۇربانلىقنىڭ ئوغلىمەن» (ھاكىم، 2، 4048/609) دېگەن.

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىبنى زەبىھە» (قۇربانلىقنىڭ ئوغلى)، «ئىككى قۇربانلىقنىڭ ئوغلى» دەپ تىلغا ئېلىنغان[33].

ئابدۇللاھ تاشقى كۆرۈنۈش ۋە ئەخلاق جەھەتتىن ئۆز قېرىنداشلىرى ۋە باشقا پۈتۈن قۇرەيش ياشلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىلىشكېنى، ئەقىل-پاراسەتتە ئەڭ ئۈستىنى ئىدى[34]. بۇ سەۋەبتىن قۇرەيشنىڭ پۈتۈن ياش قىزلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەتتا ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ سىڭلىسى رۇقىيە، ئابدۇللاھنىڭ پېشانىسىدىكى نۇرنى كۆرۈپ، بۇنىڭ پەيغەمبەرلىك

32. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 163-دىن 168-بەتكىچە.

33. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 604\4036.

34. ھەلەبى: 1-جىلد، 51-دىن 62-بەتكىچە.

نۇرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، كۈتىلىۋاتقان ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ئابدۇللاھقا ئۆزى بىلەن ئۆيلىنىش ھېسابىغا يۈز تۆگە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان[35]. ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغلى ئابدۇللاھقا بەنى زۆھرە قەبىلىسىنىڭ كاتتىۋېشى ۋەھب ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ قىزى ئامىنەنى ئېلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلغان. قۇرەيشنىڭ نەسەب ۋە شەرەپ جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن قىزى بولغان ئامىنەمۇ بۇنىڭغا قوشۇلغان. نەتىجىدە ئىككىسىنىڭ نىكاھى ئوقۇلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئامىنەنىڭ نەسەبى ۋەھب ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى زۆھرە ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررەدۇر. زۆھرە ھاشىم ئوغۇللىرىنىڭ ئاتىلىرى بولغان قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ قېرىندىشى بولغانلىقتىن ھەزرىتى ئامىنەنىڭ نەسەبى ھەزرىتى ئابدۇللاھ بىلەن كىلابتا بىرلىشىدۇ[36].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانا رەھمىگە چۈشىشى بىلەن ئابدۇللاھنىڭ پېشانىسىدىكى نۇر ھەزرىتى ئامىنىگە يۆتكەلگەن[37].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھنىڭ ۋاپاتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ، ئۆيلىنىپ، قىسقا بىر مۇددەتتىن كېيىن قۇرەيشنىڭ تىجارەت كارۋىنى بىلەن شامغا باردى. تىجارىتىنى تۈگىتىپ، قايتىش يولىدا ئاغرىپ قالدى. مەدىنىگە كېلىش بىلەن ھەمراھلىرىغا:

«بۇ يەردە مەن تاغىلىرىم نەججار ئوغۇللىرىنىڭ يېنىدا بىرئاز قالاي» دەپ، ئۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. تاغىلىرى قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ

35. ئىبنى ھىشام: 1- جىلد، 168- دىن 169- بەتكىچە.
36. ئىبنى سائاد: 1- جىلد، 59- 60- بەتلەر.
37. ئىبنى ھىشام: 1- جىلد، 170- بەت.

ياخشى بولالماي ئۇ يەردە ۋاپات بولۇپ، مەدىنىگە دەپنە قىلىنىدى. ئۇ ۋاپات بولغاندا 25 ياشتا ئىدى[38].

ھەزرىتى ئامىنە يولدىشى ئابدۇللاھنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن غەمكىن بولۇپ، كۆڭلىدىكى كۆز يېشى تۆكتى. ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرىنىڭ تېپىلمايدىغانلىغى، ھەممە كىشى تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلگەنلىكى، ناھايىتى مەرت ۋە مېھرى-شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مەرسىيەلەر ئوقۇدى[39].

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بېشارەت بېرىدىغان خەۋەر ۋە ھادىسىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن بىر قىسىم ئىلاھىي تەجەللىلەر مەيدانغا كەلدى. پۈتۈن كائىنات ئۇنى سېغىنىۋاتاتتى. ئاللاھتائالا ئالدى بىلەن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش جەھەتتە ۋەدە ئالغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنىڭ بۈيۈك بىشارىتىدىن بىرىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَإِذْ أَخَذَ اللّهُ مِيثَاقَ النَّبِيِّيْنَ لَمَا آتَيْتُكُم مِّن كِتَابٍ وَحِكْمَةٍ ثُمَّ جَاءكُمْ رَسُولٌ مُّصَدِّقٌ لِّمَا مَعَكُمْ لَتُؤْمِنُنَّ بِهِ وَلَتَنصُرُنَّهُ قَالَ أَأَقْرَرْتُمْ وَأَخَذْتُمْ عَلَى ذَلِكُمْ إِصْرِي قَالُواْ أَقْرَرْنَا قَالَ فَاشْهَدُواْ وَأَنَاْ مَعَكُم مِّنَ الشَّاهِدِينَ

**«ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم. كېيىن سىلەرگە سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر**

38. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 99-بەت.

39. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 100-بەت.

**پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى). ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆزەڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا) گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 81 ـ ئايەت)

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، قولىنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلدى:

رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ

**«پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى) ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن. ھەقىقەتەن، سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى»** (بەقەرە سۈرىسى، 129 ـ ئايەت)

ئىسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بەنى ئىسرائىلغا يەتكۈزگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن بىشارەت بەرگەن ئىدى:

وَإِذْ قَالَ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ إِنِّي رَسُولُ اللَّهِ إِلَيْكُم مُّصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَمُبَشِّرًا بِرَسُولٍ يَأْتِي مِن بَعْدِي اسْمُهُ أَحْمَدُ

**«ئۆز ۋاقتىدا مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا: «ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مەن سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەۋەتكەن، مەندىن بۇرۇن كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغۇچى، مەندىن كېيىن كېلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك پەيغەمبەر بىلەن خۇشخەۋەر بەرگۈچى پەيغەمبەرمەن» دېدى.»** (سەف سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە كائىناتنىڭ نۇرىغا ھامىلە بولغان دەسلەپكى كۈنلەردە بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە:

«ئەي ئامىنە! سەن بۇ ئۇممەتنىڭ پەيغەمبىرىگە ھامىلىسەن! دۇنياغا شەرەپلەندۈرگەن ۋاقتىتا: ‹پۈتكۈل ھەسەتخورلارنىڭ شەررىدىن ئۇنى يەككە ـ يېگانە بولغان ئاللاھقا تاپشۇردۇم!› دەپ، دۇئا قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا ‹مۇھەممەد› دەپ ئىسىم قويغىن!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى.[40]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن چوڭ دادام ئىبراھىمنىڭ دۇئاسى، قېرىندىشىم ئىسانىڭ بىشارىتى ۋە ئانامنىڭ چۈشىمەن».[41]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى تەۋرات، ئىنجىلدا زىكىر قىلىنغان بولۇپ، يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئالىملىرى بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە. بۇلارنىڭ ئىنساپلىق بولغانلىرى ھەققىدە قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق ئىبارىلەر بار:

الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ

**«ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ.»** (ئەئراف سۈرىسى، 157 ـ ئايەت)

---

40. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 170 ـ بەت.

41. ھاكىم: 2 ـ جىلد، 453 ـ بەت. ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 127 ـ 128 ـ بەتلەر.

ئەھلى كىتاب ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز باللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيتتى:

الَّذِينَ آتَيْنَاهُمُ الْكِتَابَ يَعْرِفُونَهُ كَمَا يَعْرِفُونَ أَبْنَاءهُمْ وَإِنَّ فَرِيقاً مِّنْهُمْ لَيَكْتُمُونَ الْحَقَّ وَهُمْ يَعْلَمُونَ

**«بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەرنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ»**

(بەقەرە سۈرىسى، 146-ئايەت)

يەھۇدىيلارنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام[42] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مەن رەسۇلۇللاھنى ئۆز ئوغلۇمدىن بەكرەك ياخشى تونۇيمەن!» دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئەي ئىبنى سالام! سەن قانداقلارچە ياخشى تونۇيسەن؟» دەپ سورىدى.

42. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لەقىمى ئەبۇ يۈسۈپ بولۇپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەجدادىدىندۇر. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ھۇسەيىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسمىنى ئابدۇللاھقا ئالماشتۇرغان. بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ ئالىملىرىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ قۇباغا كەلگەندە، ئابدۇللاھ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بەزى سوئاللارنى سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوئاللارغا بەرگەن جاۋابىغا قارىتا، بۇ جاۋابلارنى پەقەت بىر پەيغەمبەرنىڭ بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىسلامغا كىرگەن. كېيىن پۈتۈن ئائىلىسى ۋە بەزى دوستلىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە ۋاستە بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. (سۈرە ئەھقافنىڭ) 10- ۋە (سۈرە رەئد)نىڭ 43-ئايەتلىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە نازىل بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. 25 ھەدىس رىۋايەت قىلغان ۋە مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ھىجرىيەنىڭ 43-يىلى، مىلادىنىڭ 663-يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئۇ:

«مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ھېچ شۈبھە قىلمايمەن! چۈنكى ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكى، ئالامەت ۋە سۈپەتلىرى، كىتابىمىزدا ئېنىق بار.» دېدى.

بۇنىڭغا قارىتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئى ئىبنى سالام! ئاللاھ سېنى ھەقىقەتكە يەتكۈزۈپتۇ!» دېدى ۋە پېشانىسىگە سۆيدى. (ۋاھىدى: 47 ـ بەت؛ تەپسىر رازى: 4 ـ جىلد، 116 ـ بەت)

قۇرئانى ـ كەرىم، تەۋرات، ئىنجىلدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەسھابىنىڭ سۈپەتلىرى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

مُّحَمَّدٌ رَّسُولُ اللَّهِ وَالَّذِينَ مَعَهُ أَشِدَّاء عَلَى الْكُفَّارِ رُحَمَاء بَيْنَهُمْ تَرَاهُمْ رُكَّعًا سُجَّدًا يَبْتَغُونَ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَرِضْوَانًا سِيمَاهُمْ فِي وُجُوهِهِم مِّنْ أَثَرِ السُّجُودِ ذَلِكَ مَثَلُهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَمَثَلُهُمْ فِي الْإِنجِيلِ كَزَرْعٍ أَخْرَجَ شَطْأَهُ فَآزَرَهُ فَاسْتَغْلَظَ فَاسْتَوَى عَلَى سُوقِهِ يُعْجِبُ الزُّرَّاعَ لِيَغِيظَ بِهِمُ الْكُفَّارَ وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ مِنْهُم مَّغْفِرَةً وَأَجْرًا عَظِيمًا

**«مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر. ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار. ئەنە شۇ ئۇلارنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىنجىلدىكى سۈپىتى بولسا، (ئۇلار) شاخ چىقارغان، كۈچلىنىپ چوڭايغان ئاندىن ئۆز غولى بىلەن ئۆرە تۇرغان، بولۇقلىقى ۋە كۆركەم كۆرۈنىشى بىلەن دېھقانلارنى مەمنۇن قىلغان زىرائەتكە ئوخشايدۇ. (مۇئمىنلەرنى مۇنداق زىرائەتكە ئوخشىتىش) كۇففارلارنى خاپا قىلىش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ**

**ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا مەغفىرەت ۋە كاتتا ئەجىر ئاتا قىلدى.»** (فەتھ سۈرىسى، 29-ئايەت)

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كۈنى كەئىب ئەلئاخبارغا[43]:

«تەۋراتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى قانداق سۆزلەنگەن؟» دەپ سورىغان ۋاقىتتا، كەئىب رەھىمەھۇللاھ (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن) بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

«مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ مەككىدە تۇغۇلىدۇ، تابەگە (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلىدۇ، شامغا ھۆكۈمران بولىدۇ. ئۇ يامان سۆز قىلمايدۇ. بازارلاردا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلمايدۇ. يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرمايدۇ، ئەكسىچە ئەپۇ قىلىدۇ. ئۈممىتى خۇشاللىقتا، غەم-قايغۇدا ۋە ھەر يەردە ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىدۇ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ. بەللىرىگە ئىزار باغلايدۇ، قوللىرىنى يۇيىدۇ (تاھارەت ئالىدۇ)، ئۇرۇشتا سەپتە تۇرغاندەك، نامازلىرىدىمۇ سەپ بولۇپ تۇرىدۇ. مەسجىدلىرىدىن ھەرىنىڭ غوڭۇلدىغان ئاۋازىدەك، (قۇرئان ۋە زىكىر) ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئەزان ئاۋازلىرى ئۈپۈقنى قاپلايدۇ» .(دارىمى: «مۇقەددىمە»، 2-باب)

ئاتا ئىبنى يەسار رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر[44] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا بېرىپ: «رەسۇلۇللاھنىڭ تەۋراتتا زىكىر قىلىنغان سۈپەتلىرىنى ماڭا سۆزلەپ

43. كەئىب ئەلئاخبار: تابىئىندىن بولۇپ، بەنى ئىسرائىلغا ئائىت رىۋايەتلەرنى بىلىش بىلەن مەشھۇردۇر. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدە مۇسۇلمان بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 32 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

44. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسى ئەمر بىلەن بىرلىكتە ھىجرىينىڭ يەتتىنچى يىلى مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئىلگىرىكى مەدەنىيەتلەرنى ۋە ئوقۇش-يېزىشنى بىلىدىغان بىر كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھتىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى يازاتتى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خۇسۇسى رۇخسەت ئالغان. ئابدۇللاھ، مول ھەدىس ۋە فىقھى بىلىملەرگە ئىگە بولغان سەۋەبلىك ساھابىلار ئارىسىدا «ئابادىلە» دەپ

بىرەمسەن؟» دېدىم. بۇنىڭغا جاۋابەن: «ئۇنداقتا ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان بەزى سۈپەتلىرى تەۋراتتىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. (ئۇ يەردە): «ئەي پەيغەمبەر! بىز سېنى ئىنسانلارغا گۇۋاھچى، خۇشخەۋەر بەرگۈچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئۇممىلەر ئۈچۈن قوغدىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە رەسۇلۇمسەن. مەن ساڭا مۇتەۋەككۇل دەپ ئىسىم قويدۇم.

ئاللاھ بۇزۇلغان دىننى ئىنسانلارنىڭ (لا ئىلاھە ئىللەللاھ) دېيىشى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرمەي ۋە ئۇ دىن بىلەن ئەما كۆزلەر، ئاڭلىماس قۇلاقلار، پەردىلەنگەن قەلبلەرنى ئاچماستىن ئۇنىڭ جېنىنى ئالمايدۇ دېيىلگەن» دېدى. (بۇخارى: «بۇيۇئ»، 50؛ «تەفسىر»، 3\48.)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرىنى بىلىدىغان يەھۇدىيلار ئۇنىڭ كېلىش ۋاقتىنى كۈتمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، مەدىنىلىك بۇتپەرەس ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى بىلەن يەھۇدىيلار بىر-بىرلىرى بىلەن خاپا بولۇشۇپ قالسا، يەھۇدىيلار:

«مۇشۇ ۋاقىتلاردا بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىش ئالدىدا. ئۇنىڭ كېلىشى ئىنتايىن يېقىن. ئۇ پەيغەمبەر كەلسە، بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىرەم ۋە ئاد قەۋملىرىگە ئوخشاش سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، كۆلۈڭلارنى كۆككە سورۇيمىز» دەيتتى..(ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل»، 2-جىلد، 95-96-بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئايالى سەفىييە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نەقىل قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھىجرەت ئەسناسىدا قۇبا يېزىسىغا كەلگەندە، دادىسى يەھۇدىي بولغان ھۇيەي ئىبنى ئەختاب

---

مەشھۇر بولغان تۆت ئابدۇللاھنىڭ بىرى. دادىسى ھەزرىتى ئەمر بىلەن بىرلىكتە شامنىڭ فەتھى قىلىنىشى ۋە يەرمۇك غازىتىغا قاتناشتى. بۇ ئۇرۇشتا دادىسىنىڭ بايراقدارلىقىنى قىلدى. مىسىرنىڭ فەتھىدىن كېيىن مىسىرغا يەرلىشىپ، ئۇ يەردە ياشىدى. دادىسىدىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ئابدۇللاھ 72 يېشىدا مىسىردا ۋاپات بولدى. قەبرىسى قاھىرەدىكى ئەمر ئىبنى ئاس مەسجىدىدە.

بىلەن تاغىسى ئەبۇ ياسىر دەرھال ئۇ يەرگە كېلىپ، كۈن پاتقاندا غەمكىن ھالدا ئۆيگە قايتتى. ئەبۇ ياسىر ئىنىسىغا:

ـ بۇ زات كېلىشى كۈتۈلگەن پەيغەمبەرمىدۇ؟ دەپ سورىدى.

ھۇيەي:

ـ شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ شۇدۇر! ـ دېدى.

ئەبۇ ياسىر:

ـ ئۇنىڭ ئاشۇ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى كىسىپ ئېيتالامسەن؟ ياخشىراق تەكشۈردۈڭمۇ؟

ھۇيەي:

ـ شۇنداق. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ـ ئۇ ھالدا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن قەلبىڭدە نېمە بار؟ ـ دەپ سورىغاندا:

ھۇيەي:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھاياتتا ياشىغان مۇددىتىمچە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىمەن دېدى. (ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىل»، 1ـ جىلد، 77ـ 78ـ بەتلەر)

يەھۇدىيلار كېلىشىنى كۈتكەن ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئۆز ئىرقىدىن، يەنى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاللاھ رەسۇلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىدىن كەلگەن ئەرەبلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلار ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتمىدى[45].

بۇ ھەقىقەتنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بۇ رىۋايىتى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن غەتافان قەبىلىسى ئارىسىدا ئۇرۇش بار ئىدى ۋە يەھۇدىيلار ھەر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولاتتى. ئاخىرىدا:

45. ئىبنى سائاد، 1ـ جىلد، 155ـ بەت.

«ئى ئىلاھىمىز! ئاخىر زاماندا ئەۋەتىشنى ۋەدە قىلغان ئۇ ئۇممى پەيغەمبەرنىڭ ھەققى ئۈچۈن سەندىن بىزنى غالىپ قىلىشىڭنى تىلەيمىز!» دېگەن دۇئا بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرۇشنى قارار قىلدى. غەتافانلار بىلەن ئۇچراشقاندا بۇ دۇئانى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن تەۋەسسۇل قىلدى. ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە غەتافانلارنى يەڭدى. ئەمما ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارنىڭ دۇئالىرىدا ۋەسىلە قىلغان مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلدى.

بۇنىڭغا بىنائەن، ئاللاھتائالا:

وَكَانُواْ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَاءهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِ فَلَعْنَةُ اللَّه عَلَى الْكَافِرِينَ

**«ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كافىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشنى تىلەيتتى. ئۇلار بىلىدىغان (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كافىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى»** (بەقەرە سۈرىسى، 89-ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[46].

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاشكارا بولۇشنى بېشارەت بەرگەن بۇ ھادىسە دىققىتىمىزنى جەلىپ قىلىدۇ. سەيف ئىبنى زىيەزەن كىسرا تەرىپىدىن يەمەن ھۆكۈمدارلىقىغا تەيىنلەنگەندە، ئەرەب ھەيئەتلىرى ئۇنى تەبرىكلىدى. مەككىدىن كەلگەن ئون كىشىلىك ھەيئەتنىڭ بېشىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ بار ئىدى.

ھۆكۈمدارغا:

46. قۇرتۇبى: 2-جىلد، 27؛ ۋاھىدى: 31-بەت.

«ئەي ھۆكۈمدار! بىز ئاللاھنىڭ دەخلى-تەرۇز قىلىنمايدىغان ھەرەمىنىڭ خەلقى ۋە بەيتۇللاھنىڭ خادىملىرىمىز. ھۆكۈمدار بولغانلىقىڭنى تەبرىكلەش نىيىتىدە بۇ يەرگە كەلدۇق!» دېدى.

يەمەن ھۆكۈمدارى ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇزۇن مۇددەت مېھمان قىلدى. بىركۈنى ئابدۇلمۇتتەلىبنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى: «ئەي ئابدۇلمۇتتەلىب! مەن ساڭا بىر سىر ئېيتىمەنكى، ئۇ سىرنى باشقا بىرسى بولسا ئاچمايتتىم. ئەمما مەن سەندە ئۇنىڭ ئالامىتىنى كۆردۈم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ساڭا ئاچىمەن. ئاللاھتائالا رۇخسەت بەرگىچە بۇ سىر سەندە سىر قالسۇن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەمرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۆزىمىزگە مەخسۇس قىلىپ، باشقىلارغا ئاشكارلىماي تۇتقان بىر كىتابتا مۇنداق بىر مۇھىم خەۋەر باركى، ھاياتىڭنىڭ شەرىپى، ئۆلۈمىڭنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭدىدۇر. پۈتۈن ئىنسانلارغا، ھاياتىڭكى بىر تۇققانلىرىڭغا، بولۇپمۇ ساڭا ئىنتايىن مۇناسىۋەتلىكتۇر» دېدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب:

«ئەي ھۆكۈمدار! پۈتۈن كۆچمەن قەبىلىلەر ساڭا پىدا بولسۇن! ئۇ بۈيۈك ۋە شانلىق خەۋەر نېمىدۇر؟» دەپ سورىدى.

ھۆكۈمدار:

«تىھامە رايونىدا بىر بوۋاق تۇغۇلىدۇ. ئالامەت سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئىككى تاغاق سۆڭىكى ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھرى بار. قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭدا ئىماملىق (رەھبەرلىك)، سىلەردە سەييىدلىك بولىدۇ» دېدى.

سەيف ئىبنى زىيەزەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

«بۇ زامان ئۇنىڭ تۇغۇلىدىغان زامانىدۇر. بەلكى تۇغۇلۇپ بولدى. ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەدتۇر. ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولغان بولىدۇ. ئۇنى بېقىشنى چوڭ دادىسى ۋە تاغىسى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئاشكارا تەبلىغ قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. بىزدىن بىر قىسىم ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىدۇ. ئۇلار بىلەن دوستلىرىنى ئەزىز، دۈشمەنلىرىنى خار قىلىدۇ. ئۇ يەر يۈزىنىڭ ئەڭ مۇنبەت رايونلىرىنى فەتىھ قىلىدۇ. ئۇنىڭ

تۇغۇلىشى بىلەن مەجۇسىلارنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان ئوتلىرى ئۆچىدۇ. يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدۇ. كۇفۇر ۋە ھەددىدىن ئېشىش چەكلىنىدۇ. بۇتلار چېقىلىدۇ، شەيتانغا تاش ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدۇ. ئادالەت بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ دائىم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۇنى تەتبىقلايدۇ، يامانلىقلاردىن توسۇپ، ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ» دېدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب:

«ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، شان-شەرىپىڭ ئۇلۇغ، سەلتەنىتىڭ دائىم بولسۇن! بۇ سۆزلىگىنىڭ مېنىڭ ئەجدادىمدۇر. ئەجىبا ھۆكۈمدار، بۇ جەھەتتە تېخمۇ كۆپ ئىزاھات بېرىپ، مېنى سۆيۈندۈرۈش ئىكرامىدا بولارمۇ؟» دېدى.

سەيف:

«يوپۇقلارغا ئورالغان بەيتۇللاھقا، مۆجىزىلەرگە ۋە ساماۋى كىتابلارغا قەسەمكى، ئى ئابدۇلمۇتتەلىب! ھېچ يالغىنى يوق، مۇھەققەقكى، سەن ئۇنىڭ بوۋىسىسەن!» دېگەندە، ئابدۇلمۇتتەلىب سۆيۈنگەنلىكىدىن يەرگە يىقىلدى.

ھۆكۈمدار:

«بېشىڭنى يەردىن كۆتۈر! كۆڭلۈڭ خۇشال، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، نامىڭ ئۇلۇغ بولسۇن! مەن ساڭا سۆزلىگەن ئالامەتلەردىن سەن كۆرگەن بىرەر نەرسە بارمۇ؟» دېدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب:

«شۇنداق، ئەي ھۆكۈمدار! مېنىڭ سۆيۈملۈك، ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇنى قەۋمىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ھېسابلىنىدىغان ئامىنە بىلەن ئۆيلەندۈرگەن ئىدىم. ئامىنە بىر بوۋاق تۇغدى. ئىسمىنى مۇھەممەد قويدۇم. ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدا بىر مۆھۈر بار. سەن بايان قىلغان ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ۋاپات بولدى. ئۇنى بېقىشنى مەن ۋە تاغىسى ئۈستىمىزگە ئالدۇق» دېدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن ھۆكۈمدار سەيف:

«ئوغلۇڭنى ياخشى قوغدا! يەھۇدىيلارغا دىققەت قىل! چۈنكى يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا دۈشمەندۇر. ئەمما ئاللاھتائالا بۇ جەھەتتە ئۇلارغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. بۇ دېگەنلىرىمنى ھەمراھلىرىڭغا ئېيتما! ساڭا نېسىپ بولغان ئۈستۈنلۈككە قىزغىنىپ، نەۋرەڭنىڭ بېشىغا بالا تېرىشىدىن خاتىرجەم بولالمايمەن. ئەگەر ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىدىن بۇرۇن ئۆلمەيدىغانلىقىمنى بىلسەم، ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىم بىلەن بىرلىكتە كېلىپ، يەسرىبنى (مەدىنىنى) ھىجرەت يۇرتى، دۆلىتىمگە پايتەخت قىلاتتىم. ئۇنى ئاپەت ۋە بالالاردىن قوغدايتتىم! بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىدە ماڭا خەۋەر بەرگىن!» دېدى.

ئەپسۇسكى، سەيف ئىبنى زىيەزەن بىر يىلغا بارماي ئۆلتۈرۈلدى[47]. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 26-بەتتىن 28-بەتكىچە. دىيار بەكرى: 1-جىلد، 239-بەتتىن 241-بەتكىچە)

---

47. تەۋرات، ئىنجىلدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقى، سۈپەتلىرىنىڭ بايان قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئىلاھىي مەنبەلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزگەرتىلگەن بولسا ئۆز ئىچىگە ئالغان خەۋەرلەرنىڭ بەزىسىنىڭ ئەسلى پارچىلار ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. بۇ سەۋەپتىن، مۇسۇلمانلار تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بىر قانۇنغا ئوخشاش قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا قارىتا ھۆرمەتسىزلىك قىلمايدۇ. تەۋرات ۋە ئىنجىلدا بولغانغا ئوخشاش زەردۇشتلۇق، ھىندۇئىزىم ۋە بۇددىزمغا ئوخشاش شەرق دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس دەپ قوبۇل قىلىنغان كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىمۇ بېشارەت بېرىلگەن. "زەردۇشت"لارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان "زېن ئاۋېستا"دا (Soeshyant) دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، "ئالەملەرگە رەھمەت"، دېگەن مەنىدە. پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغانلىقى بىلدۈرىلىش بىلەن بىرلىكتە باشقا نۇرغۇنلىغان سۈپەتلىرىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھىندۇئىزمنىڭ مۇقەددەس كىتابى (Puranalar ve Upanisadlar, Vedalar)دا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىنىڭ، ساقالنى سۈننەت قىلىدىغانلىقى، چوشقا گۆشىنى چەكلەيدىغانلىقىغا ئوخشاش سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىنغان. يەنە بۇددانىڭ كىتابلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ رىسالىتىنى بېشارەت بېرىپ، سۈپەتلىرى تىلغا ئېلىنغان كۆپلىگەن باپلار مەۋجۇتتۇر.("ئىلاھىي كىتابلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام"،221-دىن 239-بەتكىچە قاراڭ. رەمزى قايانىڭ: "شەرق مۇقەددەس ئىبارىلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام" ئىستانبۇل، 1997-يىلى نەشرى، ئىبراھىم جانان،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبكە نەۋرىسىنىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە بېرىلگەن باشقا بىر بېشارەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى باللار بىلەن ئويۇنغا بېرىلىپ رەدىم مەھەللىسىگە كېتىپ قالدى. ئۇ يەردە مۇدلىج جەمەتىدىن بىر جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېنىغا چاقىرىپ، پۇتلىرىغا قاراپ، ئاياق ئىزىغا ئىنچىكە قاراشتى. شۇ ۋاقىتتا ئابدۇلمۇتتەلىب كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ:

- بۇ بالا سېنىڭ نەسلىڭدىنمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب:

- ئوغلۇم - دېدى.

مۇدلىج جەمەتى:

- ئۇنى ياخشى قوغدا! چۈنكى بىز ماقامى ئىبراھىمدىكى ئاياق ئىزىغا بۇ بالىنىڭ ئاياق ئىزىدىن بەكرەك ئوخشىغان بىر ئاياق ئىزى كۆرمىدۇق - دېدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب، ئوغلى ئەبۇ تالىبقا:

- بۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلا! - دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىب جىيەنىنى ئالاھىدە قوغدىدى[48].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيانى شەرەپلەندۈرۈشتىن بۇرۇن پۈتۈن دۇنيا مەنىۋى تەرەپتىن قاراڭغۇلۇقتا ئىدى. ئىنسانلار جاھالەت پاتقىقىدا بوغۇلۇپ، ئىنسانلىق شەرەپ ۋە ئىززىتىنى يوقاتقانىدى. ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىلىكىدىن ھايۋانلارمۇ بىئارام، ھايات ياشىغۇسىز بىر ھالغا كېلىپ، ئالەم غەمكىن،

---

14 ـ جىلد، 79 ـ دىن 81 ـ بەتكىچە) يەر يۈزىدىكى بىرىنچى دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكى، ئىنسانلارغا مىڭلارچە پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكى، لېكىن ئىنسانلارنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن توغرا يولدىن چەتنەپ ئازغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، زەردۇشت، ھىندۇئىزم، بۇددىزم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باتىل دىنلاردا، ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ كېلىش بىشارىتىگە ئوخشاش بەزى ھەقىقەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى بىزنى ھەيران قالدۇرماسلىقى كېرەك.

48. ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىل»، 1 ـ جىلد، 165؛ ئىبنى سائاد، 1 ـ جىلد، 118.

مەخلۇقلار سەرسان، كۆڭۈللەر ئازابلىق ئىدى. ئاجىز ۋە كۈچسىزلەر كۈلۈشنى ئۇنتۇپ، ياشاش ھەققى كۈچلۈكلەرگە ئائىتتى.

قۇرئانى ـ كەرىم بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ظَهَرَ الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ

**«ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى.»** (رۇم سۈرىسى، 41 ـ ئايەت)

ئۇ رەھمەت يېقىنلاشقانسېرى ھەممە كىشى، ھەممە نەرسە، تېخىمۇ ئىشتىياق ۋە سېغىنىش ئىچىدە ئۇ ئۇلۇغ نۇرنىڭ مەيدانغا كېلىپ، ئۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزۇشىنى ساقلاۋاتقان، ئۇ ئابى ھاياتنىڭ ئۆزلىرىگە ئېھسان قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتقانىدى. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇنى تەشنالىق بىلەن كۈتىۋاتقانىدى. كىشىلەر بۇنىڭ بېشارەت ۋە ئىشارەتلىرىنى ئالغانىدى. سۇلايمان چەلەبى «مەۋلىد شەرىپ» ناملىق قەسىدىسىدە قۇياشنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولغانلىقىنى تەسۋىرلەپ، ئالىي تەشرىفىنىڭ بېشارىتىنى، ھەزرىتى ئامىنەنىڭ كۆڭۈل تىلىدىن مۇنداق مىسرالارغا تۆكتى:

دېدى «كۆردۈم» ئۇ ھەبىبىنىڭ ئانىسى،
بىر ئاجايىپ نۇر، خۇددى قۇياش پەرۋانىسى،
چۈشتى كۆكتىن پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ،
كەبە كەبى قىلدى تاۋاپ ئۆيۈمنى،
دېيىشتىكى، ئوغلۇڭ كەبى ھېچبىر ئوغۇل،
جاھان يارىتىلغاندىن بۇيان كەلگەن ئەمەس،
بۇ ئوغۇل ئىلمي لەدۇن سۇلتانىدۇر،
بۇ ئوغۇل تەۋھىدۇ ـ ئىرفان كانىدۇر...

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە بۇ ئەسنادا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

تەقەززالىق بىلەن كۈتۈلۈۋاتقان نۇر مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىگە توغرا كەلگەن رەبىيئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى، دۈشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە ئابدۇللاھ ۋە ئامىنەنىڭ باغرىدىن تاشقى ئالەمگە چۈشۈپ، دۇنيانى شەرەپلەندۈردى. بۇ تەشرىپ بىلەن پۈتكۈل مەۋجۇدات تىلغا كېلىپ:

«خوش كەلدىڭ يا رەسۇلەللاھ!» دەپ خۇشاللىققا چۆمدى.

سۇلايمان چەلەبى جاھاندا پۈتۈن زەررىلەرنىڭ بۇ ئالىي تەشرىپ ئالدىدىكى خۇشاللىقنى مىسرالىرىغا تۆكۈپ مۇنداق دېدى:

مەرھابا، ئەي ئالىي سۇلتان مەرھابا!
مەرھابا، ئەي كانى ئىرفان مەرھابا!
مەرھابا، ئەي سىررى فۇرقان مەرھابا!
مەرھابا، ئەي دەرتكە دەرمان مەرھابا!
مەرھابا، ئەي رەھمەتەن لىلئالەمىن مەرھابا!
مەرھابا، ئەي گۇناھكارلارنىڭ شاپائەتچىسى!...

ئۇنىڭ ئاشكارا بولىشى بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئالەمنى تولدۇردى. ئەتىگەن ـ ئاخشاملار ئۆز رەڭلىرىنى ئالماشتۇردى، تۇيغۇلار چوڭقۇرلاشتى، سۆزلەر، سۆھبەتلەر، لەززەتلەر چوڭقۇرلىشىپ ھەممە نەرسە ئايرىم بىر مەنا، ئايرىم بىر لەتافەت قازاندى. بۇتلار ئۆرۈلۈپ يەرگە چۈشتى، كىسرالار يۇرتى مەدائىن سارىيىدىكى تۈۋرۈك ۋە قەلئەلەر ئۆرۈلدى. ئۇ زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس دەپ قارىغان ساۋە كۆلى[49] زۇلۇم پاتقىقىدا قۇرۇپ كەتتى[50].

52. ساۋە: ھەمەدان بىلەن قۇم ئارىسىدا، تېھراندىن 125 كېلومېتىر يىراقلىقتىكى غەربى جەنۇبقا جايلاشقان بىر كۆل. سۈيى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىغا بىر شەھەر سېلىنغان.

50. ئىبنى كەسىر، "ئەلبىدايە" 2 ـ جىلد، 273.

جاھاندا يۈز بەرگەن بۇ تەجەللى، ئۇ مەۋجۇدىيەت ئەسلىنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىنىڭ بەرىكىتى ئىدى. بۇ بەرىكەت پۈتۈن كائىناتنى خۇشاللىقتىن سايرىتىۋەتتى. ئۇ يىل مول ھوسۇللۇق يىلى دەپ ئاتالدى. بەلكى ئەھلى تىل (كۆڭۈل ئەھلى) نەزىرىدە قەدىر كېچىسىدىن كېيىنكى ئەڭ قىممەتلىك كېچە رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغان كېچىسى دەپ قوبۇل قىلىندى. ئۇ كېچە بىر گۈل مىسالى ئېچىلغان ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بەرىكىتى بىلەن تولغان كۆڭۈللەردىن تاشقان ئىپادىلەر شائىرلارنىڭ مىسرالىرىغا يەنە بىر ھۆسۈن قوشتى:

سۇيا ۋىرسۇن باغبان گۈلزارى زاخمەت چەكمەسۇن،
بىر گۈل ئاچىلماز يۈزۈن تەك ۋىرسە مىن گۈلزارە سۇ

«باغۋەن گۈل باغچىسىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن! چۈنكى مىڭ دانە گۈل باغچىسى سۇغارسا (يا رەسۇلەللاھ) يەنىلا سېنىڭ يۈزۈڭگە ئوخشاش بىر گۈل ھېچبىر زامان ئېچىلماس!...»

ئۇ گۈللەر گۈلىنىڭ ئالىي تەشرىفى بىلەن ھەممە نەرسىنىڭ ئېقىشى ئالماشتى. رەھمەت تەجەللىلىرى، مەرۋايىت دانىلىرىگە ئوخشاش كائىناتقا چېچىلغان ۋە ھەسرەتكە تولغان كۆڭۈللەر نۇرغا چۆمدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلدى، دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەر بولدى، دۈشەنبە كۈنى مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، دۈشەنبە كۈنى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى، دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولدى. دۈشەنبە كۈنى (كەبىدە كېلىشتۈرگۈچى بولۇپ) ھەجەر ئەسۋەدنى ئۆز جايىغا قويدى. دۈشەنبە كۈنى بەدىر غازىتىدا غەلىبە قىلدى. دۈشەنبە كۈنى:

الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ

**«بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى تاماملىدىم.»** (مائىدە سۈرىسى، 3-ئايەت) ئايىتى نازىل بولدى.

ئۇنىڭ تۇغۇلىشى، پەيغەمبەرلىكى، ھىجرىتى ۋە ۋاپات بولۇشىنىڭ ئىلاھىي بىر تەجەللى سۈپىتىدە، دۇشەنبە كۈنىگە توغرا كېلىشى بۇ كۈننىڭ مۇھىملىقىنىڭ نىشانىسىدۇر. جامال ۋە جالال تەجەللىسى بولغان، خۇشاللىق ھاياجىنى بىلەن غەمكىنلىك ئازابى، بايرام شادلىقى بىلەن ئايرىلىش ئەلەملىرى باراۋەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كائىناتنى شەرەپلەندۈرگەن مۇبارەك كېچىدە بەزى ئاجايىپ ئەھۋاللار يۈز بەردى. بۇ مۆجىزىلەردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىچە:

ھەزرىتى ئامىنەنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ مەيلى ھامىلە ۋاقتىدا بولسۇن مەيلى تۇغۇت جەريانىدا بولسۇن ھېچقانداق ئاغرىق ھېس قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇغقاندا، شەرق بىلەن غەربنى يورۇتىۋەتكەن بىر نۇرنىڭ ئۆزىدىن چىققانلىقىنى كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاكىز، قوللىرىنى يەرگە تەككۈزگەن ھالدا تۇغۇلۇپ، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈرگەن[51].

ئۇ پەيتتە شەيتان ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىغان[52].

ئىران باش قازىسى ۋە دىن ئالىمى مۇبىزان چۈشىدە بىر مۇنچە سەركەش تۆگىلەرنىڭ بىر توپ ئۇچقۇر ئاتلارنى ئالدىغا سېلىپ، دىجلە دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىران تۇپراقلىرىغا كەلگەنلىكىنى كۆرگەن. سەماۋە[53] ۋادىسىنى سۇ باسقان.[54] كىسرانىڭ سارايلىرىدا 14 دانە تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ، چۈشكەن. ئىرانلىقلارنىڭ بۇتخانىلىرىدا مىڭ يىللاردىن بۇيان ئۆچمەي يېنىپ تۇرغان ئوتلار ئۆچكەن.

51. ئىبنى سائاد، 1 ـ جىلد، 102 ـ 150 ـ بەت.
52.. ئىبنى كەسىر، "ئەلبىدايە" 2 ـ جىلد، 271.
53. سەماۋە: كۇفە بىلەن شام ئوتتۇرىسىدا، باغداتنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 235 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان كەلب زېمىنىدىكى تاشسىز بىر چۆل.
54. ئىبنى كەسىر، "ئەلبىدايە" 2 ـ جىلد، 273.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بايان قىلىشىچە، مەككىدە تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولغان بىر يەھۇدىي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان كېچە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ دۇنياغا تەشرىفىنىڭ ئالامىتى بولغان يۇلتۇزىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، قۇرەيش مەجلىسلىرىدىن بىرىگە بېرىپ:

«ئەي قۇرەيش! ئىچىڭلاردا بۇ كېچە بالىسى تۇغۇلغان بىرسى بارمۇ؟» دەپ سورىغان. «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىلمەيمىز!» دېگەن جاۋابقا بىنائەن، يەھۇدىي:

«ئەي قۇرەيش جامائىتى! سىلەرگە دېمەكچى بولغان سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلاڭلار! بۇ كېچە ئاخىر زامان ئۈممىتىنىڭ پەيغەمبىرى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئىككى تاغاق سۆڭىكى ئارىسىدا ئۈستىدە تۈك بولغان قارا، سېرىق ئارىلاشقان بىر مۆھۈر بار» دېدى. مەجلىستىكىلەر يەھۇدىينىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ تارقالدى. ئۆيلىرىگە بېرىپ، يەھۇدىينىڭ سۆزلىرىنى ئائىلىدىكى كىشىلەرگە ئېيتىپ بەردى. بىر قىسمىنىڭ ئائىلىسى:

- ئابدۇللاھنىڭ بىر ئوغلى تۇغۇلدى. ئۇنىڭغا مۇھەممەد دەپ ئىسىم قويدى! - دېدى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلار يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە بېرىپ:

- مەككىدە بىر بوۋاق تۇغۇلۇپتۇ، خەۋىرىڭ بارمۇ - دەپ سورىدى. يەھۇدىي:

- مەن سىلەرگە خەۋەر بېرىشتىن بۇرۇنمۇ ياكى كېيىنمۇ؟ - دەپ سورىدى.

- خەۋەردىن بۇرۇن تۇغۇلۇپتۇ، ئىسمى ئەھمەد! - دېيىشتى.

يەھۇدىي بوۋاقنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ھەزرىتى ئامىنەنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ھەزرىتى ئامىنە مۇبارەك ئوغلىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. يەھۇدىي كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈمبىسىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ھوشىغا كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇ يەردىكىلەر:

«نېمە بولدى، نېمە ئىش بولدى؟» دېيىشتى. يەھۇدىي:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەمدى ئىسرائىل ئەۋلادلىرىدىن پەيغەمبەرلىك كەتتى! قوللىرىدىن كىتابمۇ كەتتى! ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ۋە پوپلارنىڭ ئېتىبارىنى چۈشۈرىدىغانلىقى يېزىلغان. ئەرەبلەر پەيغەمبەرلىك بىلەن بۈيۈك ئىززەتكە ئېرىشىدۇ. ئەي قۇرەيش جامائىتى! سۆيۈنۈڭلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر خەۋىرى شەرقتىن-غەربكىچە تۇتاشقان بىر قۇۋۋەتكە ئىگە بولىسلەر!» دېدى. (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 162-163-بەتلەر؛ ھاكىم: 2-جىلد، 4177\657.)

رەسۇلۇللاھنىڭ تۇغۇلغىنىغا پۈتۈن مەككە خەلقى سۆيۈندى. ھەتتا ئەبۇ لەھەب مۇبارەك جىيەنىنىڭ تۇغۇلغان خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ كەلگەن چۆرىسى سۇۋەيبەنى ئازاد قىلىپ مۇكاپاتلىدى[55].

بۇ ھادىسىگە مۇناسىۋەتلىك قىلىپ، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەبۇ لەھەبنى ئۆلگەندىن بىر يىل كېيىن، چۈشۈمدە كۆردۈم. خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىدى. ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىندى؟» دەپ سورىدىم.

ئەبۇ لەھەب:

- مۇھەممەدنىڭ تۇغۇلىشىغا سۆيۈنۈپ، سۇۋەيبەنى ئازاد قىلغانلىقىم ئۈچۈن دۈشەنبە كۈنلىرى ئازابىم بىر ئاز يېنىكلىتىلمەكتە. ئۇ كۈنى باش بارمىقىم بىلەن ئىشارەت بارمىقىم ئارىسىدىكى شۇ كىچىك يېرىقتىن چىققان سۇ بىلەن سالقىنلىماقتىمەن.- دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 277-بەت. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 108-125-بەتلەر)

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىسىملىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بىر نەچچە مۇبارەك ئىسىملىرى بار. بۇلارنىڭ ئەڭ باشتا كەلگەنلىرى قۇرئانى-كەرىمدە ئىپادىلەنگەن «مۇھەممەد» ۋە «ئەھمەد» دۇر. «مۇھەممەد» (ناھايىتى مەدھىيلەنگەن)، «ئەھمەد»

---

55. ھەلەبى، 1-جىلد، 831

(ناھايىتى كۆپ ھەمدۇ ئېيتقان) دېگەن مەنىدە. قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇھەممەد ئىسمى تۆت قېتىم، ئەھمەد ئىسمى بىر قېتىم زىكىر قىلىنغان. ئىنجىلدا بۇ ئىسىملار بىلەن ئوخشاش مەنىدە كەلگەن «faraklit» (فاراكلىت) سۆزى ئىشلىتىلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«مەن مۇھەممەد ۋە ئەھمەدمەن. مەن ماھىيمىكى (الماحي)[56] ئاللاھ مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىم بىلەن كۇپۇرنى يوقىتىدۇ. مەن ھاشىرىمكى (الحاشر)، قىيامەت كۈنىدە ئىنسانلار مېنىڭ ئارقامدىن تىرىلدۈرۈلۈپ، ھەشىر قىلىنىدۇ. مەن ئاقىبىم (العاقب)، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىمەن، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ.» (بۇخارى: «مەناقىب»، 17؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 125)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، بۇلاردىن «دەلائىلۇل خەيرات» ناملىق ئەسەردە ئىككى يۈزگە يېقىن ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. كۈنىمىزدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ قىبلە تېمىنى نەپىس ۋە مۇكەممەل خەتلەر بىلەن بېزىگەن بۇ ئىسىملارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

«ئەھمەد، ماھمۇد، مۇھەممەد، ھامىد، بەشىر، نەزىر، بۇرھان، ئەمىن، ئەۋۋەل، ئاخىر، زۇھا، ھەبىبۇللاھ، ھادى، خاتەم، مۇختار، مۇستافا، مۇسەخخەر، مۇجتەبا، نەبى، نۇر، رەئۇف، رەھىم، رەسۇلۇللاھ، رەسۇلۇس سەقەلەين، رەھمەتەن لىلئالەمىن، سەييىدۇل مۇرسەلىن، سەييىدۇل كەۋنەين، ئىمامۇل ھەرەمەين، ئىمامۇل مۇتتەقىين، شەفىئۇل مۇزنىبىين، شەمس، تاھا، ئۇممى، ياسىن.»

56. الماحي: يوق قىلغۇچى، يوقاتقۇچى دېگەن مەنىدە.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنىكئانىغا بېرىلىشى

كائىناتنىڭ نۇرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىم ھالەتتە دۇنياغا كۆز ئاچقانىدى. جانابى ئاللاھ بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

أَلَمْ يَجِدْكَ يَتِيمًا فَآوَى

**«ئۇ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ»** (زۇھا سۈرىسى، 6-ئايەت)
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەسلەپتە بىر قانچە كۈن ئانىسى ئامىنە ئېمىتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇۋەيبە ئوغلى مەسرۇھ بىلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ئېمىتىپ ئالەملەرنىڭ رەھمىتىگە ئىنىكئانا بولدى[57].

ۋاپا سىمۋولى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىغىچە ئىنىكئانىسى سۇۋەيبەگە كۆڭۈل بۆلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ۋە خەدىچە ئانىمىز ھايات ۋاقتىدىمۇ سۇۋەيبىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەتكەندە، سۇۋەيبىگە داۋاملىق يېمەك-ئىچمەك ئەۋەتىپ تۇردى. ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى خەيبەر سەپىرىدىن قايتىۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇۋەيبىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ:

- ئوغلى مەسرۇھ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ - دەپ سورىدى.

- ئۇ ئانىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولدى - دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدە ھايات بولغان بىرەرسىنىڭ بار-يوقلىقىنى سورىدى ۋە ھېچكىمنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇۋەيبە خاتۇنغا كۆڭۈل بۆلىشى ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

60. سۇۋەيبە خاتۇن ھەزرىتى ھەمزە ۋە ھەزرىتى ئەبۇ سەلەمەنى ئەمدۈرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ساھبىلەر ئاللاھ رەسۇلىنىڭ سۈت قېرىنداشلىرى ئىدى. (ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 108-110)

ئالەملەرنىڭ نۇرىغا ئىنىكئانا بولۇش شەرىپى سۈۋەيبە خاتۇندىن كېيىن ھەلىمە خاتۇنغا نېسىپ بولدى. ئۇ زامانلاردا ئەرەبلەردە بىر ئادەت بولۇپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى سۈت ئېمىشى ئۈچۈن يېزىدا ياشىغان قەبىلىلەرگە بېرەتتى. يېزا ھاۋاسى ئىنساننى ساغلام ۋە جەسۇر ھالغا كەلتۈرگىنىدەك، ئۇ يەردىكى ئىنسانلار توغرا ۋە پاساھەتلىك سۆز قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن بالىلار ساغلام ۋە پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقاتتى.

بۇ مۇبارەك بوۋاق ئەرەبلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئاساسەن تەلەيلىك ئانا ھەلىمە خاتۇنغا بېرىلدى. چۈنكى بەنى سەئد قەبىلىسى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە تىلى ئەڭ پاساھەتلىك قەبىلە ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ پاسەھەتلىك ۋە بالاغەتلىك سۆزلىگۈچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاستە بىلەن بالاغەتنىڭ يۇقىرىسى بولغان ئاللاھنىڭ كالامىنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ تەييارلاندى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن پاساھەتلىك سۆزلەيدىغان بىر كىشىنى كۆرمىدىم» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇنىڭدا ھەيران قالىدىغان نېمە بار؟ مەن قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپمەن ۋە سەئد ئەۋلاتلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىنىكئانىغا بېرىلدىم» دېدى.

ھەلىمە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالەملەرنىڭ نۇرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنىكئانا بولۇش ۋەقەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«قۇرغاقچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر يىل ئىدى. ئاق بىر ھارۋىغا چىقىپ، بەنى سەئد قەبىلىسىدىكى بەزى ئاياللار بىلەن بىرگە سۈت ئەمدۈرىدىغان بالا تېپىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۆيدە يەيدىغان نەرسىمىزمۇ قالمىغان ئىدى. ئۆيدىكى قېرى چىشى تۆگىمىزدىن بىر تامچە سۈتمۇ چىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر بالىمىز بار ئىدى، مەندە ياكى تۆگىدە ئۇنىڭغا يەتكىدەك سۈت بولمىغانلىقى ئۈچۈن بوۋاقنىڭ يىغلىغان ئاۋازىدىن ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدۇق. ئاخىرى مەككىگە كەلدۇق.

مۇھەممەد ئەلەيھسسالام سۈت ئانا بولىدىغان ئاياللارغا كۆرستىلدى، لېكىن ھېچكىم ئۇنى قوبۇل قىلمىدى. چۈنكى ھەممە ئادەم دادىسى ھايات بولغان بىر بالا ئىزدەيتتى. مۇھەممەد بىر يېتىم بالا ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەندىن باشقا ھەممىسى بىردىن ئېمىتىدىغان بالا تېپىپ چىقىپ كەتتى. مەنمۇ بىر بالا ئالماستىن چىقىپ كېتىشنى خالىمىدىم. ئېرىمغا دېدىمكى:

«جەزمەن بېرىپ ئۇ يېتىم بالىنى ئالىمەن!» راستىنلا بېرىپ ئۇنى ئالدىم ۋە چېدىرىمغا قايتتىم.

ئېرىم:

«ئۇنى ئېلىپ ياخشى قىلدىڭ! كىم بىلىدۇ، بەلكى، ئاللاھ بۇ بالىنىڭ سايىسىدە بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلار» دېدى.

ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بالىنى قۇچىقىمغا ئېلىشىمغا، سۈتلىرىم تولۇپ تېشىشقا باشلىدى. ئۇنى ئېمىتتىم، تويدى، ئېمىلداش قېرىندىشىنىمۇ ئەمدۈردۈم، ئۇمۇ قانغىچە ئېمىپ ئۇخلىدى. كەچتە ئېرىم ھېلىقى قېرى تۆگىنىڭ قېشىغا بارسا، نېمىنى كۆردى دەيسىز؟ ئەمچەكلىرى سۈت بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ، خالىغانچە ساغدۇق ۋە تويغىچە ئىچتۇق، ئۇ كېچە ئاچلىغىمىز ۋە ئۇسسۇزلىقىمىز قالمىدى. باللىرىمىزمۇ شۇنداق راھەت ئۇخلىدى.

ئېرىم:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى! سەن ناھايىتى مۇبارەك بىر بالا ئېلىپسەن!» دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى. ھارۋىمىزغا چىقىپ يولغا چىقتۇق. ئىلگىرى كەينىدە قالغان ھېلىقى ئۇرۇق ئېشىكىم بىزنىڭ كارۋاندىكى پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى تەسلىكتە باشقۇردۇم. ھەمراھلىرىم ھەيران قېلىپ:

- بۇ كېلىشتە مىنگەن ئېشىكىڭ شۇمۇ؟- دەپ سورىدى.

- شۇنداق - دېدىم. ئاخىرى يۇرتىمىزغا قايتىپ كەلدۇق. ئۇ يەر بەكمۇ شورلۇق بىر يەر ئىدى. ئەمما بىزنىڭ قويلار ئوتلىغان يەرلىرىدىن ئەمچەكلىرى سۈت بىلەن تولغان ھالەتتە قايتىپ كېلەتتى. باشقا كىشلەرنىڭ قويلىرى چارچىغان، ئاچ ۋە ئۇسسىغان ھالدا قايتىپ كېلەتتى. ھەممە

كىشىنىڭ قويلىرىدىن سۈت چىقمىسا، بىز قويلىرىمىزنى سېغىپ، قانغىچە سۈت ئىچەتتۇق. مال ئىگىلىرى پادىچىلىرىغا ئاچچىقلاپ:

«ھۇ دۆتلەر! ماللىرىمىزنى ھەلىمەنىڭ پادىچىسى ئوتلاتقان يەرلەردە ئوتلاتمىدىڭلارمۇ؟» دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئاچچىقلىشى توغرا ئىدى. چۈنكى پادىچىلار ئوخشاش يەردە ئوتلىتاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قويلىرى ئاچ ۋە ئۇسسىغان ھالدا قايتسا، بىزنىڭ قويلىرىمىز ئەمچەكلىرىدىن سۈت ئاققان ھالدا قايتىپ كېلەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر كۈندە، باشقا بالىلار بىر ئايلىق بولىدىغان دەرىجىدە چوڭايدى. بىر ئايدا بىر ياشلىق بالىدەك چوڭ بولاتتى. بىر ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا راۋرۇسلا چوڭ بولۇپ قالغانىدى. يېنىمىزدا بىر قانچە يىل قالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپاردۇق. ئېرىم ئامىنىگە:

«ئوغلۇمنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ! بىز مەككىدىكى ۋابادىن قورقىمىز» دەپ تۇرىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن مەھرۇم قېلىشنى خالىمايتتۇق. شۇنداق چىڭ تۇرىۋالدۇقكى، ئاخىرى ئانىسى: «ماقۇل، ئۇنى قايتا ئېلىپ كېتىڭلار! دېيىشكە مەجبۇر بولدى. (ھەيسەمى: 8-جىلد، 211-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 278-279-بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنىكئانىسىنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا، بىر كۈنى ئىملداش قېرىندىشى شەيما بىلەن ئىسسىق چۈش ۋاقتىدا قويلارنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى. قايتىپ كەلگەندە، ھەلىمە خاتۇن قىزى شەيماغا:

- بۇنداق قاتتىق ئىسسىقتا نېمىشقا سىرتقا چىقتىڭلار؟ - دېدى.

شەيما ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىلاھىي رەھمەتنى مۇنداق تىلغا ئالدى:

«ئانا! بىز قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچى ھارارىتىنى پەقەت ھېس قىلمىدۇق. قېرىندىشىمنىڭ بېشى ئۇستىدە داۋاملىق بىر بۇلۇت ئەگىشىپ مېڭىپ، بىزگە سايە چۈشۈرۈپ تۇردى» (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 279-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 112-بەت)

ھەلىمە خاتۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

«يېنىمىزدا يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. ئۇچرىغان بەزى پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن بېشىغا بىرەر ئىش كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدۇق، بۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئېلىپ يولغا چىقتۇق. مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە قىستاڭچىلىق ئارىسىدا ئۇنى يوقىتىپ قويدۇق. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 179-بەت، ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 112-بەت.)

مەككىلىكلەر قاتتىق جىددىيلىشىپ ھەممەيلەن ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئەمما تاپالمىدى. ئابدۇلمۇتتەلىب كەبىدە دۇئا قىلىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر ئاۋازنىڭ:

«ئەي جامائەت! چوقان چىقارماڭلار! شۈبھىسىزكى، مۇھەممەدنىڭ رەببى باردۇر، ئۇنى ياردەمچىسىز تاشلاپ قويمايدۇ!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق. ئابدۇلمۇتتەلىب:

«ئەي بىزگە نىدا قىلغۇچى! ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغىن!» دېدى.

«ئۇ تىھامە ۋادىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرەخنىڭ يېنىدا» دەپ خەۋەر قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئابدۇلمۇتتەلىب شۇ ھامان ئۇ تەرەپكە بېرىپ، نەۋرىسىنى تېپىپ كەلدى. (دىيار بەكرى: 1-جىلد، 228-بەت)

«جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن! مەن سېنىڭ چوڭ داداڭ ئابدۇلمۇتتەلىب!» دەپ سۆيۈپ، قۇچاقلىغىنىچە باغرىغا باستى. (ھالەبى: 1-جىلد، 154-بەت.)

سۈرە زۇھادىكى شۇ ئايەت:

وَوَجَدَكَ ضَالًّا فَهَدَى

**«قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ.»** (زۇھا سۈرىسى، 7-ئايەت) بۇنى كۆرسىتىدۇ[58].

ھەلىمە خانىم ھادىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئانىسى ئامىنەنىڭ يېنىغا بارغىنىمىزدا:

58. زەمەھشەرى، 6 - جىلد، 240.

«بالامنى زورلاپ ئېلىپ كەتتىڭلار، ئەمدى نېمشقا قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭلار؟» دەپ سورىدى. مەن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلدۇق، ئۇستىمىزگە چۈشكەننى جايىدا ئورۇنلىدۇق. كېيىن بېشىغا كەلگەن بەزى ھادىسىلەردىن ئەندىشە قىلىپ ئۇنى ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەيلى دەپ ئويلاشتۇق» دەپ، جاۋاب بەردىم.

ئانىسى:

«سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار!» دېدى. شۇقەدەر چىڭ تۇرىۋالدىكى، ئېيتىشقا مەجبۇر بولدۇق. ئېيتقانلىرىمىزغا ھەيران بولماي:

«بۇ ئوغلۇمنىڭ ئىنسانىنى ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغان نۇرغۇن ئەھۋاللىرى بولغان. بۇنىڭغا ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭلار. مەنمۇ سىلەرگە ئۇنىڭدا كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي» دەپ، تۇغۇلۇش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بەردى. كېيىن:

«ئەمدى ئۇنى بىر يەردە قويۇپ، خاتىرجەم يۇرتۇڭلارغا قايتىڭلار!» دېدى. (ھەيسەمى: 8-جىلد، 221-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 278-279-بەتلەر)

ھەلىمە خاتۇن دەيدۇكى:

«ئابدۇلمۇتتەلىب مېنى گۈزەل ھەدىيەلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. مەن يۇرتۇمغا تەسۋىرلىگۈسىز قىممەتلىك مال بىلەن قايتتىم. مۇھەممەد چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدا قالدى. ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئېيتتىم. ئابدۇلمۇتتەلىب ئۇنى باغرىغا بېسىپ، يىغلاپ:

«ئەي ھەلىمە! شۈبھىسىزكى، ئوغلۇمنىڭ شان-شۆھرىتى ناھايىتى بۈيۈك بولىدۇ، مەن ئۇ زامانغا يېتىششىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم-ھە!» دېدى. (بەيھاقى: «دەلائىل»، 1-جىلد، 145-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىملداش قېرىنداشلىرىغا ئۆمۈر بويى ۋاپادار بولدى. ھەلىمە خانىمنى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە: «ئانا! ئانا!» چاقىرىپ،

ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت بىلدۈردى. رىداسىنى يەرگە سېلىپ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىرەر ئارزۇسى بولسا، شۇ ھامان ئورۇنلىدى. (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 113-114-بەتلەر)

ھەلىمە خانىم بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈش ئۈچۈن مەككىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى خەدىچە ھەلىمە خانىمنى كۈتىۋېلىپ، ياخشى مېھمان قىلدى. ھەزرىتى ھەلىمە يۇرتىدا ھۆكۈم سۈرگەن قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىكتىن چارۋا-ماللىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچە بىلەن سۆزلەشتى. خەدىچە ئانىمىز ئۇنىڭغا قىرىق قوي ۋە بىر تۆگە ھەدىيە قىلدى[59].

مەككىنىڭ فەتھى ئەسناسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبتەھ دېگەن جايدا تۇرغان ۋاقتىدا ھەلىمە خانىمنىڭ سىڭلىسى، ئۇنى زىيارەت قىلىپ، بىر خالتىدا ئىرىمچىك ۋە ياغقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان ئىنىكئانىسىنى سورىدى. ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىگە ياش كېلىپ، ئۇلاردىن كىملەرنىڭ ھايات قالغانلىقىنى سورىدى. كېيىن ئۇ خانىمنىڭ ئۈستىگە ھۆرمەتلەپ كىيىم كەيدۈرلىشىنى، بىر تۆگە ۋە ئىككى يۈز دەرھەم كۈمۈش پۇل بېرىلىشىنى بۇيرىدى. مىسكىن ئايال خۇشاللىق بىلەن يۇرتىغا قايتقاچ:

«سەن كىچىك ۋاقتىڭدا ياخشى كېيىل قىلىنغۇچى ئىدىڭ، چوڭ بولغان ۋاقتىڭدا بەرىكەتلىك تېخىمۇ كۆپ ياخشى كىشى بولۇپسەن!» دېدى. (ۋاقىدى: 2-جىلد، 869-بەت؛ بەلازۇرى، 1-جىلد، 59)

59. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 114-بەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق يېرىلىش ۋەقەسى

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكىنى ئىلاھىي سىرلارنى ئالىدىغان ھالغا كېلىشى ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم ئېچىپ پاكىزلاپ، ھوزۇر، تىنىچلىق، مەرھەمەت، شەپقەت، ئىمان ۋە ھېكمەتكە ئوخشاش ئالىي خىسلەتلەر بىلەن تولدۇرغان. بۇ ھادىسىلەرنىڭ بىرىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنىكئانىسىنىڭ يېنىدىكى ۋاقتىدا يۈز بەرگەن. بۇ ھادىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن.

بىر كىشى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا:

ـ پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ بىرىنچى ئالامىتى قايسى؟ ـ دەپ سورىغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«مېنىڭ ئىنىكئانام سەئىد ئىبنى بەكر جەمەتىدىن ئىدى. مەن ۋە ئىملداش قېرىندىشىم پادىلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەندۇق. يېنىمىزغا يەيدىغان نەرسىمۇ ئالماپتۇق. ئىملداش قېرىندىشىمغا:

«قېرىندىشىم! ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ بىرئاز يەيدىغان نەرسە ئېلىپ كەل!» دېدىم. قېرىندىشىم كەتتى. مەن پادىلارنىڭ يېنىدا قالدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاق كىيىملىك ئىككى پەرىشتە كەلدى. بىرى يەنە بىرىگە:

«بۇ بالا ئۇمۇ؟» دەپ سورىدى. يەنە بىرى:

«شۇنداق» دېدى. شۇ ھامان يېنىمغا كېلىپ، مېنى يەرگە ياتقۇزدى، كۆكرىكىمنى يېرىپ يۈرىكىمنى چىقاردى، ئۇنى يېرىپ ئىچىدىن ئىككى قارا قان تامچىسىنى چىقىرىپ تاشلىدى. كېيىن بىرى يەنە بىرسىگە:

«ماڭ! بېرىپ ماڭا قار سۈيى ئېلىپ كەل!» دېدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىچىمنى يۇدى. كېيىن يەنە:

«ماڭ! ئەمدى بېرىپ مۆلدۈر سۈيى ئېلىپ كەل!» دېدى. ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ يۈرىكىمنى يۇدى. كېيىن:

«ئەمدى ھۇزۇر ۋە سۈكۈناتنى ئېلىپ كەل!» دېدى. ئۇنى يۈرىكىمگە قويدى. ئۇندىن كېيىن بىرى يەنە بىرىگە:

«بولدى، ئەمدى ياپقىن ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلىك مۆھرى بىلەن مۆھۈرلە!» دېدى. پەرىشتە يۈرىكىمگە پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى بېسىپ ياپقاندىن كېيىن ھەر ئىككىسى كېتىپ قالدى، بەك قورققانىدىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بېشىمغا كەلگەنلەرنى ئىنىكئانامغا ئېيتتىم.(ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 184 ـ 185 ـ بەتلەر؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2 ـ جىلد، 280 ـ بەت؛ ھەيسەمى: 8 ـ جىلد، 222 ـ بەت)

بەزى مەنبەلەردە بىلدۈرۈلىشچە، بۇ ھادىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆت ياش ۋاقتىدا يۈز بەرگەن[60].

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكىدىكى ئۇ يارا ئىزىنى دائىم كۆرەتتىم» دېگەن. (مۇسلىم، «ئىمان»، 261)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكرىكىنىڭ ئېچىلىشىدىكى بەزى ھېكمەتلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

ئاللاھتائالا بۇ سۈرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھالىتى ۋە ھۆرمىتىنى ئىنسانلارغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ۋەھيى ئۈچۈن تەييارلىغان. مەنىۋى پاكلىق ئوپېراتسىيەسى بولغان كۆكرەك ئېچىلىش ھادىسىسىنىڭ، ئىنسانلار كۆرەلەيدىغان سۈرەتتە يۈز بېرىشى ئۇنىڭ رىسالىتىگە ئىشىنىش ۋە تەستىق قىلىشنى كاپالەتلىك قىلىش ھېكمىتىگە ئىگە. ھەقىقەتەن، بۇنىڭغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشىنى ئاسانلاشتۇرغان.

60. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 112 ـ بەت.

## مەدىنە ساياھىتى ۋە ئانىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئامىنە ئابدۇللاھنىڭ چوڭ ئانىسى ئۇمۇ ئەيمەننى يېنىغا ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دادىسى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە ئاپاردى. مەدىنىدىكى تاغىلىرىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاي قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تاغىلىرىنىڭ باللىرى بىلەن ئويناپ، سۇ ئۈزۈشنىمۇ ئۆگەندى[61].

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كۈنلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر قىسىم يەھۇدىيلار يېنىمغا كېلىپ ماڭا قاراپ تۇرۇشاتتى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 116 ـ بەت)

بىر كۈنى يەھۇدىيلاردىن بىر ئادەم ماڭا ئىنچىكىلەپ قاراپ كېتىپ قالدى. يالغۇز قالغان ۋاقتىمدا يېنىمغا كېلىپ:

ـ ھەي بالا! سېنىڭ ئىسمىڭ نىمە؟ ـ دەپ سورىدى. «ئەھمەد» دېدىم. كەينىمگە قاراپلا:

«بۇ بالا بۇ ئۈممەتنىڭ پەيغەمبىرىدۇر!» دېدى. تاغىلىرىم ئەھۋالنى ئانامغا ئېيتقاندا، ئانام مەندىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەككىگە قايتىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقتۇق.» (ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىل»، 1 ـ جىلد، 163 ـ 164 ـ بەتلەر)

ھەزرىتى ئامىنە يولدا ئاغرىپ قېلىپ ئەبۋا دېگەن يەردە ئوتتۇز يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ئۇ يەرگە دەپنە قىلىندى. ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى يېتىم بالىسىغا شەپقەت تولغان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن قاراپ، باغرىغا بېسىپ مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ سېنى مۇبارەك قىلسۇن! ئەگەر چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىم توغرا چىقسا، سەن جالال ۋە ئىكرام ساھىبى ئاللاھ تەرىپىدىن ئادەم ئەۋلاتلىرىغا ھالال ـ ھارامنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلىسەن. ئاللاھ سېنى بۇتلاردىن

61. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 116 ـ بەت.

ۋە بۇتپەرەسلىكتىن ساقلايدۇ. ھەر بىر ھايات ئىگىسى ئۆلىدۇ، ھەر يېڭى نەرسە كونىرايدۇ، ھەر بۈيۈك، كۈچلۈك بولغان ئاجىزلايدۇ ۋە يوقۇلىدۇ. مەنمۇ ئۆلىمەن، ئەمما ئەبەدىلئەبەد ياد ئېتىلىمەن. چۈنكى پاك بىر بالا دۇنياغا كەلتۈردۈم ۋە ئارقامدا ياخشى بىر خاتىرە قالدۇرۇپ كېتىۋاتىمەن.»

(دىيار بەكرى: 1 ـ جىلد، 229 ـ 230 ـ بەتلەر؛ كامىل مىراس: 4 ـ جىلد، 549 ـ بەت.)

بۇ ھەقىقەتلەرنى يۈرىكىدىن ھېس قىلغان شائىر ئارىف نىھات ئاسيا ھەزرىتى ئامىنەگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

ئەي ئەبۋادا ياتقان مەيىت!
باغچاڭدا ئېچىلدى دۇنيانىڭ،
ئەڭ گۈزەل گۈلى!

مەۋجۇدىيەت نۇرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم ئانىسىدىنمۇ يېتىم قالغان ھالدا، ئۇممۇ ئەيمەن بىلەن مەككىگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى بويىچە، باققۇچىسى ئۇممۇ ئەيمەننى زىيارەت قىلىپ، «ئانا» دەپ چاقىردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن:

«ئانامدىن كېيىنكى ئانام! بۇ مېنىڭ ئائىلەمدىن ساق قالغان بىردىنبىر يالغۇز كىشى» دەپ ئىلتىپات قىلىپ، ھۆرمەت كۆرسەتتى[62].

## چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ھىمايىسى

ئاللاھتائالا ئالدى بىلەن دادىسىدىن ئاندىن ئانىسىدىن ئايرىلغان ھەبىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يار ـ يۆلەكسىز تاشلاپ قويمىدى. مۇبارەك يېتىمنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب باغرىغا باستى. بالىلىرىدىن ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەن شەپقەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

ئابدۇلمۇتتەلىب ئۇخلاۋاتقاندا ياكى ئۆيىدە يالغۇز ۋاقتىدا يېنىغا ھېچكىم كىرەلمەيتتى. لېكىن ئىككى جاھاننىڭ قۇياشى بولغان پەيغەمبەر

62. ئىبنى ئەسىر: "ئۇسدۇل غابە"، 7 ـ جىلد، 303 ـ 304؛ ئىبنى سائاد، 8 ـ جىلد، 223 ـ بەت.

ئەلەيھىسسالام چوڭ دادىسىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۆيدە يالغۇز قالغان، ھەتتا ئۇخلاۋاتقان چاغدىمۇ يېنىغا بىمالال كىرىپ چىقالايتتى[63].

كەبىنىڭ سايىسىدە ئابدۇلمۇتتەلىبكە ئائىت بولغان يۆلەنگۈچ ئۈستىگە دادىلىرىغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئوغۇللىرىدىن ھېچبىرى ئولتۇرمايتتى. ئۇلار دادىلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۆرە تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ چوڭ دادىسىنىڭ يۆلەنچۈكىدە بىمالال ئولتۇراتتى. ئۇنى يۆلەنچۈكتىن ئېلىۋەتمەكچى بولغان تاغىلىرىغا، ئابدۇلمۇتتەلىب:

«ئوغلۇمنى قويۇۋەت! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ شان-شەرىپى ئۇلۇغ بولىدۇ!» دەپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، دۈمبىسىنى سىلايتتى. گۈزەللەر گۈزىلى نەۋرىسىنىڭ قىلغان ھەر بىر ئىشى چوڭ دادىسىنى خوش قىلاتتى[64].

ئابدۇلمۇتتەلىب ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرى بولىدىغان كىچىك نەۋرىسى داستىخانغا كەلمىگىچە تاماق يېمەي، «ئوغلۇمنى يېنىمغا ئەكىلىڭلار!» دەيتتى[65].

تاماق كەلگەندە ئۇنى يېنىغا ئېلىپ، بەزىدە تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ تاماقنىڭ ياخشى ۋە لەززەتلىك يېرىنى ئۇنىڭغا يېگۈزەتتى.[66]

قەھەتچىلىك ۋە قۇرغاقچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن، ئىنسانلار قاتتىق قىيىنچىلىق ئىچىدە بولغان كۈنلەردە، مەككىلىكلەر يامغۇر تىلەش دۇئاسى قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقتى. ئابدۇلمۇتتەلىبمۇ يەتتە ياشلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۆرىسىگە ئېلىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. جامائەت ئۇنىڭ يېنىدا سەپ تۈزدى. ئابدۇلمۇتتەلىب مۆرىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مىنگەشتۈرگەن ھالەتتە قوللىرىنى كۆتىرىپ دۇئا قىلدى.

---

66. ئىبنى سائاد: 1- جىلد، 118- بەت.

64. ئىبنى سائاد: 1- جىلد، 180- بەت.

65. ئىبنى ھىشام: 1- جىلد، 118- بەت.

66. بەلازۇرى: 1- جىلد، 81- بەت.

ئىنسانلار تۇرغان يەرلەردىن ئايرىلماستىنلا خۇددى ئاسمان يېرىلىپ كەتكەندەك، سۈيىنى سېخىلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەككە ۋادىسى رەھمەتكە غەرق بولدى[67].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەككىز ياشقا كىرگەندە، چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋاپات بولدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پانى ۋە ئاشكارا بولغان ھىمايىلەر تۈگىدى. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىگىسى، قوغدىغۇچىسى ۋە تەربىيەچىسى پەقەتلا رەببى ئىدى. ئەينى زاماندا، ھاياتنىڭ ئەڭ ئاجىز ۋاقىتلىرىدا كۆرۈلگەن بۇ پانى ۋە ئاشكارا بولغان ھىمايىلەر، ئۇنىڭ ھەرتۈرلۈك مۇئامىلىلەردە، ئىنسانلارغا تەقلىد قىلىشى مۇمكىن بولغان ئەڭ مۇكەممەل بولغان بىر ئۈرنەك بولۇش ھېكمىتىگە قۇرۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاتا-ئانا ھىمايىسىدىن مەھرۇم قىلىنىشىدا بىر قىسىم ھېكمەتلەر بار. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى رىسالىتىگە دائىر تۈنجى ئاساسلىرىنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ تەلىمى بىلەن ئالغان بولىشى مۇمكىن دېگەن شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان گۇمانىي قاراشلارغا پۇرسەت بەرمەسلىكتىن ئىبارەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام، ئاتا-بوۋىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن، ھەممە نەرسە دادىدىن ئوغلىغا قالىدىغان ئۇ زامانىنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىدىن ساقلاپ قېلىندى. ئۇ ئىنسان قولى تەگمەستىن، پۈتۈنلەي رەببىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا يېتىشتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ھەدىسدە:

«مېنى پەرۋەردىگارىم تەربىيىلىدى ۋە تەربىيەمنى ئىنتايىن گۈزەل قىلدى.» دېگەن. (سۈيۇتى،1-جىلد، 21)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئاتا-ئانا تەربىيەسىدىن مەھرۇم تۇرۇپ، گۈزەل ئەخلاق بىلەن يېتىشىپ چىقىشى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ يېتىم ھالەتتە چوڭ بولۇشىنىڭ يەنە بىر

67. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 90-بەت، "ئۇسدۇل غابە": 7-جىلد، 112-بەت. دىيار بەكرى: 1-جىلد، 239-بەت.

ھېكمىتى قەلبىنىڭ تېخىمۇ يۇمشاق، سەزگۈر بىر ھالغا كېلىشى ۋە ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىش دەرىجىسىگە يېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ھەقىقەتەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىملىكىنىڭ ۋە ئاجىزلىقىنىڭ دەردىنى پۈتۈن قاتتىقلىقى بىلەن تاتقانلىقى ئۈچۈن، ھاياتى بويىچە دائىم ئىنسانلارنىڭ ھامىيسى بولغان. بىر ھەدىسدە: «مەن ئۆزىنىڭ يېتىمىنى ياكى باشقىسىغا ئائىت بىر يېتىمنى ھمايە قىلغان كىشى بىلەن جەننەتتە مۇنداق يانمۇ-يان بولىمىز» دەپ، ئىشارەت بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى كۆرسەتكەن.
(مۇسلىم: «زۇھد»، 42؛ بۇخارى: «ئەدەپ»، 24؛ «تالاق»، 14.)

ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھتائالا ھاياتىنىڭ ھەر باسقۇچىدىكى ئىنساننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلالىشى ئۈچۈن ئۇنى ئىجتىمائىي تەرەپتىن ئەڭ ئاجىز بولغان يېتىملىكتىن باشلاتقان ۋە ھەر خىل سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈپ دۆلەت رەئىسلىكىگە قەدەر يۈكسەلتكەن.

## تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ھىمايىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋاپات بولۇش ئالدىدا، پۈتۈن باللىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئارزۇلۇق نەۋرىسىگە ياخشى قاراشنى ۋەسىيەت قىلدى. زۇبەير بىلەن ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ بىلەن بىر ئانىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن چەك تاشلاشتى. چەك ئەبۇ تالىبقا چىقتى.

ئەبۇ تالىب پەيغەمبىرىمىزگە قارىتا تاغىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەپقەتلىكى ئىدى[68]. ئۇنىڭ مال-بىساتى ئاز، جان سانى كۆپ ئىدى. بۇنداق يوقسۇل بولىشىغا قارىماي، ئەبۇ تالىپ مەككىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. مەككە سۆزىنى ئاڭلاپ، ئەمىرلىرىگە قارشى چىقمايتتى. ئەبۇ تالىپ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىپكە ئوخشاش، ھاراق ئىچمەيتتى.[69]

68. ئىبنى ئەسىر، "ئۇسدۇل غابە"، 1 ـ جىلد، 22)
69. ھالەبى، 1 ـ جىلد، 184

مۇبارەك جىيەنىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇنى ئۆز بالىلىرىدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى يېنىغا ئەكەلمىگىچە ئۇخلىمايتتى، قاچان بىر يەرگە بارماقچى بولسا ئۇنىمۇ بىللە ئېلىۋالاتتى. ئەبۇ تالىبنىڭ ئائىلىسى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بولماي، تاماق يېگەنلىرىدە ئاچ قالاتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يېگەن ۋاقىتلىرىدا توياتتى، ھەتتا تاماقلىرىمۇ كۆپىيەتتى. داستىخانغا يالغۇز بىر كىشىگە يەتكىدەك مىقداردا قويۇلغان سۈتتىن ئالدى بىلەن مۇبارەك يېتىم، ئاندىن باشقىلىرىغا بەرگەندە، ھەممىسى بۇ سۈتتىن قانغىچە ئىچەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ تالىب ئائىلىسى تاماقنى باشلاشتىن بۇرۇن:

«توختاڭلار! بالام كەلسۇن!» دەيتتى[70].

ئەبۇ تالىبنىڭ ئايالى پاتىمە پەزىلەتلىك ۋە ئاق كۆڭۈل بىر ئايال ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىسلام بىلەن شەرەپلىنىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان بۇ مۇبارەك ئايالنى پات-پات زىيارەت قىلاتتى ۋە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇخلايتتى[71].

پاتىمە ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام كۆزلىرىدىن مەرۋايىت دانىلىرىغا ئوخشاش كۆز ياشلىرى تۆككەن ۋە «بۈگۈن ئانام ۋاپات بولدى!» دەپ، كۆينىكىنى ئۇنىڭغا كېپەن قىلغان. جىنازە نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن قەبرىسى بېشىدا ئۇزۇن تۇرغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

«ئەبۇ تالىبتىن كېيىن بۇ ئايالغا ئوخشاش ماڭا ياخشىلىق قىلغان ھېچكىم يوق! ئاخىرەتتە جەننەت كىيىملىرىنى كىيىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆينىكىمنى كېپەن قىلدىم. قەبرىنىڭ ئىسسىشى ئۈچۈن ئۇ يەردە بىر ئاز ياتتىم.»

70. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 119-120-168-بەت.

71. ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 222-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىنىڭ بۇ قەدەر غەمكىن بولغانلىقىغا ھەيران قالغانلارغا:

«ئۇ مېنىڭ ئانامدىن كېيىنكى ئانام. ئۆز باللىرى ئاچلىقتىن زار بولىۋاتقاندا، ئۇ ئالدى بىلەن مېنى تويدۇراتتى، چاچلىرىمنى تاراپ، گۈل يېغى سۈرتۈپ قوياتتى. ئۇ مېنىڭ ئانامتى!» دېگەن. كېيىن ئۇنىڭغا مۇنداق دۇئا قىلغان:

«ئاللاھ سېنى مەغفىرەت قىلسۇن ۋە ياخشىلىقلار بىلەن مۇكاپاتلاندۇرسۇن! ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن ئى ئانا! سەن ماڭا ئانامدىن كېيىن ئانا بولدۇڭ! ئۆزەڭ ئاچ تۇرۇپ مېنى تويغۇزدۇڭ! ئۆزەڭ كەيمەي ماڭا كەيگۈزدۈڭ! ئەڭ لەززەتلىك نېمەتلەرنى ماڭا تېتىتىپ، ئۆز نەپسىڭنى مەھرۇم قىلدىڭ! بۇلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت يۇرتىنى ئۈمىد قىلىپ قىلدىڭ!» (ھاكىم: 3-جىلد، 116-117-بەتلەر؛ ھەيسەمى: 9-جىلد، 256-257-بەتلەر؛ ياقۇبى: 2-جىلد، 14-بەت)

## ئىككىنچى قېتىملىق كۆكرەك يېرىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قەلبىنىڭ مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن تولدۇرۇلۇشى

ئەبۇ ھۇرەيرە[72] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ھېچكىم سوراشقا پېتىنالمىغان نەرسىلەرنى سوراشتا جاسارەتلىك ئىدى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا:

72. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىسمى ئابدۇششەمس ئىدى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئابدۇرراھمان دەپ ئىسىم قويدى. بىر كۈنى كېيمىنىڭ ئىچىدە بىر مۈشۈك كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇنى كۆرگەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام: ئۇ نېمە؟ دەپ سورىدى. ئەبۇ ھۇرەيرە: مۈشۈك، دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا، مۈشۈكچاق دادىسى دېگەن مەنىدىكى: ئەبۇ ھۇرەيرە دەپ چاقچاق قىلدى. ئۇ كۈندىن باشلاپ بۇ لەقەم بىلەن تونۇلدى ۋە ئەسلى ئىسمى ئۇنتۇلدى. ئۇ ئىسمىدىن بەكرەك پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بەرگەن بۇ كۇنيە (لەقەم) بىلەن چاقىرىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى مەدىنىگە كەلدى. مەسجىدى

«ئى رەسۇلۇللاھ! پەيغەمبەرلىككە مۇناسىۋەتلىك تۇنجى كۆرگەن ئالامىتىڭىز نېمە؟» دەپ سورىدى. ئىككى جاھاننىڭ رەھبىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق جاۋاب بەردى:

«ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! مادەمكى سورىدۇڭ، سۆزلەپ بېرەي. ئون ياشلاردىكى ۋاقتىم ئىدى، بىر كۈنى سەھرادا ئىدىم. بېشىمنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن كەلگەن بىر ئاۋاز بىلەن ئۈستىگە قارىدىم. بىر ئادەم يەنە بىرسىدىن سورىدى:

- بۇ بالا شۇمۇ؟

يەنە بىرسى جاۋاب بېرىپ:

- شۇنداق، ئۇ بالا شۇ. -دېدى.

ئۇ ۋاقىتقىچە كۆرمىگەن چىرايلار، ھېچكىمدە كۆرمىگەن روھلار ۋە كىيىملەر بىلەن ئالدىمغا چىقتى. بىرى قولۇمدىن تۇتتى، ئەمما تۇتقانلىرىنى ھېچ ھېس قىلمىدىم. بىرى ھەمراھىغا:

«ئۇنى يەرگە ياتقۇزغىن!» دېدى.

بىرلىكتە مېنى يەرگە ياتقۇزۇشتى. مەن ھېچبىر زورلۇق ۋە بېسىم ھېس قىلمىدىم. بىرسى يەنە بىرىگە:

«ئەمدى كۆكسىنى ئاچ!» دېدى. ئۇ ئاچتى. ئەمما ھېچ قان كۆرمىدىم، ھېچقانداق ئاغرىقمۇ ھېس قىلمىدىم. ئۇنىڭغا يەنە مۇنداق دېدى:

«ئەمدى ئۇ يەردىكى ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى چىقار!» ئۇلار قان تامچىسىغا ئوخشاش بىر نەرسە چىقاردى ۋە چۆرۈپ تاشلىدى.

«تىز بول! ئەمدى ئۇنىڭ يېرىگە شەپقەت ۋە مەرھەمەتنى يەرلەشتۈر!» دېدى. كىچىك ۋە كۈمۈشكە ئوخشاش بىر نەرسىنى قويغانلىقىنى كۆردۈم.

---

نەبەۋىنىڭ سۇپىسىدا يېتىپ قوپقان ۋە ئۇنىڭغا ئەسھابۇسسۇففە، يەنى سۇففا ئەھلى دېيىلگەن كەمبەغەل مۇسۇلمانلاردىن ئىدى. كېچە-كۈندۈز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلماي ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ھەدىسلەرنى ئۆگۈنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ۋە باشقا چوڭ ساھابىلەردىن ئاڭلىغان ھەدىسلەردىن تەكرارلانغانلىرى بىلەن بىرلىكتە 5374 ھەدىس رىۋايەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچى بولدى. ھىجرىيەنىڭ 59-يىلى 78 يېشىدا مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتتى.

ئاندىن سول پۇتۇمنىڭ باش بارمىقىنى تۇتۇپ ئويناۋتۇپ: «ماڭ! سالامەتلىك بىلەن كەتكىن!» دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئىچىم شەپقەت ۋە مەرھەمەتكە تولغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ داۋاملىق كىچىكلەرگە شەپقەت، چوڭلارغا مەرھەمەت قىلىمەن.» (ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 139 ـ بەت؛ ھەيسەمى: 8 ـ جىلد، 223 ـ بەت)

# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ياشلىق دەۋرى

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىشى

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ پۈتۈن يامان ئىللەتلىرىدىن ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ يېتىملىك، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ئەڭ پارلاق بىر ئىستىقبالغا لايىق بولغان ئالىيجانابلىق ئىچىدە ئۆتكەن.

«ئەلئەمىين» (ئەڭ ئىشەنچلىك) ۋە «ئەسسادىق» (ناھايىتى راستچىل) ئۇنىڭ دائىملىق سۈپىتى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنمۇ ياخشىلىقتا قەۋمىنىڭ ئۈستۈنى، نەسەبتە ئەڭ شەرەپلىكى، ئەخلاقتا ئەڭ گۈزىلى ئىدى. قوشنا ھەققىگە رىئايە قىلاتتى، مۇلايىم ۋە ساداقەتتە ئەڭ ئۈستۈندى، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايتتى، ئىنسانلارغا يامانلىق قىلىش ۋە ئەزىيەت بېرىشتىن يىراق تۇراتتى. بىر ئىنساننى ئەيىپلىمىگەن، بىرسى بىلەن تارتىشمىغان. جانابى ئاللاھ پۈتۈن ياخشى خىسلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلارنى ئۇنىڭدا توپلىغانلىقى ئۈچۈن، قەۋمى ئۇنىڭغا «ئەلئەمىن» يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك دېگەن سۈپەتنى بەرگەن[73].

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھتىن باشقىسىغا ھېچ ئىبادەت قىلدىڭمۇ؟ - دەپ سورالدى.

- ياق! - دەپ جاۋاب بەردى.

- ھاراق ئىچتىڭمۇ؟ - دەپ سورالدى.

---

73. ئىبنى ھىشام: 1 - جىلد، 191 - بەت؛ ئىبنى سائاد: 1 - جىلد، 121 - بەت

ـ ياق! مەن كىتاب ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ۋاقتىمدىمۇ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ كۇفۇر ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ـ دېدى. (دىيار بەكرى: 1 ـ جىلد، 254 ـ 255 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلىق ۋاقتىدا ئالλاھتائالانىڭ ئۇنى قانداق قوغدىغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرەيش بالىلىرى بىلەن ئويۇن ئوينىغاندا، بىر يەردىن ـ بىر يەرگە تاش توشۇيتتۇق. باللار ئىزارلىرىنى سېلىپ مۈرىسىگە ئارتىپ تاشنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توشۇيتتى. مۈرەمنىڭ ئاغرىماسلىقى ئۈچۈن مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاش قىلماقچى بولغىنىمدا، غەيبى بىر كۈچ مېنى ئاغرىتقىدەك دەرىجىدە بىر شاپىلاق سېلىپ:

«ئىزارىڭنى بېلىڭگە باغلا!» دېدى.

مەن شۇ ھامان ئىزارنى بېلىمگە باغلىدىم. دوستلىرىمنىڭ ئارىسىدا پەقەت مەن ئىزارىم بېلىمدە ھالەتتە مۈرەمدە تاش توشۇدۇم». (ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 197 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبە يېڭىدىن بىنا قىلىنغاندا، تاغىسى ئابباس بىلەن بىرلىكتە تاش توشۇۋاتاتتى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاشلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق مۈرىسىنى ئاغرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«ئىزارىڭنى مۈرەڭگە قوي!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىزارىنى مۈرىسىگە قويماقچى بولغان ۋاقتىتا يەرگە يىقىلدى ۋە كۆزىنى ئاسمانغا قارىتىپ، تاغىسىغا:

«ماڭا ئىزارىمنى كۆرسەت!» دېگەنچە، ئۇنى ئېلىپ ئۈستىگە ياپتى. (بۇخارى: «ھەج»، 42)

ئۇ دەۋرىدىكى جەمئىيەتتە كىيىمسىز يۈرۈش نورمال بىر ئادەت بولىشىغا قارىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر زامان ھايا سىرتىدا بىرەر ھەرىكەت قىلمىغان. ھەدىس ـ شەرىپتە تىلغا ئېلىنغاندەك، تاغىسىنىڭ تەشۋىقى

بىلەن بۇنداق بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىدا ئاللاھتائالا تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا راھىب بۇھەيرانىڭ ئۇنىڭغا:

«بالام! لات ۋە ئۇززانىڭ ھەققى بىلەن سورايمەن، جاۋاب بەر!» دېگەن سوئالىغا:

«لات ۋە ئۇززانىڭ نامىدا قەسەم قىلىپ مەندىن بىر نەرسە سورىما! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بۇلاردىن بەكرەك نەپرەتلىنىدىغان ھېچ نەرسەم يوق!» دېگەن. (ئىبنى ئىسھاق: 54 ـ بەت، ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 154 ـ بەت)

ئۇممۇ ئەيمەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرەيش مۇشرىكلىرى يىلدا بىر كۈن بۇۋانە بۇتىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن ئۇ بۇتنىڭ يېنىدا توپلىنىپ، كېچىگە قەدەر قۇربانلىق قىلىش، چاچلىرىنى كەستۈرۈش ۋە ئېتىكاپقا كىرىشكە ئوخشاش مۇراسىملارنى ئۆتكۈزەتتى. ئەبۇ تالىبمۇ بۇ بايرامغا تەييارلىنىۋاتاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مۇراسىمغا قاتناشماستىن ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئالغاندا ھامملىرىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆردۈم.

ھامملىرى:

«ئىلاھلىرىمىزدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىڭ ئۈچۈن بىر پالاكەتكە دۇچ كېلىشىڭدىن قورقىمىز!» دەپ، شۇنداق چىڭ تۇرىۋالدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىرگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

بىر مۇددەت يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، قورقۇپ چىرايى سارغايغان ھالدا يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى.

ھامملىرى:

ـ نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ جىددىيلىك بىلەن سوراشتى.

ئۇ:

- ماڭا جىن چېقىلىشىدىن قورقۇۋاتىمەن!- دېدى.

ھامىلىرى:

- ئاللاھ سېنى شەيتانغا مۇپتىلا قىلمايدۇ! سەندە ھەر تۈرلۈك گۈزەل خىسلەتلەر بار، قېنى كۆرگەنلىرىڭنى ئېيتقىن، نېمىلەرنى كۆردۈڭ؟ - دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن بۇتنىڭ يېنىغا ھەر يېقىنلاشقىنىمدا ئاق ۋە ئۇزۇن بويلۇق بىر ئادەم ئالدىمدا پەيدا بولۇپ:

«ئەي مۇھەممەد! ئارقاڭغا قايت! ئۇنىڭغا قەتئىي يېقىنلاشما!» دەپ ۋارقىرىدى. دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەنگە قەدەر ئۇلارنىڭ بايرام ۋە مۇراسىملىرىغا قاتناشمىدى[74].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن جاھىلىيەت ئىنسانلىرى قىلىدىغان بىر ئىشنى ئىككى قېتىم قىلىشقا ئۇرۇنغانىدىم، ئەمما ئاللاھتائالا مېنى ئۇلاردىن ساقلاپ قالدى.

بىر كېچە مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە قۇرەيشلىك بىر قانچە ياش بىلەن قويلىرىمىزنى ئوتلىتىۋاتاتتۇق. ھەمراھىمغا:

- ئەگەر قويلىرىمغا قاراپ قويساڭ، مەنمۇ باشقا ياشلارغا ئوخشاش مەككىگە بېرىپ كېچە سۆھبەتلىرىگە قاتناشسام.- دېدىم.

ھەمراھىم:

- بولىدۇ. قانداق خالىساڭ، شۇنداق قىل.- دېدى.

شۇنىڭ بىلەن يولغا چىقتىم. مەككىگە يېقىنلاشقاندا داپ، نەي ۋە ئىسقىرىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدىم.

77. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 158-بەت.

ـ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم.
ـ پالانى كىشى بىلەن پالانى قىز توي قىلدى. ـ دېيىشتى.
شۇ ھامان ئۇلتۇرۇپ ئۇ تەرەپكە قاراشقا باشلىدىم. شۇ ئەسنادا ئاللاھتائالا قۇلاقلىرىمغا بىر ئېغىرلىق بېرىپ شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالدىم. ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، كۈن نۇرى ئۈستىمگە چۈشكىچە ئويغىنالمىدىم. قايتىپ ھەمراھىمنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، نېمە قىلدىڭ؟ دەپ سورىدى.
ـ ھېچ نەرسە قىلالمىدىم.ـ دېدىم ۋە بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم.
باشقا بىر كېچە بۇ ئىش يەنە تەكرارلاندى. مەن يەنە مەككىگە كېچە سۆھبىتى ئۈچۈن بارغىنىمدا، ئاللاھتائالا تەرىپىدىن ئۈستۈمگە چۈشكەن ئېغىرلىق بىلەن قۇياش چىققۇچە ئۇيقۇدا قالدىم. ئاندىن قايتىپ ھەمراھىمنىڭ يېنىغا كەلدىم.
پەرۋەردىگارىم مېنى پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەندۈرگەنگە قەدەر بۇلارنىڭ سىرتىدا ھېچبىر يامان ئىشقا مەيلىمنى بەرمىدىم. (ئىبنى ئىسھاق: 58 ـ 59 ـ بەتلەر؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە» ، 2 ـ جىلد ، 292 ـ بەت)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي بېقىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇ تالىب ھايات ۋاقتىدا ۋە تىجارەت قىلىشتىن بۇرۇن بىر مۇددەت «پادىچىلىق» قىلغان. بۇ كەسىپ ئەرەبلەر ئارىسىدا ئاددى بىر كەسىپ ئەمەس، بەلكى شەرەپلىك ۋە باي باللارمۇ قىلىدىغان بىر كەسىپ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا پادىچىلىق پۈتۈن پەيغەمبەرلەر قىلغان بىر ئىش ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا ئۇلارغا تەبلىغ ۋەزىپىسىنى بېرىشتىن بۇرۇن، رەھبەرلىككە لايىق بىر قىسىم قابىلىيەتلەرنى بەرگەن. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەر مۇتلەق قوي باققان» دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر:

«سەنمۇ قوي باقتىڭمۇ؟ ئى رەسۇلۇللاھ!» دەپ سوراشتى.

ئالەملەرنىڭ سەرۋەرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«شۇنداق! ھەق ئېلىش بەدىلىگە[75] مەككىلىكلەرنىڭ قوينى باقتىم» دېدى. (بۇخارى: «ئىجارە»، 2، «ئەنبىيا»، 29 ، ئىبنى ماجە: «تىجارەت»، 5)

باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

«مۇسا ئەلەيھسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، ئۇ قوي باقتى. داۋۇد ئەلەيھسسالاممۇ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى، ئۇمۇ قوي باقتى. مەنمۇ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم ۋە ئەجيادتا ئائىلەمنىڭ قويلىرىنى باقتىم.» (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 126-بەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇ ۋاقىتلاردا يىگىرمە ياشتا ئىدى.

كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«جاھاندارچىلىقنىڭ يولىنى تۇتقانلارنىڭ بىرى بىر دۆڭنىڭ بېشىدا ياكى بىر ۋادىنىڭ ئىچىدە قويلىرىنى ئوتلاتقان كىشىدۇر. بۇ كىشى نامازلىرىنى ئوقۇپ، زاكىتىنى بېرىپ، ئۆلگىچە پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىدۇ ۋە ئىنسانلارغا داۋاملىق ياخشىلىق قىلىدۇ» دەپ، (مۇسلىم: «ئىمارەت»، 126؛ ئىبنى ماجە: «فىتەن»،) پادىچىلىقنىڭ پەزىلەتلىك كەسپلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

پادىچىلىق قىلغان كىشىلەردە تەپەككۇر ئېڭى، تەمكىنلىك ۋە مەرھەمەت تۇيغۇسى تەرەققىي قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىپ:

75. ھەدىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان "قارارىت" كەلىمىسىنىڭ مەككىدە بىر يەرگە بېرىلگەن ئىسىملىكى بىلەن بىرلىكتە پۇل بىرلىكى بولغان قىراتنىڭ كۆپلىكىنىمۇ بىلدۈرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنماقتا. ئىككىنچى قاراشتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەر كۈنى قوي بېشىغا دىنارنىڭ يىگىرمىدە بىر بولغان بىر قىرات قارشىلىغىدا ھەق ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

«قوي باققان كىشىلەر سالماق ۋە تەمكىن بولىدۇ» دېگەن. (بۇخارى: «مەناقىب»، 1؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 84\52)

قويلارنى يېتەكلەش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغداش ئىنساندا سەۋر تۇيغۇسىنى كۈچلەندۈرىدۇ. پۈتۈن مەخلۇقاتلارغا مەرھەمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ قوپال ۋە نورمال بولمىغان ھەرىكەتلىرىگە سەۋر قىلىش، پەيغەمبەرلەردە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم خۇسۇسىيەتلەردىن بىرىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىلىرى بىلەن بولغان ساياھەتلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ئىككى ياشتا تىجارەت ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم تاغىسى ئەبۇ تالىب بىلەن سۈرىيەگە باردى. ئىككىنچى قېتىم ئون ئالتە ياشتا يەمەنگە باردى. قۇرەيش قەبىلىسى شامغا بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتاتتى. ئەبۇ تالىبمۇ بۇ تىجارەت كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا پۈتۈن قىز-ئوغۇل بىر تۇققانلىرى ئەبۇ تالىبنى ئۇزىتىش ئۈچۈن كەلدى.

ئەبۇ تالىب سۆيۈملۈك جىيەنىگە:

«سەنمۇ مەن بىلەن بارامسەن؟» دەپ سورىدى.

تاغا ۋە ھاممىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىنىڭ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن كېسەل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قارشى چىقتى. ئەبۇ تالىب ئۇنى مەككىدە قالدۇرۇپ قويۇشنى قارار قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەمكىن بولۇپ يىغلىدى.

ئەبۇ تالىب:

«ئەي بىر تۇققىنىمنىڭ ئوغلى! ساڭا نېمە بولدى؟ سېنى ئاپارمايدىغانلىقىم ئۈچۈن يىغلاۋاتامسەن؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ:

«تاغا! مېنى كىمگە تاشلاپ قويىسەن؟ مېنىڭ يا ئانام يا دادام بولمىسا!» دېدى.

ئەبۇ تالىپ بۇ سۆزدىن كۆڭلى يۇمشاپ:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنى ئاپىرىمەن! سەن مەندىن، مەن سەندىن ھېچبىر زامان ئايرىلمايمىز!» دېدى. (ئىبنى ئىسھاق: 53-بەت. ئەبۇ نۇئەيم: «دەلائىل»، 1-جىلد، 260-بەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا تاغىسى زۇبەير بىلەن بىرلىكتە يەمەنگە باردى. زۇبەير كائىناتنىڭ نۇرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكىتىدىن پايدىلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ تالىبتىن جىيەنىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئاپىرىپ كېلىشنى ئۆتۈنىدى[76].

تىجارەت كارۋىنىنىڭ يولى بىر ۋادىغا كەلگەندە، غەزەپلەنگەن بىر ئەركەك تۆگە ھېچكىمنى ئۇ يەردىن ئۆتكىلى قويمىدى. كارۋان قايتىپ كېتىشنى ئويلىشۋاتقان پەيتتە:

ئالەملەرنىڭ نۇرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار!» دەپ كارۋاننىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

غەزەپتىن سەكرەۋاتقان بۇ تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرىشى بىلەن تەڭ يۇۋاشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تۆگىسىدىن چۈشۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندى. ۋادىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى قويۇپ بەردى.

سەپەردىن قايتقان ۋاقتىدا، كەلكۈن سۇلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن بىر ۋادىغا ئۇچراپ ئۇ يەردىن ئۆتەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سىلەر مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار!» دېدى. كارۋان ئاللاھتائالا ئۇ يەردىكى سۇلارنى قۇرۇتۇپ يول ھالىغا كەلتۈرگەندەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ساق-سالامەت ئۆتتى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 282-بەت)

76. دىيار بەكرى: 1-جىلد، 260-بەت.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ راھىب بۇھەيرا بىلەن ئۇچرىششى ۋە راھىبنىڭ سۆزلىرى

ئەبۇ تالىب قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىدىن بىر گورۇھ بىلەن شامغا بارغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلار بىلەن بىرگە يولغا چىقىپ، راھىب بۇھەيرانىڭ چىركاۋىغا يېقىن بىر يەردە دەم ئېلىشقا توختىدى. بۇھەيرا ئۇ زامانلاردىكى خرىستىئانلارنىڭ ئالىمى ئىدى. بۇھەيرا كارۋان كەلگەندە بىر بۇلۇتنىڭ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشىگە سايە تاشلاۋاتقانلىقىنى، دەرەخنىڭ سايىسىگە چۈشكەن ۋاقتىلىرىدا دەرەخ شاخلىرىنىڭ يەنە شۇ كىشى تەرەپكە قاراپ ئېگىلگەنلىكىنى كۆردى. بۇنىڭغا بىنائەن:

«ئەي قۇرەيش جامائىتى! مەن سىلەر ئۈچۈن تاماق تەييارلىدىم. چوڭ-كىچىك، ھۆر-قۇل ھەممىڭلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىمەن!» دەپ، كارۋانغا خەۋەر ئەۋەتتى.

ھالبۇكى، بۇھەيرا ئۇلار ئىلگىرى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قويمىغان ئىدى. كارۋاندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ، پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام نەرسە-كېرەكلەرنىڭ يېنىدا قالدى. بۇھەيرا كەلگەنلەرگە بىر-بىرلەپ قاراپ چىقىپ، كىتابىدا ئوقۇغان سۈپەتلەرنىڭ ھېچبىرىنى كۆرەلمىدى.

- ئەي قۇرەيش! كارۋىنىڭلاردا بولۇپ، بۇ يەرگە كەلمىگەنلەردىن بىرەرسى بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. قۇرەيش:

- ئەي بۇھەيرا! كەينىمىزدە بىر بالىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. ياشتا ئەڭ كىچىكىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى نەرسە-كېرەكلىرىمىزنىڭ يېنىدا قويۇپ قويدۇق. - دېيىشتى.

بۇھەيرا:

- ئۇنىمۇ چاقىرىڭلار! بۇ تاماققا ئۇمۇ ئىشتىراك قىلسۇن! - دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھسسالامنى ئېلىپ كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرغۇزدى. راھىب

ئۇنى كۆرە-كۆرمەيلا بېشىدىن-ئايىغىغىچە دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. كېيىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

- بۇ ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرىدۇر! بۇ ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ رەسۇلىدۇر! ئاللاھ ئۇنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىدۇ! - دېدى.

قۇرەيش چوڭلىرى، ئۇنىڭغا:

- بۇنى نەدىن بىلىسەن؟ - دەپ سورىدى.

راھىب:

- مەن ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى بىزگە چۈشۈرۈلگەن كىتابلاردا ئوقۇدۇم. سىلەر بۇ يەرگە يېقىنلاشقان ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭغا ئېگىلمىگەن دەل-دەرەخ، تاش قالمىدى. ھەممىسى ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. بۇ جانسىز نەرسىلەر پەقەت بىر پەيغەمبەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنى پەيغەمبەرلىك مۆھرى بىلەنمۇ تونىدىم. ئۇ مۆھۈر ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدا. - دېدى.

بۇھەيرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە تاغىسىدىن بەزى سوئاللارنى سوراپ، ئالغان جاۋابىنىڭ بىلىدىغانلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇ تالىبقا:

«جىيەنىڭنى دەرھال يۇرتىغا ئېلىپ كەت! يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشىدىن پەخەس بول! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىيلار ئۇنى كۆرۈپ، تونۇپ قالسا مۇھەققەق ئۆلتۈرۈشكە نىيەتلىنىدۇ. بۇ بالا ئەرەبلەردىن. ھالبۇكى، يەھۇدىيلار كېلىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. سېنىڭ جىيەنىڭنىڭ شان-شۆھرىتى ناھايىتى بۈيۈك بولىدۇ» دېدى.

ئەبۇ تالىبمۇ راھىب بۇھەيرانىڭ تەۋسىيەسىگە بىنائەن، جىيەنىنى ئېلىپ شۇ ھامان مەككىگە قايتتى. (ئىبنى ئىسھاق: 54-55-بەتلەر. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 153-دىن 155-بەتكىچە؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 3)

خرىستىئان شەرقشۇناسلار بۇ ۋەقە بىلەن ئىسلامغا تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راھىب بۇھەيرادىن دەرس ئالغانلىقىنى

ئىغۋا قىلىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىگە زىتتۇر. چۈنكى بۇھەيرا بىر خىرىستىئان راھىبى ئىدى. قۇرئانى-كەرىم تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ بۇرمىلانغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرسە، ئاللاھ رەسۇلىنىڭ بۇنداق بۇرمىلانغان بىر دىنىنىڭ ۋەكىلىدىن دەرس ئېلىشى قانداقمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسۇن؟!

يەنە بىر تەرەپتىن بۇھەيرانىڭ دىنىي بولغان خىرىستىئانلىقتا ئاللاھ ئۇقۇمى ئاجىز ئىنسان سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنى تەۋھىد ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن روشەن دىندۇر. ئاللاھ ئۇقۇمى ئىنتايىن ئالىي، يەنى ئىدراك قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ۋە ھەر تۈرلۈك نۇقسان-سۈپەتلەردىن پاك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ھەقىقەت تۆپەيلىدىن، قۇرئانى-كەرىم ئەھلى كىتابنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن بولغان بولسىمۇ پەقەت ئىلاھىي ئىستىقامەتتە، يەنى توغرا يولدا بولغانلارنىڭلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قۇتۇلۇشقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ آمَنُواْ وَالَّذِينَ هَادُواْ وَالنَّصَارَى وَالصَّابِئِينَ مَنْ آمَنَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَعَمِلَ صَالِحاً فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ

**«شۈبھىسىزكى، مۇئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوقتۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى، 62-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن زامان ۋە ماكانغا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دىنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، يەنى سالاھىيىتى ئەمەلدىن قالىدۇ. چۈنكى ئاللاھقا

ئىمان ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماسلىق كاپىرلىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن بۈگۈنكى ئەھلى كىتابنىڭ خەلقلىرىلا ئەمەس، ھەتتا دىندار بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ تامامەن سىرتىدىدۇر. ئەقىدىدىن كېيىن بىر دىنىني تىك تۇرغۇزىدىغان باشقا ئامىللار ئىبادەت ۋە مۇئامىلىدۇر. ئىسلام دىنى تەرتىپلىك ئىبادەت ھاياتى ئېلىپ كېلىپ، ئىنسانلاردىكى ھەرخىل مۇناسىۋەتلەرنى ھەق، ئادالەت، ئەخلاق ئاساسلىرى ئۈستىگە يېڭىدىن قۇرغان. خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ھەرخىل جازا قانۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر قانۇن بولۇپ كەلگەن. بۇھەيرانىڭ دىنىي بولغان خىرىستىيانلىقتا ئىبادەت ۋە شەكلى ئۆزگەرتىلگەن. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەق-ھوقۇق مۇناسىۋىتى ۋە جازا مەۋجۇت ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە قۇرئاننىڭ بىلدۈرگىنى ۋە تارىخنىڭمۇ گۇۋاھ بولغىنىدەك، «ئۇممى» يەنى ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيتتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا كُنْتَ تَتْلُو مِنْ قَبْلِهِ مِنْ كِتَابٍ وَلَا تَخُطُّهُ بِيَمِينِكَ إِذًا لَارْتَابَ الْمُبْطِلُونَ بَلْ هُوَ آيَاتٌ بَيِّنَاتٌ فِي صُدُورِ الَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ وَمَا يَجْحَدُ بِآيَاتِنَا إِلَّا الظَّالِمُونَ

**«ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ. خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ. (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى. ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئىش زالىملار گۇمان قىلغاندەك ئەمەس) قۇرئان ئىلىم بېرىلگەنلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ساقلانغان روشەن ئايەتلەردۇر. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت زالىملارلا ئىنكار قىلىدۇ.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 48-49-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راھىب بۇھەيرا بىلەن كۆرۈشكەندە، ئون ئىككى ياشتا ئىدى. بۇھەيرا بىلەن قىسقا ۋاقىت بىرگە بولدى. ئەھۋال بۇنداقكەن، ساۋاتسىز بىر بالىنىڭ ئالتە مىڭدىن ئارتۇق ئايەتنى قىسقا

ۋاقىتتا يادقا ئېلىپ، يىگىرمە سەككىز يىل مېڭىسىدە ساقلىشى ۋە قىرىق ياشتىن كېيىنكى بىر ۋاقىتتا بۇلارنى ئىنسانلارغا بايان قىلىشقا باشلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. يەنە بۇ شەرتلەر ئاستىدا ئىسلامغا ئوخشاش مۇكەممەل، جاھانشۇمۇل بىر دىننى ئۆگىنىپ، ئۇ دىنىنىڭ ئىبادەت، مۇئامىلە، جازا ۋە ئەخلاق نىزامىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ساغلام ئەقىللىق كىشى ئاسانلىق بىلەن بىلەلەيدۇ.

ئەگەر بۇھەيرا بۇ ھەقىقەتلەرنى بىلسە، نېمە ئۈچۈن ئۆزى تەبلىغ قىلىپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلماي بۇ كاتتا شەرەپنى بىر بالىغ، يەنە كېلىپ ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر بالىغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ؟!

ئۇنىڭدىن باشقا بۇھەيرانىڭ ئوقۇپ،يازىدىغان تىلى ئىبرانىچە، قۇرئانى-كەرىم بولسا، پاساھەتلىك ئەرەبچىدۇر. ئاللاھتائالا بۇ خىل گۇمانىي سەپسەتىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّهُمْ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُ بَشَرٌ لِسَانُ الَّذِي يُلْحِدُونَ إِلَيْهِ أَعْجَمِيٌّ وَهَذَا لِسَانٌ عَرَبِيٌّ مُبِينٌ

**«ئۇلار(يەنى مۇشرىكلارنىڭ): «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس. بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر.»** (نەھل سۈرىسى، 1-3-ئايەت)

قۇرئان بۇ تىلدىكى ئۈستۈنلىكى بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك شائىرلىرىغا ھەتتا پۈتۈن ئالەمگە رىقابەت ئېلان قىلالىغۇدەك دەرىجىدە يۈكسەك سەۋىيەدىدۇر. ئاللاھتائالا سۈرە ئىسرانىڭ 88-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا

**«ئېيتقىنكى: «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇھەيرا بىلەن كۆرۈشكەندە يېنىدا بىر قىسىم قۇرەيشلىك مۇشرىكلارمۇ بار ئىدى. ئەگەر شەرقشۇناسلارنىڭ ئاساسسىز سەپسەتىلىرىدە ئازىراق بولسىمۇ بىر ھەقىقەت بولسا ئىدى، پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن ئېتىبارەن، ھاياتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىككە ئاتىغان مۇشرىكلارنىڭ بۇ ھادىسىنى دەرھال ئىنكار قىلىشى مۇتلەق ئىدى. ھالبۇكى، قۇرەيشلىك مۇشرىكلار بۇ ھەقتە بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمىدى. چۈنكى بۇنداق بىر گۇماننىڭ ھېچبىر ئەسلى ۋە مەنبەسى يوقلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

## خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى

ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردا قىلىنغان ئۇرۇشلار «فىجار ئۇرۇشى» دېيىلەتتى. فىجار ئۇرۇشى تۆت قېتىم يۈز بەردى. قۇرەيش، كىنانە قەبىلىلىرى بىلەن ھەۋازىن قەبىلىسى ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن تۆتىنچى قېتىملىق فىجار ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر ۋاقىت توغرا ئىش قىلغۇچىنىڭ، ھەق ئىگىسىنىڭ ۋە مەزلۇمنىڭ يەنى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ يېنىدا بولدى. ئۇ بۇ ئۇرۇشقا يىگىرمە ياش ۋاقتىدا تاغىلىرى بىلەن بىرلىكتە قاتناشتى، ئەمما ھېچكىمنىڭ قېنىنى تۆكمىدى. پەقەت دۈشمەن سەپلىرىدىن ئېتىلغان ئوقلارنى توپلاپ، تاغىلىرىغا بەردى[77].

بۇ ئۇرۇشتىن قايتقاندىن كېيىن ھارام ئايلاردىن بىرى بولغان زۇلقەئدە ئېيىدا، زۇبەيد قەبىلىسىگە مەنسۇپ يەمەنلىك بىر ئادەم سېتىش ئۈچۈن

77. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 198-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 126-128-بەتلەر.

مەككىگە تىجارەت ماللىرى ئېلىپ كەلدى. قۇرەيشنىڭ بايلىرىدىن ئاس ئىبنى ۋائىل بۇ مالنى سېتىۋالدى، ئەمما پۇلىسنى بەرمىدى. بىچارە ئادەم ئابدۇددار، مەھزۇم، جۇماھ، سەھم ۋە ئەدىي ئىبنى كەئب جەمەتلىرىگە ئۇخشاش، مەككىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئائىلىرىنىڭ چوڭلىرىغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. ئەمما ئۇلارمۇ مەزلۇمغا ياردەم قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن ئازار بەردى.

چارىسىز قالغان بۇ ئادەم قۇرەيش كاتتىۋاشلىرى كەبە ئەتراپىدا ئولتۇرغان بىر ۋاقىتتا، ئەبۇ قۇبەيس تېغىغا چىقىپ: «ئەي فىھر خانىدانى» دەپ، ۋارقىراپ شېئىر ئوقۇدى. ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنى ئېلان قىلىپ، ياردەم تىلىدى. ياردەم ئۈچۈن تۇنجى ھەرىكەتكە كەلگەن زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى زۇبەير بولۇپ، قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىگە توپلاندى. ئابدۇللاھ ئۇلارنى تاماق بىلەن مېھمان قىلدى. كېيىن: «كىم بولسا بولسۇن، مەككىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغانغا قەدەر زالىمغا قارشى مەزلۇمنى قوغداش» توغرىسىدا ئەھدىلەشتى. دېڭىزلاردا بىر قىلنى ھۆل قىلالىغۇدەك سۇ قالغۇچە، ھىرا ۋە سۇبەيىر تاغلىرى ئۆز يەرلىرىدە تۇرغان مۇددەتكىچە ئۆز ئەھدىلىرىنى بۇزمايدىغانلىقىغا قەسەم قىلدى.

خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى تۇنجى بولۇپ، ئاس ئىبنى ۋائىلدىن زۇبەيدلىك ئادەمنىڭ ھەققىنى ئېلىش بىلەن خىزمەتنى باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىدە زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىققا ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئادالەتنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسەتتى[78]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدە توغرا دەپ قاتناشقان بىردىنبىر جەمئىيەت «خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى»دۇر. چۈنكى بۇ بىر ئادالەت جەمئىيىتى ئىدى. بۇ جەمىيەت زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىقنى تۇسۇش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. پەيغەمبەر

78. ئىبنى كەسىر، "ئەلبىدايە"، 2 ـ جىلد، 295 ـ 296؛ ئىبنى سائاد، 1 ـ جىلد، 128 ـ 129

ئەلەيھىسسالام بۇ جەمئىيەت ھەققىدە پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«ئابدۇللاھ ئىبنى جۇدئاننىڭ ئۆيىدە تاغىلىرىم بىلەن بىرلىكتە خەيرىيەت ئۇيۇشمىسىغا قاتناشتىم. ئۇ مەجلىستىن شۇ قەدەر مەمنۇن بولدۇمكى، ئۇنىڭ ئورنىغا ماڭا قىزىل تۆگىلەر بېرىلسە ئۇنچىلىك سۆيۈنمەيتتىم. ئۇ قەسەمگە ھازىر چاقىرىلسام، يەنە بارىمەن» (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 295-296-بەتلەر)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇل-مۇئامىلىسى

مەككە خەلقى تۇرمۇشىنى تىجارەت بىلەن قامدايتتى. تىجارەت كارۋانلىرى بىلەن قوشنا مەملىكەتلەردىن ئەكەلگەن ماللارنى مەككىدە ئېچىلغان رەستە بازارلاردا ساتاتتى، مەككىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان ماللارنىمۇ قوشنا مەملىكەتلەرگە ئاپىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياش ۋاقتىدا تاغىلىرى بىلەن بىرلىكتە تىجارەت كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ، سۇرىيە ۋە يەمەنگە ساياھەت قىلغانىدى. كېيىنكى يىللاردا ھەزرىتى خەدىچىگە ۋاكالىتەن يەمەننىڭ گۇرەش بازىرىغا ئىككى قېتىم تىجارەت سەپىرى قىلدى. ھەر قېتىملىق سەپەر ئۇچۇن ئۆزىگە ئىش ھەققى ھېسابىدا ياش ۋە ئەركەك بىر تۆگە بېرىلدى[79].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچەنىڭ كارۋانلىرىنى تىھامەدىكى ھۇباشە بازىرىغىمۇ ئاپاردى. بۇ سەپەردە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمەتچىسى مەيسەرە بىلەن بىرلىكتە چىقتى. ئۇ يەردىن تىھامە رەختلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، ھاكىم ئىبنى ھىزامغا سېتىپ، زور پايدىغا ئېرىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

82. ھاكىم: 3-جىلد، 200\4834.

«مەن خەدىچەدىنمۇ ياخشى بىر ھەمراھ كۆرمىدىم» دەپ، ئۇنى ماختاپ، ئىشىنىڭ بەدىلىنى زىيادىسى بىلەن بەرگەنلىكىنى ئېيتتى.
(ھالەبى: 1-جىلد، 221-بەت؛ يەنە شۇ كىتابنىڭ 10-جىلد، 104-بەت)

تاغىسى ئەبۇ تالىب بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«جىيەنىم! مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن. قۇرغاقچىلىق چارۋىچىلىق قىلىشىمىزغا ئىمكان بەرمىدى! بىر تىجارەت كارۋىنى شامغا مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىدمۇ بۇ كارۋان بىلەن ماللىرىنى شامغا ئاپىرىدىغان بىر ئادەم ئىزدەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ساڭا ئوخشاش، ئىشەنچلىك ۋە ۋاپادار بىر كىشىگە ئېھتىياجى بار. سېنى تىجارىتىگە ۋەكىل قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسەك ياخشى بولىدۇ. ساداقەتلىكىڭدىن سېنى باشقىسىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ دەپ قارايمەن. ئەسلىدە شام تەرەپلەرگە بېرىشىڭنى خالىمايمەن. يەھۇدىيلاردىن ساڭا بىرەر خەتەر يېتىپ قېلىشىدىن قورقىمەن. ئەمما باشقا چارىمىز يوق!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆزلەر ھەزرىتى خەدىچىگە يېتىپ بېرىشغا:

«مەن مۇھەممەدنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم!» دېدى ۋە دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر يوللاپ، باشقىلاردىن كۆپرەك ئىش ھەققى بېرىش ھېسابىدا ماللىرىنى شامغا ئاپىرىشنى تەكلىپ قىلدى.

ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك، توغرا سۆزلۈك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى[80].

ھىدايەت رەھبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچىنىڭ ياردەمچىسى مەيسەرە بىلەن بىرلىكتە مەككىدىن يولغا چىقتى. ھەزرىتى خەدىچە مەيسەرەگە:

80. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 203-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 129-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 297-بەت.

«مۇھەممەدكە، ھەرقانداق ئىشتا ئىتائەتسىزلىك قىلما! ھېچبىر سۆزىگە قارشى چىقما!» دەپ ئاگاھلاندۇردى.

يولدا مال ئارتىلغان تۆگىلەردىن ئىككىسىنىڭ ھېرىپ ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرگەن مەيسەرە تۆگىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلدى. يۈگۈرگىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئالەملەرنىڭ سەرۋەرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى تۆگىلەرنىڭ پۇتلىرى ئۈستىگە قويۇپ سۈرتكەندىن كېيىن تۆگىلەر يۈگۈرۈشكە باشلاپ، نارلىغان ھالەتتە كارۋاننىڭ ئالدىغا ئۆتتى. كارۋاندىكىلەر بۇنى كۆرۈش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە ۋە قوغدىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولدى[81].

پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى بولغان پەيغەمبىرىمىز ھاياتى بويىچە پۇل-مۈئامىلىدە ئىنسانلارغا دۇرۇست بولدى. بىر كىشىگە ۋەدە بەرگەندە، ئۇنى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئورۇنلىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نەرسە سۆزلىگەندە، ئۇنى مۇتلەق قىلاتتى!». (بۇخارى: «شاھادەت»، 28.)

سائىب ئىبنى ئەبىس سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدىم. ساھابىلەر مېنى مەدھىيلەشكە ۋە ھەققىمدە گۈزەل سۆزلەر ئېيتىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئۇنى سىلەردىن ياخشىراق تونۇيمەن!» دېدى.

مەنمۇ، بۇنىڭغا جاۋابەن:

«توغرا سۆزلىدىڭ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. سەن مېنىڭ شېرىكىم ئىدىڭ، ھەمدە بەكمۇ ياخشى شېرىك ئىدىڭ. قارشىمۇ چىقمايتتىڭ،

---

81. دىيار بەكرى: 1-جىلد، 262-بەت

جېدەلمۇ قىلمايتتىڭ» دېدىم. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەپ»، 17\4836؛ ئىبنى ماجە: «تىجارەت»، 63)

ئۇنىڭغا ئەل ئەمىين ۋە ئەس سادىق، يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە راستچىل دېگەن سۈپەتلەرنى ئېرىشتۈرگەن نۇرغۇن ئۆرنەكلەردىن بىرىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ھەمسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن بىر سودا قىلغان ئىدىم. ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ قالدىم، بىرئاز ساقلاپ تۇرسا، شۇ ھامان ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىمنى ۋەدە قىلىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدىم. لېكىن قىلغان سۆزۈمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېسىمگە كېلىپ دېيىشكەن يەرگە كەلگىنىمدە، ئۇنى شۇ يەردە ساقلاۋاتقان ھالدا كۆردۈم.

ئامانەت ۋە ساداقەتنىڭ يۇقىرى نوقتىسىغا يەتكەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام، ماڭا ئازار بەرمەستىن:

«يىگىت! مېنى چارچىتىپ قويدۇڭ، مەن سېنى ئۈچ كۈندىن بۇيان بۇ يەردە ساقلاۋاتىمەن!» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 82\4996)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن كۆرۈلگەن ئەخلاقى-پەزىلەتلىرى بىر-بىرىدىن گۈزەل ۋە ھېكمەتلىكتۇر. ئەسلىدە بۇلار پەقەت بىر پەيغەمبەر نامزاتىدىلا نامايەن بولىدىغان سۈپەتلەردۇر.

ئاللاھ خالىسا ئىدى، ھەبىبىنى كىچىكىدىن باشلاپ رىزىق كەينىدىن ماڭغۇزماستىن ئىنتايىن باياشات بىر تۇرمۇشتا ياشىتاتتى. ئەمما ئىلاھىي ھېكمەت ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئۆز ئەمگىكى بىلەن رىزىق تېپىپ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە ئۇممىتىگە ئۆرنەك بولۇشىنى ئىرادە قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالاممۇ: «ھېچكىم ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھالال تاپقان رىزىقتىنمۇ ياخشىراق بىر رىزىق يېمەيدۇ!» دېگەن. (بۇخارى: «بۇيۇئ»، 15؛ «ئەنبىيا»، 37.)

ئىنسانلارغا رەھبەر بولىدىغان بىر شەخس تۇرمۇشىنى، ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بېرىدىغان ھەدىيەلىرىگە باغلىغان ھامان، ئۇنىڭ داۋاسىنىڭ ئىنسانلار نەزىرىدە ئەھمىيىتى قالمايدۇ.

ئاللاھتائالا پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىگە:

وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ

**«تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن.»** دېيىشنى بۇيرىغان. (شۇئەرا سۈرىسى 109 ـ 127 ـ 145 ـ 164 ـ 180 ـ ئايەتلەر)

شائىر بۇ ئىنچىكە ھەقىقەتنى گۈزەل ئىپادىلەپ:

كىمسەنىن لۇتفىنا ئولما تالىب
بەدېلى جەۋھەرى ھۆررىيەتتۇر!

(يەنى ھېچكىمنىڭ ئىلتىپاتىنى تەلەپ قىلما، ئۇنىڭ بەدىلى سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ بولىدۇ.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھايات كەچۈرگەن زات بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇستەقىلى ئىدى.

## راھىب ناستۇرانىڭ بايقىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېتىلغان تىجارەت كارۋىنى شام تۇپراقلىرىدىن بۇسراغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇسرا بازىرىدا راھىب ناستۇرانىڭ چېركاۋى ئەتراپىدىكى بىر زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئاستىغا چۈشتى. مەيسەرە بىلەن ئىلگىرى تونۇشىدىغان راھىب ناستۇرا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشارەت قىلىپ:

ـ ئەي مەيسەرە! شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى زات كىمدۇر؟ ـ دەپ سورىدى.

مەيسەرە:

ـ ئۇ قۇرەيش قەبىلىسىلىك بىر زاتتۇر! ـ دېدى.
راھىب:
ـ كۆزلىرىدە بىر ئاز قىزىللىق بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
مەيسەرە:
ـ شۇنداق، كۆزلىرىدە داۋاملىق بىر قىزىللىق بار.
ناستۇرا:
«مانا ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر! كاشكى، مەن ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىدىغان زامانىغا قەدەر ياشىسامچۇ!» دېدى. (ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 130ـ دىن 156ـ بەتكىچە؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2ـ جىلد، 297ـ 298ـ بەتلەر)

كارۋان مەككىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەيسەرە قاتتىق ئىسسىق بولغان ۋاقىتلاردا ئىككى پەرىشتىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى سايىداتقانلىقىنى كۆردى. نەتىجىدە زور پايدا بىلەن مەككىگە قايتتى[82].

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلىنىشى

مەيسەرە شام ساياھىتى جەريانىدا كۆرگەن ئاجايىپ ھادىسىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىكلىرىنى، باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىنى ھەزرىتى خەدىچىگە تەپسىلى ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن خەدىچە ئانىمىزدا ئالەملەرنىڭ نۇرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆيلىنىش ئىستىكى پەيدا بولدى. ھەزرىتى خەدىچىنىڭ دوستى نەفىسە بىنتى ئۇمەييە بۇ تويىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد دۇرۇست، غەيرەتلىك، ساغلام خاراكتېرلىك ۋە شەرەپلىك بىر خانىم ئىدى. قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىش ئۈچۈن

82. ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 130، 156ـ 157ـ بەتلەر.

جىنىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. لېكىن ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسىيىتىگە ھەيراندى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شام تىجارىتىدىن قايتقاندىن كېيىن خەدىچە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆيلىنىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە مېنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

- ئەي مۇھەممەد! سەن نېمىشقا ئۆيلەنمەيسەن. - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ماددى ئىمكانىم ياخشى ئەمەس تۇرسا، قانداق ئۆيلىنىمەن؟ - دېدى. مەيسەرە:

- ئەگەر ئىمكانىڭ بولسا مال، شەرەپ ۋە گۈزەللىك ساھىبى بىرسى بىلەن ئۆيلىنەمسەن؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كىم، ئۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- خەدىچە. - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەنچە بۇ مۇمكىنمۇ؟ - دېدى.

- قالغىنىنى ماڭا قوي! - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇ ھالدا مەنمۇ سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلىمەن! - دېدى.

شۇ ھامان بېرىپ ئەھۋالنى خەدىچىگە مەلۇم قىلدىم. (ئىبنى سەئىد: 1-جىلد، 131)

ھەزرىتى خەدىچە نەفسە خانىمنىڭ خوشخەۋىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلىنىش تەكلىۋىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھۋالنى تاغىسى ئەبۇ تالىبقا خەۋەر قىلدى. ئەبۇ تالىب ھەزرىتى خەدىچەنىڭ تاغىسى ئەمر ئىبنى ئەسەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇدىلاشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەبۇ تالىب ۋە ھەزرىتى خەدىچىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇدى. كېيىن ھەزرىتى خەدىچەنىڭ تاغىسى ئەمر ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئەي قۇرەيش جامائىتى! شاھىد بولۇڭلاركى، مەن خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىدنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا نىكاھلىدىم!» دېدى[83].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەزرىتى خەدىچەنىڭ مېھرى ھەققىگە يىگىرمە تۆياق ياش تۆگە بەردى[84].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆيلەنگەندە 25 ياشتا ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن 15 ياش چوڭ، بالىلىرى بار، تۇل ئايال ئىدى. ھەزرىتى خەدىچە جېنى ۋە مېلى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆچىگە ـ كۈچ قوشتى. ھەزرىتى خەدىچە شەرەپلىك بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىسلامدىن ئىلگىرى «ئەففە» يەنى ئىپپەتلىك، «تاھىرە» يەنى پاك، ئىسلامدىن كېيىن «خەدىچەتۇل كۇبرا» دەپ ئاتالدى[85].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«ئاخىرەتنىڭ ئەڭ خەيرلىك خانىمى ھەزرىتى مەريەم بىنتى ئىمران، دۇنيانىڭ ئەڭ خەيرلىك خانىمى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىدتۇر» دېگەن.

(بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 20؛ مۇسلىم: «ساھابىلەرنىڭ پەزىلىتى»، 69.)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ ئۆيلىنىشى، ئۇنىڭ نەپسانى ئارزۇلىرىغا بويسۇنىدىغان بىر كىشى ئەمەسلىكى، ھەتتا قىلچىلىك پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆزىدىن يېشى چوڭ، تۇل ۋە باللىق ئايال بىلەن ئۆيلەنمەي، ياش بىر قىز بىلەن ئۆيلەنگەن بولاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆيلەنمەكچى بولغان ئايالدا ياشلىق، گۈزەللىككە ئوخشاش پانى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئورنىغا شەرەپ، پەزىلەت ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئوخشاش ئالى خىسلەتلەرنى ئىزدىگەن.

---

86. دىيار بەكرى: 1 ـ جىلد، 264؛ ياقۇبى: 2 ـ جىلد، 20 ـ بەت

84. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 206؛ ئىبنى كەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 1 ـ جىلد، 23.

85. ئىبنى سائاد: 8 ـ جىلد، 14 ـ 15 ـ بەتلەر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىردىن كۆپ ئۆيلىنىشى ۋە ھېكمىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 55 يېشىدىن كېيىن بىردىن كۆپ ئۆيلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەربىر ئۆيلىنىشىنىڭ كۆپ ھېكمەتلىرى بار. جانابى ئاللاھنىڭ:

لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا

**«سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى، 21 ـ ئايەت) دەپ، ئىنسانىيەتكە ھەقىقى نەمۇنە سۈپىتىدە تەقدىم قىلغان ئىنسان ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش، ھەتتا تۆھمەت قىلىش جاھىللىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئاللاھتائالا بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەر جەھەتتە ئۆرنەك قىلدى. بۇلارنىڭ ئەڭ بېشىدىكى ۋە مۇھىمى ئائىلە ھاياتىدۇر. بىز بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانى ۋە باشقا ئانىلىرىمىز ھەققىدە تەپسىلى توختالمايمىز. بۇنداق قىلغاندا ئۆز دائىرىمىزدىن چىقىپ كېتىمىز ۋە كىتابىنىڭ ھەجمىمۇ بۇنىڭغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ يەردە پەقەتلا بۇ ئۆيلىنىشنىڭ ئاساسى ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىش بىلەن كۇپايە قىلىمىز.

ئىنساندا نەپسانى ئارزۇلار ئەڭ كۈچلۈك بولىدىغان مەزگىل شۈبھىسىزكى، ياشلىق مەزگىلىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق دەۋرى كۆزدىن كەچۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتىلىدىغان يېگانە سۆز، ئۇنىڭ ھايا ۋە ئىپپەت مىسالى بولغانلىقىدۇر. بۇنى مەككىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن «ئەل ئەمىين» يەنى «ئەڭ ئىشەنچىلىك» دېگەن ئىسمىدىنلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر بولغانلىقىنى ئېلان

قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ۋاپات بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىچە ئاللاھ رەسۇلىغا ناچار سۆز بىلەن تۆھمەت قىلمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى دەۋرىدە پەقەت بىرلا قېتىم ئۆيلەندى. ھەزرىتى خەدىچە بىلەن قىلىنغان بۇ ئۆيلىنىشتە پەيغەمبىرىمىز 25 ياش، ھەزرىتى خەدىچە تۇل ۋە 4 ياشلىق بالىسى بار بىر ئايال ئىدى. خەدىچە ئانىمىزنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر 25 يىل سۈرگەن تۇرمۇشىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنمىدى. ھالبۇكى، ئۇ زاماندىكى ئۆرپ-ئادەتلەر باشقا ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئىدى.

ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يەنە ياشتا چوڭ ۋە تۇل بولغان ھەزرىتى سەۋدە بىلەن ئۆيلەندى. ھەزرىتى سەۋدەنىڭ ئېرى ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئۇ يەردە ۋاپات بولۇپ، يالغۇز ۋە ھىمايىسىز قالغانىدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى سەۋدە مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەرخىل بېسىملارنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز قالغان بۇ ھۆرمەتلىك ئايالنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىش غايىسىدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندى.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش بىلەن بىرگە يېڭى بىر دەۋر باشلاندى. ئۇ بىر پەيغەمبەر بولۇشنىڭ سىرتىدا بىر قوماندان ۋە يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتنىڭ باش رەھبىرى بولدى. ئەسىرلەر بويى ئىنسانلارغا ئۆز دەۋىتىنى ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇبتا يەتكۈزۈشى كېرەك بولغان بىر تەربىيىچى ئىدى. پۈتۈن بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئۇنىڭ شەخسىي ھاياتىدىكى ئۆيلىنىشىدىمۇ ئەكس ئېتىشى، ئۇنىڭ ئالاھىدە پەرقى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى ئارىسىدا پەقەت ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ياش ۋە قىز ھالىتىدە ئۆيلەندى. يېشى شۇنچە كىچىك بولىشىغا قارىماي، ناھايىتى ئەقىللىق بولغان ئائىشە ئانىمىز سايىسىدا ئاياللارغا ئائىت فىقھىي ھۆكۈملەر ئۆگىتىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ۋاپاتىدىن كېيىن تەخمىنەن 5، 6 يىل كېيىنكى ۋاقىتقا قەدەر بۇ فىقھىي مەسىلىلەر بىرىنچى ئېغىزدىن ساھابە ـ كىراملارغا، ئۇلارنىڭ خانىم ـ قىزلىرىغا ھەتتا نەۋرىلىرىگە يېتىپ باردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«دىنىڭلارنىڭ ئۈچتە بىرىنى ئائىشەدىن ئۆگىنىڭلار» (دەيلەمى: 2 ـ جىلد، 2828\165) دەپ، بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە كىشىنىڭ بىرى بولغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا 2210 ھەدىس رىۋايەت قىلدى. بۇلاردىن 194 ھەدىس بۇخارى ۋە مۇسلىم تەرىپىدىن بىرلىكتە نەقىل قىلىندى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ھالال ـ ھارام، فىقھ ئىلمى، تىبابەت، شېئىر، ئەرەب ھېكايىلىرى ۋە نەسەب ئىلمىنى ياخشى بىلەتتى. ساھابىلەر قايسى بىر مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلاتتى. ھەتتا ساھابىلارنىڭ مەشھۇرلىرىمۇ ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەردە، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالاتتى[86].

بۇ ھەقتە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«رىۋايەت قىلىنغان ھەرقانداق بىر ھەدىستە قىيىنچىلىققا ئۇچرىساق، ئۇنى ئائىشەدىن سورايتتۇق ۋە ئۇنىڭدىن سورىغان مەسىلىدە مۇتلەق بىر جاۋابقا ئېرىشەتتۇق» دېگەن. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 62)

ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بولغان بۇ ئۆيلىنىش سايىسىدە، ئۇزۇن يىللىق قەدىناس دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن دوستلۇقىنىڭ ئۈستىگە تۇققانلىقنى باغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان يېقىنچىلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينى غايە بىلەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسە بىلەن ئۆيلەنگەندىمۇ، بۇ تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلغان. ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبرى بەدر غازىتىدا يارىلىنىپ كېيىن شەھىد

86. ئىبنى ھەجەر: «ئەل ئىسابە»، 4 ـ جىلد، 360 ـ بەت

بولۇپ كەتكەن قىزى ھەفسەنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ياكى ھەزرىتى ئوسمانغا نىكاھلاپ قويۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇنىڭ تەكلىپىنى جاۋابسىز قويغانلىقىدىن غەمكىن بولغان. نىھايەت ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ھەفسە بىلەن ئۆيلەنگەن ۋە بۇ ئۆيلىنىش كونا دوستلارنىڭ ئارىسىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى زەينەپ بىلەن ئۆيلىنىشى ئەڭ كۆپ تالاش-تارتىش قىلىنغان، لېكىن ھېكمىتى كۆپ بولغان ئۆيلىنىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامىمىسىنىڭ قىزى بولغان زەينەبنى ئۇنىڭ كۆڭلى بولماستىن ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى ۋە بېقىۋالغان بالىسى زەيد بىلەن ئۆيلەندۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن باي-كەمبەغەل، ھۆر-قۇل ئايرىمچىلىقىغا خاتىمە بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ تاغاقىنىڭ چىشىغا ئوخشاش باراۋەر ئىكەنلىكىنى يېقىنلىرى ۋاستىسى بىلەن ئېلان قىلغان. كېيىن بۇ ئۆيلىنىش زەينەب ئانىمىز ۋە تۇققانلىرىنىڭ خالىماسلىقى بىلەن ئىككىسى كېلىشەلمەيدىغان ھالەتكە كەلگەن. ئېرى زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەچچە قېتىم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، دەۋالىرى جاۋابسىز قالغان. لېكىن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىرىدا زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن.

بۇ ۋاقىتلاردا نازىل بولغان سۈرە ئەھزابنىڭ 37-ئايىتىدە:

وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللَّهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَا اللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللَّهُ أَحَقُّ أَنْ تَخْشَاهُ فَلَمَّا قَضَى زَيْدٌ مِنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا لِكَيْ لا يَكُونَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِي أَزْوَاجِ أَدْعِيَائِهِمْ إِذَا قَضَوْا مِنْهُنَّ وَطَرًا وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ مَفْعُولا

**«ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھتىن قورققىن!»**

**دېدىڭ. ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ.
كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ. ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ
ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ
قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى
ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ
بەردۇق. ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى
چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ.»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەب بىلەن ئۆيلىنىشى
ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز جاھىلىيەت
دەۋرىنىڭ «بېقىۋالغان بالىنىڭ قويىۋەتكەن ياكى بۇرۇنقى ئايالى بىلەن
ئۆيلىنىش چەكلىمىسى»نى بۇ تەتبىقاتى بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، «ئۆز
بالا» بىلەن «بېقىۋالغان بالىنىڭ» بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى
ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ ھادىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران
بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەنگەن دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرگە رەددىيە
بېرىدۇ.

1. زەينەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ قىزىدۇر. بالىلىق
ۋاقتىدىن باشلاپ، ئۇنى قانچە قېتىم كۆرگەن.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپنى زەيد بىلەن ئۆيلەندۈرۈشتىن
بۇرۇن ئۆيلىنىش تەكلىۋىنى قويغان بولسا، زەينەب ئانىمىز بۇنى خۇشاللىق
بىلەن قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۆيلىنىشكە ھېچقانداق تۇسالغۇمۇ يوق ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىۋاستە ئۆز قولى بىلەن
باشقا بىرسىگە ئۆيلەپ قويۇپ، زەيدنىڭ ئاجرىشىپ كېتىش تەلەپلىرىنى
كۆپ قېتىم رەت قىلغان.

خۇلاسە قىلساق، ئىسلام قانۇنىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرى پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى تەتبىقات بىلەن تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ

بىلەن بۇلارغا ئائىت شەرئى بىر دەلىل مەيدانغا كېلىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ زەينەپ بىلەن ئۆيلىنىشى مۇشۇنداق بولغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ خەيبەر يەھۇدىيلىرىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزى سەفىييە بىلەن ئۆيلىنىشى، يەھۇدىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۆيئوغۇللۇق ئارقىلىق ياخشىلاش، يەنى سىياسىي بىر غايىگە مۇناسىۋەتلىكتۇ. (ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 4-جىلد، 347-بەت)

يەنە بىر قەبىلە رەئىسىنىڭ قىزى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنها بىلەن ئۆيلىنىشى، يۈزلىگەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەركىنلىككە چىقىشى ۋە بۇ ۋاستە بىلەن ھىدايەت تېپىشىغا سەۋەب بولغان. (ئەبۇ داۋۇد: "ئىتىك"، 2).

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبە بىلەن ئۆيلىنىشى بۇ جاپەكەش خانىمنىڭ روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئېرى ھەبەشىستاندا دىنىدىن يېنىۋېلىپ، ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ئۆز دىنىنى مۇداپىئە قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا مەككىنىڭ كاتتىۋېشى بولغان دادىسى ئەبۇ سۇفياندىن ئىمانى تۈپەيلىدىن ياردەم سورىمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىپ، ئۇنى ھىمايىسىز تاشلىنىپ قېلىشتىن قۇتقۇزغان. بۇ ئۆيلىنىش تۈپەيلىدىن مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكمۇ ئازايغان. (ئەلمۇنتەھىنە: 7؛ ۋاھىدى: 443-بەت)

ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم شەھۋانى ئارزۇسى ئۈچۈن ئۆيلەنگەن بولسا ئىدى، مەدىنىدە مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلارنىڭ ھەر جەھەتتە يېتىشكەن، گۈزەل قىزلىرى بار ئىدى. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان قىزنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بېرىشنى بۈيۈك شەرەپ بىلەتتى، قىزلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئايالى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇشقا جانلىرىنى پىدا قىلاتتى. لېكىن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ يولنى قەتئىي ئويلىمىدى.

بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان دىنىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى، بولۇپمۇ ئىسلام قانۇنىدا ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا يېتەرلىك دەرىجىدە ئىلىملىك، تەجرىبىلىك، يېتىشكەن ئىنسانغا بولغان ئېھتىياج تۈپەيلىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىردىن كۆپ ئايال بىلەن ئۆيلەندى. چۈنكى بەزى فىقھى مەسىلىلەردە يالغۇز بىر ئايالنىڭلا قانائەتى كۇپايە بولمايتتى. ئىلىم، زامان، ماكانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلامنىڭ ئايال ۋە ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەق-ھوقۇقلارنى چۈشىنىش بىر كىشىدىن ئومۇمى مەنىسى بىلەن بىزگە يېتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ خانىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ۋاپات بولمايدىغانلىقى جەھەتتە ھېچكىم بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. بۇ ئەھۋال ئىسلامدا ئاياللار ھوقۇقى مۇكەممەل بىر شەكىلدە تۈزۈلۈپ بولالمىغان دېگەن سەپسەتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولاتتى.

نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر باركى، ئاياللار بۇ مەسىلىلەرنى ئەرلەردىن سورالمايدۇ. ئەمما بىر ئايال ئوخشاش مەسىلىنى يەنە بىر ئايالغا تارتىنماي دېيەلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېتىشكەن، بىلىملىك مۇسۇلمان ئاياللارغا ھەر زامان ئېھتىياجى بار. ئەجەبا، بۇ جەھەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ياشىغان، مەسىلىلەرنى بىۋاستە ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ۋە ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان ئاياللىرىدىنمۇ بىلىملىك بىر ئايال تەسەۋۋۇر قىلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەقۋالىقى بىلەن ئۆرنەك بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپ ئاياللىق بولىشى بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن بىر ئۆرنەك بولامدۇ؟ دېگەن سوئال قويۇلسا، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز شەخسىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلار ئۈممىتىگە ئۆرنەك ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ بىر دىنىنىڭ بىرىنچى ۋەكىلى، تەتبىق قىلغۇچىسى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاھىدە

پەرقلىق بىر مەۋقەدە تۇردۇ. بۇ سەۋەبتىن باشقا ئىنسانلارغا ئوخشمايدىغان ھالەتتە پەقەت ئۇنىڭغىلا ھەر كىچە تەھەججۇد ناماز ئوقۇشى پەرز قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلىسىنىڭ زاكات ئېلىشى چەكلەنگەن. بىرلا ۋاقىتتا تۆتتىن كۆپ ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە كەلسەك، بۇ ئەھۋال پۈتۈنلەي دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي سەۋەبلەر بىلەن بولغان. شۇڭا، بۇ مەسىلە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى بىلەن ئۈممەتكە ئۆرنەك تەشكىل قىلمايدۇ.

كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ دىنىمىزدىكى ھۆكمىگە كەلسەك:

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىدىلىشىمىز كېرەككى، كۆپ ئاياللىق بولۇشنى ئىسلام باشلىمىدى ياكى ئوتتۇرىغا قويمىدى. بەلكى، بۇ ھەقتە ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت بولغان بىر ئادەتنى بەلگىلىمىلەر بىلەن تەرتىپكە سېلىپ ئىسلاھ قىلدى. ئىسلامدىن بۇرۇن ئۆيلىنىشتە سان چەكلىمىسى يوق ئىدى. ئىسلام بۇنى ئۆزگەرمەس ھۆكۈم ئاساسىدا تۆت بىلەن چەكلىدى. ئاياللار ئارىسىدا ئادالەتنىڭ تىكلەنمەسلىكىدىن قورققاندا، بىر ئايال بىلەن كۇپايىلىنىشنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى[87].

ئىككىنچىسى، تۆت خوتۇنلۇق بولۇش پۈتۈن ئەرلەر ئۈچۈن بۇيرۇق ئەمەس، بەزى پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا بېرىلگەن رۇخسەتتۇر[88]

بۇ ئەھۋال ئۇرۇش، كېسەل، مېيىپلىق، ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىش، ھىمايە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئائىلىلەرنىڭ

87. سۈرە نىسا 3-ئايەتكە قاراڭ.

88. مۇھەممەد ھەمدى ئەپەندى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: بىردىن كۆپ ئۆيلىنىشتە ئۇنىڭ ئاساسى ئېتىبارى بىلەن قارىغىنىمىزدا ئۇنىڭ پەقەت رۇخسەت ئىكەنلىكى، ئادىل مۇئامىلە قىلالماسلىق ئەندىشىسى بولغان تەقدىردە مەكروھ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر شۈبھە يوق. بۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئايەت بىردىن كۆپ ئاياللىق بولۇشنىڭ بەزى ئەھۋاللاردا مەندۇپ ۋە ھەتتاكى ۋاجىپ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنى كۆپىنچە ھاللاردا مەيلى ئەرلەر، مەيلى ئاياللار ئۈچۈن بولسۇن پاھىشە ۋە زىنا ھالاكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئەھۋاللاردا ئىزدەش كېرەك. (ھەق دىنى قۇرئان تىلى، 2-جىلد، 1290)

پارچىلانماسلىقى، ئاياللارنىڭ ئىگىسىز ۋە ھىمايىسىز قالماسلىقى ئۈچۈن تەتبىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن، بالا تۇغمايدىغان، جىسمانىي ۋە بىئولوگىيىلىك ئەھۋالى بالا تۇغۇشقا يار بەرمەيدىغان بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن كىشى، ئۇ ئايال بىلەن ئاجراشماي تۇرۇپمۇ، ئىككىنچى بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنەلەيدۇ. بۇ زۆرۈرىيەتلەر داۋاملاشقان تەقدىردە ئائىلىلەر كۆپەيتىلىش بىلەن باراۋەر بۇ سان ئەڭ يۇقىرى بولغاندا تۆت بىلەن چەكلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ماددى-مەنىۋى زىيانلار ئازايتىلغان.

ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر مەملىكەتتە بىردىن كۆپ ئۆيلىنىشنى تەشۋىق قىلىش، ئازايغان نوپۇسنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر زۆرۈرىيەت ھالىغا كېلىدۇ. بۇنىڭ مىساللىرى تارىختا كۆرۈلگەندەك، كۈنىمىزدە ۋە كەلگۈسىدىمۇ كۆرۈلىشى مۇمكىن. ئىسلام، ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئاساسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ شەكىلدىكى ئۆتكۈنچى سەۋەبلەر ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئۆتكۈنچى ھۆكۈملەرنىڭ تەتبىق قىلىنىش ئىمكانى، رۇخسەت يولى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھاياتنى ئاسانلاشتۇرغان ۋە ئۆز يولىدا داۋاملىشىشىنى ساقلىغان بۇ قانۇن پەقەتلا ئۆيلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەر ساھەدە كۈچكە ئىگە.

مانا بۇ ئالاھىدىلىك ئىسلامنىڭ ھەر زامان ۋە ماكان ئۈچۈن ھاياتى زۆرۈرىيەتلەرنى مۇكەممەل شەكىلدە ھەل قىلالايدىغان سۈپەتتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىردىن كۆپ تۆتكىچە ئۆيلەنگەن كىشىلەرگە، ئاياللىرى ئارىسىدا ئادالەتنى بەرپا قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن. ئەكسىچە بولغاندا، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنْ خِفْتُمْ أَلاَّ تُقْسِطُواْ فِي الْيَتَامَى فَانكِحُواْ مَا طَابَ لَكُم مِّنَ النِّسَاء مَثْنَى وَثُلاَثَ وَرُبَاعَ فَإِنْ خِفْتُمْ أَلاَّ تَعْدِلُواْ فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ ذَلِكَ أَدْنَى أَلاَّ تَعُولُواْ

**«ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن (يەنى تەربىيەڭلاردا بىرەر يېتىم قىز بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قىزغا باراۋەر تۇرىدىغان قىزغا بېرىلىدىغان مەھرىنى بېرەلمەسلىكىڭلاردىن) قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ ئۆزەڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ. ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 3-ئايەت)

يەنە شۇ سۈرىنىڭ 129-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

وَلَن تَسْتَطِيعُواْ أَن تَعْدِلُواْ بَيْنَ النِّسَاء وَلَوْ حَرَصْتُمْ فَلاَ تَمِيلُواْ كُلَّ الْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا كَالْمُعَلَّقَةِ وَإِن تُصْلِحُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ اللّهَ كَانَ غَفُورًا رَّحِيمًا

**«قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار. ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغفىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ.»**

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن:

«بىر كىشىنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەتلىك بولمىسا قىيامەت كۈنى بىر تەرىپى پالەچ ھالدا تىرىلدۈرۈلىدۇ». (ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 47)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەرنىڭ بىردىن كۆپ ئۆيلىنىش ھەققىنى ئىشلىتىشى، ئايالنىڭ نىكاھ جەريانىدا قويىدىغان شەرتلىرى بىلەن چەكلىمىلىككە ئىگە قىلىنسا بولىدۇ، بۇ ئاياللارغا بېرىلگەن ھەقتۇر[89]. يارىتىلىشتىكى ئىلاھىي غايىنى چۈشەنمەي، مەنتىق بىلەن قارىغاندا ئايال كىشىنىڭمۇ بىردىن كۆپ ئېرى بولۇشى ماقۇل كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ ئەسلا توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ تەقدىردە تۇغۇلىدىغان بالىنىڭ نەسەبى ئارىلىشىپ كېتىدۇ. كىمگە نىسبەت بېرىلىشى كېرەكلىكى بىلىنمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن «فۇجۇر» دېيىلگەن بۇ ئۆيلىنىشكە ھېچبىر دىن ھەتتا ھېچبىر دىنسىز قانۇن-تۈزۈممۇ يول قويمىغاندەك، ئىسلامىيەتمۇ يول قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىسلام بۇ نەسەب تەيىنلەشتىكى ئىنچىكىلىكى تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن تەقدىردە، يېڭى ئۆيلىنىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئىددەت تۇتىشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. كۈنىمىزدىكى قانۇنلار دىققەتكە ئالمىغان بۇ ھەقىقەتلەرمۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ ئىنسان رىئاللىقىنى ئەڭ توغرا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمگە باغلىغانلىقىنىڭ بىر دەلىلىدۇر.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئىسلامنىڭ تۇرمۇشنىڭ ھەر باسقۇچىنى ۋە ھەر تۈرلۈك ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھالدا، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنەلەيمىز. چۈنكى ئىسلام پەقەت ساغلام بولغانلارنىڭلا ئەمەس، قېرى ۋە ئاجىزلارنىڭمۇ دىنىي. ئۇ پەقەت نورمال ۋە راھەت زامانلارنىڭلا ئەمەس، قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغان مۈشكۈل زامانلارنىڭمۇ دىنىي. ئۇ پەقەت ئەرلەرنىڭلا ئەمەس، ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدىغان ھالدا، ئايال كىشىنىڭمۇ

89. خەيرەتتىن قارامان: "سېلىشتۇرما ئىسلام قانۇنى"، 1-جىلد، 290-بەت، 1996، ئىستانبۇل.

دىندۇر. ئائىلىنىڭ سەۋەبسىز يەرگە پارچىلىنىشىغا، نارەسىدە باللارنىڭ بۇزۇلىشىغا ۋە پالاكەتكە چۈشىشىگە كۆز يۇمىايدىغان دەرىجىدە جەمئىيەتنى چۈشەنگەن، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغدىغان يېگانە دىندۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئازاد قىلىپ بالا قىلىۋېلىشى

زەيد ئىبنى ھارىسە سەككىز ياش ۋاقتىدا بەنى قەيس قەبىلىسىنىڭ ئاتلىق ئەترىتى تەرىپىدىن قىلىنغان ھۇجۇمدا، قاچۇرۇلۇپ قول قىلىپ سېتىش ئۈچۈن ئۇكاز بازىرىغا ئېلىپ كېلىندى. ھاكىم ئىبنى ھىزام ئۇنى ھاممىسى ھەزرىتى خەدىچە ئۈچۈن 400 دەرھەمگە سېتىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام، زەيدنى كۆرۈپلا:

ـ بۇ قول مېنىڭ بولسا ئىدى، مۇھەققەق ئۇنى ئازاد قىلاتتىم. ـ دېدى.

ھەزرىتى خەدىچە:

ـ ئۇنداقتا، ئۇ سىزنىڭ بولسۇن! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنى دەرھال ئازاد قىلدى. (ئىبنى ھىشام:1 ـ جىلد، 266 ـ بەت. ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 40 ـ بەت.)

زەيدنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە قايغۇرۇپ، ئۇنى ئىزدەپ چىققانىدى. ھاجىلاردىن زەيدنىڭ مەككىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، دەرھال ئىنىسى بىلەن بىرلىكتە مەككىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى تاپتى. زەيدنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئىنساپ بىلەن باھا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

ـ بۇنىڭدىن باشقا ھەل قىلىش يولى يوقمۇ؟ ـ دېگەندە، زەيدنىڭ دادا ۋە تاغىسى:

ـ باشقا نېمە قىلىمىز؟ ـ دەپ سورىدى.

كائىناتنىڭ پەخرى:

ـ زەيدنى چاقىرىپ، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەيلى، ئەگەر سىلەرنى تاللىسا، ھەر قانداق بەدەل تۆلىمەيسىلەر! ئەگەر مېنى تاللىسا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بىلەن قېلىشنى خالىغان ھەر قانداق كىشىنى تاشلاپ قويمايمەن. ـ دېدى.

زەيدنىڭ دادىسى بىلەن تاغىسى:

ـ سەن بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭ! كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ. ـ دەپ خۇشاللىقنى ئىزھار قىلدى.

زەيد بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەي ئەمىين! مەن ھېچكىمنى سەندىن ئارتۇق كۆرمەيمەن. سەن مەن ئۈچۈن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئورنىدا سەن، مەن پەقەت سېنىڭ يېنىڭدا قالىمەن. ـ دېدى.

دادىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئەيىبلىشىگە قارىتا:

ـ مەن بۇ زاتتىن شۇنداق نەرسىلەر كۆردۈمكى، ھېچكىمنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرمەيمەن ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنىڭ بۇ ساداقىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، كەبىگە ئېلىپ بېرىپ:

ـ ئەي ئىنسانلار! گۇۋاھ بولۇڭلاركى، زەيد مېنىڭ ئوغلۇمدۇر، مەن ئۇنىڭغا ۋارىس بولىمەن، ئۇمۇ ماڭا ۋارىس بولىدۇ. ـ دەپ ،ئۇنى بالا قىلىۋالدى. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى ۋە تاغىسى بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا يۇرتىغا قايتتى[90].

زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىنىسى جەبەلە ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

---

90. شۇ كۈندىن كېيىن زەيد، زەيد ئىبنى مۇھەممەد دېيىلىشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋال سۈرە ئەھزابنىڭ 5 ـ 40 ـ ئايەتلىرى بىلەن بېقىۋېلىش ئادىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىغا قەدەر داۋاملاشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاكام زەيدنى مەن بىلەن بىرلىكتە يولغا سېلىپ قويغىن. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاكاڭ زەيد بۇ يەردە، ئەگەر سېنىڭ بىلەن كېتىشنى خالىسا مەن توسمايمەن. ـ دېدى.

زەيد:

ـ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ھېچكىمنى سەندىن ئارتۇق كۆرمەيمەن! ـ دېدى.

كېيىن ئاكام زەيدنىڭ كۆز قارىشىنىڭ مېنىڭ كۆز قارىشىمدىن توغرا ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 39\3815.)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىنى يېنىغا ئېلىشى

ئەبۇ تالىبنىڭ ماددى ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، جان سانىمۇ كۆپ ئىدى. بۇ سەۋەبتىن قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر تاغىسى ھەزرىتى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ تاغا! بىلىسەنكى، قېرىنداشىڭ ئەبۇ تالىبنىڭ ئۆيىدە جان سانى كۆپ، ئىنسانلار قەھەتچىلىك دەردىدە تولغىنىۋاتىدۇ. ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەيلى. ئوغۇللىرىدىن بىرىنى مەن يېنىمغا ئالاي، بىرىنى سەن يېنىڭغا ئال! شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ يۈكىنى بىرئاز يېنىكلىتەيلى. ـ دېدى.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئالىيجاناب تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، بىرلىكتە ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا باردى.

ئەبۇ تالىب:

ـ ئاقىلنى ماڭا قويۇپ قويۇڭلار، باشقىلىرىدىن خالىغىنىڭلارنى ئالساڭلار بولىدۇ! ـ دېدى.

بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلىنى، تاغىسى ئابباس جەفەرنى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگىچە ھەزرىتى ئەلى يېنىدا چوڭ بولدى. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 264-بەت)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى خەدىچە بىلەن ئۆيلەنگەندىن كېيىن قاسىم، ئابدۇللاھ، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە فاتىمە دۇنياغا كەلدى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى قاسىم بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇل قاسىم لەقىمى بېرىلدى. قاسىم ئىككى ياشقا كىرگەندە، ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئوغلى ئابدۇللاھ ئىسلام دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن «تايىيب» ۋە «تاھىر» دېيىلدى[91].
ئۇ ۋاپات بولغاندا، قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن ئاس ئىبنى ۋائىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە: «قويۇڭلار ئۇنى! ئۇ ئەبتەر يەنى نەسلى داۋام قىلمايدىغان بىر ئادەمدۇر. ئۆلشى بىلەن ئىسمى خاتىرلەنمەيدۇ، سىلەرمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ راھەتكە چىقىسىلەر» دېدى.
بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا سۈرە كەۋسەرنى[92]نازىل قىلدى:

إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ، فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ، إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الْأَبْتَرُ

**«بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن**

94. ئىبنى سائاد :1-جىلد، 133-بەت..

92. كەۋسەر: سۆز مەنىسى، كۆپلۈك، كۆپ نەرسە، بىر نەرسىنىڭ كۆپلىكى دېگەنلىكتۇر. كەۋسەر نەبۇۋۋەت، قۇرئان، ئىسلام، خەير، سائادەت، شاپائەت، ناماز ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى دەپ تەپسىر قىلىنغان. سەھىھ رىۋايەتلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى كۆلىنىڭ ئىسمىدۇر. ئۈممەتى مۇھەممەد قىيامەت كۈنى ئۇ كۆلنىڭ بېشىدا توپلىنىدۇ. (بۇخارى، تەپسىر، 108)

**سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ.»**. (كەۋسەر سۈرىسى، 1-3-ئايەتلەر) (ئىبنى سائاد، 3-جىلد، «ۋاھىدى»، 494-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئوغلى كىچىك ياشتا ۋاپات بولغاندا، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

«ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بالامنىڭ سۈتى تاشتى. كاشكى، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆمرىنى سۈت ئېمىش دەۋرىنى تاماملىغىچىلىك ئۇزاتقان بولسىچۇ. - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- ئۇ سۈت مەزگىلىنى جەننەتتە تاماملايدۇ. - دېدى.

ھەزرىتى خەدىچە:

«ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بۇنى ئېنىق بىلگەن بولسام، بالىنىڭ ۋاپاتى ماڭا ئېغىر كەلمەيتتى!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- ئەگەر خالىساڭ، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ساڭا ئاڭلىتاي. - دېدى.

خەدىچەتۇل كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاللاھقا تەسلىم بولۇش ساداقىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ:

« ئى رەسۇلۇللاھ، كېرەك يوق! مەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىنى تەستىق قىلىمەن (يەنى ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىمەن) دېدى. (ئىبنى ماجە: «جەنائىز»، 27.)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تۆت قىزى بولۇپ، ئەڭ چوڭى زەينەب ئىدى. ئۇ تۇغۇلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام 30 ياشتا ئىدى. كېيىن ھەزرىتى رۇقىيە تۇغۇلدى[93].

96. دىيار بەكرى: 1-جىلد، 273-274-بەتلەر

رۇقىيەدىن كېيىن ھەزرىتى ئۇممۇ گۇلسۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى فاتىمە تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا 35 ياشقا كىرگەن بولۇپ، كەبە يېڭىدىن بىنا قىلىنىۋاتقانىدى[94].

ئاخىرقى بالىسى ئىبراھىم ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى مارىيە ئانىمىزدىن دۇنياغا كەلدى. ئۇممۇ رافى ئىبراھىمنىڭ تۇغۇت ئانىسى بولدى. ئۇنىڭ ئېرى ئەبۇ رافى ئىبراھىمنىڭ تۇغۇلغانلىق خۇشخەۋىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. بۇ خەۋەردىن خۇشال بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھەدىيەلەر بېرىپ، يېنىدىكىلەرگە:

«بۇ كېچە بىر ئوغلۇم تۇغۇلدى، ئۇنىڭغا ئاتام ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم» دېدى. (مۇسلىم. «فەزائىل»، 62)

ئىبراھىم 17 ياكى 18 ئايلىق بولغاندا، ئاغرىپ قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى[95].

## كەبىدە ھۆكۈم قىلىش

مەككە كەلكۈن ئاپىتى تۈپەيلىدىن كەبىنىڭ بەزى يەرلىرى يىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى قەبىلىلەر كەبىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن، يېڭىدىن بىنا قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ ۋاقىتتا بىر كېمىنىڭ قاتتىق بوران بىلەن مەككىگە يېقىن بولغان شۇئەيبە پورتىغا كېلىپ، ئۇ يەردە قۇرۇۇقلۇققا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. كېمە يۇمشاق ۋە تۈز بولغان تاش، تاختاي ۋە تۆمۈرگە ئوخشاش قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇيتتى. ئۇلار بېرىپ تاختىلارنى سېتىۋالدى. كەبىنىڭ رېمونت ئىشلىرىنى قۇرئە (يەنى چەك تاشلاش بىلەن) بۆلۈشتى.

94. ئىبنى سائاد، 8 ـ جىلدا، 19 ـ 26

98. ئاسرى چۇبۇكچۇ: دىيانەت ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، "ئىبراھىم" ماددىسى، 21 ـ جىلد، 273 ـ 274

قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنىڭ ئۆزگە ئائىت قىسمىنى بىنا قىلىشنى باشلاۋاتقان ۋاقىتتا، ئەبۇ ۋەھب ئىبنى ئەمر ئورنىدىن تۇرۇپ:

- ئەي قۇرەيش جامائىتى! كەبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پۇلۇڭلارنىڭ پاكىز ۋە ھالال بولمىغانلىرىنى ئارلاشتۇرماڭلار! ئۇنىڭغا ھارام پۇل قوشۇلمىسۇن! - دېدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 210-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 305-بەت)

قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنى رېمونت قىلىغان چاغدا، ئازابقا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قارارسىز قالغان ئىدى. ئەرەبلەر ئارىسىدا كەبىنى ئۇلۇغلاش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىدىن قالغان مۇقەددەس بىر ۋەزىپە ئىدى.

قۇرەيش جامائىتىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى بولغان ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە:

- سىلەرنىڭ كەبىنى رېمونت قىلىشتىكى غايەڭلار نېمە؟ ياخشىلىقمۇ ياكى يامانلىقمۇ؟ - دەپ سورىدى.

قۇرەيش قەبىلىسى:

- ئەلۋەتتە ياخشىلىقتۇر. - دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭ بىلەن ۋەلىد:

- ئەي قەۋمىم! سىلەر كەبىنى رېمونت قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قايتىدىن بىنا قىلىشنى ئويلاۋاتىسلەر. ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايدۇ. - دېدى. شۇنىڭ بىلەن كەبىنى يىقىپ، يېڭىلاش ئىشىنى باشلىدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. (ئابدۇررازراق، 5-جىلد، 319)

كەبىنىڭ تاملىرىنى بىر قۇر تاش ۋە بىر قۇر ياغاچ بىلەن قوپۇرۇپ، ئېگىزلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ رېمونت ئىشىغا تاغىسى ئابباس بىلەن قاتناشتى. نوۋەت ھەجەر ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇشقا كەلگەندە، ھەر قەبىلە بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆزى ئادا قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن چوڭ بىر جېدەل چىقتى. قوپال تالاش-تارتىشلار مەيدانغا كەلدى. مەسىلە ھەسەتخورلۇققا بېرىپ يەتتى. قان تۆكۈلۈشكە ئاز قالغاندا، بەنى

ئابدۇددار جەمەتى قان بىلەن تولغان بىر تاۋاق ئېلىپ كېلىپ، ئۆلگىچە ئەدىي ئىبنى كەئب جەمەتى بىلەن بىرلىككە كېلىپ ئۇرۇشۇشقا تەييارلىق قىلدى. قەسىمنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىرىنى قانغا تولغان تاۋاققا تىقتى. قۇرەيش قەبىلىسى بۇ ئەھۋالدا تۆت، بەش كېچە قالدى.

ئاخىرىدا قۇرەيشنىڭ ياشتا چوڭ، مويسىپىتى بولغان ئەبۇ ئۇمەييە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

«ئەي قەۋمىم! بىز ياخشىلىقنى خالايمىز، يامانلىقنى خالىمايمىز. سىلەر بۇ ئىشتا قىزغانچۇقلۇق قىلماڭلار. جەڭگە-جېدەل قىلماڭلار! بىز بۇ مەسىلىنى ئارىمىزدا ھەل قىلالمىدۇق، ھەرەم دەرۋازىسىدىن تۇنجى كىرگەن كىشىنى ئوتتۇرىمىزدا ھۆكۈم قىلغۇچى قىلىپ تەيىنلەيلى. ئۇنىڭ ھۆكمىگە رازى بولايلى!» دەپ قولى بىلەن مەسجىدى ھەرەمنىڭ بەنى شەيبە دەرۋازىسىنى كۆرسەتتى.

شۇ ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرەم دەرۋازىسىدا كۆرۈندى. ھەممەيلەننىڭ يۈزىنى تاتلىق بىر تەبەسسۇم قاپلىدى. چۈنكى كەلگەن كىشى مۇھەممەدۇل ئەمىن ئىدى. قۇرەيشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقانىدى. ھەتتا بىر تۆگە بوغۇزلىماقچى بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەيتتى. پەيغەمبىرىمىز كېلىپ ئىشلىرىنىڭ بەرىكىتى ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى[96].

بۇ سەۋەبتىن قۇرەيش قەبىلىسى ئۇنى كۆرىشى بىلەن تەڭ:

- مانا، ئەلئەمىين كەلدى! ئارىمىزدا ئۇنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا ھەممىمىز رازىمىز. - دېدى. مەسىلىنى پەيغەمبىرىمىزگە بايان قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ھەر قەبىلىدىن بىر ئادەمنى تاللاپ، تونىنى يەرگە سالدى. كېيىن ھەجەر ئەسۋەدنى تونىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تاللىغان كىشلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىر ئۇچىنى تۇتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ، مۇبارەك تاشنى بىرلىكتە يۆتكىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەر ئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن جايىغا قويدى.

99. ئابدۇررەززاق: 5-جىلد، 319-بەت. ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 304-بەت

شۇنىڭ بىلەن قەبىلىلەر ئارىسىدا چىقىشى ئېھتىمالى بولغان بىر ئۇرۇش توسۇلۇپ قالدى[97].

ئۇنىڭ بۇ خىل پاراستى، باشقىلار يېتەلمەيدىغان دەرىجىدىكى گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى ماقامىغا يەتكۈزىدىغان بىر پەيغەمبەرلىكنىڭ شۇ دەۋر ئۈچۈن بىلىنمىگەن بىر ئالامىتى ئىدى. بەلكى، مەككىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقى تېخى بىلىنمىگەنىدى، ئەمما، تەۋھىددىن ئايرىلمىغان بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى ھېس قىلىنىدى. قۇس ئىبنى سائىدە بۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

## قۇس ئىبنى سائىدەنىڭ خىتابى

قۇس ئىبنى سائىدە ئىياد قەبىلىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا مەنسۇپ، مۇۋەھھىد ۋە شائىر بىر ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇكاز بازىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولغان بىر جامائەتكە پەيغەمبەر ئەۋەتىلىش توغرىسىدا قىلغان شۇ خىتابى مەشھۇردۇر:

- ئەي ئىنسانلار! كېلىڭلار، ئاڭلاڭلار، چۈشىنىڭلار، ئىبرەت ئېلىڭلار!

- ياشىغان ئۆلىدۇ، ئۆلگەن تۈگەيدۇ، بولىدىغان ئىش بولىدۇ. يامغۇر ياغىدۇ، ئوتلار ئۆسىدۇ، بالىلار تۇغۇلۇپ، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. كېيىن ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئالدى-كەينى ئۈزۈلمەي ئارقىمۇ-ئارقا يۈز بېرىدۇ.

- دىققەت قىلىڭلار! سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئاسماندىن خەۋەر بار، زېمىندا ئىبرەت بولىدىغان نەرسىلەر بار! يەر يۈزى تەييارلانغان بىر

97. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 209-دىن 214-بەتكىچە؛ ئابدۇررازاق: 5-جىلد، 319-بەت.

بۆشۈك، ئاسمان ئېگىز بىر تورۇس، يۇلتۇزلار ھەرىكەت قىلىدۇ، دېڭىزلار تۇرىدۇ، كەلگەن كەتمەيدۇ، كەتكەن كەلمەيدۇ. ئەجىبا، بارغان يەرلىرىدىن مەمنۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردە قالامدۇ؟ ياكى تاشلاپ قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتىمۇ...

ـ قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىر دىن باركى، ئۇ ئۇنىڭغا، سىلەر ئۇستىدە بولغان بۇ دىنىڭلاردىن سۆيۈملۈكتۇر ۋە ئاللاھنىڭ پات ئارىدا كېلىدىغان بىر پەيغەمبىرى باركى، ئۇنىڭ كېلىشى ناھايىتى يېقىندۇر. ئۇنىڭ كۆلەڭگۈسى بېشىڭلارنىڭ ئۇستىگە چۈشتى. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، ھىدايەت تاپقان كىشى نېمىدېگەن بەختلىك! ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئاسىيلىق قىلغان كىشى نېمىدېگەن بەختسىز!

ـ ئۆمرىنى غەپلەتتە ئۆتكۈزگەن ئۈممەتلەرگە ۋاي!

ـ ئەي ئىنسانلار!

ـ غەپلەتتىن ساقلىنىڭلار! ھەممە نەرسە پانىدۇر، پەقەت جانابى ئاللاھ باقىدۇر. (يەنى مەڭگۈ قالىدۇ) بىردۇر، شېرىكى ۋە ئوخشىشى يوقتۇر. پەقەت ئۇ ئىبادەتكە لايىقتۇر. ئۇ تۇغمىغان ۋە تۇغۇلمىغان.

ـ ئىلگىرىكىلەردىن بىزگە كۆپ تەجرىبە ـ ساۋاقلار بار.

ـ ئەي ئىياد قەبىلىسى! ئاتا ـ بوۋاڭلار قەيەردە؟ تاشتىن قەسىر ۋە كاتتا سارايلار سالغان ئاد ۋە سەمۇد قەۋمى قەيەردە؟ دۇنياسىغا مەغرۇر بولۇپ قەۋمىگە خىتابەن: «مەن سىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك رەببىڭلار» دېگەن فىرئەۋن ۋە نەمرۇد قەيەردە؟

ـ بۇ يەر ئۇلارنى ئۆز تۈگمىنىدە ئېزىپ ئۇن قىلدى، ئۇستىخانلىرىنىمۇ چىرىتىپ بولدى، سارايلىرى خارابىغا ئايلاندى، ھازىر ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ئىتلار ئىگەللىدى. ئۇلارغا ئوخشاش غەپلەتتە قالماڭلار، ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭماڭلار، ھەممە نەرسە پانىدۇر، پەقەتلا يالغۇز ئاللاھ باقىيدۇر!

ـ ئۆلۈم دەرياسىنىڭ كىرىش يەرلىرى بار، چىقىشى يوق!... چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى بۇ دۇنيادىن كۆچۈپ كېتىدۇ، ھەممىڭلارغا كەلگەن

ماڭىمۇ كېلىدۇ». (بەيھاقى: «كىتابۇز زۇھد»، 2-جىلد، 264-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 234-دىن 241-بەتكىچە؛ ھەيسەمى: 9-جىلد، 418-بەت)

قۇس ئىبنى سائىدە بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا، سۆزنى دەۋاتقان ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن ۋاپات بولدى. ئەمما قەبىلىسى پەيغەمبەرلىك كەلگەندە، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئىمان ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇلارغا:

- قۇس ئىبنى سائىدەنىڭ ئۇكاز بازىرىدا، تۆگە ئۈستىدە: «ياشىغان ئۆلىدۇ، ئۆلگەن تۇگەيدۇ، ھەر بولىدىغان ئىش بولىدۇ.» دەپ خۇتبە ئوقۇغانلىقى ھېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بۇ خۇتبىنى ئوقۇيالايدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ - دېدى.

جامائەت ئۇ خۇتبىنى قەبىلىدىكى ھەر ئىنساننىڭ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ سۆيۈندى.

ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كۈنى مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم، ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يادىمدا.- دەپ، خۇتبىنى باشتىن-ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەردى. كەينىدىن ئىياد قەبىلىسىدىن بىرسى تۇرۇپ، قۇس ئىبنى سائىدەنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقىدى. بۇ شېئىرلاردا پەيغەمبىرىمىزنىڭ جەمەتى بولغان ھاشىم قەبىلىسىدىن بۈيۈك بىر پەيغەمبەرنىڭ چىقىدىغانلىقى ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن ئىدى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 234-241-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇس ئىبنى سائىدە ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«ئاللاھتائالا قۇس ئىبنى سائىدەگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ قىيامەت كۈنى ئايرىم بىر ئۈممەت بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ!». (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 2-جىلد، 239 -بەت)

## ھىرا غارىدا خىلۋەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكى يېقىنلاشقانسىرى كىشىلەردىن ئايرىلىپ ھىرا غارىدا بىر مۇددەت تەپەككۇر دېڭىزىغا چۆكتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۆيدىن چىقىپ، مەككىدىن يىراقلىشىپ، تىنىچ يەرلەرگە باردى. بۇ جەرياندا ئالدىدىن ئۆتكەن دەرەخ ۋە تاشلار: «ئەسسالامۇ ئەلەيكە يا رەسۇلەللاھ!» دەپ سالام بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئەتراپىغا قارىغان چاغدا، دەرەخ ۋە تاشلاردىن باشقا بىر نەرسە كۆرمىدى[98].

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن مەككىدە بىر تاش بىلىمەنكى، پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىمدىن بۇرۇن ماڭا سالام بېرەتتى. ئۇنىڭ يېرىنى ھازىرمۇ بىلىمەن» دېدى. (مۇسلىم ، فەزائىل، 2)

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىدە ئىدىم. بىرلىكتە مەككىنىڭ بەزى يەرلىرىگە باردۇق. تاغ ۋە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن كېتىۋاتاتتۇق، ئالدىدىن ئۆتكەن پۈتۈن تاغ ۋە دەرەخلەر: «ئەسسالامۇ ئەلەيكە يا رەسۇلەللاھ!» دېدى. (تىرمىزى: «مەناقىب» ، 6\3626.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئايلىرىدا ھىرا غارىدا[99] بىر ئاي ئېتىكاپ قىلاتتى.

---

98. ئىبنى سائاد : 1 ـ جىلد ، 157 ـ بەت

99. ھىرا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەن غارنىڭ ئىسمىدۇر. ھىرا غارى مەككىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن تەخمىنەن 5 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، نۇر تېغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا مۇھىم بىر يەر بولغان ھىرا غارى تاغنىڭ چوققىسىدىن بىر قانچە مېتىر پەستە. بۇ ماكان ئەسلىدە ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋلىنىپ كەتكەن قىيا تاشلار ئارىسىدا قالغان تونىلغا ئوخشاش بىر بوشلۇقتىن ئىبارەت. ئالدى تەرىپىدىكى يوچۇقتىن كەبە كۆرىلىدۇ. ئېگىزلىكى بىر كىشىنىڭ بېشى تۇرۇسقا تەگمەي تۇرۇپ ئۆرە تۇرالىغىدەك دەرىجىدە، كەڭرىلىكى بولسا يەردە پۈتلىرىنى ئۇزۇن سۇنالىغىدەك دەرىجىدە. بۇ غار كەبە ۋە ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئورۇندا بولۇپ، تەپەككۇرغا ياخشى بىر جايدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇنمۇ مەككىدىكى ھەنىفلەر ھىرا تېغىدا ئىبادەت

بۇ جەرياندا يېنىغا كەلگەن پېقىر-مىسكىنلەرگە تائام بېرىپ، ئېھتىياجىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. ئېتىكاپتىن چىقىپ ئۆيىگە قايتىشتىن بۇرۇن كەبىنى تاۋاپ قىلاتتى[100].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قەۋمىنىڭ بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرگەنسىرى ئۇلاردىن يىراقلىشىپ خىلۋەت ۋە يالغۇزلۇقنى ئارزۇ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ يالغۇزلۇقتىكى ئىبادىتى تەپەككۇر قىلىش، ئاتىسى ئىبراھىم ئەلەيھسسالامغا ئوخشاش ئاسمان-زېمىننىڭ بۈيۈكلىكىدىن ئىبرەت ئېلىش ۋە كەبىگە چوڭقۇر نەزەر بىلەن قاراشتى[101].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھىراغا ماڭغاندا يېنىغا بىر ئاز ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىۋالاتتى. ئوزۇقى تۈگىگەندە ھەزرىتى خەدىچەنىڭ يېنىغا كېلىپ، يېمەك-ئىچمەك ئېلىپ قايتا باراتتى.[102].

ھىرا غارىغا بەزى ۋاقىتتا ھەزرىتى خەدىچە بىلەن بىرلىكتە باراتتى[103].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خىلۋەتتىكى ۋاقىتىدا نۇرلارنى كۆرەتتى، ئاۋازلار ئاڭلايتتى. بۇلارنىڭ جىن ۋە كاھىنلارغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ قورقاتتى. ھەزرىتى خەدىچىگە:

- ئەي خەدىچە! كاھىن بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ قورقىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇ بۇت ۋە كاھىنلاردىن نەپرەتلەنگىنىمدەك، ھېچبىر نەرسىدىن نەپرەتلەنمەيمەن. -دېگەندە

ھەزرىتى خەدىچە:

---

قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب بۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، جازا ۋە مۇكاپات يېرى بولغان ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشى بولۇپ، ھىرا غارىدا ئىبادەت قىلغان.

103. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 253-254-بەتلەر

104. ئاينى، 1-جىلد، 61

105. مۇسلىم: «ئىمام»، 252

103.ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 254-بەت

- ئەي تاغامنىڭ ئوغلى![104] بۇنداق دېمە! ئاللاھ سېنى كاھىن قىلمايدۇ.
- دەپ تەسەللى بېرەتتى. (ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 195)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھىرا غارىدا پەرۋەردىگارى بىلەن يالغۇز قالغان مەزگىلى ئۇرۇقنىڭ تۇپراق ئاستىدىكى ئەھۋالىغا ئوخشايتتى. بۇ يەر ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانىيەتكە ئەبەدى مەجھۇل قالىدىغان بىر شەكىللىنىشنىڭ مەيدانىغا كېلىش ماكانىدۇر. ئىمانىنىڭ ئۇرۇقلىرى بۇ يەردە تىكىلدى، ئەبەدى سائادەت مەشئىلى بۇ يەردە تۇتاشتۇرۇلدى، ھىدايەت رەھبىرى بولغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىنسانىيەتكە ھەدىيە قىلىنىشمۇ بۇ يەردە باشلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ھىرا غارىغا بېرىشقا تۈرتكە قىلغان ئامىللار، تاشقى كۆرۈنۈشتە خەلقنىڭ ئىچىگە چۈشكەن ئازغۇنلۇق، ئەقىلسىزلىقتىن كۆڭلىگە ئەكس ئەتكەن ئازاپ ۋە پۈتۈن ئالەمگە ئومۇمىي مەرھەمەت ئىدى. ھەقىقەتتە بولسا، ئىنسانىيەتكە ئەبەدى سائادەت بولغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاللاھتائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋاستىسى بىلەن ئىنسان ئېڭىغا يەرلەشتۈرۈلىشنى ساقلايدىغان تەييارلىق باسقۇچى ئىدى. بۇ ئەھۋال خۇددى يۇقىرى بېسىملىق ئېلىكتىر سىمىنى يەرگە كۆمۈۋېتىشكە ئوخشاش مەنىۋى زەررەتلەر سەھنىسى ئىدىكى، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ھەبىبى ئارىسىدا سىر بولىشى، ئۇنىڭ كۆزدىن يىراق بولغان بىر غاردا بولىشىنى تەقەززا قىلغان ئىدى. ھىرا غارى ۋەھيي نازىل بولۇش ۋە ئادەتتىكى ئىنسانلار ئۈچۈن كۆتىرىش ئىمكانسىز بولغان ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈش جەھەتتىكى تەييارلىقنىڭ ئاشكارا بولۇش مەۋسۇمى ئىدى. خۇددى خام تۆمۈرنىڭ ئېرىتىلگەن ۋاقتىدىكى تەييارلىق بىلەن كۈچلەنگىنىگە ئوخشاش.

104. "تاغامنىڭ ئوغلى": قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى دېگەندەك مەنىدە كېلىدۇ. ئەرەبلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىشى كەڭ تارقالغان بىر خىتاب سۆزى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۈيئوغۇللۇق بىر تۇققانچىلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ.

بۇ سىرنى ئۆز لايىقى بىلەن سۆرەتلەپ بېرىش ئۈچۈن ئەتراپىى ھەرخىل پىكىرلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان ئىدراك ۋە ئۇنى مۇكەممەل ئىپادىلىيەلەيدىغان ئىنسان سۆزىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھىرادا يالغۇز قېلىشى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردە مۇقىم داۋاملاشتۇرغان ئېتىكاپلىرىدىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، بىر مۇسۇلمان قانچىلىك ئىبادەت قىلسا قىلسۇن، بەزىدە يالغۇز قالغان چاغدا نەپسىدىن ھېساب ئېلىپ، كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ ھەرىكىتىنى تەپەككۇر قىلماي تۇرۇپ، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ. بۇ ھەر مۇئمىنىنىڭ قىلىشى كېرەك بولغان ئاددى ۋەزىپىسىدۇر. ئىنسانلارغا رەھبەر بولىدىغان كىشىلەر بۇ خىل تەپەككۇر، ھېسسىيات ۋە ئۆز نەپسىدىن ھېساب ئېلىشقا تېخىمۇ موھتاجدۇر.

قۇرئانى-كەرىم بىرىنچى ئايىتىدىن ئاخىرقى ئايىتىگىچە ئىنسانغا تەپەككۇر تەلىمى بېرىپ، چۈشەنچىنىڭ مەركىزىگە رەببىگە بولغان قۇللۇقنى يەرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىمان لەززەت ھالىغا كېلىدۇ. بەندە ھەر ۋاقىت رەببىنىڭ رىزاسىنى ئىزدەيدىغان غەيرەتتە بولىدۇ. نەتىجىدە ئىنسان ئىلاھىي لۇتۇف ۋە قۇدرەت ئېقىشىنىڭ قەلبتىكى ھېكمەت نامايەندىلىرى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ.

مۇئمىن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئاساسلاردىن بىرى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتۇر[105].

ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىماندىن كېيىنكى يېگانە ئامىلى، ئاللاھنىڭ لۇتۇف، ئېھسانلىرىنى ئويلاش، ئۇنىڭ قۇدرىتى

105. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام دۇئالىرىدا ئاللاھتائالانىڭ مۇھەببىتىنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «اللهم إني أسألك حبك وحب من يحبك والعمل الذي يبلغني حبك.اللهم اجعل حبك أحب إلي من نفسي وأهلي ومن الماء البارد»: «ئاللاھىم! سەندىن سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنى ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە سېنىڭ مۇھەببىتىڭگە يەتكۈزىدىغان ئەمەللەرنى تىلەيمەن. ئاللاھىم! سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى ماڭا نەپسىمدىن، ئائىلەمدىن ۋە سوغۇق سۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن.» (تىرمىزى: «دۇئالار»، 72.).

ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش، ئۇنى قەلب ۋە تىل بىرلەشكەن ھالدا زىكىر قىلىشتۇر[106].

بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا مەشغۇلىيىتى ۋە سۆيگۈسىدىن قەلبنى ساقلاپ خىلۋەتكە چىقىش بىلەن مۇمكىندۇر.

بۇ يەردە شۇنى ئېيادىلەيمىزكى، خىلۋەتتىن مەقسەت ئىنسانلاردىن يىراقلىشىپ، جامائەتتىن قېچىپ، تاغ ۋە ئۆڭكۈرلەرنى ۋەتەن قىلىش ئەمەستۇر. ئەكسىچە بۇ شەكىلدە ھەرىكەت قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ يولىغا زىتتۇر.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغان مۇسۇلمان، ئۇلاردىن يىراق تۇرۇپ، ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلمىغان مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر» دېگەن. (تىرمىزى، «قىيامەت»، 55)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوي بېقىشى، فىجار ئۇرۇشى، خەيرىيەت ئۇيۇشمىسىغا قاتنىششى، پۇل-مۈئامىلىسى ۋە كەبىنىڭ يېڭىدىن بىنا قىلىنىشىغا بىۋاستە قاتنىششىغا ئوخشاش پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن تۇرمۇش قايىنىمىنىڭ ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن ياخشى ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرغان.

106. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اذْكُرُوا اللَّهَ ذِكْرًا كَثِيرًا «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار» دېگەن ئايەت-كەرىمىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ھەربىر پەرزگە مەلۇم بىر چېگرا بېكىتكەن. بۇ جەھەتتە ئۆزرىلىك بولغانلارنىڭ ئۆزرىسىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئەمما زىكىر بۇنىڭ سىرتىدا. ئاللاھ بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم چەك قويمىغان. ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردىن باشقا زىكىرنى تەرك قىلغان ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ئۆزرىسىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ. ئىنسانلارنى ھەر قانداق ئەھۋالدا زىكىر قىلىشنى بۇيرىغان. (تەبەرى: 22-جىلد، 22-بەت؛ قۇرتۇبى: 14-جىلد. 197-بەت)

خىلۋەتتە بولۇشتىن مەقسەت، ئۆز ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشتۇر. شىپا تېپىش ئۈچۈن قىلىنغان دورا ۋاقتىدا ۋە يېتەرلىك بولىشى كېرەك. ھەددىدىن زىيادە بولسا، پايدا قىلىشنىڭ ئورنىغا زىيان قىلىشى مۇھەققەقتۇر[107].

## باللىق ۋە ياشلىق دەۋرنىڭ تەھلىلى

ئاللاھتائالا ئالەمگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىدىغان ھەبىبىنى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تۇنجى كۈنىدىن باشلاپ ئېسىل ۋە پاك نەسەبلەردىن تاللاپ، دۇنيا ئالىمگە چۈشۈرگەن. بۇ تەڭدىشى بولمىغان نەسەبنى باشقىلاردىن نۇرغۇن جەھەتتە ئۈستۈن قىلىش بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ پۈتۈن ئەجدادىنى ئۆز دەۋرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئالاھىدە شەخسلەر قىلغان. شائىر بۇنى نەقەدەر گۈزەل ئىپادىلىگەن:

گۈل بولغانىنىڭ ئەسلى گۈلدۇر،
پەيغەمبەرنىڭ نەسلى گۈلدۇر...

تۇنجى ئىنسان ۋە تۇنجى پەيغەمبەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۈممىتىگە خوشخەۋەر بېرىدىغان ھادىسىلەر يۈز بەرگەن.

ئاللاھتائالا ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىدىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى پۈتۈن ئالامەتلىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە تونۇتقان. ساغلام ئەقىللىق بەندىلىرىنىڭ، ئۇنى ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالدۇرۇش سۈرىتى بىلەن ئۇنىڭ تەربىيەسىنى قۇدرەت قولىغا ئېلىپ، ئەڭ گۈزەل تەربىيە قىلغان. ئاجىزلىقنى كۆرسىتىپ، كەلگۈسىدە ئۇنىڭغا ئامانەت قىلىنىدىغان، ئىنسانلارغا بولغان شەپقەت، مەرھەمەت ۋە ياردەمدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىشنى مەقسەت قىلغان.

ئاللاھتائالا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى جاھىلىيەتنىڭ ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلىرىدىن ساقلاپ، ئۇنىڭ ھايات سەھىپىسىگە قىلچىلىك چاڭ-توزاڭ قوندۇرماي، پەيغەمبىرىنى گۈزەل ئەخلاقتا كامالەتكە يەتكۈزگەن.

110. شەيخ بۇتى، "مىن رەۋائىئىل قۇرئان" 79-82-بەتلەر.

ئىنسانلار ئۇنى راستچىللىق، ئامانەت، ئىخلاس، مەرھەمەت، ياردەم قىلىش، باشقىلاردىن بىھاجەت بولۇش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىشقا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئوخشاش ئۈستۈنلۈكى بىلەن تونىغان، ھەرتۈرلۈك ئىشىدا ئۇنىڭغا ئىشەنگەن. ئاللاھتائالا گۈزەل بولغان ھەر نەرسىنى ۋە پۈتۈن كامالى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۇنىڭدا توپلىغان. دۈشمەنلىرىمۇ ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئىنكار قىلالمىغان. ھەتتا ۋەھىي ۋە پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭغا «ئەل ئەمىين» ئىسمىنى بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەبىدە ھۆكۈم قىلغۇچى بولىشىمۇ ئۇنىڭ قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىگە بولغان ئالاھىدە ئىمتىيازىنى ئوچۇق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەندە سۆزىنىڭ توغرىلىقىدىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىش قىلغاندا گۈزەل ئەخلاقىدىن، ئۇنىڭغا موھتاج بولغاندا سەمىمىيىتىدىن ھېچ شۈبھە قىلمىغان.

ئاللاھتائالا ئۇنىڭ شەخسىيىتىنى مۇكەممەل قىلىپ ياراتقان. چۈنكى ئۇ پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈرنەك بولغان ھىدايەت رەھبىرى ئىدى. ئىنسانلار مەنسەپ ۋە ئىمتىيازدىن بەكرەك خاراكتېرغا مەپتۇندۇر. داھىيلارنى پەقەت ھۆرمەتلەيدۇ، لېكىن ئەگەشمەيدۇ. ئەمما گۈزەل ۋە ئالىي خىسلەتكە ئىگە بولغان كىشىلەرگە ئەگىشىدۇ.

# پەيغەمبەرلىكنىڭ مەككە دەۋرى



2-باب

# پەيغەمبەرلىكنىڭ مەككە دەۋرى

## ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى: راست چۈشلەر

ئالەمنىڭ مەۋجۇتتا كېلىش سەۋەبى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام، بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ياشلىق دەۋرى ۋە ئائىلە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن 40 ياش ئەتراپىدا پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولدى.

40 ياشقا كىرىشكە ئالتە ئاي قالغاندا، ئىلاھىي قۇدرەت مەككىدىكى ھىرا غارىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا مەكتەپ قىلدى.

ئىلاھىي تەلىم، كىتاب ۋە دەپتەر-قەلەمسىز ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەلىم-تەربىيە دەرسخانىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن سىر ماھىيىتىدىكى دەرسلەر ئوقىدى، ئىلاھىي ۋەھيىگە تەييارلاندى.

بۇ تەييارلىقنىڭ ئالدىنقى ئالتە ئېيى راست چۈش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام چۈشىدە نېمىنى كۆرسە، ئۇ ئىش رىئاللىقتا چۈشىدە كۆرگەندەك يۈز بەردى.

بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا كەلگەن ۋەھيي راست چۈشلەر بىلەن باشلاندى. كۆرگەن ھەر بىر چۈشى، كۈندۈزدەك ئەمەلىي يۈز بەردى.» (بۇخارى: «ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى»، 3.)

پەيغەمبەرلىك ئېغىر ۋە مۇقەددەس بىر ۋەزىپە بولغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى بۇ ۋەزىپىگە لايىق بولۇشقا تەييارلاش ئۈچۈن، جىبرىئىل ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا باشتا چۈشىدە كېلىشكە باشلىدى.

ئەلقەمە ئىبنى قەيستىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزۈلىدىغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر قەلب تىنىچلانغىچە باشتا چۈشىدە بېرىلىدۇ، كېيىن ۋەھيي سۈپىتىدە چۈشۈرۈلىدۇ[108].

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەھيي ئېلىش يولىدىن بىرى راست چۈشلەردۇر. بۇ ھەقتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن كەلگەن شۇ ئايەتتە:

يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانظُرْ مَاذَا تَرَى

**«ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن. (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ) ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟»** (ساففات سۈرىسى، 3-ئايەت) دېيىلگەن.

پەيغەمبەرلەرنىڭ كۆزلىرى ئۇخلايدۇ، قەلبلىرى ئۇخلىمايدۇ[109]. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ چۈشىدە ۋەھيي ئېلىشىغا ھېچ بىر چەكلىمە يوقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، راست چۈشلەر ھەققىدە:

«راست چۈشلەر پەيغەمبەرلىكنىڭ قىرىق ئالتىدە بىرىگە توغرا كېلىدۇ.» دېگەن. (بۇخارى: «تەبىر»، 26؛ مۇسلىم: «چۈش»، 6)

ھەقىقەتەن، بۇ ئالتە ئايلىق مۇددەت 23 يىل سۈرگەن پەيغەمبەرلىكنىڭ ۋاقىت جەھەتتىن قىرىق ئالتىدە بىرىگە توغرا كېلىدۇ.

108. ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 24-بەت.

109. بۇخارى: «مەناقىب»، 24.

## پەيغەمبەرلىكنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلى: مەخپىي دەۋەت باسقۇچى

### تۇنجى ۋەھيى ۋە ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كىرگەن ئىدى. ۋەھيىگە لايىق بولىدىغان مەنىۋى قۇۋۋەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن تەييارلىق باسقۇچىدىكى ئالتە ئايلىق ۋاقىت ئاخىرلاشتى.

مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ 17-كۈنى[110] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادىتى بويىچە ھىرا غارىدا ئىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئوقۇ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن! - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەرىشتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياقىسىدىن تۇتۇپ، سىققاندىن كېيىن، يەنە:

- ئوقۇ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن! - دەپ جاۋاب بەردى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم بىرىنچى قېتىمقىدىن چىڭراق سىقىپ:

- ئوقۇ! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، يەنە:

- مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن! (نېمە ئوقۇيمەن؟) - دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈچىنچى قېتىم چىڭ سىقىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن ئىلاھىي ۋەھيىنى مۇنداق بىلدۈردى:

110. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 194-بەت.

اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ, خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ, اقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ, الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ, عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ

**«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنسانىنى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»** (ئەلەق سۈرىسى، 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئىلاھىي ئەمىر بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەرۋەردىگارىدىن ئەڭ بۈيۈك مەرھەمەت بولغان قۇرئانى ـ كەرىم نازىل قىلىنىشقا باشلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسماندىن يەر يۈزىگە رەھمەت ۋە شىپا بولغان ھالدا نازىل قىلىنىشقا باشلىغان بۇ قۇرئانى ـ كەرىمدىن تۇنجى بولۇپ، ئۇ ئايەتلەرنى قوبۇل قىلدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئايرىلىپ كەتكەندە، ۋەھىينىڭ قورقۇنچىسىدىن يۈرىكى گۈپۈلدىگەن ھالدا، ھەزرىتى خەدىچىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار! ـ دېدى.

بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن بېشىغا كەلگەنلەرنى ھەمراھى خەدىچە ئانىمىزغا سۆزلەپ بەردى. ئەندىشە قىلغان ھالدا:

ـ ئەي خەدىچە! ئەمدى ماڭا كىم ئىشىنەر؟ ـ دېدى.

ئۇ مۇبارەك ئايال، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سېنى ھەرگىز خىجىل قىلمايدۇ. چۈنكى سەن ئۇرۇق ـ تۇغقانىنى ھىمايە قىلىسەن، ئاجىزلارنىڭ يۈكىنى كۆتىرىسەن، كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىسەن، مېھمانىنى ياخشى كۈتىسەن، ھەق يولىدا ئاشكارا بولغان ئىشلاردا خەلققە ياردەم قىلىسەن.

- ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سېنى بىرىنچى بولۇپ مەن تەستىق قىلىمەن. ئاللاھ يولىغا تۇنجى بولۇپ مېنى دەۋەت قىلغىن! - دەپ، ئۇنى تۇنجى تەستىقلىغان كىشى بولدى.

خەدىچە ئانىمىز بىر قاراشتىن ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن:

«ياخشىلىق پەقەت ياخشىلىقنى كەلتۈرىدۇ! ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ياخشىلىقتىن باشقا نېمە بولاتتى!» دېمەكتە ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ پاك، گۈزەل ئۆتمۈشىنى، يوپ-يورۇق بىر كەلگۈسىنىڭ خۇشخەۋەرچىسى سۈپىتىدە قارىماقتا ئىدى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ:

هَلْ جَزَاء الْإِحْسَانِ إِلَّا الْإِحْسَانُ

**«ياخشى ئىش قىلغۇچى پەقەت ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.»**

(راھمان سۈرىسى، 6-ئايەت) دېگەن.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاغىسى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ يېنىغا ئاپاردى.

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇتقا چوقۇنمىغان نادىر كىشىلەردىن بىرسى بولۇپ، خرىستىئان ئىدى. ۋەرەقە ئىبرانىچە بىلىش بىلەن بىرگە ئىنجىل ئىبارىلىرىنىمۇ يازالايتتى. ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى. خەدىچە ئانىمىز، ئۇنىڭغا:

- ئەي تاغامنىڭ ئوغلى! قېرىندىشىڭنىڭ ئوغلىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باق. - دېدى.

ۋەرەقە جىددىيلىك بىلەن:

- ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ساڭا نېمە بولدى؟ - دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

ۋەرەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىدىن ئاخىر زاماننىڭ ئۇلۇغ ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ، يۈزى تەبەسسۇمغا چۆمدى. كېيىن چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن:

- بۇ كۆرگىنىڭ ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن نامۇسى ئەكبەر (جىبرىئىل)دۇر. كاشكى، سېنىڭ دەۋەت كۈنلىرىڭدە ياش بولغان بولسام ئىدىم! كاشكى، قەۋمىڭ سېنى يۇرتۇڭدىن چىقارغان ۋاقتىدا ھايات بولسام ئىدىم! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەيرانلىق بىلەن:

- ئۇلار مېنى يۇرتۇمدىن چىقىرامدۇ؟ - دەپ سورىدى.

ۋەرەقە:

- شۇنداق. چۈنكى سەن ئېلىپ كەلگەن دەۋەتنى ئېلىپ كەلگەن ھەر پەيغەمبەر دۈشمەنلىك ۋە ئەزىيەتكە ئۇچراپ، يۇرتىدىن چىقىرىلغان. ئەگەر سېنىڭ دەۋەت كۈنلىرىڭگە قەدەر ياشىيالىسام، ساڭا ياردەم قىلغان بولاتتىم.- دېدى.

بۇ كۆرۈشۈشتىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولدى. ۋەھيىمۇ بىر مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالدى. (بۇخارى: «ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى»، 1؛ «ئەنبىيا»، 21؛ «تەپسىر»، 96، مۇسلىم: «ئىمام»، 252)

ئاللاھتائالا كېيىن نازىل قىلغان ئايەتلەردە رەسۇلغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

وَكَذَلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحًا مِّنْ أَمْرِنَا مَا كُنتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُ وَلَا الْإِيمَانُ وَلَكِن جَعَلْنَاهُ نُورًا نَّهْدِي بِهِ مَنْ نَّشَاء مِنْ عِبَادِنَا وَإِنَّكَ لَتَهْدِي إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

**«شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيي قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيي قىلدۇق. سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ. لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن**

**خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز. شەك-شۈبھىسىزكى، سەن توغرا يولغا باشلايسەن.»** (شۇرا سۈرىسى، 52-ئايەت)

إِنَّا أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ كَمَا أَوْحَيْنَا إِلَى نُوحٍ وَالنَّبِيِّينَ مِن بَعْدِهِ

**«(ئى مۇھەممەد!) بىز نۇھقا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغانداك ھەقىقەتەن ساڭا ۋەھيى قىلدۇق.»** (نىسا سۈرىسى، 163-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى ۋەھيىنىڭ بىرىنچى سۆزىنىڭ «ئوقۇ» ئەمرى بىلەن باشلىنىشى ھەققىدە ئىخلاسمەن كىشىلەر مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ:

«ئوقۇ! ھەر نەرسىنى ئوقۇ! ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇ، كائىنات كىتابىنى ئوقۇ، دائىم ئوقۇ! ھىدايەتكە ئېرىشىش، گۇمراھلىقتىن يىراقلىشىش ئۈچۈن ئوقۇ! ئىمانىڭنى كامىللاش ئۈچۈن ئوقۇ! ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئىنساننى بىر لەختە قاندىن ياراتقان، ئۇنىڭغا ھەر نەرسىنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، چۈشىنىش ۋە چۈشەنگىنىنى ياشاش ئىمكانى بەرگەن ئۇلۇغ رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئىنسانغا ئوقۇش نېمىتىنى ئاتا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا بۈيۈك مەرھەمىتىنى كۆرسەتكەن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ! ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇ! قۇدرەت قەلىمىنىڭ بۇ ئالەمگە يازغان ھەر قۇرنى ئوقۇ! ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىسىنى بىلدۈرگەن ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!»

ئايەتتىكى «ئوقۇ» بۇيرۇقى ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇ ئوقۇشنىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بولىشمۇ ئوخشاش دەرىجىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى «ئوقۇ» دېگەن بۇيرۇققا رىئايە قىلىشنىڭ قايسى سۈرەتتە بولىشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

«ئوقۇ» ئەمرى تاشقى كۆرۈنۈشتىكى ئوقۇش بۇيرۇقى ئەمەس، قەلبىنىڭ مەنىۋى پاكلىنىشى نەتىجىسىدە كىتاب ۋە ھېكمەتنى قوبۇل قىلىدىغان ھالغا

كېلىشىدۇر. بۇنىڭ بىلەن تەجەللىلەرنىڭ ئورنى بولغان قەلب بىلەن ھەممە نەرسىنى ئوقۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. يەنى كائىناتنىڭ بىر كىتاب ھالىغا كېلىشى، قەلبنىڭ كائىنات سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ ھېكمەت ۋە ئىلاھىي سىرلارنى ئوقۇيالىشى، قىسقىسى، ئىنساننىڭ كائىناتنى، ئۆزىنى، قۇرئانى-كەرىمنى ئوقۇشىدۇر

تۇنجى نازىل بولغان بۇ ئايەتلەردىن شۇ نەتىجىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ:

ھەر قانداق ئىشنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاش كېرەك.

بىر لەختە قاندىن يارىتىلغان ۋە ئەڭ گۈزەل شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ئىنسان ئىلاھىي قۇدرەت ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ئۇنۇتماسلىقى لازىم.

الَّذِي عَلَّمَ بِالْقَلَمِ, عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ

**«ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.»** (ئەلەق سۈرىسى، 4-5-ئايەت) دېگەن ئايەتلەردە ئىنسانغا ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى بىلدۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنساننىڭ بىلگەن نەرسىسىنىڭ جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن ئۆگىتىلگەنلىكىگە، بۇنىڭ ئىلاھىي بىر مەرھەمەت ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان.

بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئوغلى پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى دائىم ئېسىدە تۇتىشى، نانكورلۇق قىلماسلىقى كېرەك.

تۇنجى ۋەھىيدىن كېيىن بىر مۇددەت ۋەھيي كەلمىدى. بۇ بىر قاراشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان كېيىنكى ۋەھىيلەرگە ياخشى تەييارلىنىشى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ۋەھىينىڭ قوبۇل قىلىنىشى شۇ قەدەر مۇھىم بىر ۋەزىپە ئىدىكى، ئۇنى ئاسانلىقچە ئۈستىگە ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ ھەقتە، ئاللاھتائالا:

إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا

**«ساڭا تەنتەنىلىك قۇرئاننى نازىل قىلىمىز.»** (مۇزەممىل سۈرىسى، 5-ئايەت)

دېگەن ئايەت بىلەن بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راست چۈشلەردىن كېيىن، ۋەھيي پەرىشتىسىنى ئالدىدا كۆرگەندە چۆچۈدى. كېيىن ھەزرىتى خەدىچىنىڭ تەسەللىسى ۋە ۋەرەقەنىڭ قوللىشى بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. ھازىر ۋەھيىنىڭ يېڭىدىن باشلىنىشىنى ئارزۇ قىلدى. سەۋرى قىلالماي، تۇنجى ۋەھيي كەلگەن ھىرا غارىغا بېرىپ ۋەھيي كېلىشىنى كۈتتى.

ۋەھيي ئۈزۈلگەن كۈنلەردە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالغۇز قويمىدى. بۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچىنىڭ ئالىيجاناب روھى ۋە ئېسىل خىسلىتىنى قەتئى ئۇنۇتمىدى. ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر قۇربانلىق قىلسا، قۇربانلىق گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى خەدىچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئەۋەتىپ تۇردى. خەدىچە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىسى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە نېسىپ بولمىغان تەسەۋۋۇردىن يىراق بولغان شان-شەرەپلەرگە ئىگە. ئاللاھتائالا «ھەبىبىم» (دوستۇم) دەپ، ئۇنىڭغىلا خىتاب قىلدى. مېراج پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا يالغۇز ئۇنىڭغىلا نېسىپ بولدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى مەسجىدى ئەقسادا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولىشى بىلەن ئىسپاتلاندى. مۇسا ئەلەيھىسسالامدىكى «لن ترانى» ( مېنى قەتئى كۆرەلمەيسەن) سىرى، ئۇنىڭدا:

فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى

**«ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى.»** سۈرىتىدە تەجەللى قىلدى[111].

111. «لن ترانى»: "مېنى قەتئى كۆرەلمەيسەن" (سۈرە ئەئراف، 143-ئايەت) مۇسا ئەلەيھىسسالام سىنا تېغىدا ئاللاھتائالا بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن 30 كۈن روزا تۇتقۇزۇلدى،

## ئاللاھ بىلەن سۆزلىشىش بولغان ناماز ئۈممىتىگە كۆڭۈل ئىقلىمىدا

ئۇنىڭغا يەنە 10 كۈن قوشۇلۇپ 40 كۈن تاماملاندى. بۇ ھال نەپسانى ھاياتتىن تازلاندۇرۇلۇپ، ئاللاھ بىلەن سۆزلىششكە تەييارلىنىشتى. جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھسسالام بىلەن تىل ياكى ئاۋازغا ئوخشاش ماددى ۋاستە بىلەن ئەمەس، ئەزەلدىكى كالام سۈپىتى بىلەن سۆزلەشتى. مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا شاھىت قىلىپ كەلتۈرۈلگەن 70 كىشى بىلەن جىبرئىل ئەلەيھسسالام بۇ ئىلاھىي كالامنى ئاڭلىمىدى ۋە ھېس قىلمىدى. مۇسا ئەلەيھسسالام بۇ ئىلاھىي تەجەللى ئالدىدا ئۆزىنى ئۇنتۇدى. ئۆزىنىڭ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان ھالدا زامان، ماكان سىرتىغا چىقىپ كەتتى. جانابى ئاللاھنىڭ زاتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدا بۈيۈك بىر ئىشتىياق پەيدا بولدى. بۇنىڭغا جاۋابەن جانابى ئاللاھتىن: "لن ترانى": "مېنى ھەرگىز كۆرەلمەيسەن" دېگەن جاۋاب كەلدى. مۇسا ئەلەيھسسالام ئاللاھنىڭ زاتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا تەلپىدە چىڭ تۇرىۋالغاندا، جانابى ئاللاھ تاغقا قاراشىنى، ئەگەر تاغ ئۆز جايىدا تۇرالىسا ئۇنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. رىۋايەتلەرگە كۆرە، چەكسىز پەردىلەرنىڭ ئارقىسىدىن جانابى ئاللاھنىڭ زاتىدىن كەلگەن بىر نۇر تاغقا ئەكس ئېتىشى بىلەن تاغ كۇكۇم-تالقان بولۇپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك مەنزىرە ئالدىدا مۇسا ئەلەيھسسالام ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ھوشىغا كەلگەندە، ھەددىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن جانابى ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ تەۋبە قىلدى. بۇ قۇرئانى قىسسىدىن شۇ نەتىجىلەرنى چىقىرالايمىزكى: بۇ كائىناتتا ئاللاھنىڭ زاتى تەجەللىسىگە تاقىتى يېتىدىغان بىر ماكان مەۋجۇت ئەمەستۇر. بۇ ئەھۋال تاغنىڭ ئاللاھنىڭ نۇرىدىن زەررىنىڭ زەررىسىچىلىك بىر تەجەللىسىگە تاقەت قىلالماي چاڭ توزاندەك بولۇپ كېتىشى بىلەن ئېنىقلانغان. جانابى ئاللاھ زات تەرەپتىن غائىب سۈپەت تەجەللىلىرى ئېتىبارى بىلەن ئاشكارىدۇر. مۇشۇ سەۋەبتىنكى، قۇرئانى-كەرىمدە مۇئمىنلەر سۈپەتلەنگەندە الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ: «ئۇلار غەيبكە ئىمان ئېيتىدۇ» دەپ سۈپەتلەنگەن. يەنە بىر ھەقىقەت بولسا، جانابى ئاللاھنىڭ زاتىنى كۆرۈشكە ئىنساننىڭ تاقىتى يەتمەيدىغانلىقىدۇر. بۇ ئەھۋال مۇسا ئەلەيھسسالامنىڭ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىشى بىلەن ئېنىقلانغان. بۇنىڭغا ئاساسەن بىز ياشاۋاتقان بۇ ئالەمدە "زاتى تەجەللىسى" يوقتۇر. بۇ ھەقىقەت زاتى تەجەللىسىنىڭ ئاشكارا بولىشىنىڭ شىددىتىگە ئىنسان ۋە جىن ئىدراكىنىڭ تاقىتى يەتمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. «**فَكَانَ قَابَ** قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى»: ﴿ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مىراج كېچىسى جىبرئىل ئەلەيھسسالامدىن تارتىپ ھېچبىر مەخلۇق ئۆتۈپ كېتەلمىگەن سىدرەتۇل مۇنتەھانىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتكۈزۈلدى. ئايەتتە ئىنسان ئىدراكىغا: ﴿ ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ

ياشايدىغان بىر مېراج ھالىتىدە ئىكرام قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا ناماز دەسلەپتە 50 ۋاقىت بۇيرۇلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشى بىلەن بەش ۋاقىتقا چۈشۈرۈلدى. يېتىم ۋە ئۇممى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي تەلىم ـ تەربىيە بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھبەر، غەيىب ئالەمىنىڭ ھەقىقەتلىرىگە تەرجىمان ۋە ھەقىقەت مەكتىۋىنىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى قىلىپ ئەۋەتىلدى. زىيا پاشانىڭ دېگىنىدەك:

بىر مەكتەپتە بولدى، ھازىر داۋاملىق،
ئاللاھ ئىدى، ئۇنىڭغا مۇئەللىم.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا دۇئا قىلىش ۋە مۇناجاتلاردىكى مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن مەشھۇر بولدى. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق، دۇنيادىن كۆڭۈلنىڭ بىھاجەت بولىشى ۋە زاھىدلىقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام بىر قىسىم ئەھكاملارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەپسىنى پاكلاپ، ساغلام ۋە ئاللاھقا تەلپۈنگەن بىر قەلب بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى. گۈزەل ئەخلاقنى تەلىم بېرىپ، ئۆز ئەملىيىتى بىلەن بۇ ئەخلاققا نەمۇنە بولدى. دۇنيانىڭ ساختا لەززەتلىرىگە ئالدانماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى. قىسقىسى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ سالاھىيەت ۋە ۋەزىپىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز شەخسىيىتىدە توپلىدى. نەسەب، ئەدەپ ۋە كامالەتنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا جەملەندى.

شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىرىق ياشقا كىرىشى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. قىرىق يىل جاھالەتتە

---

يېقىنراق يېقىنلاشتى﴾ دەپ بىلدۈرىلگەن ئەھۋال بىلەن ھېچبىر بەندىنىڭ يېتىشى مۇمكىن بولمىغان بىر ئۇچرىشىشتۇر. بۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇچرىغان ئىككى بۈيۈك تەجەللىنىڭ بىزنىڭ ئىدراك سەۋىيىمىزگە نازىل قىلىنغان بىر ئىپادىسىدىن ئىبارەتتۇر.

قالغان بىر جەمئىيەتتە ياشىدى. خەلق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىن ئۇتتۇرىغا قويىدىغان گۈزەللىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىدىن خەۋەرسىز ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دۆلەت رەھبىرى، بىر ۋەز ئېيتقۇچى، بىر خاتىپتەك كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ بۈيۈك بىر قوماندان بولۇشىدىن سۆز ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى بىر ئەسكەر بولۇشمۇ ئېنىق ئەمەستى. ئۆتمۈشتىكى قەۋم ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى، قىيامەت كۈنى، جەننەت، جەھەننەم ھەققىدە سۆز قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۆز شەخسىيىتى بىلەنلا چەكلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاقى بىلەن پاك بىر ھايات كەچۈردى. لېكىن ھىرا غارىدىن ئىلاھىي تەلىمات بىلەن قايتقىنىدا پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنىدى.

## ۋەھيىنىڭ ھەقىقىتى ۋە كېلىش شەكلى

ۋەھيى: سۆزلۈك ئىشارەت، كىتابەت، رىسالەت، ئىلھام ۋە مەخپىي سۆزگە ئوخشاش خىلمۇ-خىل مەنىلەرگە ئىگە. ۋەھيى ئاللاھتائالانىڭ خالىغان نەرسىلەرنى پەيغەمبەرلىرىگە خالىغان شەكىلدە بىلدۈرىشىدۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا كَانَ لِبَشَرٍ أَن يُكَلِّمَهُ اللَّهُ إِلَّا وَحْيًا أَوْ مِن وَرَاء حِجَابٍ أَوْ يُرْسِلَ رَسُولًا فَيُوحِيَ بِإِذْنِهِ مَا يَشَاء إِنَّهُ عَلِيٌّ حَكِيمٌ

**«ئاللاھ ھەرقانداق ئادەمگە پەقەت ۋەھيى ئارقىلىق ياكى پەردە ئارقىسىدىنلا ياكى بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۆز ئىزنى بىلەن ئۇنىڭغا خالىغان ۋەھيىنى قىلىش ئارقىلىقلا سۆز قىلغان. ئاللاھ ھەقىقەتەن (مەخلۇقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن) ئۈستۈندۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (شۇرا سۈرىسى، 51-ئايەت)

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

- ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ساڭا ۋەھيي قانداق كېلىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ۋەھيي بەزىدە قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئەسلىتىدىغان بىر ئاۋاز شەكلىدە كېلىدۇكى، بۇ ماڭا ئەڭ ئېغىر كەلگەن شەكلىدۇر. ئاللاھتائالانىڭ بۇيرۇقىنى چۈشىنىپ، يادلىۋالغان ۋاقتىمدا پەرىشتە مەندىن ئايرىلىدۇ. بەزىدە پەرىشتە بىر ئىنسان سۈرىتىدە كېلىدۇ. مەن بىلەن سۆزلىشىدۇ، سۆزلىگەنلىرىنى شۇ هامان چۈشىنىۋالىمەن. - دەپ جاۋاب بەرگەن. (بۇخارى: «ۋەھيينىڭ باشلىنىشى»، 1\2؛ مۇسلىم «فەزائىل»، 87)

ئىسلام ئالىملىرى رىۋايەتلەردىن ۋەھيينىڭ كېلىش شەكلىنى تۆۋەندىكى تۈرلەرگە ئايرىغان:

1. ۋەھيي بەزەن ئۇيقۇدا كۆرۈلگەن ۋە كۆرۈلگىنىگە ئوخشاش ئەمەلىيەتكە ئايلانغان راست چۈشلەر شەكلىدە كەلگەن.

2. ۋەھيي قىلىنىدىغان سۆز پەرىشتە كۆرۈنمەستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە چۈشۈرۈلگەن.

3. ۋەھيي پەرىشتىسى «جىبرىئىل ۋەقەسىدە»[112] دە دېيىلگىنىدەك، ئىنسان سۈرىتىگە كىرىپ ۋەھيي قىلىنىدىغان نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتى ۋەھيينىڭ بۇ شەكىلدە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دادام ئابباس بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلىشىۋاتاتتى. بۇ سەۋەبتىن دادامغا قارىيالمىدى. يېنىدىن چىققان ۋاقتىمىزدا، دادام:

112. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىددىكى ۋاقتىتا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىنسان سۈرىتىدە يېنىغا كېلىپ ئىمان، ئىسلام، ئېھسان ۋە قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە سوئال سورىغان. بۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرنىڭ دىنىنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلغان. مانا بۇ ھادىسىنى بايان قىلغان ھەدىسكە "جىبرىئىل ھەدىسى" دېيىلگەن. (بۇخارى: «ئىمان»، 37؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 1، 5.)

- ئوغلۇم! رەسۇلۇللاھنىڭ ماڭا قارىمىغانلىقىنى كۆردۈڭ، شۇنداقمۇ؟
- دېدى.
مەن:
- دادا! يېنىدا بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى - دېدىم. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا باردۇق.
دادام:
- ئى رەسۇلۇللاھ! ئابدۇللاھقا مۇنداق دېگەن ئىدىم. ئۇ سېنى يېنىڭدىكى بىر ئادەم بىلەن پىچىرلاشقانلىقىڭنى ئېيتتى. راستلا يېنىڭدا بىر كىشى بارمىدى؟ - دەپ سورىدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ماڭا خىتابەن:
- ئەي ئابدۇللاھ! سەن ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:
- شۇنداق، كۆردۈم - دېدىم.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
- ئۇ جىبرىئىل ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ساڭا قارىيالمىدىم. - دېدى.
(ئەھمەت: 1- جىلد، 293- 294- بەتلەر؛ ھەيسەمى: 9- جىلد، 276- بەت)
ۋەھيي بەزىدە قوڭغۇراق ئاۋازىغا ئوخشاش كېلەتتى.
3. ۋەھيي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرىشتىنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئۆگىنىپ بولاتتى.
جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم ئۆز شەكلى بىلەن كۆرۈنۈپ، ۋەھيي ئېلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى ۋەھيي ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىنكى مەزگىلدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدىن چۈشۈۋاتقاندا، ئىككىنچىسى، مىراج كېچىسى سىدرەتۇل مۇنتەھادا بولدى.
ئاللاھتائالانىڭ مىراج كېچىسى يۈز بەرگەنگە ئوخشاش ئوتتۇرىدا ۋەھيي پەرىشتىسى بولماستىن، ئىلاھيي قوبۇل قىلىشقا ۋە ھۆرمەتكە نائىل قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بىۋاستە ۋەھيي قىلىشى.

4. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا ۋەھيي ئېلىپ كېلىشى. بەزى مۇپەسسىرلەر كەۋسەر سۈرىسىنىڭ بۇ شەكىلدە نازىل بولغانلىقىنى تەپسىر قىلدى.

بەزى ساھابىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ۋەھيي نازىل بولۇۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئاجايىپ بىر ھالەت يۈز بەرگەن. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزلىرى گۈلدەك قىزىرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بېشىنى ئالدىغا ئەگكەن. ساھابىلەرمۇ بېشىنى ئالدىغا ئەگكەن. ۋەھيي نازىل بولۇپ بولغىچە، ھېچبىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراشقا قادىر بولالمىغان. بەزى ۋاقىتتا ۋەھيي كەلگەن زامان يۈزىگە يېقىن يەردە ھەرىنىڭ غىڭىلدىغىنىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ۋاقىتتا نەپەس ئېلىشى تېزلاشقان. ئەڭ سوغۇق كۈنلەردىمۇ پېشانىسىدىن مەرۋايىت دانىلىرىغا ئوخشاش تەرلەر تۆكۈلگەن.[113]

ۋەھيي كاتىبلىرىدىن زەيد ئىبنى سابىتنىڭ[114] رىۋايەت قىلىشىچە، كەلگەن ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقى چۈشكەن ھۆكۈملەرنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان. يەنى چۈشكەن ۋەھيي ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرى ۋە خوش بىشارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىنسان سۈرىتىدە كەلگەن. بۇنداق ۋەھيىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئېغىر

113. بۇخارى: «ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى»، 2\1. «ئۆمرە»، 10؛ مۇسلىم: «فەزائىل»، 87، «ھۇدۇد» 13؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 3173\23؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 327-بەت.

114. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي كاتىبلىرىدىن بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، زەيد 11 ياشلىق يېتىم بالا ئىدى. بالىلىق ۋاقتىدا 17 سۈرە يادلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدنى سۈريانىچە ۋە ئىبرانىچە ئۆگىنىشكە بۇيرىغان. زەيد قىرىق كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىككى تىلنى ئۆگىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈريانىچە ۋە ئىبرانىچە يېزىلىدىغان مەكتۇبلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۇنىڭ شەرەپلىك خىزمەتلىرىدىن بىرى، ئىككى ساھابە بىلەن بىرلىكتە قۇرئانى-كەرىمنى توپلاپ بىر يەرگە جەملىشىدۇر. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەنىڭ 45-يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان. 92 ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

كەلمىگەن. ئەمما ۋەھيي ئازاب بىلەن قورقۇتۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىتتا، دەھشەتلىك قوڭغۇراق ئاۋازىغا ئوخشاش كەلگەن.

ۋەھيي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگە ئۈستىدىكى ۋاقىتتا كەلگەندە، تۆگە ۋەھيىنىڭ ئېغىرلىقىدىن چىداپ تۇرالماي، ئاياقلىرى ئىگىلىپ يەرگە چۆككەن. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزبا ئىسىملىك تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىكى ۋاقتىدا مائىدە سۈرىسىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتى نازىل بولۇشقا باشلىغان، ئەزبانىڭ پۇتلىرى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشكەن[115].

بۇ ھەقتە زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، بۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلدى. تىزى تىزىمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئاندا رەسۇلۇللاھنىڭ تىزىدىن ئېغىر بىر نەرسە ھېس قىلمىدىم. تىزىمنى ئېزىلىپ كېتىدىغاندەك ئويلىدىم." دېگەن. (ئەھمەت: 5-جىلد، 190-191-بەتلەر)

مۇشرىكلار قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىلاھىي كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ۋەھيىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپەككۇر قىلىشى نەتىجىسىدىن قەلبىگە تۇغۇلغان ئىلھامدۇر دېگەن بىر قىسىم باتىل سەپسەتىلەرنى قىلغان. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ سەپسەتىلىرى قەلبىدىكى غەپلەت، چۈشەنچىسىدىكى ئاجىزلىق ۋە قاتتىق ئۆچمەنلىكتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ۋەھيي كېلىشى ئەسناسىدا پەرىشتىنى كۆرۈش بىلەن قورقىشى، ۋەھيىنىڭ شەرقشۇناسلارنىڭ دەۋا قىلغىنىغا ئوخشاش ئىچكى ۋە شەخسى مەسىلە ئەمەسلىكىنى روشەن

115. ئەھمەت: 2-جىلد، 176-بەت. 5-جىلد، 445-بەت. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 197-بەت. تەبەرى: «تەپسىر»، 5-جىلد، 106- بەت.

ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ ۋەھيي ئېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلى ۋە نەپسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان تاشقى بىر ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشىدۇر. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسۇلۇللاھنى ئۈچ قېتىم سىقىشى، ھەر قېتىمدا «ئوقۇ» دەپ قويۇۋېتىشى، ۋەھيينىڭ ئىچ دۇنيادىن ئەمەس، سىرتتىن يەنى ئاللاھتائالادىن كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

ۋەھيينىڭ بىر مۇددەت ئۈزۈلۈپ قېلىشىمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭقۇر تەپەككۇرى نەتىجىسىدە، روھىدا مەيدانغا كەلگەن ئىچكى بىر ھادىسە شەكلىدىكى سەپسەتىلەرنى رەد قىلىدۇ. چۈنكى ۋەھيينىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ۋەھيينىڭ قايتا كېلىشىنى ئىشتىياق بىلەن كۈتىشى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ۋەھيي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا مەيدانغا كەلگەن تاشقى ھادىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپتە ئۆزىگە ۋەھيي كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا كُنتَ تَرْجُو أَن يُلْقَى إِلَيْكَ الْكِتَابُ إِلَّا رَحْمَةً مِّن رَّبِّكَ فَلَا تَكُونَنَّ ظَهِيرًا لِّلْكَافِرِينَ

**«سەن (پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ساڭا نازىل قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلمىغان ئىدىڭ، پەقەت پەرۋەردىگارىڭ رەھمەت قىلىپ (ساڭا ئۇنى نازىل قىلدى)، كافىرلارغا ياردەمچى بولمىغىن.»**

(قەسەس سۈرىسى، 86 ـ ئايەت)

ئايەت ـ كەرىمە بىلەن ھەدىس ـ شەرىپلەر ئارىسىدىكى ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدە پەرق، قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ ۋەھيي مەھسۇلى ئىكەنلىكىنىڭ پولاتتەك پاكىتىدۇر. بەزىدە، شۇنداق ھادىسىلەر بولغانكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ۋاقىتتا جاۋاب بېرىش مەجبۇرىيىتىدە بولسىمۇ، ۋەھيينىڭ كېلىشى كېچىكتۈرۈلگەن. مەسىلەن: ئىفك ۋەقەسى، يەنى

ھەزرىتى ئائىشىگە تۆھمەت قىلىنغان ۋەقە ۋە يەھۇدىيلارنىڭ سورىغان بەزى سوئاللىرىدا يۈز بەرگەنگە ئوخشاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۈرلۈك سوئاللارنىڭ جاۋابىنى پەقەت ئۇنىڭغا ۋەھىي قىلىنىپ بىلدۈرۈلگەندىن كېيىنلا بەرگەن. ئەگەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان سەپسەتىدەك، قۇرئانى-كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان بولسا ئىدى، بۇنداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىماستىن بۇ سوئاللارغا دەرھال جاۋاب بەرگەن بولاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا ۋەھىي بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىنىڭ سىرتىدا نازىل بولغان. نازىل بولغان ۋەھىي بەزىدە، ئۇنىڭ قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بەزىدە، ئۇنى ئۇ خالىمىغان بىر ئىشقا بۇيرىغان. ھەتتا ئىلاھىي ئەمرنى تەبلىغ قىلىش جەھەتتە بىر ئاز سەل قاراپ قالسا، دەرھال ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش قىلىنغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرئانى-كەرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەپەككۇر ۋە ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى دېگەن سەپسەتىلەرنىڭ مەنتىقسىزلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بەزى كاتتىۋاشلىرىغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. شۇ ۋاقىتتا يېنىغا ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئەما ساھابە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. ئۇممى مەكتۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ھەقىقەتلەردىن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەنمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قۇرەيش كاتتىۋاشلىرىنى قايىل قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلەلمىدى ۋە ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ تەلىپىنى قايتا-قايتا تەكرارلىغانلىقى تۈپەيلىدىن يۈزىنى بىرئاز تۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىلاھىي ئاگاھلاندۇرۇش قىلىندى:

عَبَسَ وَتَوَلَّى،أَن جَاءهُ الْأَعْمَى، وَمَا يُدْرِيكَ لَعَلَّهُ يَزَّكَّى، أَوْ يَذَّكَّرُ فَتَنفَعَهُ الذِّكْرَى، أَمَّا مَنِ اسْتَغْنَى، فَأَنتَ لَهُ تَصَدَّى، وَمَا عَلَيْكَ أَلَّا يَزَّكَّى، وَأَمَّا مَن جَاءكَ يَسْعَى، وَهُوَ يَخْشَى، فَأَنتَ عَنْهُ تَلَهَّى، كَلَّا إِنَّهَا تَذْكِرَةٌ، فَمَن شَاء ذَكَرَهُ

**«يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن، ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن، ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن)، ئۇ (كۇفرىدىن گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا ساڭا نېمە زىيىنىدى، سەندىن مەرىپەت تىلەپ ئاللاھتىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن، (بۇنىڭدىن كېيىن) ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر، خالىغان ئادەم ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالىدۇ.»** (ئەبەسە سۈرىسى، 1-5-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا: «مەرھابا! ھەققىڭدە پەرۋەردىگارىم مېنى ئاگاھلاندۇرغان كىشى!» دېگەن. (ۋاھىدى، 471-بەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزىدە ئىلاھىي ئەمرلەر مۇجمەل[116] ھالەتتە كەلگەن. ئاللاھتائالا تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلمىگىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز تەرىپىدىن بىر چۈشەنچە بەرمىگەن. بۇنىڭغا شۇ ئايەتنى مىسال كەلتۈرەلەيمىز:

116. مۇجمەل: مەنىسى بىر خىل غۇۋا بولۇپ، ئۇنى ئىزاھلاپ چۈشەندۈرمىگىچە، مەقسەت تولۇق ئىپادىلەنمەيدۇ.

لله ما فِي السَّمَاواتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَإِن تُبْدُواْ مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللّهُ

**«ئاسمانلاردىكى زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ.»**
(بەقەرە سۈرىسى، 284-ئايەت)

بۇ ئايەت نازىل بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا كۆڭلىگە كەلگەن خىياللاردىنمۇ مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى گۇمان قىلغان ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئايەتكە قانداق تاقەت قىلىمىز؟ - دېگەندە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- نېمە بولدى! بولمىسا ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار) غا ئوخشاش: «ئاڭلىدۇق، ئەمما ئاسى بولدۇق» دېمەكچىمۇ سىلەر؟ سىلەر: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق. ئەي رەببىمىز! بىزلەرنى مەغپىرەت قىلىشىڭنى سورايمىز، قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر!- دېيىشىڭلار كېرەك» دېگەن. (مۇسلىم: «ئىمان»، 200. ئەھمەت: 1-جىلد، 233؛ ۋاھىدى: 97-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنىڭ مەنىسى مۇجمەل بولغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز قېلىپ، بۇ تېمىغا بىر چۈشەنچە بەرمىگەن ۋە ساھابىلەردىن ئاللاھقا تەسلىم بولۇپ تەۋەككۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. كېيىن تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولۇپ، مەنىسى مۇجمەل بولغان بۇ ئايەتنى شەرھىلىگەن:

لاَ يُكَلِّفُ اللّهُ نَفْسًا إِلاَّ وُسْعَهَا لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا

رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَآ أَنتَ مَوْلاَنَا فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ

**«ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق) بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن). پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن. بىزنى كەچۈرگىن. بىزگە مەغفىرەت قىلغىن. بىزگە رەھىم قىلغىن. سەن بىزنىڭ ئىگىمىز سەن. كافىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 286-ئايەت)

ساھابىلەر بۇ ئايەت سايىسىدا، قەلبىدىن ئۆتكەن خىياللار ھەققىدە، كۈچى يەتكەن نىسبەتتە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايەت مۇجمەل بولسا، ئۇنى ئىزاھلىغۇچى بىر ئايەت كەلگىچە ھېچبىر ئىزاھتا بولماسلىقى، پەيغەمبەرلىك ھەقىقىتى بولۇپ، قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن كەلگەنلىكىنىڭ ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان دەلىلىدۇر. ئەكسىچە بولغان تەقدىردە بۇنداق مەلۇمات بېرىلمەيتتى ياكى بېرىلگەن مەلۇماتقا ئۆز تەرىپىدىن چۈشەنچە بېرىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولمىغانلىقى، قۇرئانى-كەرىم مۆجىزىسىنىڭ يەنە بىر ئالامىتىدۇر.

قۇرئانى-كەرىم بەرگەن غەيبى خەۋەرلەر ئۇنىڭ ئىلاھىي ۋەھيي مەھسۇلى ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر.

قۇرئانى-كەرىم ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن بايان قىلغان. مىلادى يەتتىنچى ئەسىردىكى مەككىدە ئىلىم نامىدا بىر مۇئەسسەسە ياكى ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە بىر ئىنسان يوق ئىدى. پۈتۈن تارىخىي مەلۇماتلار، تىجارەتچىلەردىن ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئېيتىلىپ كەلگەن ئەپسانە خارەكتېرلىك مەھەللىۋى چۆچەكلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھالبۇكى، قۇرئانى-كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان تارىخىي مەلۇماتلار ئۇيغۇنلۇق ۋە پۈتۈنلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھەر قانداق ئىنسان ئەقىل-پاراستى بىلەن ئوتتۇرىغا قويالايدىغان مەلۇماتلار ئەمەس ئىدى.

ئۇنداق بولغانىكەن، ئەقىللىق بىر ئىنسان شۇنى ياخشى ئويلىشى كېرەككى، جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىن چىققان ئۇممى بىر ئىنسان ۋەھيىنى ئىلاھىي مەنبەدىن قوبۇل قىلمىغان بولسا، قۇرئاننىڭ تەڭداشسىز مەنالىرىغا مەنبە بولالارمۇ؟ كىسىپ ئېيتىمىزكى، قەتئىي بولالمايدۇ.

بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈلگەن پۈتۈن خەۋەرلەر، ئاللاھ تەرىپىدىن ۋەھيى قىلىنغان.

قۇرئانى-كەرىم كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك غەيبى خەۋەرلەرنىمۇ بىلدۈرگەن. بۇلارمۇ ۋاقتى كەلگەندە قۇرئانى-كەرىم خەۋەر قىلغان شەكىلدە يۈز بەرگەن ۋە يۈز بېرىشكە داۋاملاشماقتا. قۇرئانى-كەرىم داۋاملىق ئىلىم-پەننىڭ ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ، ئىلىم-پەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىدۇ. قۇرئانى-كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان شۇ ھادىسە، بۇنىڭ مىساللىرىدىن بىرىسىدۇر:

قىزىل دېڭىزدا بوغۇلۇش گىرداۋىدا قېلىپ، ئىمان ھالقىسىغا ئېسىلىشقا مەجبۇر قالغان فىرئەۋنگە، ئاللاھتائالا:

آلْآنَ وَقَدْ عَصَيْتَ قَبْلُ وَكُنتَ مِنَ الْمُفْسِدِينَ

**«(ئۇنىڭغا دېيىلدىكى)، (ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ.»** (يۇنۇس سۈرىسى، 92 ـ ئايەت)

(يەنى بېشىڭغا بىر بالا ـ قازا كەلگەندە يولۇڭنى تېپىۋىلىپ، خاتىرجەم بولغان ۋاقتىڭدا شۇ يامان ئىشىڭنى داۋاملاشتۇرغان ئىدىڭ! ھېلىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەمدى سېنىڭ ئىمان ئېيتىشىڭ ئىناۋەتسىزدۇر!) دەپ، ئۈمىدسىزلىك ھالىدىكى ئىماننى قوبۇل قىلمىغان ۋە سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرغان:

فَالْيَوْمَ نُنَجِّيكَ بِبَدَنِكَ لِتَكُونَ لِمَنْ خَلْفَكَ آيَةًوَإِنَّ كَثِيرًا مِّنَ النَّاسِ
عَنْ آيَاتِنَا لَغَافِلُون

**«سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن بۈگۈن سېنىڭ جەستىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەستىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز). نۇرغۇن كىشىلەر شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر.»** (يۇنۇس سۈرىسى، 92 ـ ئايەت)

زەمەخشەرى بۇ ئايەتنى مۇنداق تەپسىر قىلىدۇ:

«سېنى دېڭىز قىرغىقىدا بىر يەرگە جەستىڭنى نۇقسانسىز ھالدا، كىيىمسىز ھالەتتە ئاتىمىز ۋە جەستىڭنى سەندىن ئەسىرلەر كېيىن كېلىدىغان كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ساقلايمىز.» (زەمەھشەرى، 3 ـ جىلد، 24)

كېيىنكى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەردە، فىرئەۋننىڭ جەستى دېڭىز ساھىلىدا سەجدىگە بارغان ھالەتتە تېپىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن بۇرۇنقى ئاخىرقى ھالىتىدۇر. پىرئەۋن ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۇچرىغان دەھشەتلىك ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىدە ئىمان ئېيتماقچى بولغان، ئەمما جان تۇمشۇققا كەلگەندە، ئېيتقان ئىمانى قوبۇل قىلىنمىغان. جەستى بۇ ھالەتتە تەخمىنەن 3000 يىلدىن بېرى چىرىماي ساقلىنىپ كەلگەن. قۇرئانى ـ كەرىمدە بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولۇش

ئۈچۈن كۆنىمىزدە ئوتتۇرىغا چىققان. ھازىر بۇ جەسەت بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقىقەت جانابى ئاللاھنىڭ قۇرئانى-كەرىمدە بىلدۈرگەن ۋە قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان مۆجىزىلەردىن بىرىدۇر.

ھالبۇكى، قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاساسى غايىسى تەۋھىدنى تەبلىغ قىلىپ، ئىنسانلارنى ھىدايەتكە چاقىرىش بولغانلىقتىن بۇ تۈرلۈك مۆجىزىۋى ھەقىقەتلەر، يەنى ئىلمىي، پەننىي ۋە تارىخىي ھەقىقەتلەر ئۇنىڭدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنتۇماسلىق لازىمكى ئاللاھتائالا:

وَلاَ رَطْبٍ وَلاَ يَابِسٍ إِلاَّ فِي كِتَابٍ مُّبِينٍ

**«مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن ھەممىسى (ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھفۇزدا يېزىقلىقتۇر.»** دېگەن. (ئەنئام سۈرىسى، 59-ئايەت)

ئىلاھىي باياننىڭ تەقەززاسى بىلەن ھەر ھەقىقەت ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلانغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، قۇرئانى-كەرىم كائىناتتىكى پۈتۈن ھەقىقەتلەرنىڭ قامۇسى ۋە پۈتۈن ھەقىقەتلەرنىڭ مېغىزىدۇر. قۇرئاننىڭ مۆجىزىسىنىڭ تەقەززاسى بولغان بۇ ئەھۋال، ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە پەن-تېخنىكىدىكى تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدە تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەگەر، كائىناتتا ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى يوشۇرۇنغان بۇ تۈرلۈك مەلۇماتلار قۇرئان-كەرىمدە ئومۇمىي ھالەتتە ئەمەس، تەپسىلى ھالدا مەۋجۇت بولسا ئىدى، قۇرئان كۆتۈپخانىلارنى توشقۇزىدىغان بىر ھەجىمدە بولغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنسانىيەت ئۆز دەۋرىدە ئاشكارىلىنىپ ئىسپاتلانمىغان مەلۇماتلارنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىدىن، قۇرئانغا قىيامەتكىچە ئىمان ئېيتىش داۋاملاشمايتتى. مەسىلەن، تېلېۋىزورغا مۇناسىۋەتلىك ھەقىقەت، بۈگۈن بىز بىلگەن بۇ شەكىلدە، ئۇ زامانلاردا ئىپادىلەنگەن بولسا، تېلېۋىزور ئەمەلىيەتتە كەشىپ قىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە، ئىنسانلارنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. بۇ سەۋەبتىن قۇرئاننى رەت قىلاتتى. پۈتۈن ھەقىقەتلەرنى ئۆزىگە جەملىگەن

قۇرئاننىڭ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇجمەل شەكىلدە بايان قىلىشىنىڭ ھېكمىتى بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئان-كەرىم ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلار، تەۋھىدنى مەركەز قىلىپ، ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىنغان. پەننىي ھەقىقەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ بۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قۇرئانى-كەرىمنىڭ قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن زامان ۋە ماكانلاردا داۋاملىشىدىغان ئايرىم بىر مۆجىزىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكىنى ھەر ۋاقىت، ھەر بىر كەشىپ يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىماقتا.

قۇرئانى-كەرىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈكلۈكىنى قوبۇل قىلالمىغان بىر قىسىم شەرقشۇناسلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي جەريانىدا كۆرگەن بەزى ئەھۋاللىرىنى تۇتقاقلىق تۇتقان ۋاقتى دەپ، سەپسەتە قىلغان[117]. بۇ ئاساسسىز دەۋاغا قىسقىچە مۇنداق جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن[118]:

---

120. بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئوسمان نۇرى توپباشنىڭ "رەھمەت شاماللىرى" ناملىق كىتابىنىڭ 184-239-بەتلىرىگە قاراڭ. ئىستانبۇل، 2001.

118. ۋەھيي نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدا كۆرۈلگەن ۋە يۇقىرىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن بەزى شەرقشۇناسلار ئۇنى بىر تۇتقاقلىق تۇتۇش دەپ قاراپ، ھەر خىل جۆيلىمىلەرنى قىلغان. ئاخىرىدا بۇ جۆيلۈمىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھيي كېسەل ئىكەنلىكى دەرىجىسىگە ئاپارغانكى، بۇنى فرانسىيە مىللى تىبابەت ئاكادېمىيىسىگە تەستىقلىتىش ئۈچۈن مەسلىنىڭ ئۇ يەردە بىر ئىلمىي دەۋا سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىنى تەمىنلىگەن، بۇ يەردە دۇنيانىڭ ئەڭ تاللانغان دوكتۇرلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىر ھەيئەت 1842- يىلىدا بۇ دەۋالارنى تەكشۈرگەن. بۇ دەۋالارنىڭ تېببىي ھەقىقەتلەر ئىچىدە ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقى جەھەتتە قىممەتلىك مەلۇمات ئېلان قىلغان. ھادىسىنىڭ تەپسىلاتىغا قىزىققانلار پېروفېسسور دوكتۇر فىرىدۇن نافىز ئۇزلۇك تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ «راپور» ئىسمى بىلەن بېسىلغان ئەسەرگە قارىسۇن. بۇ ئەسەر، 1996-يىلدا سەبىل نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا نەشر قىلىندى.

تۇتقاقلىق كېسلى تۇتقاندىن كېيىن قاتتىق ھارغۇنلۇق ۋە ئاغرىق ھېس قىلىپ، ئاغرىق ئىچىدە تولغىنىدۇ، روھى ھالىتى ئاستىن-ئۈستۈن بولىدۇ. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئېلىنغان بۇ ھالەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگىنىدەك، ئىككى ۋەھيي ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتنى بىر ۋەھيي ئۈزۈلۈش ۋاقتى دەپ قاراپ، ۋەھيىنىڭ قايتا كېلىشىنى ئىشتىياق بىلەن كۈتەتتى. ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە خۇشال بولاتتى. ۋەھيي ئەسناسىدا يۈز بېرىدىغان بۇ ئەھۋاللار ھەر قېتىم ۋەھيي كەلگەندە كۆرۈلمەيتتى، بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نورمال ھالى داۋام قىلىۋېرەتتى.

تىببىي جەھەتتىن ئېيتساق، تۇتقاقلىق تۇتۇش ھالىتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشى ئويلاش ۋە پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يوقىتىپ، ئەتراپىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان ۋەھيي بىلەن ئىنسانىيەتكە قانۇن، ئەخلاق، ئىبادەت، قىسسە، تەبلىغكە ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ مۇكەممەل نەمۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان ئايەتلىرىنى تەبلىغ قىلماقتا ئىدى.

تۇتقاقلىق كېسلى تۇتقاندا قاتتىق تىترىگەن ئەھۋال يۈز بەرسە، بۇ ئەھۋال ۋەھيي چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا كۆرۈلمىگەن. سارا كېسەللىكى تۇتقان ۋاقىتتا، كېسەل ھەرخىل ئېگىز-پەس سۆز قىلىدۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا بۇنداق بىر ئەھۋال كۆرۈلمىگەن. ئۇنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن تۆكۈلگەن سۆزلەر، ئىنسانىيەت ئاڭلىغان ئەڭ پاساھەتلىك ۋە ئەڭ بالاغەتلىك سۆزلەر ئىدى.

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھەر قانداق بىر بەدەنىڭ ئالتە مىڭدىن كۆپ ئايەت نازىل بولۇپ بولغىچە بولغان بۇ قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت تاقەت قىلالىغانلىقمۇ تىبابەتتە ئاشكارلانمىغان.

بۇ غەرەزلىك سەپسەتىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىتىنى بىلەلمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

## پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەت

ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن تاللاپ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بەرگەن ئۇلۇغ كىشىلەر ۋاستىسى بىلەن خىتاب قىلىشنى ئىرادە قىلغان. ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىيىتى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

وَرُسُلاً قَدْ قَصَصْنَاهُمْ عَلَيْكَ مِن قَبْلُ وَرُسُلاً لَّمْ نَقْصُصْهُمْ عَلَيْكَ

**«بىز نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىلگىرى (ئى مۇھەممەد!) ساڭا بايان قىلغانلىرىمىزمۇ بار، ساڭا بايان قىلمىغانلىرىمىزمۇ بار.»** (نىسا سۈرىسى، 164-ئايەت)

وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ رُسُلًا إِلَى قَوْمِهِمْ فَجَاؤُوهُم بِالْبَيِّنَاتِ

**«(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق. ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى.»** (رۇم سۈرىسى، 47-ئايەت)

ئاللاھتائالا تۇنجى ئىنسان ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ ھەر دەۋردە پەيغەمبەرلىرىنى «نەبى» يەنى (پەيغەمبەر) ۋە «رەسۇل» يەنى (ئەلچى) دېگەن سۈپەتلەر بىلەن ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن.

**پەيغەمبەرلىك:** ئەقىل ئىگىسى بەندىلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىنى توغرىلاش ئۈچۈن ئاللاھ بىلەن بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا قىلىنغان ئەلچىلىك دېمەكتۇر.

**رەسۇل:** ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىنغان ۋە ئالغان ۋەھيىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە مۇكەللەف بولغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر تەبلىغ قىلىشقا بۇيرۇلغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن ئۇنىڭغا ۋەھيي قىلىنغان كىشىدۇر. ئومۇمىي قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرىدىن بۇرۇن «رەسۇل»

سۈپىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن بىر پەيغەمبەرنىڭ شەرىئىتىنى تەبلىغ ۋە ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، ئەۋەتىلىدۇ. بۇ ھالدا، ھەر رەسۇل پەيغەمبەردۇر، ئەمما ھەر پەيغەمبەر رەسۇل ئەمەستۇر.

پەيغەمبەرنىڭ رەسۇلدىن ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ رىسالەتتىن تېخىمۇ ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بەزى ھەدىسلەرمۇ نەقىل قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇرئانى-كەرىمدە بۇ سۆزلەر بىر-بىرىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلمەكتە.

ئاللاھتائالا بەندىلىرىگە نېمە ئۈچۈن بىۋاستە ئەمەس، پەيغەمبەرلەر ۋاستىسى بىلەن خىتاب قىلىدۇ؟ دېگەن بىر سوئال ئەقىلغا كەلسە، شۇ شەكىلدە جاۋاب بېرىش مۇمكىن:

«ئاللاھتائالانىڭ ئىنسانلارغا بىۋاستە ئۆزى خىتاب قىلىپ يەنى ۋەھيى ئەۋەتىپ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئوچۇق بىلدۈرۈشى، دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىكى «ئىمتىھان سىرى»غا زىتتۇر. چۈنكى ئۇنداق بولسا، ئىماننىڭ غەيبكە مۇناسىۋەتلىك بولۇشىدىن كېلىپ چىققان قىممەت ۋە شەرەپ مەنىسىز قالىدۇ. بۇيرۇق، چەكلىمىلەرنى بىۋاستە ئاللاھتائالادىن ئالغان ئىنسانلار، ھەقىقەتنى تولۇق بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە مەجبۇرى ھالدا بويۇن ئېگىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ ئۆز ئىرادىسى بىلەن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى تاللىشىنى توسۇپ قويۇپ، مۇكاپات بىلەن جازانى مەنتىقسىز ھالغا كەلتۈرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ سەۋىيە ۋە قابىلىيەتلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ھاياتتا ئىجرا قىلىدىغان فۇنكسىيەلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىقتۇر. ئەگەر، پۈتۈن ئىنسانلار ئىنتايىن قابىلىيەتلىك بولسا ئىدى، بەزى ئىشلارنى ھېچكىم قىلىشنى خالىمايتتى. ئەڭ تۆۋەنىدىن ئەڭ يۇقىرىسىغىچە بولغان ئاشكارا ۋە دونياۋى فۇنكسىيەلەرنىڭ تولۇق نامايەن بولىشى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ قابىلىيەت جەھەتتىن پەرقلىق يارىتىلىشى تەقەززا قىلىنغان.

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك يېتەكچى، مۇئەللىم ۋە تەربىيەچىلىرى پەيغەمبەرلەردۇر. چۈنكى خەلقنى ھىدايەتكە چاقىرىپ قەلبنى يورۇتىدىغان،

ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان، ئىنسانلاردىن سادىر بولغان خاتالىقلارغا سەۋر قىلالايدىغان كىشلەر ئالاھىدە قابىلىيەت ۋە چەكسىز چىدامچانلىق بىلەن تەييارلانغان بولىشى كېرەك. ئۆزگە ئەگەشكەن ئاۋام خەلقنى ھەيران قالدۇرىدىغان سۈپەت ۋە ئالاھىدە خاراكتېرى بولمىسا، بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

ئادەتتىكى بىر باشلىقمۇ باشقۇرۇشقا تاپشۇرۇلغان ئىنسانلاردىن ئۈستۈن سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىسا، باشلىقلىق ئورنىغا كېلەلمەيدۇ، كەلسىمۇ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولالمايدۇ. چۈنكى ھېچكىم ئاجىزلىقى ئاشكارا بولغان بىر كىشىنى باشلىق دەپ قارىمايدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەرلەر ئەزەلدىن ئالىي سۈپەتلەر بىلەن بېزەلگەن. لېكىن ئۇلار، بۇ تەبىئى سەرمايىلىرىنى ئىشلىتىپ، ئۆز ئالاھىدىلىگى بىلەن پەيغەمبەر بولالمايدۇ. پەيغەمبەرلىك مانا بۇنداق لاياقەتلىك شەخسلەر ئىچىدىن ئىلاھىي تەيىنلىنىش بىلەن تاللانغانلارغا مەخسۇستۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەت كەسپىي نەرسە ئەمەس. يەنى تىرىشچانلىق بىلەن قولغا كېلىدىغان نەرسە ئەمەستۇر. ئاللاھتائالا بەندىلىرى ئارىسىدىن خالىغىنىنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

اللهُ أَعْلَمُ حَيْثُ يَجْعَلُ رِسَالَتَهُ

**«ئاللاھ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى قەيەرگە ئورنىتىشنى (يەنى كىمنىڭ ئۇنىڭ ئەھلى بولىدىغانلىقىنى) ئوبدان بىلىدۇ.»** (ئەنئام سۈرىسى، 124 ـ ئايەت)

ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ خالىغان بىر ئادەم بىلەن ئەۋەتىلىشىمۇ توغرا ئەمەستۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي تەبلىغنى قوبۇل قىلىش ۋە ئىجرا قىلىش جەھەتتە باراۋەر ئەمەستۇر. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەر

ھەرجەھەتتىن يۇقىرى سۈپەتلىك ئىنسانلار ئىچىدىن تاللىنىپ، پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرۈشكە چاقىرىلغان.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرى

پۈتۈن پەيغەمبەرلەردە ئوخشاش بولغان بەزى سۈپەتلەر مەۋجۇتتۇر. بۇلار: راستچىللىق، ئامانەت، زېرەكلىك، گۇناھتىن خالى بولۇش ۋە تەبلىغدۇر. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتىش بۇ خۇسۇسىيەتلەر ئەتراپىدا تاماملىنىدۇ.

**راستچىللىق:** پەيغەمبەرلەر ئىلاھىي ھۆكۈملەرنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىشتا ۋە پۈتكۈل بايانلىرىدا راستچىلدۇر. ئۇلار سۆز-ھەرىكەتلىرىدە دائىم توغرىلىق ئۈستىدە بولىدۇ. سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى بىر-بىرىنىڭ ئەينىكىدۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ يالغان سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئاللاھتائالا پەيغەمبەرلىرىنى راستچىللىقى تۈپەيلىدىن مەدھىيلەپ:

وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا

**«(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ئىبراھىم (قىسسىسى) نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.»**[119] (مەريەم سۈرىسى، 41-ئايەت).

وَلَوْ تَقَوَّلَ عَلَيْنَا بَعْضَ الْأَقَاوِيلِ لَأَخَذْنَا مِنْهُ بِالْيَمِينِ ثُمَّ لَقَطَعْنَا مِنْهُ الْوَتِينَ

**«ئەگەر ئۇ بىزنىڭ نامىمىزدىن يالغاننى توقۇيدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى قۇدرىتىمىز بىلەن جازالايتتۇق. ئاندىن ئۇنىڭ ئاساسى قىزىل تومۇرىنى كېسىپ تاشلايتتۇق.»** (ھاققە سۈرىسى، 11-16-ئايەتلەر) دېگەن.

ئۇلارنىڭ توغرىلىقى، راستچىللىقى ئۇلارغا ئىمان ئېيتمىغان كىشلەر تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، بىر قىسمىنى مىسال قىلىمىز:

---

119. مەريەم سۈرىسى 54 - 56-ئايەتلەر ۋە يۈسۈپ سۈرىسى 46 -ئايەتكە قاراڭ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى تۇنجى ئاشكارىلىغان كۈنلەردە، سەفا تۆپىلىكىدىكى ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ، قۇرەيشكە مۇنداق خىتاب قىلدى:

«ئەي قۇرەيش جامائەتى! ئەگەر مەن سىلەرگە شۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ياكى شۇ ۋادىدا دۈشمەن قوشۇنلىرى بار، ئۇلار يېقىندا سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ مال-ۋارانلىرىڭلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ دېسەم، ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟»

ئۇلار، ھېچ ئويلانماستىن:

«شۇنداق، ئىشىنىمىز! چۈنكى ھازىرغا قەدەر سېنى توغرا ھالەتتە كۆردۈق. سېنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىڭنى ھېچ ئاڭلىمىدۇق!» دېيىشتى.

(بۇخارى: «تەپسىر»، 26)

شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھىرەقلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن ئىمان ئېيتمىغان ئەبۇ سۇفياندىن سورىغان سوئاللىرىنىڭ بىرىدە:

- بىرەر قېتىم سۆزىدە تۇرمىغانلىقىنى ئۇچراتتىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىغان ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى بولغان ئەبۇ سۇفياننىڭ بەرگەن جاۋابى:

- ياق! ئۇ بەرگەن ھەر بىر سۆزىدە مۇتلەق تۇرىدۇ! - دېگەن.

(بۇخارى: «ۋەھيىنىڭ باشلىنىشى»، 1، 5- 6؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 74)

مەككە مۇشرىكلىرىدىن ئۇبەي ئىبنى خەلەفمۇ ئىسلامنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. ھىجرەتتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«بىر ئات بېقىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى يېگۈزىۋاتىمەن، بىر كۈنى ئۇنىڭغا مىنىپ سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر قېتىم ئۇنىڭغا:

«ئاللاھ خالىسا مەن سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دېگەن.

ئوھود جېڭى كۈنى بۇ مۇشرىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بۈگۈن ئۇ قۇتۇلسا، مېنىڭ ئىشىم پۈتىدۇ!»

بۇ خىياللارنى قىلىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغىچە كەلگەن. ساھابە-كىرام ئۇ يىراقتىن كېلىۋاتقاندىلا ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولغان، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كەلگىلى قويۇڭلار!» دېگەن.

ئۇبەي ئىبنى خەلەف يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن بىرىنىڭ قولىدىن نەيزىسىنى ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇبەي كەينىگە قاراپ قېچىشقا باشلىغان. ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى:

«نەگە قاچىسەن، ئەي يالغانچى!» دېگەنچە نەيزىنى ئاتقان. نەيزە ئۇبەينىڭ بوينىنى يېنىك سىيرىۋەتكەن. ئەمما ئۇ مۇشۇنچىلىك ئاددى يارىغىمۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بىر قانچە دومىلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، ئۆز ئادەملىرى تەرەپكە قاچقان. بىر ياندىن يۈگۈرۈپ، بىر ياندىن كۆزلىرى چىقىپ كەتكىدەك دەرىجىدە ۋارقىراپ:

«قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد مېنى ئۆلتۈردى!.» دېگەن. يېنىغا كېلىپ يارىسىنى كۆرگەن مۇشرىكلار: «بۇ بىر كىچىككىنە سىيرىلىشكەن» دېگەندە، ئۇ خاتىرجەم بولالماي مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەد ماڭا مەككىدىكى ۋاقتىدا: «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن!» دېگەن ئىدى. قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ ماڭا قارىتىپ تۈكۈرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆلىمەن!...» دېگىنىچە ۋاقىرىغان. ئاۋازى بىر ئۆكۈزنىڭ مۆرىگىنىدەك چىققان. ئەبۇ سۇفيان: «شۇنچىلىك كىچىك سىيرىلىپ كەتكەنگىمۇ مۇشۇنچىۋالا ۋارقىرىغان بارمۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلىغاندا، ئۇبەي ئۇنىڭغا:

«سەن بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ بۇ مۇھەممەد ئاچقان يارىدۇر. لات ۋە ئۇززاغا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ يارىدىن ھېس قىلغان ئازابنى پۈتۈن ھىجاز خەلقىگە چاچسا ھەممىسى ئۆلىدۇ. مۇھەممەد ماڭا، مەككىدە: «مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن!» دېگەنىدى. مەن ئاشۇ ۋاقىتتىلا ئۇنىڭ قولىدا ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلگەنىدىم» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەشەددى دۈشمەن تۇتقان ئۇبەي ئاخىرى مەككىگە يېتىپ بېرىشتىن بىر

كونا بورۇن يولدا ئۆلگەن. (ئىبنى ئىسھاق: 89-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 46-بەت. ھاكىم: 2-جىلد، 357-بەت.)

بۇ ھادىسە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېقىندىن تونىغان بىر مۇشرىكمۇ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قانچىلىك راست ۋە توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

ئەبۇ مەيسەرە مۇنداق دەيدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشى بىلەن:

«ئەي مۇھەممەد! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سېنى يالغانچى دېمەيمىز، سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا سادىق ۋە توغرا سۆزلۈك بىر كىشىسەن. لېكىن بىز سەن كەلتۈرگەن نەرسىنى يالغان دەيمىز» دېدى. بۇنىڭ بىلەن شۇ ئايەت نازىل بولدى:

قَدْ نَعْلَمُ إِنَّهُ لَيَحْزُنُكَ الَّذِي يَقُولُونَ فَإِنَّهُمْ لاَ يُكَذِّبُونَكَ وَلَكِنَّ الظَّالِمِينَ بِآيَاتِ اللهِ يَجْحَدُونَ

**«ئۇلارنىڭ سۆزى سېنى قايغۇغا سالىدىغانلىقىنى بىز ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار سېنى (ئىچىدە) ئىنكار قىلمايدۇ، (لېكىن ئۇلار تەرسالىقتىن ئىنكار قىلىدۇ) (ھەقىقەتتە) زالىملار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ.»**

(ئەنئام سۈرىسى، 33-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكىتى بولمىسىمۇ، سىماسىلا ئۇنىڭ راستچىللىقىنىڭ مۇجەسسەم ئىپادىسى ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى سالام ئۇنىڭ گۈل يۈزىنى كۆرگىنىدە: «بۇ يۈز يالغانچىنىڭ يۈزى ئەمەس!» دېگىنىچە ئىمان ئېيتقان. (تىرمىزى: «قىيامە»، 42؛ ئەھمەت: 5-جىلد، 451-بەت)

پەيغەمبەرلىك بېرىلىشتىن بۇرۇنقى ھاياتىدا ئىنسانلارغا چاقچاق نىيىتى بىلەنمۇ يالغان سۆزلىمىگەن بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ ھەققىدە يالغان سۆزلىشى

مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغان سۆزلەشنى مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى دەپ قاراپ، ئۈممىتىنى يالغانچىلىقتىن قاتتىق چەكلىگەن[120].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن:

«بەندە يالغان سۆزلەشكە ۋە يالغان سۆزلەشنى نىيەت قىلىشقا داۋام قىلىۋەرسە قەلبىگە بىر قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ. كېيىن بۇ چېكىت يوغىناپ قەلبىنىڭ ھەممە يېرىنى قارىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئاخىرى بۇ كىشى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچىلار ئارىسىغا يېزىلىدۇ». (مۇۋەتتا: «كالام»، 18)

نۇفەي ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن:

بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گۇناھلارنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى سىلەرگە دەپ بېرەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم سورىدى. بىز:

- ئېيتىپ بەرگىن ئى رەسۇلۇللاھ! - دېدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىغا ئاتائەتسىزلىك قىلىش» دېگەندىن كېيىن يانچە ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ، تۈز ئولتۇرۇپ: «ياخشى ئاڭلاڭلار! يالغان سۆزلەش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش!» دېدى. بۇ سۆزنى شۇنداق تەكرارلىدىكى، چارچاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن توختاپ قالسىكەن دەپ ئارزۇ قىلدۇق. (بۇخارى: «ئەدەپ»، 6؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 143)

قۇرئانى-كەرىمدە راستچىللىقنىڭ ئەھمىيىتى شۇ شەكىلدە بايان قىلىنغان:

قَالَ اللّهُ هَذَا يَوْمُ يَنفَعُ الصَّادِقِينَ صِدْقُهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا رَّضِيَ اللّهُ عَنْهُمْ وَرَضُواْ عَنْهُ ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**«ئاللاھ ئېيتىدۇ: «بۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) راستچىللارنىڭ راستچىللىقى ئۆزىگە پايدا قىلىدىغان كۈندۇر. ئۇلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر**

120. بۇخارى: «ئىمان»، 24؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 107

**ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھتىن مەمنۇن بولىدۇ. بۇ زور بەختتۇر.»** (مائىدە سۈرىسى، 19ـ ئايەت)

**ئامانەت:** پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئىشەنچلىك، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان دۇرۇست ئىنسانلاردۇر. ئىمان ئەھلى بولمىغانلارمۇ ئۇ پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنەتتى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئامانەت سۈپىتى ئۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكى بىلەن بىرلىكتە، ۋەھيى ئۈستىدە تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئۆزگەرتمەي، ئارتۇق، كەم قىلماي تەبلىغ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھتائالا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى خائىنلارغا ئەمەس، ھەر جەھەتتىن ئىشەنچلىك بولغان سادىق بەندىلىرىگە بېرىدۇ. قۇرئانى كەرىمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىگە:

أُبَلِّغُكُمْ رِسَالاتِ رَبِّي وَأَنَاْ لَكُمْ نَاصِحٌ أَمِينٌ

**«سىلەرگە پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەلچىلىكنى يەتكۈزىمەن، مەن سىلەرگە ئىشەنچلىك نەسىھەتچىمەن.»** (ئەئراف سۈرىسى، 68ـ ئايەت)

إِنِّي لَكُمْ رَسُولٌ أَمِينٌ

**«مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە سادىق بىر پەيغەمبەرمەن.»**[121] (شۇئەرا سۈرىسى، 68ـ ئايەت) دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە دېيىلگەن «مۇھەممەدۇل ئەمىين» يەنى «ئىشەنچلىك مۇھەممەد» تەبىرى مۇشرىكلارنىڭ تىللىرىدىنمۇ چۈشمەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەمراھلىرىغا ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىشىنىپ، ئامانەتلىرىنى بېرىشەتتى. ھەتتا ھىجرەت قىلىدىغان ۋاقتىتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا مۇشرىكلارنىڭ بىر قىسىم ئامانەتلىرى بار

121. شۇئەرا سۈرىسى، 125، 143، 162، 178، دۇخان سۈرىسى، 18ـ ئايەتلەرگە قاراڭ

ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۆلۈم خەتىرىگە قارىماستىن ھەزرىتى ئەلىنى مەككىدە قالدۇرۇپ ئامانەتنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرغۇزغان.

ئەلئەمىين سۆپىتى گويا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىككىنچى ئىسمىغا ئايلىنىپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام 25 ياشقا كىرگەندە، مەككىدە پەقەت ئەلئەمىين (يەنى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ ئامانەتكار) دېگەن ئىسىم بىلەن چاقىرىلغان[122].

كەبىدە ھەجەرۇل ئەسۋەد ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەنلەر «ئەلئەمىين كېلىۋاتىدۇ!» دەپ سۆيۈنگەن ۋە ھەر جەھەتتە ئۇنىڭغا تايىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىغان. ئۇنىڭ ئۇچۇن جېنى، مېلى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلغان ئەسھابىلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلغان رىقابەتچىلىرىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىشەنچلىكلىكىگە قارىتا بىر ئېغىز سۆز قىلمىغان.

پەيغەمبەرلەر ئەمىين بولغىنىدەك، ئۇلارغا ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن جىبرىئىل ئەلەيھسسالاممۇ ئەمىيندۇر. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە:

إِنَّهُ لَقَوْلُ رَسُولٍ كَرِيمٍ، ذِي قُوَّةٍ عِندَ ذِي الْعَرْشِ مَكِينٍ، مُطَاعٍ ثَمَّ أَمِينٍ

**«قۇرئان ھەقىقەتەن (ئاللاھنىڭ) ئىززەتلىك بىر ئەلچى (ئارقىلىق نازىل قىلىنغان) سۆزىدۇر. ئۇ (ئەلچى) كۈچلۈكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىلىكتۇر. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىدۇر. بۇ يەردە (يەنى ئاسماندا) ئۇ ئىشەنچلىكتۇر.»** دېگەن. (تەكۋىر سۈرىسى، 19ـ20ـ2ـ ئايەتلەر)

**ئەقىل ـ پاراسەت:** پەيغەمبەرلەر ئىنسانلار ئىچىدە ئەقىللىق، زېرەكلىك ۋە پاراسەتلىك بولۇش بىلەن ھەر جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بولۇپ،

125. ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 121ـ156ـ بەتلەر.

ئۇلار كۈچلۈك ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى، چوڭقۇر چۈشەنچە، پاساھەتلىك بىر تىل ۋە قايىل قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە.

زېرەكلىك ئەقىلچىلىق ۋە ناتىقلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيەدۇر. كۆڭۈلگە باغلانغان ئەقىلنىڭ، پاراسەت ۋە يىراقنى كۆرەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەربىر پەيغەمبەر ۋەزىپىسىنى كەمتۈكسىز ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىشى ئۈچۈن بۇنداق بىر ئەقىلگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، كىشىلەرگە قارىتا كۈچلۈك دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. پەيغەمبەرلەر چۈشىنىكسىز ۋە قىيىن مەسىلىلەرنىمۇ ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىدۇ. مەلۇم تېمىلارنى شەرھىلىگەندە، ئاسان، روشەن تىل بىلەن سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، سەۋىيەسى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئاڭلىغۇچىلىرى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىشتە قىيىنلىق ھېس قىلمايدۇ.

بۇ سۈپەت پۈتۈن پەيغەمبەرلەردە ئوخشاش بولمىغان ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھاياتى بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاشكارا بولۇشى بىلەن ئۆتكەن. ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كەبىنى رېمونت قىلغاندا، ھەجەر ئەسۋەدنى ئورنىغا قويۇش مەسىلىسىدە كېلىپ چىققان ئىختىلاپنى شۇ ئەسنادا ھەرەم ئىشىكىدە كۆرۈنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىراقنى كۆرەرلىك ۋە پاراسەت ئۆرنىكىنى كۆرسەتكەن ھالدا، ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىپ، قەبىلىلەر ئارىسىدا چىقىشى ئېھتىمالى بولغان ئۇرۇشنى توسۇپ قالغان.

يەنە ئۇنىڭ ئىسلام يولىدا قىلغان ئۇرۇشلىرىدا كۆرسەتكەن ئەقىل-پاراسىتى، تىنچلىق كېلىشىملىرىدە، بولۇپمۇ ھۇدەيبىيەدە كۆرسەتكەن پاراسىتى، مەككىنىڭ قان تۆكۈلمەستىن فەتھى قىلىنىپ ھىدايەتكە ئېرىشىشى، ھۇنەيىندە، تائىفتا يولغا قويغان ھەيران قالارلىق تاكتىكا ۋە ئادالىتى ھېچبىر ئىنسان تېگىگە يېتەلمەيدىغان ئەقىل-پاراسەت ئەسىرىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇسۇلمان پەيغەمبەرلەردىكى ئەقىل-پاراسەت سۈپىتىدىن بىر ئۈلۈش ئېلىپ، ئەقىل نېمىتىنى ئۈنۈملۈك شەكىلدە قوللىنىشى

كېرەك. كىمگە، نېمىنى، قاچان، قەيەردە ۋە قانداق سۆزلەيدىغانلىقىنى، قايسى شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

مەسىلەن، جەفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئىسلام ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە قوللانغان ئۇسلۇب، بىر مۇسۇلماننىڭ پاراسىتىنى كۆرسىتىش جەھەتتە ئۈلگىدۇر.

خرىستىئان نەجاشى جەفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قۇرئانى-كەرىمدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ تۇنجى قېتىم ئىنكارچىلارنى دوئىلغا چاقىرىدىغان سۈرە كافىرۇننى ئەمەس، ھەزرىتى ئىسا ۋە ئانىسى مەدھىيە بىلەن تىلغا ئېلىنغان سۈرە مەريەمنى ئوقۇغان. ھەزرىتى جەفەرنىڭ تىلاۋەت قىلغان ئايىتىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان نەجاشى كۆزلىرىدىن ياش ئاققان ھالدا:

«شۈبھىسىزكى، شۇ ئاڭلىغانلىرىم بىلەن ئىسانىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئوخشاش بىر نۇر بۇلىقىدىن چىققان!» دېگەن ۋە بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 358-دىن 360-بەتلەرگىچە)

**تەبلىغ:** پەيغەمبەرلەر ئىلاھىي بۇيرۇقلارنى توغرا ھالەتتە، قانداق بۇيرۇلغان بولسا شۇ شەكىلدە ئىنسانلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبلىغىدا ئۆز يېنىدىن بىر نەرسىنى قوشۇپ قويۇش ياكى ئازلىتىش دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ. تەبلىغ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق سۈپىتى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ

**«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن.»** (مائىدە سۈرىسى، 67-ئايەت)

پەيغەمبەرلەر تەبلىغ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىغاندا، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. لېكىن دەۋالىرىدىن قەتئىي ۋاز كەچمىگەن. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ھاياتلىرى ئىبرەتلىك ھادىسىلەر بىلەن تولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى ئەڭ يېقىنلىرىدىن باشلاپ، شارائىتقا قاراپ ئىش قىلغان. ئالدىدىكى كىشىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە چۈشىنىش سەۋىيەسىنى كۆزلەپ، تەدرىجى بولۇشقا دىققەت قىلغان. ھەر بىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەسلەشتۈرمىگەن، ھەردائىم خوش بېشارەت بەرگەن، ئەسلا نەپرەتلەندۈرمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئۆمرىنى تەبلىغقا ئاتاپ، ۋىدا خۇتبىسىدە ساھابىلىرىگە:

«تەبلىغ ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىممۇ؟» دەپ سورىغان، ئۇلاردىن ئىجابىي جاۋاب ئالغاندا:

«ئى ئاللاھ، گۇۋاھ بولغىن!» دەپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىغا شاتلانغان. شۇڭا، پۈتۈن مۇئمىنلەر ئاللاھ رەسۇلىنىڭ تەبلىغ مىتودىغا كۆچىنىڭ يېتىشچە ئىگە بولىشى كېرەك. چۈنكى تەبلىغ مۇئمىنلەر ئۈستىگە پەرز ھۆكمىدىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّهِ وَلَوْ آمَنَ أَهْلُ الْكِتَابِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم مِّنْهُمُ الْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ الْفَاسِقُونَ

**«(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر. ئەگەر ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) ئىمان ئېيتسا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان ۋەھىيگە ئىشەنسە)، ئۇلار ئۈچۈن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە ياخشى بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇئمىنلەرمۇ بار، ئۇلارنىڭ تولىسى پاسىقلاردۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 110 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا كىم بىر يامانلىقنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن تۈزەتسۇن، ئەگەر كۈچى يەتمىسە تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، بۇنىڭغىمۇ كۈچى يەتمىسە قەلبىدە نارازى بولسۇن! بۇ ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ھالىدۇر». (مۇسلىم: «ئىمان»، 78)

بىر جەمئىيەتتە ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدىغان كىشىلەر بولمىسا، بۇ خىل ئەخلاقسىزلىقلار ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ تەبىئىي ئىشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ. چەكلەنمىگەن يامانلىق بىر مۇددەتتىن كېيىن چەكلەنىشمۇ توختىماس بىر ھالغا كېلىدۇ. ھەقىقەت بىلەن باتىل بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندە، ھەقىقەت ئۇنتۇرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىنسانلار ئاللاھنى ئۇنتۇيدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسى ئۇ جەمئىيەتنىڭ پۈتۈنلەي ھالاك بولىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تەبلىغقا زور ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**ئىسمەت:** (گۇناھتىن خالى بولۇش) پەيغەمبەرلەر يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەرتۈرلۈك گۇناھلارنى قىلىشتىن يىراقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەيغەمبەرلىكىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن شېرىك پاتقىقىغا چۈشۈشتىن ساقلانغان. ئاللاھتىن ئالغان ۋەھيىنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلغاندا، ئۇنتۇپ قېلىشى ياكى خاتالىششى مۇمكىن ئەمەستۇر. پەيغەمبەرلەر گۇناھتىن خالىلىق سۈپىتىگە ئىگە بولمىسا ئىدى، بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچ قىلىنمايتتى. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ھۆججىتى ۋە گۇۋاھچىسى بولۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە كۆلەڭگە تاشلايتتى.

ئەھلى سۈننەت قارىشىدا پەيغەمبەرلەر ئەسلا چوڭ گۇناھ قىلمايدۇ. سەۋەنلىك ۋە بىرمۇنچە ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاساستا خاتالىققا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، خاتالىقى ئۈستىدە تاشلاپ قويۇلمايدۇ. دەرھال ئايەت بىلەن توغرىلىنىپ ئاگاھلاندۇرىلىدۇ. بۇ «خاتالار» ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا بولىدىغان خاتالار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاجىزلىقنى ھېس قىلىشى ۋە ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ، ئىلاھىي بىر

سۈپەتىنىڭ قوشۇلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھېكمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پەيغەمبەرلەر ئۆرنەك ئېلىنىشى مۇمكىن بولىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى كۆرستىشكە مەسئۇلدۇر. ئەكسىچە بولغاندا ئىنسانلار: «پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇيرۇغانلىرى بىزنىڭ تاقىتىمىزنىڭ ئۈستىدە» دەپ، ئىلاھىي بۇيرۇق ۋە چەكلىملەرنى تەتبىقلاش جەھەتتە نۇرغۇنلىغان ئۆزرلەرنى قوياتتى. بۇ ھەقىقەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەي، پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن بولىشى كېرەكلىكىنى ئويلىغان غاپىللارمۇ چىققان. بۇلارغا قۇرئانى-كەرىم مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

قُل لَّوْ كَانَ فِي الأَرْضِ مَلآئِكَةٌ يَمْشُونَ مُطْمَئِنِّينَ لَنَزَّلْنَا عَلَيْهِم مِّنَ السَّمَاء مَلَكًا رَّسُولاً

**«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق.»** (ئىسرا سۈرىسى، 95-ئايەت)

وَمَا جَعَلْنَاهُمْ جَسَدًا لَّا يَأْكُلُونَ الطَّعَامَ وَمَا كَانُوا خَالِدِينَ

**«پەيغەمبەرلەرنى تاماق يېمەيدىغان جەسەت قىلغىنىمىز يوق (يەنى ئۇلار بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش يەيدۇ، ئىچىدۇ)، ھەمدە ئۇلار (دۇنيادا ئۆلمەي) مەڭگۈ قالىدىغان بولغىنى يوق (يەنى ئۇلارمۇ بارلىق كىشىلەرگە ئوخشاش ۋاپات بولىدۇ.»** (ئەنبىيا سۈرىسى، 8-ئايەت)

پەيغەمبەرلەر ئۈممىتىنىڭ ئوخشاش خاتالىققا چۈشمەسلىكى ۋە خاتالاشقاندا قانداق ھەرىكەت قىلىشنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنمۇ ئۆرنەك بولۇش مەجبۇرىيىتىدە. مەسىلەن، نۇھ ئەلەيھىسسالام 950 يىللىق سەۋر بىلەن تولغان تەبلىغ ھاياتىدىن كېيىن، قەۋمى ھىدايەتكە كەلمىگەندە:

فَدَعَا رَبَّهُ أَنِّي مَغْلُوبٌ فَانتَصِرْ

**«ئۇ پەرۋەردىگارىغا: «ھەقىقەتەن مەن بوزەك قىلىنىدىم، ياردەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى.»** (قەمەر سۈرىسى، 10-ئايەت)

بۇ دۇئاسىنىڭ نەتىجىسىدە قەۋمى سۇدا ھالاك بولغاندا، گۇناھكار ئوغلى ئۈچۈن دادىلىق شەپقىتى بىلەن:

رَبِّ إِن ابني مِنْ أَهْلِي

**«پەرۋەردىگارىم! ئوغلۇم مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەردىن ئىدى.»** (ھۇد سۈرىسى، 45-ئايەت) دېدى.

جانابى ئاللاھ قەۋمىگە بەددۇئا قىلىپ، ئوغلىغا ياخشى دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن:

إِنِّي أَعِظُكَ أَن تَكُونَ مِنَ الْجَاهِلِينَ

**«مەن سېنىڭ جاھىللاردىن بولماسلىقىڭنى نەسىھەت قىلىمەن.»**

(ھۇد سۈرىسى، 46-ئايەت) دېدى.

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خاتالىقى قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان پۈتۈن ئۈممەتلەرگە مىسالدۇر.

«خاتالاشماسلىق» سۈپىتى پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر. بەندىلەر ئۈچۈن خاتادىن يىراق تۇرۇش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئەمما مۇسۇلمان خاتالىقنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش غەيرىتىدە بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئانى-كەرىمدە نۇرغۇنلىغان يەردە زىكىر، يەنى كۆڭۈلنىڭ جانابى ئاللاھ بىلەن بىللە بولۇشى بۇيرۇلغان. چۈنكى قەلب «ئاللاھ» دېگەندە گۇناھ قىلمايدۇ، خاتا ئىش-ھەرىكەتلەردە بولالمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَا تَكُونُوا كَالَّذِينَ نَسُوا اللَّهَ فَأَنسَاهُمْ أَنفُسَهُمْ أُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ

**«سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار. ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر.»** (ھەشر سۈرىسى، 19 ـ ئايەت)

بۇ جەھەتتە غەپلەتتە قالغانلار ھەققىدە ئاللاھتائالا:

فَوَيْلٌ لِّلْقَاسِيَةِ قُلُوبُهُم مِّن ذِكْرِ اللَّهِ أُوْلَئِكَ فِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ

**«ئاللاھنىڭ زىكرىنى تەرك ئەتكەنلىكتىن دىللىرى قېتىپ كەتكەنلەرگە ۋاي! ئەنە شۇلار روشەن گۇمراھلىقتىدۇر.»** (زۇمەر سۈرىسى، 22 ـ ئايەت) دەيدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بۇ بەش سۈپىتى (راستچىللىق، ئامانەت، ئەقىل ـ پاراسەت، تەبلىغ، گۇناھتىن خالى بولۇش) سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت ئۈچ بۈيۈك سۈپەت باركى، ئۇلار:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبىبۇللاھتۇر، يەنى ئاللاھنىڭ دوستىدۇر. ئۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. شائىر نەجىب فازىل ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئەزەلدىن سۆزگەن ئەتىرىگنى ئاللاھ،
سەن ھەسەلسەن، بارچە مەخلۇق كۆنەك...

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ ئېلىپ كەلگەن دىن قىيامەتكە قەدەر مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. باشقا پەيغەمبەرلەر مەلۇم ئۆتكۈنچى زامان ۋە بەزىلىرى مەلۇم بىر قەۋمگىلا ئەۋەتىلگەن. بۇ سەۋەبتىن ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئۆز زامانىغا مەخسۇس بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى پۈتۈن زامانغا ئومۇمىيىدۇر. بولۇپمۇ قۇرئانى ـ كەرىم ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ بۈيۈك مۆجىزە سۈپىتىدە قىيامەتكە قەدەر ئۆزگەرتىلىشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. بۇلاردىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت كۈنى ماقامى مەھمۇد (يەنى ماختالغان ئورۇن)

ۋە بۇيۇك شاپائەت ئاتا قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ مەرھەمەت پەيغەمبىرى مەھشەر كۈنى ئۇممىتىنىڭ گۇناھكارلىرىغا شاپائەت قىلىدۇ ۋە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ[123].

بىر ئىنساننى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شەخسىيەت ۋە خاراكتېرىگە ھەيرانلىق ھېس قىلغاندا، ئۇنى تەقلىد قىلىشقا قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ تەبىئىي بىر مايىللىق ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنمايدىغان ھەقىقەتتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئەۋلادى ئۇچۇن ئەڭ مۇكەممەل ئۆرنەكلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ سەۋەبتىن، مەرھەمەتى چەكسىز بولغان ئاللاھ ئىنسانلارغا پەقەت كىتابلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇ كىتابلارنىڭ جانلىق ئۆرنەكلىرى بولغان پەيغەمبەرلەر، يەنى ئۆرنەك شەخسىيەتلەر ئەۋەتكەن. ئۇلار شۇنداق ئۆرنەك شەخسىيەتلەردۇركى، دىنىي، ئىلمىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپتىن مۇكەممەللىكنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ھەقىقەتەن، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر بىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەخلاق-پەزىلەتنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىرىپ، ئىنسانىيەتكە بۈيۈك خىزمەتلەر قىلغان.

مەسىلەن، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدە نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىغا قارىغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئىمان دەۋىتى، كاپىرلارنىڭ ئازار ۋە كۈلپەتلىرىگە سەۋر قىلىش نەتىجىسىدە كۇففارلارغا قارشى قاتتىق غەزىپى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى شېرىككە قارشى تىنىم تاپماي كۈرەش قىلىش ۋە بۇتپەرەستلىكنى يوقۇتۇش يولىدا ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا نەمرۇدنىڭ ئوتلىرىنى گۈل باغچىسىغا ئايلاندۇرغان، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش ۋە ئۇنىڭغىلا تايىنىش جەھەتلەردە تېپىلغۇسىز نەمۇنە بولغان.

---

123. بۇخارى: «تەۋھىد»، 36.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى زالىم فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بىلەن كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئۇ كېيىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت بىلەن مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئىجتىمائىي بىر نىزام تەسىس قىلغان.

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغىنىڭ پەرقلىق يېرى، ئىنسانلارغا قارىتا شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن تولغان قەلب يۇمشاقلىقىدۇر. ئۇنىڭدىكى ئىنسانلارغا ئەپۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە كەمتەرلىككە ئوخشاش ھالەتلەر دىققەتنى تارتىدۇ.

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام تىللاردا داستان بولغان، كۆز قاماشتۇرىدىغان سەلتەنىتىگە قارىماي، تولىمۇ كەمتەر ۋە شۈكۈرچانلىق بىلەن ئۆز قەلبىنى كونترول قىلىپ، ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتا يۇقىرى ئۆرلىشى ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا بالا-قازاغا سەۋر قىلىش ۋە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى مەۋجۇتتۇر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىش ۋە خاتالىقلارغا پۇشايمان قىلىپ، تەۋبىگە ئېرىشىشنىڭ كامىل مىسالىدۇر.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ھالەتتىمۇ، ئاللاھقا باغلىنىش ۋە دەۋەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە ياشىغان. ئۇ بايلىق، شۆھرەت ۋە شەھۋەت ئىگىسى گۈزەل بىر ئايال: «يېنىمغا كەلگىنە» دەپ، ئىنسان نەپسىنى جەلىپ قىلغۇچى بىر تەكلىپتە بولغان ۋاقىتتىمۇ، ئاجايىپ ئېپپەتلىك بولغان. ئۇنىڭ تەقۋا بىلەن زىننەتلەنگەن كۆڭلى مۇكەممەللىكلەرنىڭ مەنبەسى بولغان.

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى، ئىلاھىي قۇۋۋەت ئالدىدىكى ئىبرەت ۋاراقچىلىرى بىلەن تولغان. ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققان ھالدا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ھەمدۇ-سانا ئېيتىشى، تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىشى بەكمۇ ئىبرەتلىكتۇر.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىنساننىڭ ئېغىر مۇسىبەتلىك ۋاقىتلىرىدا، ئۈمىدسىز بولماي، سەۋر بىلەن ئاللاھقا باغلىنىش ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىكلىكنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە دائىر ئۆرنەكتۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرۋەرى بولغان مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى رىۋايەتلەردە، 124 مىڭدىن ئارتۇق پەيغەمبەرلەرنىڭ بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن بارلىق سۈپەتلىرىنىڭ تامامىغا ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇقىغا ئىگە بولغان. گۈزەل ئەخلاق ۋە خىسلەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان. ئۇنىڭ تەرجىمھالى چوڭقۇر بىر دېڭىز، باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمھالى بولسا ئۇنىڭغا تۆكۈلگەن دەريالار مىسالىدۇر.

ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ھەۋۋا ئانىمىز بىلەن باشلانغان ئىنسانىيەت ئائىلىسى ھۇزۇر ۋە سائادەت ئىچىدە ياشاش ئۈچۈن، كۈنىمىز مەككىدىكى كەبىنىڭ ئورنىنى تۇنجى ئىبادەتخانا قىلغان. ھەر خىل ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن زېمىنغا تارالغان ئادەم باللىرىغا پەيغەمبەرلەر بىلەن توغرا يول كۆرسىتىلىپ، دىنىي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىلاھىي ھەقىقەتلەرگە سادىق قالغان. چۈنكى ئىلاھىي ھەقىقەتلەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن ئېتىبارەن دىنىنى ئۆزگەرتكۈچىلەر ۋە جاھىللار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن، لېكىن جانابى ئاللاھ ئارقىمۇ-ئارقا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش بىلەن بۇ ئۆزگەرتىلىشنى بىر تەرەپ قىلىپ، دىنىنى يېڭىدىن جانلاندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي بوھرانلاردىن قۇتقۇزۇلغان.

ئاخىرىدا، دۇنيانىڭ سائادەت ئەسرى كەلگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن دىنىي ھايات تۇنجى باشلانغان يەردە ئاخىرقى بىر كامالەت، ئۆز جىلۋىسىنى كۆرسەتكەن. ئەمدى كامالەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى تەشكىل قىلغان كامالى مۇھەممەدتىن كېيىن يېڭى بىر كامالەت تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىش شەكلى بىلەن دىنىنىڭ تەكرار جانلاندۇرۇلىشى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، ئاللاھنىڭ رازى بولغان دىنىي ئىسلام بولغان.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى**

ئاللاھتائالا ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ئۆز جىنسىدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغان ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممە ئالاھىدىلىكىنى بىلىدىغان پەيغەمبەرلەر ئەۋەتكەن. ئۇلۇغ رەببىمىز مۇشرىكلارنىڭ مۆجىزە تەلەپ قىلىشىغا جاۋابەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېيىشنى ۋەھيي قىلغان:

قُلْ سُبْحَانَ رَبِّي هَلْ كُنتُ إَلاَّ بَشَرًا رَّسُولاً، وَمَا مَنَعَ النَّاسَ أَن يُؤْمِنُواْ إِذْ جَاءهُمُ الْهُدَى إِلاَّ أَن قَالُواْ أَبَعَثَ اللهُ بَشَرًا رَّسُولاً،قُل لَّوْ كَانَ فِي الأَرْضِ مَلآئِكَةٌ يَمْشُونَ مُطْمَئِنِّينَ لَنَزَّلْنَا عَلَيْهِم مِّنَ السَّمَاء مَلَكًا رَّسُولاً

**«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھەر قانداق ئادەم مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ). ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ ئۆزلىرىگە ھىدايەت (يەنى پەيغەمبەر بىلەن قۇرئان) كەلگەن چاغدا ئىمان ئېيتماسلىقلىرى «ئاللاھ ئىنساننى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتەمدۇ» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈندۇر. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى: «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئاسماندىن پەرىشتىنى پەيغەمبەر قىلىپ چۈشۈرەتتۇق.»** (ئىسرا سۈرىسى، 93-95-ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھتائالانىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز ئىرادىسى بىلەن مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا:

قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. ماڭا ۋەھيي قىلىندۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز**

**بىر ئىلاھتۇر.»** (كەھف سۈرىسى 110-ئايەت) دەپ، بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلغان[124].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى، ئۆزىنىڭمۇ بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلىدۇ:

«مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن. سىلەر دەۋالىرىڭلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا كېلىسىلەر. بەزىڭلارنىڭ ھۆججىتىنىڭ بەزىسىدىن كۈچلۈك قايىل قىلىدىغان بولىشى بىلەن، ئاڭلىغىنىمغا قاراپ ئۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىشىم مۇمكىن. كىمنىڭ پايدىسىغا قېرىندىشىنىڭ ھەققىدىن بىر نەرسە ھۆكۈم قىلغان بولسام (بىلسۇنكى)، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەھەننەمدىن بىر ئوت پارچىسى كەسكەن بولىمەن». (بۇخارى: «شاھادەت»، 27، «مەزالىم»، 16؛ مۇسلىم: 5)

پەيغەمبەرلەر پەقەتلا ۋەھيي تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن بىر ھايات شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەربىر ئىشتا ئۆرنەك شەخسىيىتىنى كۆرسىتىش ۋە ئەمەلىي ئۈلگە بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى پەقەت بىر ئىنسان قىلالايتتى. ئەگەر ئىنسانلارغا ئەلچى سۈپىتىدە بىر پەرىشتە ئەۋەتىلسە ئىدى، ئۇ پەرىشتىنىڭ قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىشى ۋەھيىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشلا بولاتتى. چۈنكى پەرىشتە ئىنسانلار بىلەن بىرلىكتە ياشاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر، ئەمەل ۋە مۇئامىلىلىرىنى توغرىلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىگە ئورتاق بولالمايتتى. ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پەرىشتە ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەلگەن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرگە تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىغا دائىر باھانىلەرنى چىقىراتتى. بۇ قاراشتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە نەمۇنە بولۇشقا ئوخشاش

124. بۇنىڭغا دائىر باشقا ئايەتلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭ: سۈرە فۇسسىلەت، 6-ئايەت؛ سۈرە مۇئمىنۇن، 24-34-ئايەتلەر؛ سۈرە ئەنبىيا، 2-3-ئايەتلەر؛ سۈرە ئىبراھىم، 11-ئايەت.

بىر ۋەزىپىسىنىڭ بولغانلىقىدىن ئەسلىدە پەيغەمبەرلىك سالاھىيىتى بىلەن قىلالايدىغان پەۋقۇلئاددە ئىشلار بىلەنلا ھاياتىنى تۈگەتمىگەن، بەلكى بۇنداق ئىنسان قىلىشقا ئاجىز كېلىدىغان ئىشلارنى نادىر ۋە ئۆزى بىۋاستە شەخسىي ياشىغان. ئۆمرىنى تولدۇرغان پائالىيەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھەر ئىنسان تەقلىد قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىشكە قۇدرىتى يېتىدىغان ئىشلار ئەتراپىدا بولغان. بۇ سەۋەبتىن بىر تىجارەتچى، مۇكەممەل بىر ئائىلە باشلىقى، پەۋقۇلئاددە بىر قوماندان ياكى باشلىق بولۇشنى خالىغان ھەربىر كىشى ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئۆزىگە رەھبەر بولالايدىغان پرىنسىپلارنى تاپالايدۇ.

تارىختىن بۇيان، ئىنسانلاردا بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولالمايدىغانلىقى شەكلىدە خاتا بىر قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش بىر ئىنسان بولىشى، تاماق يېيىشى، خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ بولىشىغا ئوخشاش ئىنسانىي سۈپەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بولغان بىر زاتتا بولىشى، بىر كەمچىلىككە ئوخشاش ھېس قىلىنغان. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خاتالىقنى قوشۇشقا جۈرئەت قىلغان. نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى پەيغەمبەرلىرىگە بولغان سۆيگۈسىنى چەكتەن ئاشۇرۇۋېتىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىنسان ئەمەسلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىغان. پەيغەمبەرلىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاپ، ئۇلارغا ئىلاھىي سۈپەتلەرنى قوشقان. شۇنىڭ بىلەن شېرىككە چۈشۈپ، بەزىلىرى پەيغەمبەرلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، بەزىلىرى ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى، يەنە بەزىلىرى ئۇنى ئاللاھنىڭ جىسملەشكەن شەكلى دەپ گۇمان قىلغان. تەۋھىدتىن ئايرىلىپ ئانتروپومورفىك (بەزى مەخلۇقلارنى بولۇپمۇ ئاللاھنى ئىنسانغا خاس بولغان تەبىئەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئۇيغۇن بىر شەكىلدە چۈشۈنۈش پىكرىگە ئاساسلانغان پەلسەپە) بىر ئېتىقاد ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. خرىستىئانلارغا ئوخشاش.

قۇرئانى-كەرىم ۋە ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن توختىلىشىنىڭ بىرىنچى ھېكمىتى، ئىلگىركى ئۈممەتلەر چۈشكەن بۇ خاتالىقتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنى ساقلاپ قېلىشتۇر.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مېنى خرىستىئانلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىساغا ئوخشاش ھەددىدىن ئارتۇق ماختىماڭلار، مەن ھەققەتەن ئاللاھنىڭ بىر قۇلمەن (بەندىسىمەن). مېنى: «ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دەڭلار». (بۇخارى: «ئەنبىيا»، 48)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىسىدە ئۆزىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاپ كەتكەن كىشىلەرنى بۇ شەكىلدە ئاگاھلاندۇرۇپ:

«سىلەر مېنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىماڭلار! چۈنكى ئاللاھتائالا مېنى پەيغەمبەر قىلىشتىن بۇرۇن بەندە قىلغان.» دېگەن. (ھاكىم: 3-جىلد، 4825\197. ھەيسەمى: 9-جىلد، 21-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى بىر ئىنسان ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىمۇ، ئۇنىڭ كەمتەرلىكىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ قېتىم جانابى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتلىرىنى يېگىلىنىپ تۇرىدىغان نېمەت قاتارىدا سانىغاندىن كېيىن «لا فخر» يەنى «ماختىنىشقا بولمايدۇ» دېگەن[125]. ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر گۇرۇپ ساھابىلەر بىلەن يولدا كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ بىرى بىر يېپىنچا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈن نۇرىدىن قوغدىماقچى بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭغا سايە چۈشۈرمەكچى بولغانلىقىنى پەرق ئېتىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئۇنى قويۇشنى ئېيتقان ۋە يېپىنچىنى ئېلىپ يەرگە قويغان.

125 تىرمىزى: «مەناقىب»، 1\3615

ئارقىدىن: «مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن!» دېگەن. (ھەيسەمى: 9-جىلد، 21-بەت)

شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئاللاھ رەسۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىنسان بولۇشى بىلەن بىرلىكتە، ھەرقانداق بىر ئىنسانغا ئوخشاش ئەمەس. شائىرنىڭ ئىپادىلىگىنىدەك:

«محمد بشر لا كالبشر بل هو كالياقوت بين الحجر»

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ئىنساندۇر، لېكىن باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئەمەس. بەلكى ئۇ تاشلار ئارىسىدىكى ياقۇت نېمە بولسا، ئاللاھ رەسۇلى ئىنسانلار ئارىسىدا شۇنداقتۇر»

باشقا بىر شائىر بۇ ھەقىقەتنى شېئىرلىرىدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقتۇر مىسالى،
ھەر تىلدا ياشار ئۇنىڭ خىيالى،
ئۇنىڭ مىراجى پەلەكلەر كامالىدۇر،
پەرىشتىلەر جامالىغا ھەيراندۇر،
سۆپەتلىرىدە سۆزۈكنىڭ خۇلاسىسىنى ئال،
ئىنسان ئىدى، ئەمما پەرىشتىدىن ئارتۇق.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممى بولۇشى ۋە ھېكمىتى

ئۇممى سۆزى ئانىسىدىن تۇغۇلغان پېتى ساپ ۋە پاك قالغان، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمىگەن، بىر ئىنساندىن تەربىيە كۆرمىگەن، مەككىگە مەنسۇپ، ئەھلى كىتابنىڭ سىرتىدا قالغان ئەرەبلەر دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇرئان-كەرىمدە بايان قىلىنغىنىغا ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممى ئىدى، يەنى ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيتتى. قۇرئانى-كەرىمدە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِندَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالإِنْجِيلِ

**«ئۇلار ئەلچىگە ـ ئۇممى پەيغەمبەرگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات، ئىنجىللاردا ئۇنىڭ (سۈپىتىنىڭ) يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ.»** (ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى ئۇ زاماندىكى مۇشرىكلارمۇ قوبۇل قىلاتتى. قۇرئانى ـ كەرىمدە بىلدۈرۈلگىنىدەك:

وَقَالُوا أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ اكْتَتَبَهَا فَهِيَ تُمْلَى عَلَيْهِ بُكْرَةً وَأَصِيلًا

**«ئۇلار ئېيتتى: (بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرىدۇركى، ئۇلارنى ئۇ يازدۇرۇۋالغان. (ھېپزى قىلىۋېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇپ بېرىلىۋاتىدۇ.»** (فۇرقان سۈرىسى، 5 ـ ئايەت)

ئاللاھ رەسۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇممى دېيىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىشى مۇمكىن:

1. ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش پاك قالغان، سىرتتىن كەلگەن مەلۇماتلار بىلەن تەبىئىتى بوزۇلمىغان، بىۋاستە ئاللاھ تەرىپىدىن تەربىيەلەنگەن.

قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

سَنُقْرِئُكَ فَلَا تَنسَى

**«(ئى مۇھەممەد!) ساڭا (قۇرئاننى) ئوقۇتىمىز، ئاللاھ (نەسخى قىلماقچى بولغان نەرسىدىن باشقىنى ئونتۇمايسەن.»** (ئەئلا سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

بىر ھەدىسىدە:

«مېنى پەرۋەردىگارىم تەربىيلىدى ۋە تەربىيەمنى ناھايىتى گۈزەل قىلدى» دېگەن. (سۇيۇتى: 1 ـ جىلد، 12 ـ بەت.)

ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى ئۈچ قېتىم ئوپېراتسىيەدىن ئۆتكۈزۈپ، قەلبىدىكى ھەرخىل سەلبىيلىكلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھوزۇر، تەمكىنلىك، مەرھەمەت، شەپقەت، ئىمان ۋە ھېكمەتكە ئوخشاش ئالىي خىسلەتلەرنى يەرلەشتۈرگەن.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھلى كىتابقا ئەمەس، ئەرەب مىللىتىگە مەنسۇپتۇر.

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. چۈنكى مەككىنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرى «ئۇممۇل قۇرا»دۇر. «قەريە» ئەرەبچىدە: «يېزا» ياكى ئەڭ كىچىك ئولتۇراق يېرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ كۆپلىكى «قۇرا»دۇر. «ئۇممۇل قۇرا» ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنىڭ ئانىسى، تۇنجىسى دېمەكتۇر.

ئەرەبلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ساۋاتسىز، مەدەنىيەتتىن يىراق، ئوقۇش-يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر قەۋم ئىدى. ئاللاھتائالا ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن ساپلىقى بوزۇلمىغان، پاك قەلبكە ئىگە بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكەن.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْأُمِّيِّينَ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا مِن قَبْلُ لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ

**«ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يەنى يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ئەۋەتتى. ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ. ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ. ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى) ئۆگىتىدۇ. گەرچە ئۇلار ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ.»**

(جۇمۇئە سۈرىسى، 2-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقىقەتنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«بىز بىر ئۇممى (ساۋاتسىز) جامائەتمىز، يېزىشنى ۋە ھېساب قىلىشنى بىلمەيمىز!» (مۇسلىم: «روزا»، 15)

ئۇممىيلىك يەنى ساۋاتسىزلىق ئادەتتە ئىنسانلار ھەققىدە كۆپىنچە ئىلىم جەھەتتىكى تۆۋەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان بىر سۈپەت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن دەل ئەكسىچە ۋايىغا يەتكەنلىك ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىپادىلەيدۇ. ئىلىم ۋە ئەمەل جەھەتتىن ۋايىغا يەتكەن، ئوقۇش-يېزىشنى بىلىدىغانلارنى ئاجىز قالدۇرغان بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ساۋاتسىز بولۇشى، ئۇنىڭ شەكسىز ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك پاكىتتۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا كُنتَ تَتْلُو مِن قَبْلِهِ مِن كِتَابٍ وَلَا تَخُطُّهُ بِيَمِينِكَ إِذًا لَّارْتَابَ الْمُبْطِلُونَ

**«ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 48-ئايەت)

ساۋاتسىز بىر ئىنساننىڭ ئىلاھىي ياردەمسىز، يەنى ۋەھيىسىز، قەلبىدە ئويلاش يولى بىلەن پۈتۈن ئىنسان ۋە جىنلارنى ئاجىز قالدۇرغان بايان مۆجىزىسى قۇرئانى-كەرىمنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى، فىرئەۋن قىسسىسى، مۇسان قىسسىسى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىغا ئوخشاش، تارىخىي ھەقىقەتلەرنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

قۇرئانى-كەرىم ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى كۈنىمىزدىكى تارىخ ئىلمى ۋە پەلسەپەسىگە مۇۋاپىق ھالدا ئىبرەتلىك شەكىلدە تەقدىم قىلىنىۋاتىدۇ[126].

126. تەۋرات ۋە ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەرنىڭ بەزىلىرى بۈگۈنكى تارىخ ئىلمىگە ۋە زامانىۋى بىلىمنىڭ ئىسپاتلىرىغا قارىمۇ-قارشى كېلىدۇ. كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ۋە

ساۋاتسىزلىق قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ جاھانشۇمۇللۇققا ئېرىشىشىنىڭ ئەڭ كىچىك شەرتىدۇر. «الضعيف أمير الركب» : «كارۋاننىڭ رەئىسى ئەڭ ئاجىز ۋە ياۋاش بولغىنىدۇر» دېگەن مىسالچە، قۇرئانى-كەرىم ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا يېتىشى ۋە پۈتۈن ئىنسانلار تەرىپىدىن تەتبىق قىلىشىنىڭ مۇمكىن بولىشى ئۈچۈن بىر قاراشقا ساۋاتسىزلىق سەۋىيەسىنى ئاساس قىلغان. يەنى ئىسلامنى چۈشىنىپ ياشاش ئۈچۈن ئادەتتىكى بىر ئىنسان بولۇشمۇ يېتىدۇ. شۇڭا، ئىسلام كۆنلۈك ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىشتە قۇياشنىڭ، ئايلىق ۋە يىللىق ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرىنى بېكىتىشتە، ئاينىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئاساس قىلغان.

قۇرئانى-كەرىم ساۋاتسىز ئىنسانلارنىڭ سەۋىيەسىگە چۈشكەن بولىشىغا قارىماي، ھېچبىر زامان ئۇ ھالەتتە قېلىشنى تەۋسىيە قىلمىغان، ئۇلارنى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتقۇزۇپ، كىتابى بىر ئۈممەت قىلىشنى نىشانلىغان. ئىسلام يېڭى بىر مەدەنىيەت قۇرغان ۋە بۇنىڭ ئاساسىنى «قوللانما كىتاب» دەپ ئاتالغان قۇرئانى-كەرىم تەشكىل قىلغان.

## ھىليەئى سائادەت

«ھىليە» لۇغەتتە: رەڭ، زىننەت، يۈز ۋە روھ گۈزەللىكى دېمەكتۇر. ئىستىلاھى (كۆچمە) مەنىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسان سۆزلىرىنىڭ ئىمكانلىرىغا نىسبەتەن سۆزلەر بىلەن سىزىلغان رەسىمىدۇر.

خاقانى مۇنداق دەيدۇ:

«پۈتۈن مەخلۇقاتلار ئۇنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۈنكى مەخلۇقاتلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئوخشىشى يارىتىلمىغان.»

---

ئىنسانىنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈش تارىخي ۋە تۇپان قىسسىسىلىرىغا ئوخشاش. (مۇسبەت ئىلىم ئاستىدىكى تەۋرات: «ئىنجىل ۋە قۇرئان») 53-82، 157-175-بەتلەر.

گۈزەللەر گۈزىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلەر بىلەن رەسىمنى سىزىشقا ئۇرۇنغان بۇ تەسۋىرلەر سائادەت دەۋرىگە يېتەلمىگەن ۋە كۆڭۈللىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ تىنىچلاندۇرۇپ، تەسەللى بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بايان قىلغان رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلغان كىشىلەر، بىزگە دېڭىزدىن بىر تامچە سۇنغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ تامچىدىكى دېڭىزنى كۆرمەكچى بولغان مۇئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ نەمۇنە ئەخلاقىدىن پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ.

ئىنساننىڭ كۆڭلى، تەبىئىتى داۋاملىق گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايدۇ. بۇ جەلپكارلىق تۈپەيلىدىن زېھنى داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. كۆڭۈلدە روھ ۋە ئەخلاق تەرەپتىن ياخشى كۆرگىنىنى تەقلىد قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلىدۇ. نەتىجىدە ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئۆرنەك ئېلىپ، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى تەقلىد قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ تەبىئى مايىللىق تۈپەيلىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي ۋە ئەخلاقىي گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىگەن كىتابلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشتىياقنى كۈچلەندۈرىدۇ.

ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆگەي تاغىسى ھىند ئىبنى ئەبى ھالەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالى ۋە ئەخلاقىنى سورىغاندا، تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن تىلغا ئېلىپ:

«تاغام ھىند ئىبنى ئەبى ھالە ئاللاھ رەسۇلىنىڭ جامالى ۋە ئەخلاقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كۆڭلۈمنىڭ ئۇنىڭغا مايىل بولىشى ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىم ئۈچۈن تاغامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە بىرەر نەرسە سۆزلەپ بېرىشى، مېنى بەكمۇ خۇشال قىلاتتى» دېگەن. (تىرمىزى: «شەمائىل»، 10-بەت.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالى ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى ئاڭلاشقا تويمىغان ھەزرىتى ھەسەن ۋە ھەزرىتى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما،

ئۇنىڭ مۇبارەك جامالىنى دادىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ كۆپ قېتىم ئاڭلاپ، بىزگە يەتكۈزگەن.

بۇ تەسۋىرلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايسى نىسبەتتە ئىپادىلىيەلەيدۇ؟! شەكسىزكى، ئۇنىڭ جامالى ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى ھەركىشى كۆڭلىدىكى مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلەش كۈچى نىسبىتىدە چۈشىنەلەيدۇ، خالاس.

بىزمۇ بۇ ھەقتىكى ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرلىكتە، بىزگە قەدەر كەلگەن رىۋايەتلەردىن كۆڭلىمىزگە ئەكس ئەتكەن شەبنەم مىسالىدەك، ئۇنىڭ جامالى ۋە ئەخلاقىي سۈپەتلىرىنى يەتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر خىل رىۋايەتلەردە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېگىزگە يېقىن، ئوتتورا بوي كىشى ئىدى. يارىتىلىشى پەۋقۇلئاددە نورمال بولۇپ، مۇناسىپ بىر بەدەنگە ئىگە ئىدى. كۆكسى كەڭرى، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسى ئوچۇق، ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھرى بار ئىدى. ئۇستىخان ۋە بوغۇملىرى چوڭ، تېنى گۈلگە ئوخشاش قىزغۇچ ئاق، نۇرلۇق ۋە پارلاق، يىپەكتىن يۇمشاق ئىدى. مۇبارەك ۋۇجۇدى داۋاملىق پاكىز ۋە خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى. خۇشپۇراق سۈرسۇن ياكى سۈرمىسۇن، تېنى ۋە تەرىسى ئەڭ گۈزەل خۇشپۇراقتىن گۈزەل پۇرايتتى. بىركىم ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، پۈتۈن كۈن ئۇنىڭ خۇشپۇرىقى بىلەن لەززەتلىنەتتى. خۇددى گۈللەر ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقىنى ئۇنىڭدىن ئالغاندەك. مۇبارەك قوللىرى بىلەن بىر كىچىك بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويسا، ئۇ بالا گۈزەل پۇرىقىدىن باشقا بالىلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. تەرلىگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۇنىڭ تېنى گۈل بەرگىلىرىدىكى شەبنەملەرنى ئەسلىتەتتى.

ساقىلى قويۇق بولۇپ، قويۇۋەتكەندە بىر تۇتامدىن ئارتۇق قويۇۋەتمەيتتى. ۋاپات بولغاندا، چاچ ۋە ساقاللىرىدىكى ئاق يىگىرمە ئەتراپىدا ئىدى.

قاشلىرى ھىلال ئايدەك بولۇپ، ئىككى قېشىنىڭ ئارىسى روشەن ئايرىلىپ تۇراتتى. ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدا بىر تومۇر بولۇپ، ھەق ئۈچۈن غەزەپلەنگەندە كۆپۈپ كېتەتتى. چىشلىرى مەرۋايىتتەك ئوخشاش بولۇپ، دائىم مىسۋاك ئىشلىتەتتى ۋە داۋاملىق ئىشلىتىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. كىرپىكلىرى ئۇزۇن ۋە قارا، كۆزلىرى يوغان بولۇپ، قارىسى قاپقارا، ئېقى ئاپئاق ئىدى. كۆزلىرىدە ئاللاھ قۇدرەت قولى بىلەن ئەزەلدە سۈرگەن سۈرمە باردى.

تەڭدىشى يوق روھى قورۇلمىسىنىڭ كامالىتىگە ئوخشاش، بەدەن قورۇلۇشىنىڭ جامالىمۇ تەڭداشسىز ئىدى[127].»

ئۇنىڭ سىماسى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك پارلايتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزى شۇ قەدەر نۇر چاچاتتىكى، كېچە قاراڭغۇلىقىدا، يىپنى يىڭنىگە، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن ئۆتكۈزەتتىم.»

«ئىككى تاغاق سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەرلىكىگە ئائىت ئىلاھىي بىر نىشان بار ئىدى. ساھابىلەر ئۇنى سۆيۈشلىشنىڭ ئىشقىدا ياناتتى. ۋاپات بولغاندا بۇ مۆھۈرنىڭ غەيىب ئالەمگە كېتىشى، ئۇنىڭ دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىنىڭ تەستىقى بولدى[128]. مۇبارەك ۋە نۇرلۇق ۋۇجۇدى ۋاپاتىدىن كېيىن ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەنىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەمكىن، بىئارام، كۆزى ۋە كۆڭلى ياشلانغان ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەزەر سېلىپ:

«ھاياتىڭغا ئوخشاش، ۋاپاتىڭدىمۇ نېمىدېگەن گۈزەلسەن يا رەسۇلەللاھ!» دېگەن ۋە مۇبارەك پېشانىسىگە لەۋلىرىنى تەككۈزگەنىدى.

127. ھاكىم: 3-جىلد، 10-بەت. ئەھمەد: 1-جىلد، 89، 96، 117، 127-بەتلەر؛ 5-جىلد، 309-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 376، 412، 420، 423-بەتلەر؛ 2-جىلد، 272-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 4-جىلد، 31-دىن 33-بەتلەرگىچە؛ تىرمىزى: «شەمائىل»، 15-بەت.

128. تىرمىزى: «شەمائىل»، 15-بەت؛ ئىبنى سائاد: 2-جىلد، 272-بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاقلىقىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلىقىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئارتۇق سۆز قىلمايتتى، ھەر سۆزى ھېكمەت ۋە نەسىھەت ئىدى. ئۇنىڭ لۇغىتىدە قالايمىقان ۋە مەنىسىز سۆزلەر يوق ئىدى. ھەركىشىنىڭ ئەقىل ۋە پاراسىتىگە كۆرە سۆز قىلاتتى. مۇلايىم ۋە كەمتەر ئىدى. كۈلۈشىدە قاقاھلاشقا ئوخشاش ئاشۇرىۋېتىش يوق ئىدى. دائىم كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇنى يىراقتىن ۋە تاسادىپى كۆرگەن كىشى ئۇنىڭغا ھەيران قالاتتى، ئۇنىڭ بىلەن ئۈلپەت ۋە ھەمسۆھبەت بولغان كىشى، ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئاشىق بولاتتى.

دەرىجىلىرىگە قارىتا پەزىلەتلىك كىشىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلاتتى. ئەھلى بەيتى ۋە ساھابىلىرىغا گۈزەل مۇئامىلە قىلغىنىغا ئوخشاش، باشقا ئىنسانلارغىمۇ مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ:

«ھېچقايسىڭلار ئۆز نەپسى ئۈچۈن ياخشى كۆرگىنىنى، مۇئمىن قېرىندىشى ئۈچۈن ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۇئمىن بولالمايدۇ.» دەيتتى. (بۇخارى: «ئىمان»، 7؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 71-72)

خىزمەتكارلىرىنى خۇشال قىلاتتى. ئۆزى نېمە يەپ، نېمە كەيسە، ئۇلارغا شۇنى يېگۈزۈپ، كەيدۈرەتتى. مەرت، قولى ئوچۇق، شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك، ۋاقتى كەلگەندە جەسۇر، ۋاقتى كەلگەندە مۇلايىم ئىدى.

ۋەدىسىدە مۇستەھكەم، سۆزىدە راستچىل ئىدى. ئەخلاق، ئەقىل ۋە زېرەكلىك تەرەپتىن پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ۋە ھەر تۈرلۈك مەدھىيەگە لايىق ئىدى. چىرايى گۈزەل، ھاياتى مۇكەممەل، تەگدىشى يارىتىلمىغان بىر ۋۇجۇدى مۇبارەك ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق تەپەككۇر ئىچىدە، غەمكىن يۈرەتتى. زۆرۈر بولمىسا سۆز قىلمايتتى. ئۇرۇن-ئۇزۇن سۈكۈتتە چۆكەتتى. بىر سۆزنى باشلىسا، ئۇنى يېرىم قويماي پۈتتۈرەتتى. ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنا ئىپادىلەيتتى. سۆزلىرى دانە-دانە بولۇپ، ئارتۇق ياكى ئاز ئەمەس

ئىدى. يارىتىلىشىدىلا مۇلايىم بولىشقا قارىماي، ناھايىتى سالاپەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى.

غەزەپلەنگەندە ئورنىدىن تۇرمايتتى. ھەققە ئېتىراز بىلدۈرىلىشى ۋە دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ سىرتىدا غەزەپلەنمەيتتى. ھېچكىم دىققەت قىلمىغان بىر ھەق دەپسەندە قىلىنغان ھامان غەزەپلىنىپ، ھەق ئۆز يېرىنى تاپقىچە غەزىپى بېسىلمايتتى. لېكىن ھەر بىر كىشىنىڭ ھەققىنى پۈتۈنلەي ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن يەنە سۈكۈناتقا قايتاتتى. ئۆزى ئۈچۈن ئاچچىقلانمايتتى. ئۆز شەخسىگە مەخسۇس ئەھۋاللاردا ئۆزىنى ئاقلىمايتتى ۋە ھېچكىم بىلەن جېدەللىشىپ مۇنازىرە قىلمايتتى.

ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرمەيتتى. ئۆيىگە كەلگەندە، ئۆيىدە قالىدىغان ۋاقتىنى ئۈچكە بۆلەتتى. بىرىنى ئاللاھقا ئىبادەتكە، بىرىنى ئائىلىسىگە، ئۈچىنچىسىنى ئۆزىگە ئايرىيتتى. ئۆزىگە ئايرىغان ۋاقتىنى ئاۋام خەلققە ئايرىپ، ئۇلاردىن ھېچكىمنى مەھرۇم قىلماي ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ئىدى.

مەلۇم بىر يەردە ئولتۇرۇشنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن مەسجىدلەرنىڭ ھەممە يېرىدە ئولتۇراتتى. يەرلەرنى ئۇلۇغلاش ۋە مەجلىسلەردە تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان ئەھۋاللاردا بولۇشنى خالىمايتتى. بىر سورۇنغا كىرسە، قەيەردە بوش ئورۇن بولسا شۇ يەردە ئولتۇراتتى ۋە ھەممەيلەننى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

كىم ئۇنىڭدىن بىر ھاجىتى ئۈچۈن بىر نەرسە سورىسا، ئۇ مەيلى ئەھمىيەتلىك ياكى ئەھمىيەتسىز بولسۇن، ئۇنى ھەل قىلىپ بەرمەستىن خاتىرجەم بولمايتتى، ھاجىتىنى ئورۇنلىيالمىغان تەقدىردە ھېچ بولمىسا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئالاتتى. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشاتتى. ئىنسانلار قايسى ئورۇن ۋە قايسى مەۋقەدە بولسۇن، باي-كەمبەغەل، ئالىم-جاھىل، ئۇنىڭ يېنىدا ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن باراۋەر مۇئامىلىگە ئېرىشەتتى. ئولتۇرۇشى ئىلىم، مۇلايىملىق،

هايا، ئىخلاس، سەۋر، تەمكىنلىك، تەۋەككۇل ۋە ئامانەتكە ئوخشاش پەزىلەتلەر جارى بولىدىغان بىر ئورۇن ئىدى.

ئەيىب ۋە كەمچىلىكى تۈپەيلىدىن ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيتتى. ئاگاھلاندۇرۇش زۆرۈر بولغاندا، ئالدىدىكى كىشىنى رەنجىتمەيدىغان بىر شەكىلدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتەتتى.

«مۇسۇلمان قېرىندىشىڭ ئۇچرىغان پالاكەتتىن سۆيۈنمە! ئاللاھتائالا ئۇنى ئۆز رەھمىتى بىلەن پالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ-دە، سېنى ئىمتىھان قىلىپ (ئۇ پالاكەت بىلەن) سىنايدۇ» دەيتتى. (تىرمىزى: «قىيامەت»، 54.)

ھېچكىمنىڭ ئاشكارلانمىغان ئەيىب-نۇقسانى بىلەن مەشغۇل بولمىغىنىغا ئوخشاش، بۇ تۈرلۈك ئەھۋاللارنىڭ سۈرۈشتۈرۈلىشىنىمۇ قاتتىق چەكلەيتتى. چۈنكى باشقىلار ھەققىدە گۇمان ۋە جاسۇسلۇق قىلىش ئىلاھىي بۇيرۇق بىلەن چەكلەنگەنىدى.

ساۋابىنى ئۈمىد قىلغان سۆزلەرنىڭ سىرتىدا سۆزلىمەيتتى. سۆھبەت مەجلىسلىرى جىمجىت بولۇپ، ئۇ سۆزلىگەندە ئەتراپىدىكىلەر شۇ قەدەر دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتىكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىپادىسى بويىچە باشلىرىغا قۇش قونسا، ئۇچماستىن سائەتلەرچە تۇرالايتتى. ئۇنىڭدىن ساھابىلىرىگە تەسىر قىلغان ئەدەب ۋە ھايا شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقىمۇ كۆپ قېتىم جۈرئەت قىلالماي، چۆلدىن بىر سەھرالىق ئەرەب كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتلەشسە ۋە بىز شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پايدىلانساق دەپ ساقلايتتى.[129]»

ھەيۋىتىدىن ئەيمەنگەنلىكى ئۈچۈن ئىككى يىل سوئال سورىماي ساقلىغانلار بار ئىدى. قاتتىق ھۆرمەت قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىگە قارىيالمايتتى.

129. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 121، 365، 422، 425-بەتلەر؛ ھەيسەمى: 9-جىلد، 13-بەت

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن زامان بىرلىكتە بولدۇم. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا ھېس قىلغان ھايا تۇيغۇسى تۈپەيلىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇبارەك ۋە نۇرلۇق يۈزىگە تويغىچە قاراپ باقمىدىم. ئەگەر بۈگۈن ماڭا «بىزگە رەسۇلۇللاھنى سۈپەتلەپ بەرگىن، ئۇنى بىزگە ئاڭلات» دېسە، ئىشىنىڭلاركى، تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. (مۇسلىم: «ئىمان»، 192؛ ئەھمەت: 4 ـ جىلد، 199 ـ بەت)

ئۇنىڭ خىسلەت ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى تەسۋىرلىمەكچى بولغان كىشى: «مەن بۇندىن بۇرۇن ھەم كېيىن ئۇنىڭ تەڭدىشىنى ئەسلا كۆرمىدىم!» دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمايتتى[130].

بىر كۈنى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، قەبىلە باشلىقى ئۇنىڭغا:

«ئى خالىد! بىزگە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى تەسۋىرلەپ بەرگىن» دېگەن. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«بۇ مۇمكىن ئەمەس، بۇنىڭغا سۆز يەتمەس» دېگەندە، قەبىلە رەئىسى:

«ئۇ ھالدا، ھېچ بولمىسا تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچەڭدىكى نىسبەتنى خۇلاسە قىلغىن» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ گۈزەل جاۋابنى بەردى:

«ساڭا شۇنچىلىك دەپ قويايكى، ئەۋەتىلگەن، ئەۋەتكۈچىنىڭ قەدرىچە بولىدۇ. ئەۋەتكۈچىنىڭ كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغانلىقىغا كۆرە، ئەۋەتكىنىنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە شان ـ شۆھرىتىنى خىيال قىلىپ باق!.» (مۇناۋى، 5 ـ جىلد، 29؛ قەستەلانى، مەۋاھىبى لەدۇننىيە تەرجىمىسى، 714 ـ بەت)

---

130. ئەھمەت، 1 ـ جىلد، 96

ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك، ھەيۋەت، نۇرانىيەت، لاتاپەت شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە دائىر ئايرىم بىر مۆجىزە ۋە دەلىلگە ئېھتىياج يوقتى.

خۇلاسىلىغاندا، ئۇنىڭ ئەخلاقىي قۇرئان ئىدى.

مەۋلانە خالىدى باغدادى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئەخلاقىي گۈزەللىكىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقلارنى ئاشىق قىلغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئۇ شۇنداق بىر مەرتىكى، ئۇنىڭ مەرتىلىك چىقىپ تۇرغان مەۋجۇدلىقى سايىسىدە دېڭىزدىن مەرۋايىت، قورام تاشلاردىن ياقۇت، تىكەندىن گۈل چىقار. ئەگەر باغچىدا، ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن سۆز قىلىنسا، خۇشاللىقتىن ئېغىزنى ئېچىپ كۈلمىگەن، يەنى ئېچىلمىغان بىر غۇنچە كۆرەلمەيسەن». (دىۋان، 65 ـ 66 ـ بەتلەر)

پۈتۈن گۈزەللىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا مۇجەسسەملەشكەندى. ۋۇجۇدىدىن گويا نۇر چېچىلىپ تۇراتتى. ئەمما يەنىلا ئاللاھ رەسۇلىنى پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆسنى جامالى پۈتۈنلەي ئاشكارا بولمىغان، ئەگەر مەۋجۇدلىقىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكلىرى بولغان ھالدا ھەقىقەتتى بىلەن كۆرۈلسە ئىدى، ساھابىلەر ئۇنىڭغا قاراشقا تاقەت قىلالمايتتى». (ئالى ياردىم، «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۆسنى ـ جامالى»، 49 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يارىتىلىشتىكى تەڭداشسىزلىقىنى شۇ شەكىلدە مىسرالىرىغا تۆككەن.

وأحسن منك لم تر قط عين
وأجمل منك لم تلد النساء
خلقت مبرءا من كل عيب
كأنك قد خلقت كما تشاء

(يا رەسۇلەللاھ! ھېچبىر كۆز سەندىن بەكرەك گۈزەلنى كۆرمىدى. ھېچبىر ئايال سەندىن بەكرەك گۈزەلنى تۇغمىدى، پۈتۈن ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكلانغان ھالدا يارىتىلدىڭ. خۇددى سېنى ياراتقۇچى، سېنى سەن ئارزۇ قىلغان شەكىلدە ياراتقاندەك.)

## ۋەھىينىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى

ۋەھيي ئالتە ئاي ئۈزۈلۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيينىڭ قايتا باشلىنىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مەن بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئاسماندىن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا، ھىرادا كەلگەن پەرىشتە جىبرىئىلنى كۆردۈم، ئاسمان بىلەن يەر ئارىسىدا بىر كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرغانىكەن. قاتتىق ئۈركۈپ كەتكەنلىكىمدىن (ئۆيگە) قايتىپ: «مېنى ئوراپ قويۇڭلار، مېنى ئوراپ قويۇڭلار!» دېدىم.

(مەن ئۈستۈمگە بىر نەرسە يۆگەلگەن ھالىتىمدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلدى) ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ۋاستىسى، بىلەن ماڭا:

يَا أَيُّهَا الْمُدَّثِّرُ، قُمْ فَأَنذِرْ، وَرَبَّكَ فَكَبِّرْ، وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ، وَالرُّجْزَ فَاهْجُرْ

**«ئى (ۋەھيي نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) تۇر! ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول»** (مۇددەسسىر سۈرىسى، 1-5-ئايەتلەر)

دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەھيي بىر قېتىممۇ ئۈزۈلمىدى. (بۇخارى: «تەپسىر»، 74\5،4؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 255-258)

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ وَصَّلْنَا لَهُمُ الْقَوْلَ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ

**«ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا قۇرئاننى ئۈزۈلدۈرمەي چۈشۈردۇق.»** (قەسەس سۈرىسى، 51-ئايەت)

ۋەھيىنىڭ ئۈزۈلمەستىن داۋاملىششى قۇرئانى-كەرىمنىڭ بىر مۆجىزىسى. چۈنكى، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىشى ۋە ياردەمگە چاقىرىشقا تېگىشلىك ھەممە كىشنى ياردەمگە چاقىرىپمۇ بىر ئايەتنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئايەتلەرنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەينى-كەيىندىن نازىل بولۇشى قۇرئانى-كەرىمنىڭ ۋەھيى مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ قۇرئانى-كەرىمگە ئىنسان ئەمگىكى ئارلاشمىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

كىچىك بىر شېئىر كىتابىمۇ كۆپ تىرىشچانلىقنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قانچىلىك دىققەت قىلسا ئىنسان مەھسۇلى بولغان بۇ تېپتىكى ئەسەرلەرنىڭ كەمچىلىكسىز ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشمۇمۇمكىن ئەمەستۇر. ئەمما ئىلاھىي ۋەھيىدە بۇنداق بىر ئەھۋال ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ تۇنجى نازىل قىلىنغان شەكلى بىلەن مەڭگۈ قالىدۇ. ئۇ سانسىزلىغان مۆجىزىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە پۈتۈن ئىنسانىي نۇقسانلاردىن پاك سۈپىتىدە نازىل قىلىنغان. بۇمۇ قۇرئانى-كەرىمنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇلۇغلىقىنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىك.

مۇددەسىر سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇشى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ رەسۇلى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتقان يېرىدىن دەرھال تۇردى. ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز مەسلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن چۆچۈپ كېتىپ:

- نېمىشقا ئارام ئالماي، تۇرىۋالدىڭىز؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەمدى ئارام ئېلىش ۋاقتى ئۆتتى! - دېدى ۋە يېڭى كەلگەن ۋەھيىنى ئوقۇدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋەھيىنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاھارەت ئېلىش ۋە ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتتى. ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان بىر ئىبادەتنى بۇيرۇش بىلەن ئۇنى سۆيۈندۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى خۇشاللىقتا ئۆيىگە قايتىپ، ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىكرامىنى ئايالىغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئۇنىڭغىمۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇشنى ئۆگەتتى[131].

## تۇنجى مۇسۇلمانلار

تۇنجى ئىمان ئېيتقان ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. بۇ ئەھۋال قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ:

آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ

**«پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى. مۆئمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى.»** (بەقەرە سۈرىسى، 285-ئايەت)

قُلْ إِنِّي أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللَّهَ مُخْلِصًا لَّهُ الدِّينَ، قُلْ إِنِّي أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّي عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ

**«ئېيتقىنكى: «مەن دىنىنى (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ قىلغان ھالدائاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم ھەمدە (بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.»** (زۇمەر سۈرىسى، 11-12-ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى تۇنجى مۇسۇلمان ھۆرمەتلىك ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھاقارەت، مەسخىرە ۋە ئەزىيەتلىرىگە ئۇچراپ، غەمكىن ھالدا ئۆيىگە قايتقاندا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ غەمكىنلىكىنى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ

131. ئىبنى ئىسھاق: 117-بەت؛ ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 262-263-بەتلەر.

تەسەللىسى بىلەن يېنىكلىتىپ، ئىلاھىي ياردىمى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئاسانلاشتۇردى[132].

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىمان ئېيتىشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرى ھەزرىتى رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە فاتىمەمۇ مۇسۇلمان بولدى[133].

ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھ، رەسۇلۇللاھ ۋە خەدىچە ئانىمىزنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ ئاللاھنىڭ ئۆزى ئۈچۈن تاللىغان دىنىدۇر. مەن سېنى يەككە-يېگانە بولغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا، ھېچبىر پايدا-زىيىنى بولمىغان لات ۋە ئۇززانى ئىنكار قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن!» دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مەن بۇ دىنىني ھازىرغا قەدەر ھېچ ئاڭلىمىدىم! دادام ئەبۇ تالىبتىن سورىماي تورۇپ بىر ئىش قىلالمايمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتلاردا تەبلىغنى يوشۇرۇن قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن:

«ئەي ئەلى! ئەگەر مۇسۇلمان بولمىساڭ، ساڭا سۆزلىگەنلىرىمنى مەخپىي تۇت، ئاشكارلىما!» دېدى.

ھەزرىتى ئەلى ئۇ كېچە ساقلىدى. ئاللاھتائالا ئۇنىڭ قەلبىگە ئىسلامنىڭ مۇھەببىتىنى بەخش ئەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىسلام ھەققىدە سوئال سورىدى. ئالغان جاۋابىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىنى شۇ ھامان ئورۇنلاپ، مۇسۇلمان بولدى. دادىسىدىن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىر مەزگىل يوشۇرۇن

135. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 259-بەت.

133. ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 36-بەت.

تۈتتى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ۋاقىتلاردا ئون ياشتا ئىدى. (ئىبنى ئىسھاق: 118ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 3ـ جىلد، 21ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە مەككە ۋادىسىغا بېرىپ، ئىنسانلاردىن يوشۇرۇن ھالدا نامازلىرىنى ئوقۇپ، ئاخشىمى قايتىپ كېلەتتى. ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە بۇ ھالەت شۇنداق داۋاملاشتى.

ئەبۇ تالىب، ئوغلى ۋە جىيەنىنىڭ مەخپىي ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئەبۇ تالىب، بۇ دەۋەتكە مۇنداق جاۋاب بەردى:

«ئەي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! مېنىڭ ئاتا-بوۋامنىڭ دىنىدىن ئايرىلىشقا كۈچۈم يەتمەيدۇ! لېكىن سەن ئەۋەتىلگەن نەرسەڭ ئۈستىدە داۋام قىل! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھاياتلا بولسام، ساڭا ھېچكىم زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ!».

ھەزرىتى ئەلىگە:

«ئوغلۇم! ئۇ سېنى پەقەت ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدۇ. سەن ئۇنىڭ يولىغا چىڭ ئېسىل. ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلما!» دېدى. (ئىبنى ھىشام، 1ـ جىد، 265) ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد[134] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە تىجارەت ئۈچۈن

134. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى مۇسۇلمانلاردىن. لەقىمى ئەبۇ ئابدۇرراھماندۇر. مۇسۇلمان بولغان كۈندىن ئېتىبارەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتىن خۇشاللاندى. ئىبنى مەسئۇد ئاجىز، ئورۇق بىر كىشى ئىدى. يېقىملىق ئاۋازى، گۈزەل بىر يۈزى بار ئىدى. مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى بەك ئاز بولۇپ، مۇشرىكلار ئۇنىڭغا مەككىدە ھېچ ئارام بەرمىدى. ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ يېنىدا تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرىتىدىن كېيىن، مەدىنىگە يەرلىشىپ، پۈتۈن ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى ئاڭلاشتىن ھوزۇرلىناتتى. تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى ساھەلىرىدە چوڭقۇر ئىلىمگە ئىگە بولۇپ، كۆپلىگەن ئالىم يېتىشتۈردى. خۇسۇسەن، كۇفەلىق ئالىملار، ئۇنىڭ رىۋايەت ۋە قاراشلىرىغا ئاساسەن فىقھى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا

كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خەدىچە ئانىمىز ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان ۋاقتىدا كۆرگەنلىكى ۋە ھەزرىتى خەدىچەنىڭ ئورنىشقا قاتتىق دىققەت قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. (زەھەبى، "سىيەر"، 1-جىلد، 463)

ئۇفەيق ئەل كىندىمۇ تىجارەت ئۈچۈن مەككىگە كېلىپ، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشتى. ئۇفەيق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھەزرىتى خەدىچە ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ كەبىدە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇفەيق ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۇلار ھەققىدە مەلۇمات سورىغاندا، ھەزرىتى ئابباس:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن يەر يۈزىدە بۇ دىنغا ئىشەنگەن شۇ ئۈچ كىشىدىن باشقا ھېچكىمنى بىلمەيمەن!» دېدى.

ئۇفەيق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىدايەت بىلەن شەرەپلەنگەندىن كېيىن:

«ئاھ شۇ ۋاقىتتا ئىمان ئېيتسىپ، ئىككىنچى ئەر مۇئمىن مەن بولسام نېمە بولاتتى. ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسى بولۇشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم ـ ھە!» دەپ، ئاھ چەكتى. (ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 18-بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 2-جىلد 487-بەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، ناماز ئوقىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قەتئىي ئايرىلمىدى. تائىپلىق نادان ۋە كىچىك باللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتقان تاشلىرىغا ئۆز ۋۇجۇدىنى قالقان قىلىپ، قانلار ئىچىدە قالغىدەك دەرىجىدە پىداكارانە مۇھەببەت بىلەن ئۆزىنى ئاللاھ رەسۇلىغا ئاتاپ، بۇنىڭغا قارىتا ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خۇسۇسى ئىلتىپاتىغا نائىل بولدى.

---

قوياتتى. ئۇنىڭدىن 848 رىۋايەت نەقىل قىلىندى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا كۇفەنىڭ قازىلىقىدىن ئىستىپا بېرىپ، مەدىنىگە قايتتى. قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاتمىش يېشىدىن ئاشقاندا مەدىنىدە ۋاپات بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى زەيدكە بولغان مۇھەببىتىگە دائىر ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇ گۇۋاھلىقى نەقەدەر مەنىلىك-ھە!:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەيدنىڭ ئوغلى ئۇسامەگە 3500 دەرھەم ئايرىدى. ئوغلى ئابدۇللاھقا ئۇنىڭدىن بەش يۈز دەرھەم ئاز بەردى. ئابدۇللاھ دادىسى ھەزرىتى ئۆمەردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

«ئۇسامىنى نېمە ئۈچۈن مەندىن ئارتۇق كۆرىسەن؟ ئۇ يا مەندىن كۆپرەك ئۇرۇشقا قاتناشمىغان تۇرسا!» دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەڭداشسىز ئادالىتى يېنىدا، كۆڭۈل بايلىقى ۋە ئادالىتىنى كۆرسەتكەن شۇ جاۋابنى بەردى:

«ئوغلۇم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دادىسىنى سېنىڭ داداڭدىن بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇسامەگە سەندىن بەك ھۆرمىتى بار ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن، رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى ئۆزەمنىڭ ياخشى كۆرگىنىمدىن ئارتۇق بىلدىم» (تىرمىزى: «مەناقىب»، 39)

بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللاردا كۆرۈلگىنىدەك، ساھابە-كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياخشى كۆرگىنىنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگىنىدىن ئارتۇق بىلەتتى[135].

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى ئىدى. كىچىكىدىن باشلاپ ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ساداقىتى ۋە ئامانەتدارلىقىغا گۇۋاھ ئىدى. ئەسلا يالغان سۆزلىمىگەن بىر كىشىنىڭ ئاللاھقا يالغان سۆزلىشىنىڭ ئىمكانسىز ئىكەنلىكى قانائىتىدە ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلدى[136].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جەھەتتىكى ھەدىسلىرىدە:

---

138. ھەيسەمى: 6-جىلد، 174-بەت؛ ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 30-بەت.

136. ئىبنى كەسىر، "ئەلبىدايە"، 3-جىلد، 78 -بەت

«ئاللاھ مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، سىلەر بىرىنچى بولۇپ «سەن يالغانچىسەن!» دېدىڭلار. لېكىن ئەبۇ بەكرى: «ئۇ توغرا سۆزلەيدۇ» دېدى. ئۇ جېنى ۋە مېلى بىلەن كۆپ ياردەم قىلدى» دېدى[137].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھېچقانداق نەرسە ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇسۇلمان بولىشى قەدەر سۆيۈندۈرمىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغان ۋاقىتتا، ھېچ ئىككىلەنمەستىن مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ، باشقا ئىنسانلارنىمۇ ئاللاھتائالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى[138].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئالاھىدە يېرى بار ئىدى. چۈنكى بىر دەۋاننىڭ ئەمىلىيەتكە ئېشىشى شۇ ئۈچ شەرتكە باغلىقتۇر:

1. نوقتىلىق بىر قاراش،
2. بۇ قاراش ئەتراپىدا تەشكىللەنگەن ئىنسانلار،
3. ئىقتىسادىي شارائىت.

نۇقتىلىق بىر پىكىر ئىسلامنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان قائىدە-نىزاملىرى ئىدىكى، بۇ ۋەھىي بىلەن مۇقىمدۇر. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قالغان ئىككى ساھەدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى. يەنى تەشكىللىنىش ئۇنىڭ بىلەن باشلاندى. بۇ مۇبارەك ساھابىنىڭ كاتتا بايلىقى، ئىسلامىي خىزمەتلەرنىڭ يېنىدا مۇسۇلمان بولغان قۇللارنى سېتىۋېلىپ، شۇ ھامان ئازاد قىلىۋېتىشكە ئوخشاش ئىقتىسادىي خىزمەتلەردىمۇ قوللىنىلدى. بۇ ئىككى خۇسۇسىيەتنى بىر ئاز ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولساق، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق دەۋرلىرىگىچە سوزۇلغان دوستلۇقى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندىن كېيىن ئالىي بىر دوستلۇققا ئايلاندى.

137. بۇخارى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى» ، 5

138. ئىبنى كەسىر، "ئەلبىدايە"، 3-جىلد، 80 - 81-بەت.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى ئىمان ئېيتقانلاردىن بولۇش بىلەن بىرلىكتە، ئىمانىغا شەك ـ شۈبھىنىڭ چاڭ ـ توزىنى قوندۇرماي، «سىددىق» دېگەن سۈپەتكە ئىگە بولدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن ماددى ـ مەنىۋى پىداكارلىق كۆرسىتىپ، پۈتۈن مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلدى.

سۆيگۈنىڭ شەرتى، سۆيۈلگەن كىشىگە قارىتا قىلىنغان مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئۇ كىشىنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىن ئارتۇق كۆرۈش ۋە سۆيگىنى ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىسىنى پىدا قىلىشتۇر. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە شۇ مۇھەببەت بىلەن دۇنيادىن كەتكەنلىكىنىڭ مىساللىرى بىلەن تولدى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەزىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولغانلىقتىن، ئۆزىمۇ ئاغرىقتىن يېتىپ قالدى. بۇ ئىككى دوست ئارىسىدىكى چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ نەتىجىسى بولغان ئوخشىشىش سەۋەبىدىنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەبۇ بەكرى مەندىن، مەنمۇ ئۇنىڭدىنمەن. ئەبۇ بەكرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قېرىندىشىمدۇر»[139] دەپ، مەنا ئالىمىدىكى يېقىنلىقنى ئىپادىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، سەكراتتا: «پۈتۈن ئىشىكلەر تاقالسۇن، پەقەت ئەبۇ بەكرىنىڭ قالسۇن!»[140] دەپ، ئىلتىپات قىلىشى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى قەلبى ئالاقىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئىپادىلىرىدىن بىرىسىدۇر.

139. دەيلەمى: 1 ـ جىلد، 437 ـ بەت.
140. بۇخارى: «پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى»، 3.

بىلالى ھەبەشى ۋە ئانىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئىسلامغا مەخپىي دەۋەت قىلغان تۇنجى كۈنلەردە مۇسۇلمان بولدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلىقىنى ئاشكارلىغان تۇنجى يەتتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. دىنىدىن قايتىش ئۈچۈن قىلىنغان ئېغىر ئازابلارغا بەرداشلىق بەردى. ئاللاھنى ئىنكار قىلىشقا زورلانغاندا: «ئەھەد! ئەھەد! ئاللاھ بىردۇر! ئاللاھ بىردۇر!» دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلال ۋە ئانىسىنىڭ بەدىلىنى ئۆتەپ، ئۇلارنى ئازاد قىلدى[141].

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەرىكىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ، مەرھەمەت ۋە سېخىلىقتا مەشھۇر بولدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئالىيجاناب ھەرىكىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ، نامايەدىلىرىدىن بىر نەچچىسى:

ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئانى-كەرىم ۋە ئىسلامىي ھۆكۈملەرنى جان جەھلى بىلەن سۆيۈپ، ئۇنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىش.

ئۇنىڭ ئۈممىتىگە شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك جەھەتلەردە غەيرەت كۆرسىتىش.

دۇنياغا ئېتىبارسىز قاراش، ۋاقتى كەلگەندە، كەمبەغەللىككە تەييار تۇرۇش ۋە رازى بولۇش.

ئۇنىڭغا ئۈچرىشىشنى ئارزۇ قىلىش.

ئۇنى كۆپ ئەسلەش.

خالىد ئىبنى سائاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىدايىتىگە كۆرگەن قورقۇنۇچلۇق چۈشى سەۋەب بولدى. بىر كېچە ئۇيقۇدا چوڭ بىر ئوت ئازگىلىنىڭ قىرغىقىدا تۇرغانلىقى ۋە دادىسىنىڭ ئۇنى ئوتنىڭ ئىچىگە

141. ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 232؛ ھاكىم: 3-جىلد، 319-بەت.

ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋەتمەكچى بولغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى شۇ ھامان بىلىدىن تۇتقانچە ئوتقا چۈشۈپ كېتىشتىن قۇتقۇزىۋالغانلىقىنى كۆردى. قورقۇنچتىن ئويغانغاندا، ئۆز ـ ئۆزىگە:

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ھەق بىر چۈشتۇر!» دېدى ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ كۆرستىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى.

دادىسى ئوغلى خالىدنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلماي: «خالىد! يوقال كۆزۈمدىن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ خىراجىتىڭنى توختىتىمەن!» دېدى.

خالىد:

«سەن مېنىڭ نېسىۋەمنى توسۇشقا ھەرىكەت قىلساڭمۇ، ئاللاھ شەكسىز مېنى رىزىقلاندۇرىدۇ!» دېدى.

ھەزرىتى خالىد ھەبەشىستانغا (ئېفوپىيە) ھىجرەت قىلغانغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى. (ھاكىم: 3 ـ جىلد، 277 ـ دىن 280 ـ بەتلەرگىچە)

كېيىن خالىدنىڭ ئايالى ئۇمەينە خانىم، ئىنىسى ئەمىر ۋە ئايالى فاتىمە خانىممۇ ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى.

تەبلىغ مەخپىي داۋاملىشىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دالالىتى بىلەن ئەبۇ فۇكەيھە، ھەزرىتى ئوسمان، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىق كىشىلەر ئىمان نېمىتىگە نائىل بولدى. (ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 268 ـ بەت)

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! شامدىكى ۋاقتىمىزدا ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر ئەسنادا، تويۇقسىز:

«ئەي ئۇيقۇدىكىلەر! ئويغىنىڭلار! چۈنكى، ئەھمەد مەككىدە ئاشكارا بولدى» دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدۇق. مەككىگە قايتقىنىمىزدا، سېنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىڭدىن خەۋەر تاپتۇق» . (ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 255 ـ بەت)

تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

«بۇسرا بازىرىدا يۈرگىنىمدە، بىر راھىب كىشىلەرگە:

ـ ئىچىڭلاردا ھەرەم خەلقىدىن بىر كىشى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق! مەن بار ـ دېدىم.

راھىب:

ـ ئەھمەد ئاشكارا بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

مەن:

ـ قايسى ئەھمەد؟ ـ دەپ سورىدىم.

راھىب:

ـ ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب! ئۇ مەككىدە ئاشكارا بولىدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىدۇر. ھەرەمدىن چىقىپ، خورمىلىق، تاشلىق ۋە قۇرغاق بىر يەرگە ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن!» دېدى.

راھىبنىڭ سۆزلىرى قەلبىمگە تەسىر قىلدى ۋە ئۇ يەردىن شۇ ھامان ئايرىلىپ مەككىگە كەلدىم:

ـ يېڭى بىر ۋەقە يۈز بەردىمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ شۇنداق بولدى! ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەدۇل ئەمىين پەيغەمبەر بولغانلىقىنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ. ئەبۇ بەكرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ـ دېيىشتى. (ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 215 ـ بەت)

ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، ئەبۇ سەلەمە، ئەرقەم ئىبنى ئەبىل ئەرقەم، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكر، ھەبباب ئىبنى ئەرت، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، جەپەر ئىبنى ئەبى تالىب، ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس، ئەبۇ ھۇزەيفە، ئامىر ئىبنى فۇھەيرە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلارمۇ تۇنجى مۇسۇلمان بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغانلارنىڭ بەزىلىرىدۇر.

## دارۇل ئەرقەم: تۇنجى مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى دەسلەپكى ئۈچ يىلدا مەخپىي دەۋەت قىلدى. بۇ ھەقتە دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغانلاردىن، باشقىلارغا سۆز قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەرلىكنىڭ تۇنجى يىللىرىدا ئەرقەم ئىبنى ئەبىل ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ساھابىلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە مەخپىي ھالدا توپلىنىشقا باشلىدى.

«دارۇل ئىسلام» دەپمۇ ئاتالغان «دارۇل ئەرقەم» مەككىدە سەفا دۆڭلىكىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، يېنىغا كەلگەنلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ قۇرئان ئۆگىتەتتى. ئۇ يەردە بىرلىكتە ناماز ئوقۇيتتى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئىسلام بىلەن بۇ يەردە تونۇشتى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالتىنچى يىلىدا مۇسۇلمان بولغانغا قەدەر بۇ ئۆي، ئىسلامنىڭ تەبلىغ قىلىنىشىدا بۈيۈك رول ئوينىدى.

ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دارۇل ئەرقەمنى كېيىن ۋەقىپ قىلىپ، مۇنداق دېدى:

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. بۇ ئەرقەمنىڭ سافا دۆڭلىكىدىن بىر ئاز يۇقىرىدىكى ئۆيى ھەققىدە قىلغان ۋەسىيىتىدۇركى، ئۇنىڭ زېمىنى ھەرەم شەرىپىتىن سانالغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ ھەرەمدۇر، دەخلى ـ تەرۇز قىلىنمايدۇ، سېتىلمايدۇ، مىراس قىلىنمايدۇ. ھىشام ئىبنى ئاس ۋە ئۇنىڭ ئازاد قىلغۇچىسى قۇلى گۇۋاھچىدۇر». (ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 242 ـ دىن 244 ـ بەتلەرگىچە؛ ھاكىم: 3 ـ جىلد، 575 ـ 574\6129)

دارۇل ئەرقەم كۈنىمىزدە سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى تەرىپىدىن يىقتۇرۇلۇپ، ھەرەمنىڭ زېمىنىغا قوشۇۋېتىلدى، يەنى ئەسلىگە قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكنىڭ تۇنجى ئۈچ يىلىنى مەخپىي دەۋەت بىلەن ئۆتكۈزدى. دەۋىتىنىڭ مەخپىي ئېلىپ بېرىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچراشتىن قورقانلىقى ئەمەس، بەلكى دىنىي مەنپەئەتنى ساقلاش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، تەبلىغنىڭ ئاشكارا قىلىنىشى ھەققىدە، ئىلاھىي بۇيرۇق تېخى نازىل بولمىغان ئىدى. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا ئىسلام ئاشكارا ئېلان قىلىنسا ئىدى، يېڭىلا ئىمان ئېيتقان، كۆپىنچىسى كەمبەغەل ۋە ئاجىز مۇسۇلمانلار خەتەردە قالاتتى. ئۇلارنىڭ ھالاكىتى دىنىنىڭ تېخى باشلانماستىنلا يوق بولۇشىغا يول ئېچىشى مۇمكىن ئىدى.

دارۇل ئەرقەم ۋەقەسىدىن شۇ خۇلاسىگە كېلەلەيمىز؛

1. ۋاقتى كەلگەندە، مەخپىيلىك بىر دەۋانىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك.

2. تەلىم-تەربىيە ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە سىياسىي مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا مۇھىم بىر قەدەمدۇر. شەخسلەرنىڭ ئالاھىدە ئورۇنغا ئېرىششى ئۈچۈن، شۇ داۋانىڭ ئەخلاقىي بىلەن بېزىنىشى كېرەك.

ئىسلامىي خىزمەتلەردە قىيامەتكە قەدەر بېسىلىدىغان يول، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەتبىقاتىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئىسلامنىڭ يېڭىدىن بىخلاندۇرىلىشى ياكى ئىسلام يېتىپ بارمىغان يەرلەردە ئىسلامنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن كۆرسىتىلىدىغان تىرىشچانلىقلاردا، بۇ تەلىم-تەربىيە پائالىيەتلىرىگە بىرىنچى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

# پەيغەمبەرلىكنىڭ تۆتىنچى يىلى

## ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن! يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن!

ئۈچ يىل داۋاملاشقان مەخپىيلىك دەۋرىدىن كېيىن، يەنى پەيغەمبەرلىكنىڭ تۆتىنچى يىلىدا ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ، إِنَّا كَفَيْنَاكَ الْمُسْتَهْزِئِينَ

**«ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىتىمىز.»** (ھىجر سۈرىسى، 94-95-ئايەت)

بۇ ئايەت تەبلىغنىڭ ئاشكارا قىلىنىشىنى بۇيرىدى.

باشقا بىر ئايەتتە بۇ جەھەت تېخىمۇ ئوچۇق، ھەتتا ئاگاھلاندۇرۇش ماھىيىتىدە مۇنداق ئىپادىلەندى:

يَا أَيُّهَا الرَّسُولُ بَلِّغْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ وَإِن لَّمْ تَفْعَلْ فَمَا بَلَّغْتَ رِسَالَتَهُ
وَاللَّهُ يَعْصِمُكَ مِنَ النَّاسِ إِنَّ اللَّهَ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ

**«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن. ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن. ئاللاھ سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»** (مائىدە سۈرىسى، 67-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھنىڭ:

قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ لا إِلَهَ إِلاَّ هُوَ يُحْيِي وَيُمِيتُ فَآمِنُواْ بِاللّهِ وَرَسُولِهِ النَّبِيِّ الأُمِّيِّ الَّذِي يُؤْمِنُ بِاللّهِ وَكَلِمَاتِهِ وَاتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار. ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار.»** (ئەئراف سۈرىسى، 158-ئايەت) دېگەن بۇيرۇقى بىلەن ئىنسانلارنى ئاشكارا ئىسلامغا دەۋەت قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۇنى قەيەردىن ۋە قانداق باشلاشنى ئويلىماقتا ئىدىكى، شۇ ئەسنادا بىر باشقا ۋەھيي كەلدى:

وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ، وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ، فَإِنْ عَصَوْكَ فَقُلْ إِنِّي بَرِيءٌ مِّمَّا تَعْمَلُونَ، وَتَوَكَّلْ عَلَى الْعَزِيزِ الرَّحِيمِ، الَّذِي يَرَاكَ حِينَ تَقُومُ

**«يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن. ساڭا ئەگەشكەن مۇئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن. ئەگەر خىش-ئەقرىبالىرىڭ ساڭا ئاسىيلىق قىلسا: «مەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن ھەقىقەتەن ئادا-جۇدامەن» دېگىن. ناھايىتى غالىب مېھرىبان ئاللاھقا يۆلەنگىن. ئاللاھ سېنى(نامازغا) قوپقىنىڭدا كۆرۈپ تۇرىدۇ.»** (شۇئەرا سۈرىسى، 214-218-ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەتنى باشلىغىنىدا، ئىلاھىي بۇيرۇق بويىچە تۇنجى بولۇپ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى دەۋەت قىلدى. ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

«ئەي ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادلىرى! مەن سىلەرگە خاس، ئەمما پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم. سىلەر مەندىن بەزى مۆجىزىلەرنى كۆردۈڭلار. قايسىڭلار مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە دوستۇم بولۇش ئۈچۈن ماڭا بەيئەت قىلىسىلەر؟»

بۇ سۆزلەرگە ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىدى. ھەممە ئادەم ئۈن-تىنسىز تۇرۇشتى. ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى بىر كىچىك بالا بولغان، ئەمما ئىمان كارۋىنىنىڭ ئالدىنقىلىرىدىن بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ساڭا مەن ياردەمچى بولىمەن!» دېدى.

ئۇ يەردىكىلەرنىڭ مەسخىرىلىك قاراشلىرى ئارىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبەسسۇم نەزەرى ھەزرىتى ئەلىگە بۇرالدى ۋە مۇبارەك قولى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى[142].

ئۇرۇق-تۇغقانلىرى تۇنجى قېتىم قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسى بوشاپ قالمىدى. چۈنكى ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

يس، وَالْقُرْآنِ الْحَكِيمِ، إِنَّكَ لَمِنَ الْمُرْسَلِينَ، عَلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ

**«ياسىن، ھېكمەتلىك قۇرئان بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) شەك-شۈبھىسىزكى سەن پەيغەمبەرلەردىنسەن، توغرا يولدىسەن.»** (1-4-ئايەتلەر)

وَأَرْسَلْنَاكَ لِلنَّاسِ رَسُولاً وَكَفَى بِاللّهِ شَهِيدًا

142. ئەھمەد: 1-جىلد، 111-159-بەتلەر؛ ھەيسەمى: 8-جىلد، 302-303-بەتلەر.

**«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز (پۈتۈن) ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق. (سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) شاھىتلىققا ئاللاھ يېتەرلىكتۇر.»** (نىسا سۈرىسى، 79 ـ ئايەت)

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

**«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.»** (سەبە سۈرىسى، 28 ـ ئايەت)

قُلْ يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي رَسُولُ اللهِ إِلَيْكُمْ جَمِيعًا الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن. ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر.»** (ئەئراف سۈرىسى، 158 ـ ئايەت)

ئايەتتە بايان قىلىنغاندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشىمىغان ھالەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن. بۇنى بىر ھەدىستە مۇنداق ئىپادىلىگەن:

«ماڭا مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن ھېچكىمگە بېرىلمىگەن بەش خۇسۇسىيەت بېرىلدى:

1. بىر ئايلىق مۇساپىدىن دۈشمەننىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم قىلىندىم.

2. ماڭا يەر يۈزى مەسجىد قىلىندى. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئۈممىتىمدىن ھەر قانداق بىر مۇئمىن ناماز ۋاقتى بولۇشى بىلەن، نەدە بولسا شۇ يەردە نامىزىنى ئادا قىلسۇن.

3. مەندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر پەيغەمبەرگە ھالال قىلىنمىغان غەنىمەت ماڭا ھالال قىلىندى.

4. شاپائەت رۇخستى بېرىلدى.

5. مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر پەقەت ئۆز قەۋملىرىگە ئەۋەتىلەتتى، مەن بولسام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلدىم»[143].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا ئېلىپ بارغان تۇنجى دەۋەتتە، ئۇ ۋاقىتتا بىر كىچىك بالا بولغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىرتىدا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن چىرايلىقچە قوبۇل قىلىشنى كۆرمىدى.

بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يەنە ئۆيىگە دەۋەت قىلدى. ئىززەت-ئىكرامدىن كېيىن ئۇلارغا مۇنۇلارنى دېدى:

«ئەي ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەۋلادلىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەرەبلەر ئىچىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ سىلەرگە كەلتۈرگىنىمدىن ياخشىراقىنى قەۋمىگە كەلتۈرگەن بىر يىگىتنى بىلمەيمەن.

ئەي ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەۋلادلىرى! مەن سىلەرگە خاس، ئەمما پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم. سىلەر بۇ ھەقتە ئىلگىرى كۆرمىگەن مۆجىزىلەرنىڭ بەزىسىنى كۆردۈڭلار. بۇ ۋەزىپەمدە ماڭا ياردەمچى ۋە قېرىنداش بولۇشنى، بۇنىڭ بىلەن جەننەتكە ئېرىششنى قايسىڭلار قوبۇل قىلىسىلەر؟ قايسىڭلار بۇ يولدا قېرىندىشىم ۋە دوستۇم بولۇش ئۈچۈن ماڭا بەيئەت قىلىسىلەر؟»[143].

---

143. بۇخارى: «تەيەممۇم»، 1. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۈچ خۇسۇسىيەتكە ئىشارەت قىلغان: (1). ماڭا "جاۋامىئۇل كەلىم" (يەنى ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنىلەرنى ئىپادىلەش) خۇسۇسىيىتى بېرىلدى. (2). پەيغەمبەرلىك مېنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى ۋە مۆھۈرلەندى. مەندىن كېيىن ھېچبىر پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. (3). ئۇخلاۋاتقان بىر ۋاقىتتا ماڭا يەر يۈزى خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى كەلتۈرۈلۈپ ئالدىمغا قويۇلدى. (مۇسلىم: «مەساجىد»، 5، 6).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دەۋىتىنىمۇ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ھېچكىم قوبۇل قىلماسلىقنىڭ ئۈستىگە، كۈلۈشۈپ مەسخىرە قىلدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن تارقىلىپ كەتتى[144].

بىر ئىنسانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى يىراقتىكىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ تېز قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەۋەتنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ھېسابقا قوشقىنىمىزدا، ئىسلامنىڭ جەمئىيەتكە بۇ يول بىلەن تېخىمۇ قىسقا بىر ۋاقىتتا تارقىلىدىغانلىقى ئاشكارىدۇر. ئەگەر دەۋەتچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ھەمدەم بولمىسا، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشى ۋە ئىشىنىشى تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي بۇيرۇققا بويسۇنغان ھالدا تەبلىغنى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن باشلىدى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ تەبلىغدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا يېقىنلىرىدىن كۆرگەن ئىلتىپات ۋە ياردەمنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى بار. بۇ ھەقىقەت قۇرئانى كەرىمدە ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن مىسال ئېلىنىپ، مۇنداق دېيىلگەن:

قَالُواْ يَا شُعَيْبُ مَا نَفْقَهُ كَثِيرًا مِّمَّا تَقُولُ وَإِنَّا لَنَرَاكَ فِينَا ضَعِيفًا وَلَوْلاَ رَهْطُكَ لَرَجَمْنَاكَ

**«ئۇلار: «ئى شۇئەيب! بىز سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ نۇرغۇنىنى چۈشەنمەيمىز. بىز ئەلۋەتتە سېنى ئارىمىزدا كۈچسىز ئادەم دەپ قارايمىز. سېنىڭ قەۋم-قېرىنداشلىرىڭ بولمىغاندا ئىدى، بىز سېنى چوقۇم تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرەتتۇق.»** (ھۇد سۈرىسى، 91-ئايەت)

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ ئازغۇنلىقى ئالدىدا چارىسىز قالغاندا، ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدىغان يېقىنلىرىنىڭ بولمىغانلىقىدىن غەمكىن بولۇپ، مۇنداق دېگەن ئىدى:

---

144. ئەھمەد: 1-جىلد، 159-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 187-بەت؛ ھەيسەمى: 8-جىلد، 302-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلكامىل»، 2-جىلد، 63-بەت.

لَوْ أَنَّ لِي بِكُمْ قُوَّةً أَوْ آوِي إِلَى رُكْنٍ شَدِيدٍ

**«كاشكى، مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ-قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم.)»** (هۇد سۈرىسى، 80-ئايەت)

ئىسلام ئۇرۇق-تۇغقانلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىر كىشى ئىنسانلارنىڭ ئىمان نېمىتى بىلەن شەرەپلىنىشىنى ئارزۇ قىلسا، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئويلىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَأُولُو الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللَّهِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُهَاجِرِينَ

**«كىتابۇللاھتا ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۇئمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىن يېقىندۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى، 6-ئايەت)

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەفا تۆپىلىكىدە قۇرەيشنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى سەفا تۆپىلىكىگە چىقىپ، قۇرەيش قەبىلىسىگە خىتاب قىلدى. ئۇلارمۇ بۇ خىتابقا ئاۋاز قوشۇپ، سەفا تۆپىسىگە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېگىز بىر قىيا تاش ئۈستىدە تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

- ئەي قۇرەيش جامائىتى! ئەگەر مەن سىلەرگە شۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ياكى شۇ ۋادىدا دۈشمەن قوشۇنلىرى بار، ئۇلار يېقىندا سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، مال-ۋارانلىرىڭلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىدۇ. - دېسەم، ئىشىنەمسىلەر؟

ئۇلار، ھېچ ئويلانماستىن:

ـ شۇنداق. ئىشىنىمىز! چۈنكى ھازىرغا قەدەر سېنى دۇرۇست كۆردۇق. سېنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىڭنى ھېچ ئاڭلىمىدۇق! ـ دېدى[145].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەرگە كەلگەن ھەربىر كىشىدىن بۇ تەستىقنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا شۇ ئىلاھىي ھەقىقەتنى ئېيتتى:

ـ ئۇ ھالدا، مەن ھازىر سىلەرگە ئالدىڭلاردا شىددەتلىك ئازاب كۈنىنىڭ بارلىقىنى، ئاللاھقا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ئۇ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىمەن. مەن سىلەرنى ئۇ قاتتىق ئازابتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم.

ـ ئەي قۇرەيش قەبىلىسى! سىلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ مىسالىم دۈشمەننى كۆرگەن ۋە ئائىلىسىگە زىيان يېتىشىدىن قورققان ھالدا شۇ ھامان خەۋەر قىلىشقا يۈگۈرگەن كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ.

ـ ئەي قۇرەيش جامائىتى! سىلەر ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندەك ئۆلىسىلەر، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك تىرىلىسىلەر. قەبرىدىن تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بېرىشىڭلار ۋە دۇنيادىكى ھەربىر ئىشىڭلاردىن ھېساب بېرىشىڭلاردا شەك يوقتۇر. نەتىجىدە ياخشى ئىش ۋە ئىبادەتلىرىڭلارنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان

---

145. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆز شەخسىيىتىنى كىشىلەرگە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالدى. چۈنكى ئىنسانلار خاراكتېرغا قىزىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ. كۈنىمىزدە تەبلىغ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئوخشاش شەكىلدە ئۆز شەخسىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشى، ئىشەنچلىك ۋە راستچىل ئىكەنلىكى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. سۈرە ياسىندا تىلغا ئېلىنغان ھەبىب ئەننەججار تەبلىغ قىلغان سالىھ كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان:

اتَّبِعُوا مَن لاَّ يَسْأَلُكُمْ أَجْرًا وَهُم مُّهْتَدُونَ

«توغرا يولدا بولغان (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن ھەق سورىمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار.» (سۈرە ياسىن، 21ـ ئايەت) دېگەن بۇ ئايەتتە تەبلىغنىڭ پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بولۇشى ۋە تەبلىغ قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزلىرى توغرا ئىش-ھەرىكەتلەردە بولۇپ باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى ئىپادىلەنمەكتە.

ئىشلىرىڭلارنىڭ جازاسىنى كۆرىسىلەر! مۇكاپات ئەبەدىي بىر جەننەت، جازامۇ ئەبەدىي بىر جەھەننەمدۇر! (بۇخارى: «تەپسىر»، 26؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 348 ـ 355؛ ئەھمەدىل: 1 ـ جىلد، 281 ـ 307؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 74، 200 ـ بەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خىتابىغا ئۇ يەردىكىلەردىن ئۇمۇمىي ئېتىراز كەلمىدى. لېكىن، تاغىسى ئەبۇ لەھەب:

ـ ھەي قولى قۇرغۇر! بىزنى بۇ يەرگە مۇشۇنىڭ ئۈچۈن چاقىردىڭمۇ؟

ـ دەپ، ئەخلاقسىزلىق بىلەن سۆز قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىپ، كۆڭلىگە ئازار بەردى.

ئەبۇ لەھەبنىڭ بۇ ئەدەپسىزلىكىگە قارىتا «تەببەت سۈرىسى» نازىل بولدى:

تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ، مَا أَغْنَى عَنْهُ مَالُهُ وَمَا كَسَبَ، سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ، وَامْرَأَتُهُ حَمَّالَةَ الْحَطَبِ، فِي جِيدِهَا حَبْلٌ مِّن مَّسَدٍ

**«ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى قولى قۇرۇپ كەتسۇن! (ئەمەلدە) قۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا مال-مۈلكى ۋە ئېرىشكەن نەرسىلىرى ئەسقاتمىدى. ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا (يەنى دوزاخقا) كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتۇن توشۇغۇچى (يەنى سۇخەنچى) خوتۇنىمۇ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ. ئۇنىڭ بويىندا مەھكەم ئېشىلگەن ئارغامچا بولىدۇ.»** (مەسەد سۈرىسى، 1 ـ 5 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالىمۇ تىلغا ئېلىنىدى. چۈنكى، ئۇمۇ ئېرىگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرىپ، ماڭىدىغان يوللىرىغا تىكەن تاشلاپ قوياتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ سۈرە ئىرق ۋە نەسەب يېقىنلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇھىم بولغىنى روھى يېقىنلىق ۋە تەقۋادۇر. روھنىڭ ئىرقى يوقتۇر. ئىرق جەسەتكە ئائىت بىر ھالەت، جەسەت بولسا تۇپراقتا يوقۇلىدۇ. ئىنساننىڭ قىممىتى، روھنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن

ئۆلچىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ. ئىنسانىنىڭ ماددى تەرىپى بولغان بەدەن، روھ كىرگەن قەلب ياكى ئۇ كېيگەن كىيىم مىسالىدۇر. ئىنسان خىلمۇ-خىل رەختە كىيىم كېيىش بىلەن ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تېرىششى نەتىجىسىدە ھامىلىرى ھەزرىتى سەفىييە، ھەزرىتى ئاتىكە، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى ئەبۇ رافى، ئەبۇ زەر ۋە ئەمر ئىبنى ئاابباس مۇسۇلمان بولدى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ بۇتلارغا چوقۇنمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىدايەتكە نائىل بولۇش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مەن غىفار قەبىلىسىدىن بىر ئادەممەن. ``مەككىدە بىر كىشى ئاشكارا بولۇپتۇ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدىكەن`` دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدىم. ئاللاھ ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا كۆڭلۈمگە ئىسلامنىڭ مۇھەببىتىنى سالدى. ئىنىم ئۇنەيسكە:

«مەككىگە بارغىن ۋە ئاسماندىن خەۋەر كەلگەنلىكىنى سۆزلىگەن ئۇ زات بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ماڭا خەۋەر ئېلىپ كەل» دېدىم.

ئىنىم ئۇنەيس مەككىگە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېنىمغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭغا:

- نېمە ئىش قىلدىڭ؟ قانداق خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدىم.

- مەككىدە سېنىڭ دىنىڭدا بىر زات بىلەن ئۇچراشتىمكى، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەيدىكەن. - دېدى.

- ئۇنداقتا خەلق ئۇنىڭ ھەققىدە نېمىلەرنى دەيدىكەن؟ - دەپ سورىدىم.

- شائىر، كاھىن، سېھىرگەر دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدىكەن! - دېدى.

ئىنىم شائىر بىر كىشى بولۇپ، شېئىرنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«مەن كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىنى ياخشى بىلىمەن. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى كاھىنلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شېئىرنىڭ ھەرخىل ژانىرلىرى بىلەن سېلىشتۇردۇم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنى شېئىر دېيىشكە ھېچكىمنىڭ تىلى بارمايدۇ. ئۇ مۇتلەق توغرا سۆزلەيدىغان كىشى، ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلىغانلار يالغانچىلاردۇر. ئۇ پەقەت ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن چەكلەيدۇ».

ئىنىمنىڭ ئېيتقانلىرىدىن تولۇق خاتىرجەم بولالماي، شۇ ھامان ئوزۇقۇم ۋە سۇ تۇلۇمۇمنى ئېلىپ، مەككىگە كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونىمايتتىم، باشقىلاردىن سوراشنىمۇ خالىمىدىم. ھەرەم مەسجىدىدە ساقلاپ، زەمزەم ئىچكەچ ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىۋاتاتتىم. شۇ ئەسنادا يېنىمغا ھەزرىتى ئەلى كېلىپ:

- ھەرھالدا سىز بۇ يەرگە مۇساپىر سىز؟ - دېدى.

ئۇنىڭغا:

- شۇنداق! - دېدىم.

- ئۇنداق بولسا، بىزنىڭكىدە مېھمان بولۇڭ! - دېدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە كەتتىم. ئۇ مېنىڭ كېلىش سەۋەبىمنىمۇ سورىمىدى. ئەتىسى ئەتىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېپىش ئۈچۈن يەنە ھەرەم مەسجىدىگە باردىم. كەچ بولغىچە ساقلىغان بولساممۇ، ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ماڭا يەنە ئۇچراپ:

- سىز تېخىچە بارىدىغان يېرىڭىزنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ - دېدى.

مەن:

- ياق. - دېدىم.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئۇنداق بولسا يەنە بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولۇڭ. - دېدى.

ئۆيىگە بارغىنىمىزدا:

- سەن بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

مەخپىي تۇتتىشى ۋە ماڭا يول كۆرسىتىشكە ۋەدە ئالغاندىن كېيىن:

- بىزگە كەلگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە بىر زات ئاشكارا بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدىكەن! ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن كەلدىم. - دېدىم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- بۇ يەرگە كېلىپ، ياخشى قىلىپسەن! ئۇ زات ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر! ھەق پەيغەمبەردۇر. ئەتە ئەتىگەندە مېنىڭ ئارقامدىن ماڭ، مەن كىرگەن ئۆيگە كىرگىن! مەن سېنىڭ ئۈچۈن خەتەرلىك بىر نەرسە كۆرسەم، ئايىقىمنى ئوڭشىغان بولۇپ تام تەرەپكە قايتىمەن، سەنمۇ چاندۇرماستىن ئۆتۈپ كېتىسەن. - دېدى.

ئاخىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدۇق.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكە يا رەسۇلەللاھ! - دەپ، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئىسلام سالامى بىلەن سالام قىلدىم.

- ئى مۇھەممەد! سەن ئىنسانلارنى نېمىگە دەۋەت قىلىسەن؟ - دەپ سورىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- يەككە-يېگانە ۋە ھېچبىر شېرىكى بولمىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا، بۇتلارنى تەركېتىشكە ۋە مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىلىمەن. - دېدى.

ماڭا ئىسلامنى چۈشەندۈرىشى بىلەنلا شۇ ھامان مۇسۇلمان بولدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بولغانلىقىمغا خۇشال بولدى ۋە گۈزەل چېھرى بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ:

- ئەي ئەبۇ زەر! بۇ ئىشنى مەككىلىكلەردىن مەخپىي تۇت ۋە يۇرتۇڭغا قايت! - دېدى.

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دىنىمنى ئاشكارىلىماقچى. - دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن مەككىلىكلەرنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلىمەن!
ـ دېدى.
ـ يا رەسۇلەللاھ! مەن ئۆلىدىغانلىقىمنى بىلسەممۇ بۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن. ـ دېدىم.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈت قىلدى.
قۇرەيش ھەرەم مەسجىدىدە توپلاشقان بىر ۋاقىتىدا ئۇ يەرگە بېرىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:
«ئەي قۇرەيش جامائىتى! (أشهد أن لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله!) (ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋەرەسۇلۇھۇ!) (بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن) دەپ ۋاقىرىدىم.
مۇشرىكلار:
«بۇ ئادەم ئازدى! بۇ ئادەم ئازدى! قوپۇڭلار بۇ سابىئىنىڭ[146] ئۈستىگە!» دېگەنچە يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، مېنى قاتتىق ئۇردى. شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس يېتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن مېنى قۇتقۇزۇۋېلىپ:
«نالەت بولسۇن سىلەرگە! ئەي قۇرەيش جامائىتى! سىلەر تىجارەتچى ئىنسانلار. تىجارەت يولۇڭلار غىفار قەبىلىسىدىن ئۆتىدۇ. سىلەر تىجارەت يولۇڭلارنىڭ كېسىلىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟» دېيىشىگە، ئەتراپىمدىن تارقىلىپ كېتىشتى.
ئەتىسى ئەتىگەن يەنە ھەرەم مەسجىدىگە بارغىنىمدا، يەنە ئوخشاش ھادىسە تەكرارلاندى. مېنى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلىپ، تاشلاپ قويۇشتى.

146. مەككىلىكلەر ئۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولغانلارغا "دىنىدىن چىققان" دېگەن مەنىدە "سابىئى" دەيتتى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ھالىمنى كۆرۈپ:

ـ مەن سېنى تونۇمىغانمىدىم؟ ـ دېدى.

مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارزۇسى ئىدى، مەنمۇ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇردۇم. ـ دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل قالدىم. كېيىن:

ـ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ماڭا نېمە قىلىشىمنى بۇيرۇيسەن؟ ـ دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ساڭا مېنىڭ بۇيرۇقۇم كەلگىچە ئىسلامنى قەۋمىڭگە تەبلىغ قىل! ئاشكارا بولغانلىقىمىزدىن خەۋەر ئېلىشىڭ بىلەن يېنىمغا كەل! ـ دېدى.

(بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 33؛ «مەناقىب»، 10؛ ئەھمەد: 5 ـ جىلد، 174 ـ بەت؛ ھاكىم: 3 ـ جىلد، 382 ـ دىن 385 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 4 ـ جىلد، 220 ـ 225 ـ بەتلەرگىچە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ھەج مەۋسۇملىرىدا، ئۇكاز، مېجەننە، زۇلمەجازغا ئوخشاش بازارلاردا، ئىنسانلارنىڭ توپلاشقان جايلىرىدا داۋاملىق ئايلىنىپ، ئۇچرىغان ھەربىر كىشىگە، ھۆر ـ قۇل، ئاجىز ـ كۈچلۈك، باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماي تەبلىغ قىلدى. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىردى[147].

پەيغەمبەرلىكنىڭ بۇ ۋاقىتلىرىدا نازىل بولغان ئايەتلەر ئومۇمىي جەھەتتىن قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن خەۋەر بەردى:

إِنَّ عَذَابَ رَبِّكَ لَوَاقِعٌ، مَا لَهُ مِن دَافِعٍ، يَوْمَ تَمُورُ السَّمَاءُ مَوْرًا، وَتَسِيرُ الْجِبَالُ سَيْرًا، فَوَيْلٌ يَوْمَئِذٍ لِلْمُكَذِّبِينَ، الَّذِينَ هُمْ فِي خَوْضٍ يَلْعَبُونَ، يَوْمَ يُدَعُّونَ إِلَى نَارِ جَهَنَّمَ دَعًّا، هَذِهِ النَّارُ الَّتِي كُنتُم بِهَا تُكَذِّبُونَ

---

147. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 216 ـ 217 ـ بەتلەر.

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى چوقۇم يۈز بەرگۈسىدۇر. ئۇنىڭغا ھېچ ئادەم قارشى تۇرالمايدۇ. ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ. تاغلار قاتتىق سەيرى قىلىدۇ (يەنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن توزۇپ يۇقىلىپ كېتىدۇ). ئۇ كۈندە ( پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارغا ۋاي! ئۇلار (دۇنيادا) غەپلەتكە چۆمگەنلەردۇر. ئۇ كۈندە ئۇلار دەۋزەخكە قاتتىق ئىتتىرىلىدۇ. (ئۇلارغا) «مانا بۇ سىلەر يالغانغا چىقارغان دەۋزەختۇر» (دېيىلىدۇ)»** (تۇر سۈرىسى، 7 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلىشى ۋە دەۋىتىنى ئاشكارا باشلىغىنىدىن كېيىن، مۇشرىكلارغا قارشى ئايەتلەر نازىل بولۇشقا باشلىدى:

إِنَّكُمْ وَمَا تَعْبُدُونَ مِن دُونِ اللَّهِ حَصَبُ جَهَنَّمَ أَنتُمْ لَهَا وَارِدُونَ

**«(ئى مۇشرىكلار!) ھەقىقەتەن سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دەۋزەخكە يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دەۋزەخكە كىرىسىلەر.»** (ئەنبىيا سۈرىسى، 98 ـ ئايەت)

قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِّثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ أَنَّمَا إِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ فَاسْتَقِيمُوا إِلَيْهِ
وَاسْتَغْفِرُوهُ وَوَيْلٌ لِّلْمُشْرِكِينَ

**«سەن (ئۇ مۇشرىكلارغا): «مەن سىلەرگە ئوخشاش ئىنسانمەن، ماڭا ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر دەپ ۋەھيي قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا (ئىمان ۋە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) يۈزلىنىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەڭلار!» دېگىن. مۇشرىكلارغا ۋاي!»** (فۇسسىلەت سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىنى سۆككۈشكە باشلاپ، ئۇنى ئىنكار قىلىپ، گۇمراھلىق ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ جەھەننەمدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا، قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى رەت قىلىپ

ئىنكار قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قىلىش جەھەتتە بىرلەشتى. ئەمما ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا بىر نەرسە قىلالمىدى[148].

ئەبۇ جەھل، ئەبۇ لەھەب، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، ئاس ئىبنى ۋائىل، نەزر ئىبنى ھارىس، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت، ئۇتبە ئىبنى رەبىئەگە ئوخشاش ئازغۇن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قارشى دۈشمەنلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ، مەڭگۈلۈك زىيانغا دۇچار بولغان بەدبەختلەردىن ئىدى.

## تەبلىغنىڭ ئەھمىيتى ۋە ئۇسلۇبى

تەبلىغ ئىنسانلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانلارنى ئاللاھ ۋە رەسۇلغا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. مەشھۇر تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، تەبلىغ: (الأمر بالمعروف والنهي عن المنكر) : «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش ۋە يامان ئىشلاردىن چەكلەش» دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە تەبلىغنى پۈتۈن مۇئمىنلەرگە ۋەزىپە سۈپىتىدە بۇيرۇپ:

وَلْتَكُن مِّنكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ

**«سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 104-ئايەت)

---

151. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 199-بەت.

كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللّٰهِ

**«(ئى مۇھەممەد ئۇممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسۇدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 11-ئايەت) دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەدىسىدە تەبلىغنىڭ ئەھمىيىتىگە دائىر مۇنداق دېگەن:

«بىزدىن بىر نەرسە ئاڭلاپ، ئۇنى ئەينەن باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلۇق قىلسۇن! ئۇلارغا مەلۇمات يەتكۈزۈلگەن نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇ مەلۇماتنى بىۋاستە ئاڭلىغان كىشىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ ۋە تەتبىقلايدۇ». (تىرمىزى: «ئىلىم»، 7)

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، جانابى ئاللاھنىڭ سىنىڭ ۋاستەڭ بىلەن بىر كىشىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىشى (ئەڭ قىممەتلىك دۇنيا نېمىتى سانالغان) قىزىل تۆگىگە ئېرىشىشىڭدىنمۇ ياخشىدۇر». (بۇخارى: «پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى»، 9)

«ھىدايەتكە دەۋەت قىلغان كىشىگە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن، ئۇلارنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋاب بېرىلىدۇ» (مۇسلىم: «ئىلىم»، 16)

ساھابىلەردىن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ ئاخىرەتتە نائىل بولىدىغان يۈكسەك مەرتىۋىلىرىنى بايان قىلغان بىر ھەدىسنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«سىلەرگە بىر تۈرلۈك ئىنسانلاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئۇلار پەيغەمبەرمۇ ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس. ئەمما قىيامەت كۈنىدە، پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر

ئۇلارنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى ئورۇنلىرىدىن ھەيران قالىدۇ[149]. ئۇلار نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ ۋە ھەممە كىشى ئۇلارنى تونۇيدۇ».

ساھابە ـ كىرام:

ـ ئۇلار كىملەردۇر يا رەسۇلەللاھ؟ ـ دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار بەندىلەرنى ئاللاھقا، ئاللاھنى بەندىلەرگە سۆيدۈرگەن كىشىلەردۇر. يەر يۈزىدە نەسىھەت قىلىپ، تەبلىغچى بولۇپ يۈرگەنلەردۇر ـ دېدى.

مەن:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاللاھنى بەندىلەرگە سۆيدۈرۈشنى چۈشەندۇق. ئەمما بەندىلەرنى ئاللاھقا سۆيدۈرۈش قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

مۇنداق دېدى:

ـ ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى بۇيرۇيدۇ، ئۇ ياخشى كۆرمىگەن نەرسىلەردىن ئۇلارنى يىراق تۇرغۇزىدۇ. ئىنسانلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى بىلەن ئاللاھتائالا ئۇلارنى ياخشى كۆرىدۇ. (ئەلى ئەلمۇتتەقى، 3 ـ جىلد، 685 ـ 686؛ بەيھاقى: «شۇئەبۇل ئىمان»، 1 ـ جىلد، 367 ـ بەت)

تەبلىغ ۋەزىپىسىنى ئۆز ھەققى بىلەن ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى دۇنيانىڭ ئەڭ قىممەتلىك خەزىنىلىرىدىنمۇ ئۈستۈن بولغان ئىكەن، بۇ ۋەزىپىگە سەل قاراش پۈتۈن بىر جەمئىيەتنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدىغان ۋەھىيمىلىك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

---

152. بۇ ئىپادىدىن مەقسەت، تەبلىغ بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەرنىڭ قىممىتىنى بىلدۈرىدۇ. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەرمۇ ھاياتلىرىنى تەبلىغ ئۈچۈن پىدا قىلغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تەبلىغ قىلغۇچىلارنىڭ ئەمەللىرىنى ياخشى كۆرۈشلىرى ئۇ ۋەزىپىنىڭ قىممىتىنى ۋە مۇقەددەسلىكىنى بىلگەنلىكىدىندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاگاھلاندۇرىشى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسۇسىلەر، ياكى ئاللاھ ئۆز دەرگاھىدىن سىلەرگە بىر ئازاب ئەۋەتىدۇ ـ دە، ئۇ ۋاقىتتا دۇئا قىلساڭلارمۇ دۇئايىڭلار قوبۇل قىلىنمايدۇ». (تىرمىزى: «فىتەن»، 9)

ساھابىلەردىن ئەبزا ئەل خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«بىركۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ، مۇسۇلمانلاردىن بەزى جامائەتلەرنى ياخشىلىق بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنۇلارنى سۆزلىدى:

«بەزىلەرگە نېمە بولدىكى، خوشنىلىرىغا (بىلمىگەنلەرگە) مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرمەيدۇ، بىلمىگەنلىرىنى ئۆگەتمەيدۇ، ئۇلارنى ھەقنى چۈشىنىدىغان ھالغا كەلتۈرمەيدۇ. ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرىمايدۇ، يامانلىقتىن توسمايدۇ؟

يەنە بەزىلەرگە نېمە بولدىكى، بىلمىگەن نەرسىلىرىنى (بىلىدىغان) خوشنىلىرىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنى چۈشىنىدىغان بولۇشقا تىرىشمايدۇ؟

ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ھەقنى بىلگەنلەر ياكى ئۇنى (بىلمەيدىغان) خوشنىلىرىغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ھەقنى چۈشىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىلمىگەنلەرمۇ (بىلىدىغان) خوشنىلىرىدىن ئۆگىنىپ، دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشىنىشكە تىرىشىدۇ، ياكى بولمىسا، ئۇلارنى (ھەر ئىككى گورۇپپىنى) دۇنيادا چوقۇم جازالاندۇرىمەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتتى.

بەزى كىشىلەر:

«بىز شۇنداق قارايمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەنلىك ئەشئەرىلەرنى مەقسەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئالىم كىشىلەردۇر، خوشنىلىرى

قوپال، ئەسكى مىجەزلىك، سۇ بويلىرىدا كۆچمەن بولۇپ ياشىغان كىشىلەردۇر» دېيىشتى.

ئەشئەرىلەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىر قەۋمنى ياخشىلىق بىلەن، بىزنى يامانلىق بىلەن تىلغا ئېلىپسەن. بىزنىڭ قايسى ھالىمىز تۈپەيلىدىن مۇنداق بولدى؟

- دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچبىر سۆز قىلماستىن ئىلگىرىكى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. ئەشئەرىلەر مەقسەت قىلىنغانلارنىڭ ئۆزى ياكى ئەمەسلىكىنى چۈشىنەلمىدى. تولۇق بىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر قانچە قېتىم سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىمدا ئوخشاش سۆزنى تەكرارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەشئەرىلەر:

- ئۇنداق بولسا، بىزگە بىر يىل مۆھلەت بەرگىن! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلىرىنى تەربىيلەپ، ئۇلارغا دىنني مەسىلىلەرنى ئۆگىتىشى ئۈچۈن بىر يىل مۆھلەت بېرىپ، شۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى:

لُعِنَ الَّذِينَ كَفَرُواْ مِن بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى لِسَانِ دَاوُودَ وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ ذَلِكَ بِمَا عَصَوا وَّكَانُواْ يَعْتَدُونَ، كَانُواْ لاَ يَتَنَاهَوْنَ عَن مُّنكَرٍ فَعَلُوهُ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَفْعَلُونَ

**«بەنى ئىسرائىلدىن كافىر بولغانلارغا داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇردا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى. ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!»** (مائىدە سۈرىسى، 78 - 79 - ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ياردىمى سايىسىدە ئۇلاشقان قەلبى مۇستەھكەملىك ۋە كامالەت بىلەن، ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئىشتىياقىدا دىنىني تەبلىغ قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان بۇ ئىلاھىي ئامانەتنى ئادا قىلىش تۇيغۇسى ئۇنى ئالىي دەرىجىلەرگە يەتكۈزدى. ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا توسالغۇ بولىدىغان تەكلىپلەرنى ئىككىلەنمەستىن رەت قىلدى. ئاللاھقا بولغان قۇللۇقى يەنى بەندىلىكى ھەر نەرسىنىڭ ئۈستىدە نامايەن بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى ھەر كىشىنىڭ چۈشىنىش سەۋىيەسىدە بايان قىلدى. بىر كىشى بولسىمۇ ھىدايەتكە كىرىشى، ئۇنىڭغا ھېسابسىز خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى. ھەقىقەتەن، ئۇ خەيبەرنىڭ فەتھىگە ئوخشاش بۈيۈك بىر غەلىبە ئەسناسىدىمۇ بىر قۇلغا ئىسلامنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا چۈشەندۈرۈشتىن لەززەت ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولغانىدى. (ئىبنى ھىشام: 3-جىلد، 398-بەت)

ئون كۈنلۈك مۇشەققەتلىك تائىف سەپىرىدە پەقەت خىرىستىئان بىر قۇل بولغان ئادداسنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولدى. بۇنىڭ بىلەن تائىفتا بېشىدىن ئۆتكەن پۈتۈن ئاچچىق ھادىسىلەرنى ئۇنۇتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئىسلام نۇرى بىلەن نۇرلىنىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىپ، تەبلىغ يولىدا زېرىكىش ۋە چارچاشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ تەبلىغ قىلىشتىكى ئەستايىدىللىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر ھادىسىنى ساھابىلەردىن تەمىم ئىبنى ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا يېنىغا كېلىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! دىنىني بىلمەيدىغان بىر بىچارە يېنىڭغا كەلدى، سوراپ ئۆگىنىشنى خالايدۇ - دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۆرۈلۈپ قارىدى. خۇتبىنى توختىتىپ يېنىمغا كەلدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ ئولتۇرىشى ئۈچۈن پۇتلىرى تۆمۈردىن بولغان بىر نەرسىنى كەلتۈرۈشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈستىدە

ئۇلتۇرۇپ، ئاللاھ ئۆگەتكەن بەزى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەردى. كېيىن تەكرار خۇتبىسىگە قايتىپ سۆزىنى تاماملىدى. (مۇسلىم: «جۇمە»، 60)

ساھابىلەرمۇ ھەقىقەتنى تەبلىغ قىلىش ۋە خاتا ئىشلارنى تۈزىتىشتە ئاكتىپ ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ ھەرىكەتلەرنى قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋەزىپىسى مەلۇم شەخسلەر بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. بەلكى ھەر بىرى، ئورنى ۋە ۋاقتى كەلگەندە ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئادا قىلاتتى، قانچىلىك قۇربان بەرسە بەرسۇن، ھەقنى سۆزلەشتىن چېكىنمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپ بولغان ئەھۋاللارغا قاراپ تۇرمايتتى. ئۇنىڭ ھەدىسلىرىگە ئېتىراز بىلدۈرگەنلەرگە ئەسلا ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولمايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى[150]. ھەدىسلىرى ئالدىدا، ئۆز كۆز قارىشىنى سۆزلىگەنلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن ئەسلا ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇ يەرنى تاشلاپ كېتەتتى[151].

سۇفيانى سەۋرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەبلىغنىڭ ئەھمىيىتىگە دائىر مۇنداق دەيدۇ:

«خۇراسانغا بېرىپ تەبلىغ قىلىشىڭ، سېنىڭ ئۈچۈن مەككىدە يەرلىشىپ قېلىشىڭدىن ياخشىدۇر.»

تەبلىغ بۇ قەدەر مۇھىم بولغىنىكەن، بۇ ۋەزىپىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلالايدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر. تۆۋەندىكى بۇ ۋەقەلىك بىر تەبلىغچىنىڭ قىممىتىنى روشەن ئىپادىلەيدۇ:

بىر كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئولتۇراتتى. ھەزرىتى ئۆمەر، ئۇلارغا: «ئاللاھتىن خالىغان نەرسەڭلەرنى تەلەپ قىلىپ، ئارزۇ-ئىستەكلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار.» دېدى.

150. شافىئى: «رىسالە»، 193-بەت، ئىستانبۇل 1985-يىل نەشرى؛ سۇيۇتى: «مىفتاھ»، 48-بەت، بېيرۇت، 1987-يىل نەشرى.

154. مۇۋەتتا: «بۇيۇئ»، 33؛ ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 2.

ئۇ يەردىكىلەرنىڭ بىر قىسمى:

«ھازىر بىز ئولتۇرغان مۇشۇ ئۆي تولغىدەك پۇلۇم بولسا، ئۇنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلسام!..» دېدى.

يەنە بىر قىسمى:

«ھازىر بىز ئولتۇرغان مۇشۇ ئۆي تولغىدەك ئالتۇنلىرىم بولسا، ھەممىسىنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلسام!...» دېدى.

يەنە بەزىلىرى:

«ھازىر بىز ئولتۇرغان مۇشۇ ئۆي تولغىدەك گۆھەر-ياقۇتلارغا ئىگە بولسام، ئۇلارنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلسام!...» دەپ، ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەمما ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئاللاھتىن تېخىمۇ يۇقىرىسىنى، كۆپرەكىنى تەلەپ قىلىڭلار» دېيىشى بىلەن، ئۇلار:

«ئاللاھتائالادىن بۇنىڭدىن باشقا نېمە تەلەپ قىلالايمىز؟» دېيىشتى.

بۇنىڭغا بىنائەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مەن بىز ئولتۇرغان شۇ ئۆينىڭ ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ، مۇئاز ئىبنى جەبەل ۋە ھۇزەيفەتۇل يەمانىغا ئوخشاش (ئالاھىدە تاللانغان ۋە ھەرتەرەپتىن كامىل) كىشىلەر بىلەن تولۇشىنى ۋە بۇلارنى ئاللاھقا ئىتائەت يولىدا خىزمەت قىلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.» دېدى. (بۇخارى: «تارىخۇسسەغىر»، 1-جىلد، 54-بەت)

مەرھەمەتنىڭ مۇتلەق مەنبەسى بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز بەندىلىرىنىڭ ھەق دىنغا چاقىرىلىشىدا ئەمەل قىلىنىشى كېرەك بولغان كۈچلۈك تەسىر كۈچكە ئىگە ئۇسلۇبنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ادْعُ إِلِى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن. ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.»** (نەھل سۈرىسى، 125-ئايەت)

وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ وَقُولُوا آمَنَّا بِالَّذِي أُنزِلَ إِلَيْنَا وَأُنزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَٰهُنَا وَإِلَٰهُكُمْ وَاحِدٌ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ

**«ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئېيتىڭلاركى: «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق. سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 46-ئايەت)

وَمَنْ أَحْسَنُ قَوْلًا مِّمَّن دَعَا إِلَى اللَّهِ وَعَمِلَ صَالِحًا وَقَالَ إِنَّنِي مِنَ الْمُسْلِمِينَ، وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ

**«ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ تەۋھىدىگە ۋە تائىتىگە) دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە «مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟ ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن (شۇنداق قىلساڭ)[152]، سەن بىلەن ئۆزىنىڭ**

152 .يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالى بۇ ئايەتكە گۈزەل بىر مىسال. ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان قېرىنداشلىرىنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى يۈزىگە سالماي، ئۆزىنى مەخپىي تۇتقان ھالدا ئۇلارغا ياخشىلىق

**ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى، 33 ـ 34 ـ ئايەتلەر)

قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَاْ وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللّهِ وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ

**«ئېيتقىنكى: «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن.»** (يۈسۈپ سۈرىسى، 108 ـ ئايەت)

بۇ ئىلاھىي ئۇسلۇبنىڭ تەتبىقى نەتىجىسىدە، تارىختا تىكەنلىشىپ كەتكەن روھلار گۈلگە ئايلاندى. قاراڭغۇ زىندانغا ئوخشاش قارىيىپ كەتكەن يۈرەكلەر نۇرغا غەرق بولدى. جانابى ئاللاھ مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالامنى فىرئەۋنگە ئوخشاش ھەقىقەتتىن ئازغان ۋە توغرا يولدىن چىققان بىر ئىنسانغا ئەۋەتكەندە يۇمشاق بىر ئۇسلۇب قوللىنىشنى تەۋسىيە قىلىپ، مۇنداق دېدى:

فَقُولَا لَهُ قَوْلًا لَّيِّنًا لَّعَلَّهُ يَتَذَكَّرُ أَوْ يَخْشَى

**«ئۇنىڭغا يۇمشاق سۆز قىلىڭلار. ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى (ھەددىدىن ئاشقانلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن) قورقۇشى مۇمكىن.»** (تاھا سۈرىسى، 4 ـ ئايەت)

بۇ ئايەت ـ كەرىمدە تەبلىغ مېتودىنىڭ ئىككى ئاساسى كۆرۈلىدۇ:

---

قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئاخىرىدا قېرىنداشلىرى ئۇنى تونىغان ۋە: تَاللّهِ لَقَدْ آثَرَكَ اللّهُ عَلَيْنَا «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ سېنى ھەقىقەتەن بىزدىن ئارتۇق قىلىپتۇ» (سۈرە يۈسۈف، 91 ـ ئايەت) دەپ ئۇنىڭ ئۈستۈنلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئەھۋال ئىنسانىنىڭ ئەمىلىيىتى بىلەن تەبلىغنىڭ نەقەدەر تەسىرلىك بىر مېتود ئىكەنلىكىنىڭ روشەن بىر مىسالىدۇر.

1. ھەقىقەتنى تەبلىغ قىلغاندا، ئۇنىڭ شەخسىيىتىدىكى پىكىرنى باشتىلا خاتا دېمەستىن، يۇمشاق بىر ئۇسلۇب قوللىنىش.

فىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى ئالدىدا، نەچچە قېتىم ئىمانغا مايىل بولغان بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ مەغرۇرلىنىپ ئىمان ئېيتمىدى.

جانابى ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «يۇمشاق سۆز» ئىشلىتىشنى بۇيرۇپ، بىزگە بىر تەبلىغ مېتودى تەلىم بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئالدى بىلەن قەلب يۇمشىتىلىدۇ ئاندىن تەبلىغ قىلىنىدۇ[153]. پەيغەمبەرلەر ۋە مۇتتەقىلەرنىڭ ھاياتىدا تالاش-تارتىش بولمايدۇ. تەبلىغدا ئەمەلىيەتچىللىك ناھايىتى مۇھىمدۇر.

ئاللاھتائالا تەبلىغ بىلەن ۋەزىپىلەندۈرگەن پەيغەمبەرلەر، كۆڭۈللەرنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە، ئىنسانلارغا كۆڭۈل دېرىزىسىدىن قارىدى. ئەتراپىغا مۇھەببەت ۋە شەپقەت تارقىتىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولدى. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلغان بولسا ئىدى، ھەر خىل ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە بوزۇلۇپ، ھەقنى تەبلىغ قىلىش ئىمكانى قالمىغان بولاتتى. بۇمۇ ئىلاھىي ئىرادىگە زىتتى. چۈنكى جانابى ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئازغۇنلىقتىن قۇتۇلۇشىنى خالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتائالا ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇيان مىڭلارچە پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئەڭ گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن كۆڭۈللەرنى پاكلاشنى بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە

153. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتنىڭ 7-يىلىدا خەيبەر فەتھىسىدىن كېيىن، قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىككە دۇچار بولغان مەككە خەلقىگە ئالتۇن، ئارپا، خورما ئەۋەتىپ ياردەم قىلغان . ئەبۇ سۇفيان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، قۇرەيشنىڭ كەمبەغەللىرىگە تارقىتىپ: "ئاللاھ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنى ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلاندۇرسۇن! چۈنكى ئۇ، ئۇرۇق-تۇغقانلىق ھەققىنى ئادا قىلدى!" دەپ، مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئالىيجاناب ھەرىكىتى مەككىلىكلەرنىڭ قەلبىنى يۇمشاتقان. بىر مۇددەتتىن كېيىن مەككە فەتھى قىلىنغاندا، قەلبلىرى يۇمشاپ بولغان مۇشرىكلار بۇنىڭغا ئوخشاش ئالىجاناپلىق ئالدىدا ئاسانلىق بىلەن مۇسۇلمان بولغان.

ئوخشاش غايىنى مەقسەت قىلىپ، ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان «ئەھلۇللاھ» دەپ ئاتالغان، يەنى ئاللاھنىڭ ئەھلى دېيىلگەن كىشىلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى تەربىيەسىدە بۇ پەيغەمبەر ئۇسلۇبىنى داۋاملاشتۇردى.

قوپال، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان بىر ئۇسلۇب بىلەن قىلىنغان خىزمەتلەردىن ياخشىلىق كۈتۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ روھىغا خىتاب قىلىدىغان تەربىيە ۋە تەبلىغقا ئوخشاش خىزمەتلەردە، بۇ جەھەت ئىنتايىن مۇھىمدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ شەخسىدە پۈتۈن ئۈممەتكە خىتابەن:

فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ

**«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 159-ئايەت) دېگەن.

2. قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تەبلىغنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇمىي قىلىنىشى.

فىرئەۋن ئىمان ئېيتىشقا قوشۇلمىغان زالىم ۋە بەدبەخت بولۇش بىلەن بىرگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇش يولىدا مىڭلارچە بوۋاقلارنى قەتلى قىلغان بىر قاتىل ئىدى. مۇشۇنداق ھالدا تۇرۇپ، ئىلاھىي تەبلىغ بىلەن خىتاب قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئەبۇ جەھىلگە كۆپ قېتىم تەبلىغ قىلدى. ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق پەيغەمبەرلىكىنى ۋىجدانىي جەھەتتىن قوبۇل قىلسىمۇ، ئەمما تەكەببۇرلۇقىدىن ئىقرار قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۇئامىلىسى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئەبۇ سۇفيان، ھىند ۋە ۋەھشىگە ئوخشاش، ئىسلامغا دۈشمەن بولغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھىدايىتىگە ۋەسىلە بولدى.

بۇ كۆز قاراش ئىسلامىي خىزمەتلەردە، ياكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بولسۇن خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ ئەمىلى ئەھۋالىغا دىققەت قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبرەت بىلەن تولغان 23 يىللىق ھاياتىغا ئىنچىكە قارىغىنىمىزدا، بىر تەبلىغچىنىڭ يولىنى يورۇتقان شۇ جەھەتلەرنى كۆرەلەيمىز:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغنى ئەڭ يېقىنلىرىدىن باشلىدى. چۈنكى جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ

**«يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.»** (شۇئەرا سۈرىسى، 214-ئايەت)

يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ

**«ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دەۋزەختىن ساقلاڭلار. ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرىقىدىن چىقمايدۇ. نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.»** (تەھرىم سۈرىسى، 6-ئايەت)

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا، تەدرىجى بولۇشقا رىئايە قىلدى، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە توغرا قەدەم بىلەن ئىلگىرلەيدىغان بىر يول تۇتتى.

ئاللاھتائالانىڭ تۇنجى بۇيرۇقى «إقرا» (ئوقۇ!) ئايىتى ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رىسالەت ۋەزىپىسى بېرىلىپ:

قُمْ فَأَنذِرْ

**«ئورنۇڭدىن تۇر! ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر.»**
ئۇنىڭدىن كېيىن:

وَأَنذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ

**«يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن.»** دېگەن ئىلاھىي بۇيرۇق كەلدى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ۋەزىپىنىڭ دائىرىسى پۈتۈن شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەكىلدە كېڭەيتىلىپ، مۇنداق بۇيرۇلدى:

وَمَا كَانَ رَبُّكَ مُهْلِكَ الْقُرَى حَتَّى يَبْعَثَ فِي أُمِّهَا رَسُولًا يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِنَا وَمَا كُنَّا مُهْلِكِي الْقُرَى إِلَّا وَأَهْلُهَا ظَالِمُونَ

**«پەرۋەردىگارىڭ شەھەرلەرنىڭ مەركىزىگە ئۇلارنىڭ ئاھالىسىگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتمىگىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچى بولمىدۇق. شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى زالىم بولمىغىچە شەھەرلەرنى ھالاك قىلغۇچىمۇ بولمىدۇق.»** (قەسەس سۈرىسى، 59-ئايەت)

بۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچتا، ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شەكىلدە، دەۋەتنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلىپ:

وَهَذَا كِتَابٌ أَنزَلْنَاهُ مُبَارَكٌ مُّصَدِّقُ الَّذِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَلِتُنذِرَ أُمَّ الْقُرَى وَمَنْ حَوْلَهَا

**«بۇ (قۇرئان) مەككە ئاھالىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، بىز نازىل قىلغان ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نازىل قىلىنغان (تەۋرات ۋە ئىنجىلغا ئوخشاش) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى مۇبارەك كىتابتۇر.»** دېيىلدى. (ئەنئام سۈرىسى، 92-ئايەت)

ئاخىرىدا تەبلىغ دائىرىسىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىدە كەڭرى ئىكەنلىكى ئېلان قىلىنىپ:

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ

**«(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.»** (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت)

وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا كَافَّةً لِّلنَّاسِ بَشِيرًا وَنَذِيرًا وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ

**«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كافىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ.»** دېيىلدى. (سەبە سۈرىسى، 28-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاڭلىغۇچىلىرىغا قارىتا تەدرىجى يول تۇتقىنىغا ئوخشاش، تەبلىغ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرگەندىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللاندى. ناماز، روزىنىڭ بۇيرۇلۇشى، ھاراق ۋە ئۆسۈمنىڭ چەكلىنىشىگە ئوخشاش ئىشلار، بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمان، ئىبادەت ۋە ئەخلاقىي بىلەن مۇكەممەل سەۋىيەگە كەلتۈرگەن ساھابىلىرىنى بىراقلا ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن، يۇقىرى سەۋىيەگە چىقاردى. مەسىلەن، مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭغا قىلغان تەۋسىيەلەر، بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. ئۇ:

«شۈبھىسىزكى، سەن خەلقى ئەھلى كىتاب بولغان بىر دىيارغا كېتىۋاتىسەن. ئۇلارنى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، مېنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىمگە شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىل. ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بىر كۈندە بەش ۋاقت نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيت. بۇنىمۇ قوبۇل قىلىپ ئىتائەت قىلسا، بايلىرىدىن ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە بېرىلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا زاكاتنىڭ

پەرز قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىل. بۇنىڭغىمۇ ئىتائەت قىلغان تەقدىردە، ماللىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىرىدىن ئېلىشقا ئۇرۇنما! مەزلۇمنىڭ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ) بەددۇئاسىدىن قورق. چۈنكى ئۇنىڭ بەددۇئاسى بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا پەردە يوقتۇر» دېدى. (بۇخارى: «زاكات»، 41، 63؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 29ـ31)

3. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ ئۈچۈن ۋاقىت، ئورۇن ۋە روھىي ھالەت تەرەپتىن مۇۋاپىق پەيتنى تاللىدى.

ساھابىلەردىن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە پەيشەنبە كۈنى ۋەز نەسىھەت قىلاتتى.

بىر كىشى، ئۇنىڭغا:

«ئەي ئەبۇ ئابدۇرراھمان! كاشكى بىزگە ھەر كۈنى ۋەز نەسىھەت قىلساڭ!» دېدى.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«سىلەرنى زېرىكتۈرمەسلىك ئۈچۈن ھەركۈنى ۋەزـنەسىھەت قىلمايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىزنىڭ زېرىكىپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن ئارزۇ قىلغان كۈنلىرىمىزنى تاللايتتى». (بۇخارى: «ئىلىم»، 11، 12)

مەككە فەتھىسى جەريانىدا ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولۇشنى قوبۇل قىلغان ئەبۇ سۇفيانىنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى:

«ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سۇفيان ئىلتىپاتنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىدۇر. (ئۇ شەرەپلىنىدىغان) بىر ئىش قىلسىڭىز!»

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«توغرا سۆزلىدىڭ! شەھەرگە كىرگەندە، كىم ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇ ئامانلىقتا بولىدۇ. كىم ئىشىكىنى تاقاپ، ئۆيىدىن تېشىغا چىقمىسا ئامانلىقتا بولىدۇ، دەپ ئېلان قىلىڭلار.» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 24ـ 3021\25)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن سوئال سورىغان كىشىلەرگە ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ جاۋاب بەردى. ھەر بىر شەخسكە ئوخشىمىغان مېتودلارنى ئىشلەتتى.

«ئەمەللەرنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكى قايسىدۇر؟» دەپ سورىغان كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۆۋەندىكى پەرقلىق جاۋابلارنى بەردى:

«ۋاقتىدا ئوقۇلغان نامازدۇر» (بۇخارى: «مەۋاقىت»، 5)

«ئاللاھنى زىكىر قىلىشتۇر» (مۇۋەتتا: «قۇرئان»، 24)

«ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتۇر» (ئەبۇ داۋۇد: «سۈننەت»، 2)

«ھىجرەتتۇر» (نەسائى: «بەيئەت» 14)

«ئاتا-ئانىغا خىزمەت قىلىشتۇر» (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 4-جىلد، 330-بەت)

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇشنى ۋە خۇشخەۋەر بېرىشنى ھاياتىنىڭ ئاساسى قىلدى.

ئۇ بىر ھەدىسىدە:

«ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار. خۇشخەۋەر بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار» دېدى. (بۇخارى: «ئىلىم»، 11، "ئەدەب"، 80)

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا:

يُرِيدُ اللّٰهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ

**«ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى، 185-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ

**«مېنىڭ رەھمىتىم مەخلۇقاتنىڭ ھەممىسگە ئورتاقتۇر.»** (ئەئراف سۈرىسى، 156-ئايەت) دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھتائالا پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان ۋاقتتا، ئۆز دەرگاھىدا ئەرشنىڭ ئۈستىدە بولغان كىتابىغا: «رەھمىتىم ھەققەتەن غەزىپىمنى بېسىپ چۈشىدۇ!» دەپ يازغان. (بۇخارى: «تەۋھىد»، 15، 22، 28، 55؛ مۇسلىم: «تەۋبە»، 14ـ16)

ساھابىلەردىن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق بىر ھادىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ:

سەھرالىق بىر ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە ئۆرە تۇرۇپ سىيدى. ساھابىلەر شۇ ھامان ئۇنى ئازارلاشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ سىيگەن يېرىگە بىر چېلەك سۇ قويۇۋېتىڭلار. سىلەر ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىڭلار. قىيىنلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس» دېدى. (بۇخارى: «تاھارەت»، 58، «ئەدەب»، 80)

5. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغىدا ئىنسانلارنى ئىلاھىي ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاخىرەتكە تەييارلىنىشقا تەشۋىق قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى تۇنجى باشلىغىنىدا ھاشىم ئوغۇللىرىغا مۇنداق خىتاب قىلدى:

«مەن سىلەرنى «لا إله إلا الله وحده لا شريك له» «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ»: ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر! ئۇ بىردۇر! ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر!» دەپ شاھادەت ئېيتىشقا دەۋەت قىلىمەن. مەنمۇ ئۇنىڭ قۇلى (بەندىسى) ۋە ئەلچىسىمەن. مۇشۇنداق ئىقرار قىلساڭلار، سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كېپىل بولىمەن.

سىلەر قىيامەت كۈنى ياخشى ئەمەللىرىڭلار بىلەن كەلمەي، دۇنيانى بوينۇڭلارغا ئارتىپ كەلسەڭلار. سىلەردىن يۈز ئۆرۈيمەن! ئۇ ۋاقىتتا سىلەر ماڭا: «يا مۇھەممەد!» دېسەڭلار، مەن سىلەرگە مۇنداق دەيمەن:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مۇنداق دەيمەن» دەپ، يۈزىنى ئۇلاردىن باشقا تەرەپكە ئۆرىدى ۋە بۇ ھەرىكەتنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى. (ئىبنى ئىسھاق: 128ـ بەت؛ ياقۇبى: 2ـ جىلد، 27)

6. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ قىلغان ئىشلارنى پەقەتلا سۆزلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە ئۆز ھاياتىدا تەتبىقلاش بىلەن ئىنسانلارغا كۆرسەتتى.

ئىسلامنىڭ ھاياتتا قوللىنىش بىلەن تەبلىغ قىلىنىشى، باشقىلارنى توغرا يولغا باشلاشنىڭ گۈزەل شەكلىدۇر. ساھابە-كىرام دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە ئىمان ساداسىنى ئاڭلىتىش ۋە ئىنسانلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان. كۈنىمىزدىمۇ ئوخشاش ھاياجان بىلەن ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىنى دۇنياغا كۆرسىتىش ئەڭ گۈزەل تەبلىغ مېتودىدۇر.

ئىسلامچە ياشاش ۋە تەبلىغ قىلىش ھەر بىر مۇئمىننىڭ ئىمكانىغا يارىشا ئىلاھىي ۋەزىپىدۇر. كۈنىمىزدە ئىمكانلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بۇ ۋەزىپىنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ ئېغىرلاشتى. دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق بىر بۇرجىكىدە ياشاپ، ئىسلامدىن خەۋىرى بولمىغانلارغا بولغان ۋەزىپىمىزنى بىر تەرەپتە قويۇپ تۇرايلى، يېنىمىزدا تۇرۇپ، خاتا قىلمىشلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، توغرا يولغا باشلاشقا سەل قارىغان كىشىلىرىمىز، ئاخىرەتتە ياقىمىزغا ئېسىلىپ بىزدىن ھېساب سورايدۇ.

بۇ جەھەتتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

قىيامەت كۈنىدە بىر ئادەم تونىمايدىغان بىر ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ دەۋاچى بولىدۇ.

جاۋابكار:

- مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ بىز بىر-بىرىمىزنى تونىمايمىزغۇ!

- دەيدۇ.

دەۋاگەر:

- دۇنيادا مېنى خاتا ۋە يامان ئىشلار ئۈستىدە كۆرەتتىڭ-دە، ئەيىبلىمەيتتىڭ، ئاگاھلاندۇرمايتتىڭ - دېگەن جاۋابنى بېرىدۇ. (رۇدانى: «جەمئۇل فەۋائىد»، 5-جىلد، 384-بەت)

## ئىسلام تەبلىغى ۋە مىسسىئونېرلىق

ئىسلامدا تەبلىغنىڭ غايىسى ھەق دىنىنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلۈشىدۇر[154]. ئىنسانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن مۇسۇلمانلاشتۇرۇلىشى تەبلىغنىڭ مەقسىتى ئەمەستۇر[155].

خرىستىئان مىسسىئونېرلىقى باشقىلارنىڭ ھەر قانداق ئەھۋالدا خرىستىئانلاشتۇرۇلىشى ۋە ئۇلارنىڭ سەپسەتىسچە ئۇنىڭ گۇناھىنى پاكلاپ، بىر مۇخلىس خرىستىئان مۇرتى قىلىنىشىنى نىشانلايدۇ[156]. مىسسىئونېرلار ئۈرنەك ئالغان پاۋلۇس بىر مەكتۇبىدا ھەرىكەت پىلانىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

«مەن ئەركىنمەن، ھېچكىمنىڭ قۇلى ئەمەسمەن. لېكىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە كىشىنىڭ قۇلى بولدۇم. يەھۇدىيلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەھۇدىيلارغا يەھۇدىيغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلدىم. ئۆزەم شەرىئەتكە ئەگەشمەي تورۇپ، شەرىئەتچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارغا شەرىئەتكە قاتتىق ئەگىشىدىغان كىشىدەك مۇئامىلە قىلدىم. ئىسا مەسىھنىڭ قانۇنلىرىغا ئەگىشىدىغان بىر كىشى تۇرۇقلۇق، قانۇنسىز كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، قانۇنسىز كىشىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلدىم. ئاجىزلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن ئاجىز بولدۇم. نېمە قىلسام قىلىپ، بەزىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەممە كىشى بىلەن ھەممە نەرسە بولدۇم[157].»

كۆرگىنىمىزدەك، پاۋلۇس غايىسگە يېتىش ئۈچۈن ھېچبىر قائىدە ـ پرىنسىپ تونىماي، ھەرتۈرلۈك ۋاستە قوللىنىشنى توغرا دەپ قارىغان. ھالبۇكى، ئىسلامدا شەرئى (توغرا، قانۇنلۇق) غايىلەرگە غەيرى شەرئى

---

154. سۈرە مائىدە، 67 ـ ئايەتكە قاراڭ.

155. سۈرە بەقەرە، 256 ـ ئايەتكە ۋە سۈرە ياسىن 17 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ.

156. ماتتا ئىنجىلى، 20 ـ 28:19 گە قاراڭ.

157. كورىنتلىلارغا مەكتۇب. 1 ـ جىلد، 22 ـ 9:19

(ناتوغرا، قانۇنسىز) ۋاستىلار بىلەن يېيىش چەكلەنگەن. بېشىدىنلا ئۆزگەرتىلگەن خىرىستىئانلىقنىڭ قوللانغان بۇ خاتا ئۇسۇلى يەنى خەلققە بۇيرۇلغاننى يەتكۈزۈش يېرىگە، ئۇلارنى ھەر قانداق بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر خىرىستىئانلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى، دىنىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇزۇلۇپ يوقۇلىشىغا، بۇ تەلىماتلار كىرگەن يەردە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، دىنىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ زامانىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ھەرخىل پىرقىلەر ھالىغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى.

خىرىستىئانلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە مىسسىئونېرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تەرەپتىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان خەلققە، كەمبەغەل، ئىلتىجا قىلغۇچى، ئازسانلىق، ئۇرۇش ۋە تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە يېقىنلىشىپ، بۇ كىشىلەرنىڭ ماددى، مەنىۋى چۈشكۈنلۈكىدىن پايدىلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى سېتىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەستۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن مىسسىئونېرلىقنىڭ ئېمپېرىيالىزىم بىلەن بىر گەۋدە ئىكەنلىكى، غايىنىڭ دىنىي بولۇشتىن بەكرەك سىياسىي ئىكەنلىكىمۇ مەلۇمدۇر. مىسسىئونېرلار مەقسەت قىلغان دۆلەتلەرگە يەرلىشىش شەكلى بىلەن مەكتەپ، چەت ئەل تىلى كۇرسى ۋە باشقا تەلىم-تەربىيە مەركەزلىرى ئاستىدا ئىنسانلارنى خىرىستىئانلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماقتا.

پاۋلۇسنىڭ ئۇسۇلى بىلەن مېڭىۋاتقان كۈنىمىزدىكى مىسسىئونېرلار يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىدۇ، يەنى ھەقىقىي كىملىكلىرىنى يوشۇرۇپ، ئاڭلىغۇچىلارنى قىزىقتۇرىدىغان بىر شەكىلدە كۆرۈنۈشنى ئاساس قىلماقتا. مەسىلەن، نىشانلىغان مۇسۇلمانلارغا گۈزەل كۆرۈنۈشى ئۈچۈن قۇرئاندىن ئايەتلەر ئوقۇش، مۇسۇلمان قىياپەتلىرىگە كىرىش «پوپ»، «راھىب» ئورنىغا «دىنىي ئالىم»، «چىركاۋ» ئورنىغا «مەسجىد» قاتارلىق ئىسلامىي ئاتالغۇلارنى قوللانماقتا. ئىنسانلارنى دىنىدىن قايتۇرۇش ۋە ئۆزگە

ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم قىلىشنى ئاساسى ئەھۋالغا كەلتۈردى[158].

مىسسىئونېرلارنىڭ بۇ خىل تىرىشچانلىقىغا قارشى مۇسۇلمانلارمۇ ئۆزىنىڭ، ئەۋلاتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىشى، ئىسلامنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئۆگىنىپ تەتبىقلاشقا ۋە باشقا ئىنسانلارغا يەتكۈزۈشكە تېرىشىشى كېرەك. مۇسۇلمانلار ھېچ بولمىغاندا ئۆزگەرتىلگەن دىنلىرىنى يېيىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان مىسسىئونېرلاردىن ئىبرەت ئېلىشى، ھەق بولغان ئىسلام دىنىنىي ئۆز تۇرمۇشىدا ياشاپ، تەبلىغ قىلىشى كېرەك. چۈنكى شۈكرىنى ئادا قىلىشىمىز مۇمكىن بولمىغان بۇ كاتتا ئىسلام نېمىتىنىڭ تەبلىغ مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، ئۈستىمىزدىكى مۇقەددەس مەجبۇرىيەتتۇر.

مەرھۇم شائىرىمىز مەھمەد ئاكىف مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئىشارەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

مىسسىئونېرلار كېچە-كۈندۈز تىرىشماقتا، ئەپسۇسكى، ئالىملار ئىلاھىي ۋەھيىنى كۈتىۋاتامدۇ؟! بىلمىدىم ...

## ئەبۇ لەھەب بىلەن ئايالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى ئىككى دۇنيا ۋەيرانىسى ئەبۇ لەھەب بىلەن ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتنىڭ ئۆيى ئارىسىدا ئىدى. بۇلار ھەرخىل پاسكىنا نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىلىرىنىڭ بۇ ئەخلاقسىز قىلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ:

158. شىناسى گۈندۈز، 5 ـ 28ـ بەتلەرگە قاراڭ.

«ئەي بەنى ئابدۇماناف جەمەتى! بۇ قانداق قوشنىدارچىلىق؟!» دېگەنچە ئۇ ئەخلەتلەرنى ئىشىكنىڭ ئالدىدىن «يا» بىلەن ئېلىپ تاشلايتتى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 201 ـ بەت)

ئەبۇ لەھەب بىر كۈنى يەنە بۇ ئەخلاقسىز بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندا ھەزرىتى ھەمزە ئۇنى كۆرۈپ، ئەخلەتنى قولىدىن ئېلىپ بېشىنىڭ ئۈستىگە تۆكتى. ئەبۇ لەھەب بىر تەرەپتىن ئەخلەتلەرنى ئۈستىدىن تازىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەزرىتى ھەمزىگە ھاقارەت قىلدى[159].

ئەبۇ لەھەبنىڭ خوتۇنى ئۇممۇ جەمىلمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرىشتە ئېرىنىڭ كەينىدە قالمايتتى. ھەر كېچە تىكەنلىك ياغاچلارنى بىر يەرگە توپلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتىدىغان يولغا تاشلاپ قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىپەكنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتۈپ كېتەتتى[160].

ئۇلارنىڭ بۇ زۇلمى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ھەققىدە تەببەت سۈرىسى نازىل بولدى. ئۇممۇ جەمىل بۇنى ئاڭلىشى بىلەنلا، قولىغا چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەشكە چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەسنادا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە كەبىدە ئىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئۇممۇ جەمىل. ئۇ بىر بۇدۇشقاق ئايال. سېنى كۆرۈپ ئاۋارىچىلىق چىقىرىشىدىن قورقىمەن. كاشكى، بۇ ئايال ساڭا بىرەر زىيان يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن كەتكەن بولساڭ!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ!» دېدى.

159. ئىبنى ئەسىر: 2 ـ جىلد، 70 ـ بەت.

160. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 376 ـ بەت؛ قۇرتۇبى: 20 ـ جىلد، 240 ـ بەت.

ھەقىقەتەن، ئۇممۇ جەمىل ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمەي، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا بىرئاز ۋاقىتلا تۇرۇپ، غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن كېتىپ قالدى[161].

پەيغەمبەرلىكتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ئۇممۇ گۇلسۇم ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتەيبە بىلەن، رۇقىييە بولسا يەنە بىر ئوغلى ئۇتبە بىلەن چاي ئىچكۈزۈلۈپ، تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى. تەببەت سۈرىسى نازىل بولغاندا، ئۇممۇ جەمىل ئوغۇللىرىغا:

«رۇقىييە ۋە ئۇممۇ گۇلسۇم دىنىدىن چىقىشتى. ئۇلاردىن ئايرىلىڭلار!» دېدى.

ئەبۇ لەھەبمۇ:

«مۇھەممەدنىڭ قىزىدىن ئايرىلمىساڭلار سىلەرنى باققىنىم ھارام بولسۇن!» دەپ قەسەم قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئۇتەيبە:

«مەن سېنىڭ دىنىڭنى تونىمايمەن. قىزىڭدىنمۇ ئايرىلدىم. ئەمدى سەنمۇ مېنىڭ قېشىمغا كەلمە، مەنمۇ سېنىڭ قېشىڭغا كەلمەيمەن!» دېگەندىن كېيىن ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆڭلىكىنى يىرتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇتەيبەنىڭ بۇ تەربىيەسىزلىكى ئالدىدا:

«ئى ئاللاھ! ئىتلاردىن بىر ئىتنى ئۇنىڭغا مۇسەللەت قىلغىن!» دەپ بەددۇئا قىلدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇتەيبە بىر تىجارەت كارۋىنى بىلەن يولغا چىقتى. زەرقا دېگەن جايغا چۈشۈپ قونۇشتى. شۇ كېچە بىر شىر كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇتەيبە:

161. ئىبنى ھىشام: 1- جىلد، 378- 379- بەتلەر؛ قۇرتۇبى: 20- جىلد، 234- بەت.

«ۋاي ئانام! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدنىڭ دېگىنىدەك بۇ مېنى يەيدۇ! ئۇ مەككىدە مەن شامدا بولساممۇ مېنىڭ قاتىلىم ئۇبەي ئىبنى ئەبى كەبشەدۇر!»[162] دېدى.

شىر ئۇ كېچە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلانغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى. ھەمراھلىرى ئۇتەيبەنى ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ ئۇخلاشتى. شىر يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى. ئاستا-ئاستا ۋە پۇراپ، ئۇتەيبەنىڭ يېنىغىچە كېلىپ، بېشىنى تۇتۇپ شۇنداق بىر چىشلىدىكى، ئۆلۈم ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ بۇرنىغا كەلدى.

ئۇتەيبە:

«مەن سىلەرگە «مۇھەممەد ئىنسانلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلىگۈچىسىدۇر» دېمىدىممۇ؟» دېگىنىچە ئۆلۈپ كەتتى.

ئەبۇ لەھەب ئوغلى ئۇتەيبەنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىدىن خەۋەر تاپقاندا:

«مەن سىلەرگە «مۇھەممەدنىڭ ئوغلۇم ھەققىدىكى بەددۇئاسىدىن قورقىمەن» دېمىگەنمىدىم؟» دېدى[163].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇ مەزگىللەردە ئەبۇ لەھەبكە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان مۇشرىكلارنىڭ جەۋرى-جاپالىرىغا قالغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋر قىلىش بىلەن تەبلىغنى داۋاملاشتۇردى.

---

162. ئىلگىرى خۇزائە قەبىلىسىدىن ئەبۇ كەبشە ئىسمىدە بىر زات بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش جەھەتتە قەۋمىگە قارشى چىققانىدى. مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ، ئۇنى ئىبنى ئەبى كەبشە دېيىشەتتى. ئەبۇ كەبشەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دادا ياكى ئانا تەرەپتىن بولغان چوڭ دادىلىرىنىڭ بىرىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ كۇنيەسى (لەقىمى) ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

163. ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 36-37-بەتلەر؛ بەيھاقى: «دەلائىل»، 2-جىلد، 338-339-بەتلەر؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 19-بەت.

## مەككىنىڭ يارىشىش تىرىشچانلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچبىر نەرسىگە پىسەنت قىلماي، ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇشرىكلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى يېڭى كەلگەن دىن ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ، جىيەنىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ تالىب ئۇلارنى چىرايلىقچە كۈتىۋالدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھېچبىر نەرسە دېمىدى.

مۇشرىكلار ھېچبىر نەرسىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تەكرار ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئەي ئەبۇ تالىب! ئەمدى چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى! سەن بىلىسەنكى، قېرىنداشلىقنىڭ ئۇغلى ئىلاھلىرىمىزنى سۆكۈپ، بىزنى ئەخمەقلىق بىلەن قارىلاۋاتىدۇ. ئەگەر جىيەنىڭنى قىلىۋاتقان ئىشىدىن ۋاز كەچتۈرمىسەڭ، ساڭىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ قارشى چىقىمىز. ئۇنى بۇ ئىشتىن ۋاز كەچتۈرگىن، ياكى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھىمايەڭنى بىكار قىلغىن! قالغىنىنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز.» دېيىشتى.

ئەبۇ تالىب بۇ سۆزلەرگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇشرىكلارنىڭ ھەيۋىسىنى چىرايلىقچە دېدى. ئۇنى ھىمايە قىلىشتىن ۋاز كەچمەسلىك بىلەن بىرلىكتە مۇشرىكلارغا قارشى تۇرۇشنىمۇ خالىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ:

«مېنىمۇ، ئۆزەڭنىمۇ ئاسرىغىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەكمۇ غەمكىن بولدى. چۈنكى تاغىسىنىڭ سۆزلىرى، ۋاقتى كەلگەندە، ئۇنى قوغداشتىن ۋاز كېچىدىغانلىق مەناسىنى بېرىۋاتاتتى. كۆزلىرى ياشلاندى. چۈنكى مۇسۇلمانلار تېخى ئاجىز، كۈچلۈك قۇرەيشنىڭ ئازغۇن مۇشرىكلىرىگە قارشى تۇرىدىغان كۈچى يوق ئىدى. بۇ

ئەسنادا جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈپ كېتىشى ئۈچۈن بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ وَتَبَتَّلْ إِلَيْهِ تَبْتِيلًا، رَبُّ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ فَاتَّخِذْهُ وَكِيلًا

**«پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن، (ئىبادىتىڭدە) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن. ئۇ مەشرىقنىڭ ۋە مەغرىبنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر. ئۇنى ھامىي قىلىۋالغىن (يەنى ھەممە ئىشىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغىن.»** (مۇزەممىل سۈرىسى، 8-9-ئايەتلەر)

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەمكىنلىكى يوقالدى، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە ئاجايىپ شىجائەت بىلەن تاغىسى ئەبۇ تالىبقا شۇ سۆزنى قىلدى:

«ئى تاغا! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەملەر بىر قولۇمغا قوياشنى، يەنە بىر قولۇمغا ئاينى قويسا، مەن يەنىلا بۇ دەۋەتتىن ۋاز كەچمەيمەن!».

بۇ سۆزلىرىنىڭ كەينىدىن نەملەنگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇ يەردىن ئايرىلدى.

بۇنداق بىر جاۋابنى كۈتمىگەن ئەبۇ تالىب قاتتىق ھەيران قالدى. ئۇ ئىمان ئېيتمىغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاز بۇرۇن ئوغۇللىرىنى توپلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قايسىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئالىدىغانلىقىنى سورىغان دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىبكە:

«دادا! سەن بىلىسەن، باي ئەمەسمەن، ئەمما كۆڭلى يۇمشاق، شەپقەت ئىگىسىمەن. قېرىنداشىمنىڭ ئوغلىنى بېقىشنى جېنىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، بۇ جەھەتتە ساڭا ۋەدە بېرىمەن، ئۇنى ماڭا تاپشۇر!» دەپ، ۋەدە قىلغان ئىدى.

بۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق غەمكىن يېنىدىن ئايرىلىشىغا ئەبۇ تالىبنىڭ مەرھەمەتلىك يۈرىكى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى:

«ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! كەل، خالىغىنىڭنى سۆزلە! قەسەم قىلىمەنكى، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، سېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن!». (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 267-278؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 96-97)

مۇشرىكلار ئارزۇلىرىغا يېتەلمىگەندە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئوغلى ئۇمارەنى ئەبۇ تالىبنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ:

«بۇ ئۇمارە قۇرەيش ياشلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ چىرايلىقىدۇر. سەن بۇنى ئال، ئۇنىڭ ئەقلى ۋە كۈچىدىن پايدىلان! بۇ سېنىڭ بالاڭ بولسۇن. ئاتا-بوۋىسىنىڭ دىنىغا قارشى چىققان، قەۋمىنى بۆلگەن، پىكىرلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىغان شۇ جىيەنىڭنى بىزگە تاپشۇرغىن، ئۇنى ئۆلتۈرەيلى!» دەپ، رەزىل پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئەبۇ تالىب:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ماڭا نېمىدېگەن يامان بىر نەرسىنى تەكلىپ قىلدىڭلار! سىلەر ماڭا ئوغلۇڭلارنى بېرىسىلەر، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن باقىمەن. مەن سىلەرگە ئوغلۇمنى بېرىمەن، سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ بۇ نېمىدېگەن رەزىل بىر تەكلىپ! بۇنداق ئىش ھەرگىز بولمايدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 279؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 202-بەت)

مۇشرىكلار، ئەبۇ تالىبقا:

- مۇھەممەدكە خەۋەر قىلغىن، كەلسۇن. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى قويايلى - دېيىشتى.

تاغىسى خەۋەر يوللىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كەلدى.

ئەھنەس ئىبنى شەرىك:

ـ سەن بىزنى ۋە ئىلاھلىرىمىزنى سۆكۈشنى تاشلا، بىزمۇ سېنى ۋە ئىلاھىڭنى راھەت قويايلى! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراپ:

ـ شۇ قۇياشنى كۆرىۋاتامسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇنداق، كۆرىۋاتىمىز ـ دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان شۇ مەنىلىك جاۋابنى بەردى:

ـ ئۇنداقتا، مەن سىلەرنىڭ بۇ قۇياشنىڭ نۇرلىرىدىن پايدىلىنىشىڭلارغا توسقۇنلۇق قىلالامدىم؟

ئەبۇ تالىب:

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى بىزگە ھېچقاچان يالغان سۆزلىمىگەن!» دېدى.

ئازغۇن مۇشرىكلار ئاچچىقلانغانچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن ئايرىلىشتى. (ئىبنى ئىسھاق: 136 ـ بەت، ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 92 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 202 ـ 203 ـ بەتلەر.)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىگە كۆرە، شۇنىڭدىن كېيىن قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرى كەبىنىڭ ھىجر دېگەن يېرىدە توپلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن ھامان، بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈدىغانلىقىغا دائىر لات، مەنات، ئۇززا، نائىلە ۋە ئىساف ئىسىملىك بۇتلار بىلەن قەسەم قىلىشتى. ھەربىر كىشى ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن قان بەدىلىنىمۇ ئۆتەيدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يىغلىغانچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، قەۋمىنىڭ پىلانىنى دادىسىغا خەۋەر قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ تەلەپ قىلىپ تاھارەت ئالدى ۋە ئۇدۇل مەسجىدى ھەرەمگە قاراپ كەتتى.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە:

«مانا بۇ ئۇ!» دېيىشتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرۈشى بىلەنلا، قارارىنى ئۆزگەرتىپ، بىرلا ۋاقىتتا باشلىرىنى يەرگە ساڭگىلاتتى، ھېچقايسىسى ئورنىدىن تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىگىمۇ قارىيالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەردىن بىر ئوچۇم توپىنى ئېلىپ:

«يۈزۈڭلار قارا بولۇپ كەتسۇن!» دېگەنچە، ئۇلارغا قارىتىپ چاچتى.

ئۇ كۈنى توپىراق ئۇستىگە چېچىلغان مۇشرىكلارنىڭ ھەربىرى بەدىر ئۇرۇشى كۈنى، كاپىر ھالدا ئۆلتۈرۈلۈپ، جەھەننەم ئورىكىگە ئوخشاش بىر قۇدۇققا تولدۇرۇلدى. (ئەھمەد: 1-جىلد، 303-بەت)

بۇ ۋەقەنىڭ كەينىدىن ئەبۇ تالىب بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بەنى مۇتتەلىب جەمەتىنى چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئائىلە شەرىپى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى قوغداشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا ئەبۇ لەھەبتىن باشقا ھەممىسى قوشۇلدى[164].

ئەبۇ تالىبقا قىلغان مەسلىھەت ۋە تەلەپلىرىنىڭ پايدا بەرمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇشرىكلار، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«سەن نەسەبتە پاك، ئورۇن جەھەتتە ئالىي ئورۇندىسەن! ھازىرغا قەدەر ئەرەبلەر ئارىسىدا ھېچكىمنىڭ قىلمىغىنىنى قىلدىڭ، سۆزلىمىگىنىنى سۆزلىدىڭ. ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سالدىڭ. بىر-بىرىمىزنى دۈشمەن قىلدىڭ. بۇنداق قىلىشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ ئەگەر، باي بولۇش ئۈچۈن بۇنداق قىلغان بولساڭ، ساڭا سەن خالىغانچە مال بېرەيلى. قەبىلىلەر ئارىسىدا سەندىنمۇ باي كىشى بولمىسۇن. رەئىسلىك ئارزۇسىدا بولساڭ، سېنى ئۆزىمىزگە رەئىس قىلايلى، مەككىنىڭ ھاكىمى بولغىن! ئەگەر بىر ئېسىل ئايال بىلەن ئۆيلىنىش پىكرىدە بولساڭ، ساڭا قۇرەيشنىڭ ئەڭ گۈزەل قىزلىرىدىن خالىغىنىڭنى بېرەيلى! ئەگەر جىن ياكى شەيتانلارنىڭ

164. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 281-بەت. ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل»، 2-جىلد، 65-بەت.

يامانلىقىغا ئۇچرىغان بولساڭ، سېنى ھېكمىلەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرايلى، سېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاتتىق پىداكارلىق كۆرسىتەيلى. نېمە خالىساڭ شۇنى قىلىشقا بىز تەييار. لېكىن شۇ دەۋايىڭدىنلا ۋاز كەچكىن!» دېدى.

ئازغۇن مۇشرىكلار ئىنسان ئەڭ تېز ئالدىنىپ كېتىدىغان مال-دۇنيا، ماقام ۋە ئايال بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋاسىدىن ۋاز كەچتۈردىغانلىقىنى گۇمان قىلىشقانىدى.

مۇشرىكلار ھەر زامان ئادەم ئوۋلاش ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن بۇ ئۈچ نەرسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ ياق دېيەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاشقانىدى.

بايلىق، شۆھرەت، شەھۋەت كۆپىنچە ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىنى ئېرىتىدىغان ئۈچ چوڭ نەپسانى تۇزاقتۇر. ئەمما مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرلۇق ھاياتىدا بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھېچبىر زامان يېرى بولمىغانلىقىنى قانداقلا بولمىسۇن بىلىشەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوچۇق ۋە كەسكىن بولغان جاۋابىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ياڭراتتى:

«مەن سىلەردىن ھېچقانداق نەرسە تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ مال-مۈلۈك، سەلتەنەت، رەئىسلىككە ئوخشاش تەلىۋىم يوق! مېنىڭ پەقەت بىرلا تەلىۋىم بار، ئۇ بولسىمۇ: بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىڭلار!». (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 99-100-بەت)

مۇشرىكلار، ئۆز نەپسىگە رام بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇقەددەس داۋاسىنى ئىدراك قىلالماي، ئۇنىڭدىن بۇتلارغا چوقۇنۇشنى تەلەپ قىلغىدەك دەرىجىدە ئازغانىدى. بۇنىڭغا جاۋابەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەت-كەرىمەدە ئېيتىلغاندەك، ئۇلارغا ئۆزىنى شۇ شەكىلدە تونۇشتۇردى:

قُلْ إِنِّي نُهِيتُ أَنْ أَعْبُدَ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِن دُونِ اللَّهِ لَمَّا جَاءَنِيَ الْبَيِّنَاتُ مِن رَّبِّي وَأُمِرْتُ أَنْ أُسْلِمَ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ

«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «پەرۋەردىگارىمدىن ماڭا روشەن دەلىللەر كەلگەن چاغدا سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلارغا ئىبادەت قىلىشتىن مەنئى قىلىندىم. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇلدۇم.» (غافىر سۈرىسى، 66 ـ ئايەت)

قُلْ إِنَّمَا أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ اللّهَ وَلا أُشْرِكَ بِهِ إِلَيْهِ أَدْعُو وَإِلَيْهِ مَآبِ

«(ئى مۇھەممەد!) «مەن پەقەت (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا، ئاللاھقا (ھېچ نەرسىنى) شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرۇلدۇم. (ئىنسانلارنى) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقىلا دەۋەت قىلىمەن، ئاللاھنىڭلا دەرگاھىغا قايتىمەن» دېگىن.» (مائىدە سۈرىسى، 36 ـ ئايەت)

إِنَّمَا أُمِرْتُ أَنْ أَعْبُدَ رَبَّ هَذِهِ الْبَلْدَةِ الَّذِي حَرَّمَهَا وَلَهُ كُلُّ شَيْءٍ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ الْمُسْلِمِينَ, وَأَنْ أَتْلُوَ الْقُرْآنَ فَمَنِ اهْتَدَى فَإِنَّمَا يَهْتَدِي لِنَفْسِهِ وَمَنْ ضَلَّ فَقُلْ إِنَّمَا أَنَا مِنَ الْمُنْذِرِينَ

«(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى:) «مەن پەقەت ئاللاھ ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم». كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، (ئۇنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ). سەن (ئۇنىڭغا) ئېيتقىنكى: «مەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىنمەن.» (نەھل سۈرىسى، 91 ـ 92 ـ ئايەت)

قُلْ إِنَّنِي هَدَانِي رَبِّي إِلَى صِرَاطٍ مُسْتَقِيمٍ دِينًا قِيَمًا مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِينَ, قُلْ إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ, لَا

شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا أَوَّلُ الْمُسْلِمِينَ, قُلْ أَغَيْرَ اللَّهِ أَبْغِي رَبًّا وَهُوَ رَبُّ كُلِّ شَيْءٍ

«(ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى: «پەرۋەردىگارىم مېنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى. ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» (ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى: «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن» . (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى تۇرسا ئۇنىڭدىن باشقا پەرۋەردىگار تەلەپ قىلامدىمەن!» (ئەنئام سۈرىسى، 161-164-ئايەتلەر)

قُلْ هَذِهِ سَبِيلِي أَدْعُو إِلَى اللَّهِ عَلَى بَصِيرَةٍ أَنَا وَمَنِ اتَّبَعَنِي وَسُبْحَانَ اللَّهِ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِينَ

«ئېيتقىنكى: «بۇ مېنىڭ يولۇمدۇر (كىشىلەرنى) ئاللاھقا دەۋەت قىلىمەن. مەن ۋە ماڭا ئەگەشكەنلەر روشەن دەلىلگە ئاساسلىنىمىز. ئاللاھ پاكتۇر، مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن» (يۇسۇف سۈرىسى، 108-ئايەت)

قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُتَكَلِّفِينَ

«ئېيتقىنكى: «(ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن. مەن (قۇرئاننى)

**ئېپترا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن.»**
(ساد سۈرىسى، 86_ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەسكىن مەيدانى ئالدىدا، مۇشرىكلار ھېچ بولمىغاندا بۇتلىرىنىڭ سۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇتلىرىنى سۆكۈشتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

فَلَا تُطِعِ الْمُكَذِّبِينَ، وَدُّوا لَوْ تُدْهِنُ فَيُدْهِنُونَ

**«ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. ئۇلار سېنىڭ (ئۆزلىرى بىلەن) مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.»** (قەلەم سۈرىسى، 8_9_ئايەتلەر)

ئىسلام ھەقىقىتىنى قوبۇل قىلالمىغان مۇشرىكلار مەنپەئەتلىرىگە توقۇنۇشۇپ قالغان ئايەتلەرنى تەرك ئېتىش شەرتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېلىشەلەيدىغانلىقىنى ۋە بۇ شەكىلدە ئۆزلىرىنىڭمۇ ياخشى ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئەمما ئايەتتىكى ھۆكۈم ئوچۇق ئىدى:

إِذًا لَأَذَقْنَاكَ ضِعْفَ الْحَيَاةِ وَضِعْفَ الْمَمَاتِ ثُمَّ لَا تَجِدُ لَكَ عَلَيْنَا نَصِيرًا

**«ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەسسىلەپ ئازاب بەرگەن بولاتتۇق. ئاندىن سەن بىزگە قارشى ياردەم بېرىدىغان ھېچ ئادەم تاپالمايتتىڭ.»** (ئىسرا سۈرىسى، 75_ئايەت)

تەۋھىددىن بىر ئاز يېنىش، مانا مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋاللاردىمۇ چەكلەنگەن. چۈنكى بۇ دىنىنىڭ تېخى مۇكەممەل قۇرۇلۇشىدىن بۇرۇنلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى دېمەك بولاتتىكى، مۇشرىكلارنىڭ يامان نىيەتلىرىمۇ بۇ ئىدى. ئەمما ئۇلار ئۆز پىلانلىرىغا نائىل بولالمىغانچە تەلەپلىرىنى جاھىلانە بىر شەكىلدە چوڭايتىپ، بۇتلىرىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن شۇ تەكلىپنى قويىدى:

«سەن بىزنىڭ بۇتلىرىمىزغا چوقۇنغىن. بىزمۇ سېنىڭ ئاللاھىڭغا ئىبادەت قىلايلى. بۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ئىختىلاپ تۈگەيدۇ!» دېيىشتى.

ئىسلامنىڭ روھىغا تامامەن زىت بولغان بۇ تەكلىپكە جانابى ئاللاھ ئۆز كىتابىدا مۇنداق جاۋاب بەردى:

قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ, لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ, وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ, وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَا عَبَدْتُمْ, وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ, لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ

**«(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى: «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن.»**

(كافىرۇن سۈرىسى، 1 ـ 6 ـ ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە باشتا كەمبەغەل، قۇل ۋە ئاجىز كىشىلەر ئىمان ئېيتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بايلاردىن ئىمان ئېيتقانلىرى بولسىمۇ، بۇلارنىڭ سانى ئاز ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار تەرىپىدىن يارىشىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مال ـ مۈلۈك، ھوقۇق قاتارلىق ھەرتۈرلۈك تەكلىپلەرنى رەت قىلىشى ئۇنىڭ بەزىلەرنىڭ تۆھمىتىنىڭ ئەكسىچە، بايلىق ياكى مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، قولىدا ھەرتۈرلۈك ئىمكانىيەت بار ۋاقىتلاردىمۇ، كەمبەغەللەرنىڭ ھالىدىن پەرقسىز ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ زاھىدلىق، كەمتەرلىك ۋە قانائەت قاتارلىق پەيغەمبەر ئەخلاقىنىڭ بىر كۆرىنىشى ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام خالسا ئىدى، قۇرەيشىنىڭ رەئىسلىك ياكى ھۆكۈمدارلىق تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، بۇ كۈچنى كەلگۈسدە ئىسلامنىڭ تەبلىغى ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ قوللىنالايتتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇنداق بىر سىياسەتكە كىرىشكە ۋە بۇنى ئۆز دەۋىتىگە قورال قىلىشقا ئەسلا رازى بولمىدى. چۈنكى ئىسلام ھەرتۈرلۈك ۋاستىلارنى قوللىنىش جەھەتتە، دىنىنىڭ پرىنسىپىغا ساداقەت كۆرسىتىش ھۆكمىنى داۋاملىق مۇھاپىزە قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار كۆپ ئەھۋاللاردا پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋە جىھاد قىلىشقا مەجبۇر قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەكلىپ قىلغان يول، ھېچ ئەگرىلىك بولمىغان توغرا يولدۇر.

## قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا بولغان تەسىرى

**مۆجىزە:** لۇغەتتە بىر كىشىنى ئاجىز قالدۇرۇش ياكى فەرساخ، ئۇزۇن-ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈش دېگەنلىكتۇر. ئىستىلاھى مەنادا، قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئۇلۇغ ماكاندىن مەيدانغا كەلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن، بالاغەت جەھەتتە، ۋە غەيبكە ئائىت مەسىلىلەردىمۇ، ئۇنىڭ بىر ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشكە ئىنسانىيەتنىڭ كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھتائالا ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان ئاخىرقى كىتابىنى مۇكەممەل سۈرەتتە، ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقتىن، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىنسانلارغا، قۇرئانى-كەرىمنىڭ نازىل بولۇشىدىن ئەسىرلەر ئىلگىرى، شۇ زامانلاردىن باشلاپلا ئۇلارغا بىر تالاقەت (يەنى سۆزلىشىش گۈزەللىكى)، بالاغەت ۋە ئەدەبىياتقا مايىللىق ئاتا قىلدى. ئەرەبلەر خىلمۇ-خىل مۇسابىقىلەر بىلەن بۇ ساھەدە پائالىيەت كۆرسەتكەندە، تىللىرىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلدى. نەتىجىدە بۇ تىل ئىلاھىي كالامنى ئىپادىلەشكە مادارى يېتىدىغان مۇكەممەللىككە ئېرىشتى.

ئەسىرلەرچە داۋاملاشقان بۇ پائالىيەت نەتىجىسىدە، ئەرەبلەر ئارىسىدا ئاجايىپ بالاغەتلىك، مۆجىزە سۈپەتلىك سۆز قىلىش ئەڭ ياخشى بىر كەسىب

ھالىغا كەلدى. شائىر ۋە ناتىقلار جەمئىيەتتە كىشىلەر پەخىرلىنىدىغان كۆز قاماشتۇرغۇچى بىر ئورۇنغا يۈكسەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى بولغان ئىلاھىي كالام، يەنى قۇرئانى-كەرىم بولدى.

ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم سۈپەت ئەقىل-پاراسەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇكەممەل كىتاب بولغان قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىسمۇ ئەقىل، بايان ۋە ئىلىم ساھاسىدە ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

الرَّحْمَنُ, عَلَّمَ الْقُرْآنَ, خَلَقَ الْإِنْسَانَ, عَلَّمَهُ الْبَيَانَ

**«مېھرىبان ئاللاھ قۇرئاننى تەلىم بەردى (ئۇنى ھېپزى قىلىشنى ۋە چۈشىنىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى). ئىنساننى ياراتتى. ئۇنىڭغا (مەقسىدىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن) سۆزلەشنى ئۆگەتتى.»** (راھمان سۈرىسى، 1-4-ئايەتكىچە)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىكنى ئىلان قىلىشى بىلەن كاپىرلار:

وَقَالُوا لَوْلَا أُنْزِلَ عَلَيْهِ آيَاتٌ مِنْ رَبِّهِ

«ئۇلار: **«نېمىشقا ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن مۆجىزىلەر نازىل قىلىنمايدۇ؟»**

دەپ، ئېتىراز بىلدۈرۈشتى.

ئاللاھتائالا ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

قُلْ إِنَّمَا الْآيَاتُ عِنْدَ اللَّهِ وَإِنَّمَا أَنَا نَذِيرٌ مُبِينٌ, أَوَلَمْ يَكْفِهِمْ أَنَّا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ يُتْلَى عَلَيْهِمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَرَحْمَةً وَذِكْرَى لِقَوْمٍ يُؤْمِنُون

**«ئېيتقىنكى: «مۆجىزىلەر ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، (مېنىڭ قولۇمدا ئەمەستۇر)مەن پەقەت بىر ئاشكارا ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن». بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 50-51-ئايەتلەر)

قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئاجايىب مۆجىزىسى ھەققىدە تىلشۇناسلار سانسىزلىغان ئەسەر يېزىپ، ئىنتايىن چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز بۇ يەردە بۇلاردىن ئاز بىر قىسمىنى بايان قىلىمىز.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ مۆجىزىسى: بالاغەت، ئۇسلۇب ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتلارنىڭ بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئىنسانلارنى خاتىرجەم قىلىشى، غەيبى خەۋەرلەرنى بېرىشى، داۋاملىق ئۆز سالاھىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى، قانۇن ساھەسىدىكى ئۈستۈنلۈگى قاتارلىق جەھەتلەردە ئاشكارا بولدى.

قۇرئاننىڭ مۆجىزە بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپىنى ئۇنىڭ بالاغىتى ۋە ئۇسلۇبى تەشكىل قىلىدۇ. بالاغەت: مەزمۇنغا، مەقسەتكە، ماۋزۇغا ۋە ئاڭلىغۇچىغا كۆرە، يەنى ھالەت تەقەززا قىلغان شەكىلدە ئەڭ ئۇيغۇن سۆزنى سۆزلەشتۇر. قۇرئانى-كەرىم، تىلغا ئالغان پۈتۈن جەھەتلەردە بۇنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشۇردى.

قۇرئانى-كەرىم پاساھەت جەھەتتىمۇ يېگانىدۇر. تاللىغان سۆزلەردە، تۈزگەن جۈملىلەردە ۋە بۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىدە، ئەڭ كىچىك بىر نۇقسانلىق تېپىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

قۇرئاندا مەناغا ئوخشاش دىكسىيونمۇ[165] جانابى ئاللاھقا ئائىتتۇر. ئۇنى ھەدىسى قۇدسىدىن ئايرىغان ئەڭ ئاساسلىق پەرق بۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،

165. دىكسىيون: سۆزلەنگەن تىلدا سۆزلەرنىڭ تاللىنىشى، سۆزلىنىشى (تەلەپپۇز) ۋە چۈشەنچىنىڭ ئاسانلىق بىلەن ئىپادىلىنىشى. پاساھەت، بالاغەت، تالاقەت يەنى راۋانلىق ۋە

قۇرئان ئىبارىسىگە ئائىت بىر سۆزنى، يەنە ئەرەبچە بولغان باشقا بىر سۆزگە قەستەن ئالماشتۇرۇلسا، ئىنساننى كۇفرىغا ئاپىرىدۇ، خاتا قىلىنسا، مەنانىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىشى بىلەن كۆپىنچە هالدا ئىبادەتنى باتىل قىلىدۇ. بۇنداق مەقسەتلىك بولمىغان خاتا تەلەپپۇز ياكى سۆزلەرنىڭ ئالمىشىپ كېتىشىنىڭ شەرئى نەتىجىسى هەققىدە ئالىملار فىقهى كىتابلىرىدا «ئوقۇغۇچىنىڭ خاتالىقى» نامىدا نۇرغۇن هۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، قۇرئاننىڭ هەرقانداق بىر كىشىنىڭ چۈشەنچىسى سەۋىيەسىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر تەرجىمىسى بىلەن ئىبادەتنىڭ جائىز بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى سەپسەتىلەر ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئەقىلسىزلىكتۇر.

قۇرئان ئۇسلۇبىدا مەنا ۋە ئىبارە تەڭپۇڭلىقى بار. ئۇ دېمەكچى بولغان هەربىر مەنانى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ كۈچلۈك ئىپادە قىلالايدىغان، ئىبارىنى ئالماشتۇرالمايدىغان بىر قۇدرەت بىلەن قوللىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىبارە بىلەن مەنا ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى «كالام» سۈپىتىنىڭ مۇتلەق ئىگىسىگە خاس بىر شەكىلدە تەسىس قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە مەشهۇر ئەدەبىياتچىلارمۇ قۇرئان ئالدىدا ئاجىز قالىدۇ.

بۇ جەھەتتە ئىبنى ئەتىييە رەھمەتۇللاهى ئەلەي مۇنداق دەيدۇ:

«قۇرئان شۇنداق بىر كىتابكى، ئۇنىڭدىن بىر سۆز چىقىرىلسا ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئەرەب تىلى ئاستى-ئۈستى قىلىنسا، ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر باشقا سۆزنى تېپىش مۇمكىن ئەمەستۇر»[166].

نۇتۇق سۆزلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىنىڭ هەممىسى.

166. ئىبنى ئاتىييە، "ئەل مۇهەررەرۇل ۋەجىز"، 1-جلد، 52، بېيرۇت ؛زەرقانى، «مەناهىلۇل ئېرفان»، 2-جىلد، 325-بەت؛ ئەننەبەئۇل ئەزىم: 112-بەت؛ "ئەزەمەتۇل قۇرئان": 85-بەت.

قۇرئانى-كەرىم قىسسە، مەۋئىزە (ۋەز-نەسىھەت)، تالاش-تارتىش، مۇنازىرە، تارىخ، قانۇن، ئاخىرەت، جەننەت، جەھەننەم قاتارلىق تېمىلارنى، قورقۇتقۇچى، خۇشخەۋەر بەرگۈچى ئايەتلەرنى، مەنالارنىڭ شىددىتىگە قارىتا ئايرىم-ئايرىم ئۇسلۇب پۈتۈنلىگى ئىچىدە، پاساھەت ۋە بالاغەتنى ئەينى شەكىلدە ساقلاپ قالغان ھالدا ئىپادىلەيدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ ئىلاھىي كالام بولۇشىنىڭ تەقەززاسىدۇر.

قۇرئانى-كەرىم ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئوخشىمىغان زامان ۋە ماكانلاردا ياشايدىغان، ئىلمىي سەۋىيەلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىدۇ. ھەر خىل سەۋىيەدىكى كىشىلەر توپلانغان بىر مەجلىستە قۇرئان ئايەتلىرى ئوقۇلغاندا، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەربىرى ئۆز سەۋىيەلىرىگە كۆرە پەرقلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇمۇ يەنىلا ئىنساننىڭ تاقەت-كۈچىنىڭ ئۈستىدىكى بىر ئەھۋالدۇر.

خۇلاسە قىلساق، ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىسى ئۆز دەۋرىگە ئائىتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۆجىزىسى بولغان قۇرئانى-كەرىم پۈتۈن زامان ۋە ماكانلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە قۇدرىتىنى كۆرستىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم پەننىي ھەقىقەتلەرگىمۇ ئىشارەت قىلىدۇ. 1400 يىلدىن بېرى پەن ساھاسىدە يۈز بەرگەن ئەقىلنى ھەيران قالدۇرغۇچى تەرەققىيات ۋە كەشپىياتلار، ئۇنىڭ ھېچبىر ھۆكۈمنى يالغانغا چىقىرالماي، ئەكسىچە داۋاملىق قوللاپ كەلگەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

كۈنىمىزدە دۇنيا مىللەتلىرى ئەڭ تاللانتىلىق ئالىملىرىنى توپلاپ، بىردىن ئېنسىكلوپېدىيە تەييارلاپ، بۇنىڭ بىلەن بىر-بىرلىرىگە قارشى ماختىنىدۇ. ئىنگلىزلارنىڭ «بېرتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، فرانسۇزلارنىڭ «لاروئۇسى ئېنسىكلوپېدىيىسى» بۇ دائىرىگە كىرىدۇ. لېكىن بۇ مىللەتلەر ھەر يىلى

ئېنسىكلوپېدىيەلىرىنى توغرىلاش ياكى تولۇقلاش ئېھتىياجى بىلەن يېڭى ۋە ئىلاۋە بىر جىلد چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا ئىلگىرىكى سانلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى مەلۇماتلار بىلەن بىر قىسىم كونا بايانلار توغرىلىنىدۇ ياكى ئىلاۋە بېرىلىدۇ. پەنني كەشپىياتلارنىڭ ئەقلنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان دەرىجىدە غايەت زور تەرەققىيات سەۋىيەسىگە يەتكەن زامانىمىزدىمۇ ئەڭ تاللانغان ئالىملاردىن تەشكىللەنگەن ئىلىم ھەيئەتلىرى مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيەلەرمۇ يىلدىن-يىلغا كەمچىلىكى بايقىلىپ، توغرىلىنىشقا ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرغان پەيتتە، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان سانسىزلىغان پەنني ھەقىقەتلەر ئۈستىدە ئەسىرلەردىن بۇيان بۇنداق بىر توغرىلاش ئېھتىياجىنىڭ ھېچقاچان يۈز بەرمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئىلاھىي مەنبەدىن ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ئەڭ بۈيۈك دەلىللەردىن بىرىدۇر.

قۇرئانى-كەرىم مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن بولغان ھەرتۈرلۈك پىتنىگە قارشى ئىنسانىنى سالامەتكە چىقىرىپ، ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەرنىڭ خەۋەرلىرى، كېيىنكىلەرنىڭ ئەھۋالى، ئىنسانلار ئارىسىدا مەيدانغا كېلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدۇ. ئاللاھنى تەرك ئەتكەن ئازغۇنلارنى جانابى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىدە توغرا يول ئىزدىگەنلەرنى ئاللاھنىڭ گۇمراھلىققا چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. جانابى ئاللاھنىڭ ساغلام ئاغامچىسى، زىكرى ھاكىمى ۋە سىراتەل مۇستەقىم (توغرا يول)غا باغلانغانلارنىڭ ھېچبىر زامان زالالەتكە چۈشمىگەنلىكى، ئۇنى سۆزلىگەن تىللارنىڭ خاتالاشمىغانلىقى، ئالىملارنىڭ تويمىغانلىقى، كۆپ تەكرارلىنىش بىلەن يېڭىلىقىنى يوقاتمىغانلىقى، ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرغان مۆجىزىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆگەتمىگەنلىكى، جىنلار ئۇنى ئاڭلىشى بىلەن:

إِنَّا سَمِعْنَا قُرْآنًا عَجَبًا

**«بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق.»** (جىن سۈرىسى، 1ـ ئايەت) دېيىشتىن ئۆزلىرىنى تۇتالمىغانلىقى، قۇرئان بىلەن سۆزلىگەنلەرنىڭ توغرا سۆزلىگەنلىكى، ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلغانلارنىڭ توغرا، ئادىل ھۆكۈم قىلغانلىقى، ئۇنى ئەتبىق قىلغانلارنىڭ ئەجرگە ئېرىشكەنلىكى، ئۇنىڭغا چاقىرغانلارنىڭ توغرا يولنى تاپقانلىقى بايان قىلىنغان ئىلاھىي كالامدۇر. (تىرمىزى: «فەزائىلۇل قۇرئان»، 14؛ دارىمى: «فەزائىلۇل قۇرئان»، 1)

قۇرئانى ـ كەرىم ھەر جەھەتتىن بۈيۈك مۆجىزىدۇر. مانا بۇ تەرەپتىن قۇرئانى ـ كەرىم ئاشۇ چاغدىكى پاساھەت ۋە بالاغەتتە ۋايىغا يەتكەن ئەرەبلەردىن ۋە قىيامەتكە قەدەر كېلىدىغان ئىنسى ـ جىنلاردىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر سۆز ئوتتۇرىغا قويۇشلىرىنى تەلەپ قىلىپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلارنى دوئىلغا چۈشۈشكە تەلەپ قىلماقتا. بۇ جەھەتتە قۇرئانى ـ كەرىمدە تۇنجى بولۇپ، سۈرە تۇرنىڭ 34 ـ ئايىتىدە:

فَلْيَأْتُوا بِحَدِيثٍ مِثْلِهِ إِنْ كَانُوا صَادِقِينَ

**«ئەگەر (مۇھەممەد ئۇنى توقۇدى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، (تۈزۈلۈشتە، گۈزەللىكتە، باياندا) قۇرئانغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.»**

مۇشرىكلار بۇ ئىلاھىي خىتاب ئالدىدا ئاجىز قالغاندا، جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى مۇتلەق ئاجىزلىقىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن شۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِعَشْرِ سُوَرٍ مِثْلِهِ مُفْتَرَيَاتٍ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ

**«ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى: «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار ئاللاھتىن غەيرىي**

چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار.» (ھۇد سۈرىسى، 13ـ ئايەت)

وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِين

«بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار.» (بەقەرە سۈرىسى، 23ـ ئايەت)

أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِثْلِهِ وَادْعُوا مَنِ اسْتَطَعْتُمْ مِنْ دُونِ اللَّهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِين

«ئۇلار: «قۇرئاننى مۇھەممەد ئۆزى توقۇپ چىققان» دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى: «ئەگەر (بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، ئاللاھتىن باشقا (ياردەمگە) چاقىرالايدىغانلىكى كىشىڭلارنى چاقىرىپ قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار.» (يۇنۇس سۈرىسى، 38ـ ئايەت)

جانابى ئاللاھ ئاخىرقى قېتىم سۈرە ئىسرانىڭ 88ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لَا يَأْتُونَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيرًا

**«ئېيتقىنكى: «ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ.»**

مۇشرىكلار بۇ ئىلاھىي دوئىلغا چۈشۈش تەكلىپىگە جاۋاب بېرەلمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا يالغانغا چىقىرىش، كۈشكۈرتۈش، بوھتان قاتارلىق پەسكەش قىلمىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى:

إِنْ هَذَا إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَر

**«بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر، بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر»** (مۇددەسسىر سۈرىسى، 24-ئايەت)

سِحْرٌ مُسْتَمِرّ

**«بۇ داۋاملىشقۇچى سېھىردۇر.»** (قەمەر سۈرىسى 2-ئايەت)

إِنْ هَذَا إِلَّا إِفْكٌ افْتَرَاه

**«بۇ (يەنى قۇرئان) پەقەت ئۇ (يەنى مۇھەممەد) ئۆزى توقۇغان يالغاندۇر.»** (فۇرقان سۈرىسى، 4-ئايەت)

إِنْ هَذَا إِلَّا أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ

**«بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلاردۇر.»** (ئەنئام سۈرىسى، 25-ئايەت)

قاتارلىق ھەقىقەتتىن يىراق سۆزلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى، دېمەك ئۇلار بىر قىسىم مەناسىز سۆز-چۆچەكلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ بىر سۈرىسىنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش جەھەتتە پۈتۈن دۈشمەنلەرگە ئومۇمىي بولغان بۇ دوئىلغا چۈشۈش تەكلىپى

زامانىمىزغا قەدەر پۈتۈن ئۇرۇنۇشلارنىڭ مات بولۇشى بىلەن نەتىجىلەندى، قىيامەتكە قەدەرمۇ شۇنداق بولىدۇ.

خرىستىئانلار، ئەرەبلەرگە ئەرەبچە ئۆگىتىدىغان دەرىجىدە ئىلىم ۋە پاساھەت ئىگىسى پوپلار يېتىشتۈردى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ قۇرئانى دۇئىل چاقىرىقىغا قارشى ھېچقانداق بىر تەشەببۇستا بولۇشقا جۈرئەت كۆرسىتەلمىدى. ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلامنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن جان ۋە ماللىرى بىلەن قاتتىق غەيرەت كۆرسىتىپ، غايەت زور مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن دىنسىزلىق دۇنياسىنىڭ بۇنچىۋالا جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئورنىغا، مۇمكىن بولسا بۇ يولغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك ئەمەسمىدى؟ شۇ تارىخىي ھەقىقەت بۇ قۇرئانى دۇئىل چاقىرىقىنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئۇنىڭ قارشىسىدىكى دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ، ئىنكارغا ئىمكان بەرمەيدىغان بىر سۈرەتتە كۆرسەتمەكتە ئەمەسمۇ؟

بۇ جەھەتتە بىر ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئايلارچە تىرىشىپ ئىشلىگەن مەشھۇر ۋە ماھىر ئەدىبلەر چىقتى، ئەمما شۇ قەدەر كاللا قاتۇرغان بولسىمۇ بىر ئايەت يازالمىدى.

قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ سۈرىلىرىگە ئاساسەن، تەقلىد قىلىپ يازماقچى بولغان مۇسەيلەمەتۇل كەززاب ۋە باشقىلار، كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. يازغانلىرى كومىدىيەنىڭ نېرىسىغا ئۆتەلمەي، ھاماقەتلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. چۈنكى قۇرئان پەقەتلا پاساھەت ۋە بالاغەت مۆجىزىسى ئەمەس، بىرلا ۋاقىتتا پۈتۈن ئەسىرلەرنى ئىچىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىلەر كىتابىدۇر. بۇنداق بولغاندا، قاچان ۋە قايەردە ئۆلىدىغانلىقىدىن خەۋىرى بولمىغان ئاجىز ئىنسانىنىڭ، تەڭدىشى يوق ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۆجىزىلەر بىلەن تولغان بىر ئايەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئەلۋەتتە ئىمكانسىزدۇر. شەكسىزكى، ئىنسانىي بۇرمىلاش بىلەن يېزىلغان بۈگۈنكى تەۋرات ۋە ئىنجىللارنىڭ ھالى ئوتتۇرىدا تۇرۇپتۇ. ھەر ئىككى كىتاب ئەسلىدىن يىراقلىشىپ، بىر ـ بىرىگە زىتلىق بىلەن تولدى.

قۇرئاننىڭ كۆنىمىزگە قەدەر ھېچقانداق بىر نەرسىنى يوقاتماي كەلگەن بايان مۆجىزىسى بىر كىتاب ئىكەنلىكىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋە ئىنكار قىلىنماس دەلىلى، ھەممىگە كۆرۈلۈپ تۇرغان ئەھۋالدۇر. تۇنجى نازىل بولۇشقا باشلىغان كۈندىن زامانىمىزغا قەدەر 15 ئەسىردىن بۇيان قۇرئان بىلەن ئېتىشىپ، غەلىبە قىلغان ھېچكىم چىقمىدى. تەجرىبە قىلىشنى خالىغانلارمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىدا رەزىل بولدى[167].

قۇرئانى-كەرىم شېئىرمۇ ئەمەس، نەسرمۇ ئەمەس. ئەكسىچە شېئىرنىڭ، نەسرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى جەملىگەن بىر ئۇسلۇبى ۋە بۇ ئۇسلۇبقا ھاكىم پەۋقۇلئاددە ئاھاڭى بار. ئىنسان قاچان قۇرئان ئوقۇسا بۇ ئاھاڭنىڭ تەسىرىنى روھىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ھېس قىلىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئىبارىسىدە ئەڭ كىچىك ئالدى-كەينى قىلىش ياكى ھەرقانداق بىر ئۆزگەرتىش ئاھاڭ ۋە مەنىنى بۇزىدۇ.

قۇرئانى-كەرىم بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىدە پەۋقۇلئاددە تەسىر قوزغىدى. ئەرەبلەر ئۇنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاپ توپ-توپ بولۇپ، ئىمانغا كىردى. پۈتۈن مۇشرىكلار ئۇنىڭ بىر ئوخشىشىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتىنى كۆڭۈللىرىدە قوبۇل قىلىشتى. ئەمما ئۇلار قۇرئانىنى پەقەت دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىگە توغرا كەلمىگەنلىكى ۋە بىر يېتىمگە ئەگىشىش ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتلىرىگە ئېغىر كەلگەنلىكى ئۈچۈن رەت قىلدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغىنىغا كۆرە، مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

167. شەيخ بوتى "مىن رەۋائىئىل قۇرئان" ، 126، 129، 130-بەتلەر.

إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ

**«ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر)دىن يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلىسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ.»** (نەھىل سۈرىسى، 90-ئايەت) دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى.

ۋەلىد:

«بۇنى ماڭا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەرگىن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنى قايتا ئوقۇغاندا، ۋەلىد:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ سۆزدە شۇنداق بىر تاتلىقلىق، شۇنداق بىر گۈزەللىك باركى، مېۋىلىرى قاتتىق ئوخشىغان، سۈيى مول، ياپيېشىل بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ. بۇنى بىر ئىنساننىڭ سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. شەكسىزكى، بۇ سۆز ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈندۇر. ئۇنى ھېچقانداق نەرسە يېڭەلمەيدۇ. قارشى چىققۇچىلىرىنى مۇتلەق مەغلۇپ قىلىدۇ» دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

ھەيرانلىقتا قالغان ۋەلىد ئورنىدىن تۇرغانچە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن قۇرئانى-كەرىم ھەققىدە بىر مۇنچە سوئاللار سورىدى. ئاندىن قۇرەيشنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئەبۇ كەبشىنىڭ ئوغلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ھەيران قالارلىق بىر سۆز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ شېئىرغىمۇ، سېھىرغىمۇ ۋە بىر ساراڭنىڭ بىلجىرلىغان سۆزىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگىنى شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كالامىدۇر» دېدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەبۇ جەھىلغا يېتىپ بېرىشى بىلەن:

ـ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ۋەلىد دىنىدىن قايتىدىغان بولسا، پۈتۈن قۇرەيشمۇ دىنىدىن قايتىدۇ. ـ دېدى. دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ ئى تاغا! قەۋمىڭ ساڭا بېرىش ئۈچۈن مال توپلاۋاتىدۇ. مۇھەممەدنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپسەن. ـ دېدى.

ۋەلىد:

ـ قۇرەيش مېنى ياخشى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ باي ئادەم مەن ـ دېدى.

ئەبۇ جەھىل:

ـ ئۇنداقتا، مۇھەممەد ھەققىدە شۇنداق بىر سۆز قىلغىنكى، سېنىڭ ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقىڭ ۋە ياقتۇرمىغانلىقىڭنى قەۋمىڭ بىلسۇن.ـ دېدى.

ۋەلىد:

ـ نېمە سۆزلەيمەن؟ ئىچىڭلاردا شېئىر ۋە قەسىدىنى مەندىن ياخشى بىلىدىغان ھېچكىم يوق. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەدتىن بىر ئاز بۇرۇن شۇنداق بىر سۆز ئاڭلىدىمكى، ئىنسان سۆزىگىمۇ، جىن سۆزىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئاجايىب لەززىتى ۋە ھۇزۇرى بار ـ دېدى.

ئەبۇ جەھىل، چىڭ تۇرۇپ:

ـ قەۋمىڭ، ئۇنىڭغا قارشى بىر سۆز قىلمىساڭ، سەندىن رازى بولمايدۇ ـ دېدى.

ئۇ:

ـ مېنى يالغۇز قوي، بىرئاز ئويلىناي ـ دېدى.

كېيىن:

ـ بۇ نەقىل قىلىنغان سېھىردۇر.ـ دەپ جۆيلىدى. (ھاكىم: 2ـ جىلد، 550/3872؛ تەبەرى: «تەپسىر»، 29ـ جىلد، 195ـ 196ـ بەتلەر: ۋاھىدى: 468ـ بەت)

ئۇنىڭ بۇ ھالى قۇرئانى ـ كەرىمدە جانلىق ھالەتتە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

إِنَّهُ فَكَّرَ وَقَدَّرَ, فَقُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ, ثُمَّ قُتِلَ كَيْفَ قَدَّرَ, ثُمَّ نَظَرَ, ثُمَّ عَبَسَ وَبَسَرَ,
ثُمَّ أَدْبَرَ وَاسْتَكْبَرَ, فَقَالَ إِنْ هَذَا إِلَّا سِحْرٌ يُؤْثَرُ, إِنْ هَذَا إِلَّا قَوْلُ الْبَشَرِ

**«ئۇ (پەيغەمبەر ۋە قۇرئان ھەققىدە) ئويلاندى (قۇرئان توغرۇلۇق نېمە دېيىشنى ۋە قانداق بوھتان قىلىشنى) پىلانلىدى. لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى، يەنە لەنەت بولسۇنكى، ئۇ قانداق پىلانلىدى. ئاندىن ئۇ قارىدى، ئاندىن قوشۇمىسىنى تۈردى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى ئاندىن (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈدى، (پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن) تەكەببۇرلۇق بىلەن باش تارتتى. بۇ (كالامۇللاھ ئەمەس) پەقەت ئۆگىنىلگەن سېھىردۇر بۇ پەقەت ئىنسان سۆزىدۇر» دېدى.»** (مۇددەسسىر سۈرىسى، 18 ـ 25 ـ ئايەت)

خەلقنى قۇرئاننى ئاڭلاشتىن چەكلىگەن مۇشرىكلاردىن ئەبۇ سۇفيان، ئەبۇ جەھىل ۋە ئەھنەس ئىبنى شەرىك كېچىسى كەبىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇدا ئۈچ كېچە بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىز، يوشۇرۇن، مەھلىيا بولۇپ ئاڭلىدى، تەسادىپى ئۇچرىشىپ قالغاندا بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەپ:

«ھېچكىم بىلىپ قالمىسۇن! خەلق بىزنىڭ بۇ ھالىمىزدىن خەۋەردار بولۇپ قالسا، قاتتىق رەسۋا بولىمىز ۋە بۇندىن كېيىن ھېچكىمگە قۇرئاننى ئاڭلىماسلىق توغرىلىق گەپ قىلالمايمىز!..» دېيىشىپ، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايدىغانلىقىغا دائىر ئەھدىلەشتى. (ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 337 ـ 338 ـ بەتلەر)

نۇرغۇن ئىنسان، قۇرئاننىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان بۇ تەسىر سايىسىدا مۇسۇلمان بولدى. بۇلار ئارىسىدا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ، سىڭلىسىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا بارغىنىدا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىگە قارىماستىن، قۇرئان قىرائىتىنى ئاڭلاش بىلەن قەلبىنىڭ قانداق يۇمشاپ، چۆشەنچىلىرىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكى ناھايىتى ئوچۇق بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇنىڭ

ئۇستىگە ھەزرىتى ئۆمەر، مىجەزىنىڭ كەسكىنلىكى بىلەن تونۇلغان بىر كىشى ئىدى.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ تەسىرىدە ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەنلەردىن يەنە بىرى جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۈرە تۇرنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى تىترەپ كېتىپ، ھېس-تۇيغۇسىنى:

«يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمىكىن دەپ قالدىم» دېگەن شەكىلدە ئىپادىلىگەن. (ئەھمەد: 4-جىلد، 83-دىن 85-بەتلەرگىچە)

ئۇ بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ شۇ ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم:

أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ أَمْ هُمُ الْخَالِقُونَ, أَمْ خَلَقُوا السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ بَلْ لَا يُوقِنُونَ, أَمْ عِنْدَهُمْ خَزَائِنُ رَبِّكَ أَمْ هُمُ الْمُسَيْطِرُونَ

**«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟. ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ بەلكى ئۇلار (ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ خەزىنىلىرى بارمۇ ياكى ئۇلار (شەيئىلەرنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) (كائىناتنى) بويسۇندۇرغۇچىمۇ؟»** (تۇر سۈرىسى، 35-37-ئايەتلەر) دېگەن ئايىتىگە كەلگەندە، يۈرىكىم ھاياجاندىن ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك بولۇپ كەتتى. (بۇخارى، «تەپسىر»، 52)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا، شېئىر مۇسابىقىسىدە بىرىنچى تاللىنىپ، شېئىرلىرى كەبىنىڭ تاملىرىغا ئېسىلغان «ئىمرىئۇل قەيس»نىڭ سىڭلىسى ھايات ئىدى. ئۇنىڭغا، قۇرئانى-كەرىمدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇلغاندا، پاساھەت ۋە بالاغەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدىغان بۇ ئايال قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىشى بىلەنلا:

«بۇ بىر ئىنساننىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر يەر يۈزىدە بۇنداق بىر سۆز بولسا، ئاكامنىڭ شېئىرىنىڭ كەبىنىڭ تاملىرىدا ئېسىقلىق تۇرىشى مۇناسىپ ئەمەس. ئۇنى چۈشۈرۈپ ئورنىغا بۇ سۆزنى ئېسىش لازىم» دېيىش مەجبۇرىيىتىدە قېلىپ، ئاكىسىنىڭ قەسىدىسىنى ئۆز قولى بىلەن كەبە تاملىرىدىن چۈشۈردى. سەۋىيە جەھەتتە ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرىدىغان باشقا «مۇئەللەقات»قا ھېچبىر دەيدىغان سۆز قالمىغانلىقتىن ئۇلارنىمۇ بىر-بىرلەپ چۈشۈرۈشتى[168].

ساغلام، ئەقىللىق بىر ئىنساننىڭ قۇرئانى-كەرىمنى تىڭشىشىلا ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىگە يېتەرلىكتۇر. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئانى-كەرىمنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَإِنْ أَحَدٌ مِنَ الْمُشْرِكِينَ اسْتَجَارَكَ فَأَجِرْهُ حَتَّى يَسْمَعَ كَلَامَ اللَّهِ ثُمَّ أَبْلِغْهُ مَأْمَنَهُ

**«ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى (يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە يەتكەنگە) قەدەر ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن. ئاندىن (ئۇ ئىمان ئېيتمىسا) ئۇنى(جىنى مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن.»** (تەۋبە سۈرىسى، 6-ئايەت)

دېمەككى، ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ ساداسىنىڭ قۇلاقلارغا يېتىشى، ئىمان نۇرىنىڭ كۆڭۈلگە يەرلىشىشىگە ۋەسىلە بولىدۇ.

قۇرئان ساداسىدىكى روھلارنى جەلىب قىلىدىغان ئاھاڭ ۋە كۈيمۇ ئۇنىڭدىكى ئاۋاز تەرتىپىدىن كەلگەن. يەنى سۆزلەرنىڭ، ھەرپلەرنىڭ، سۈكۈن ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ، ئۇزۇن ۋە قىسقا بوغۇملارنىڭ ئۇيغۇن شەكىلدە تىزىلغانلىقىدىن كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كۆپىنچە بىر ئايەتتىن يەنە بىرسىگە يۆتكىلىشتە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ ئاھاڭ بىلەن قەلبلەرنى

171. ئەھمەد جەۋدەت پاشا: 1-جىلد، 83-بەت

ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. مەنىسىنى بىلمەيدىغانلارمۇ ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئوقۇلغاندا، ئۇنىڭ تەڭداشسىز ساداسى ئالدىدا ئىختىيارسىز لەززەتلىنىدۇ.

## مۇشرىكلارنىڭ قۇرئانغا قارشى چىقىشى

ئىسلام مۇشرىكلارنىڭ نەپسانى ھاياتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەقتىن، ئادالەتتىن، قىيامەتتىن، قايتا تىرىلىپ ھېساب بېرىشتىن، قىلغان يامان ئىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدىغانلىقىدىن سۆز قىلدى. كاپىرلار بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرىنى باتىل دەپ قارايتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن «بۈيۈك خەۋەر» بىلەن مەككە تەۋرەپ كەتتى. «سۈرە نەبەئ»نىڭ باش ئايەتلىرى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

عَمَّ يَتَسَاءلُونَ, عَنِ النَّبَإِ الْعَظِيمِ, الَّذِي هُمْ فِيهِ مُخْتَلِفُون

**«(مۇشرىكلار ئۆزئارا نېمە توغرۇلۇق) سورىشىدۇ، ئۇلار چوڭ بىر خەۋەر (يەنى قىيامەت توغرۇلۇق) سورىشىدۇ، ئۇلار شۇ (يەنى قىيامەت) توغرۇلۇق ئىختىلاپ قىلىشقۇچىلاردۇر.»** (نەبە سۈرىسى، 1-3-ئايەتلەر)

ئىنسان توغرا ۋە ھەقىقەتكە مايىل قىلىپ يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، مەجھۇلغا رازى بولمايدۇ. داۋاملىق ئېنىق نەرسىلەرگە يۈگرەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىلمەيدىغان ۋە بىلەلمەيدىغان نەرسىلەر ئىنساننى ئازابلايدۇ. قەدىمدىن بۇيان ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەرلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈم مەسىلىسى ھەققىدە كۆپ تالاش-تارتىش بولدى. ئىنسان زېھنىدە زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش تولغانغان ۋە قورقۇنچلۇق ئىزتىراپ ھالقىلىرى بىلەن قىملىدىغان بۇ سوئال، تۈرلۈك ئىپادىلەر بىلەن جىمىقتۇرۇپ، باستۇرۇلۇشقا، ھېس تۇيغۇلىرى ئاستىغا ئېلىۋېتىشقا ئۇرۇنۇلدى. ئەمما ئىنسانلارنى ھاياتلىقتىنمۇ ئۈستۈن ۋە ھارارەتلىك گىرداپ

شەكلىدە ئورنىۋالغان ئۆلۈم رىئاللىقى ھەركىمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ھەقىقەت بولغاچقا، ئۇنى رىئاللىققا باغلاش ئىنسانىي ئارزۇلارنىڭ بېشىدا كېلىدۇ.

ئىنسان چۈشەنچىسى بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان بۇ كەلگۈسى ھەققىدىكى تۈگۈننى پەقەتلا ۋەھيىنىڭ قۇدرىتىلا ھەل قىلالايدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرگەن بۇ غەيبى خەۋەر رەھمەت ۋە تەشەككۈرلەر بىلەن قارشى ئېلىشىنىڭ ئورنىغا، مىڭ ئەپسۇسكى، ئىنسانلىق ھېسسىياتىدىن يىراق بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن مەسخىرە، ھاقارەتلەرگە ئۇچرىدى. يارىتىلىش ھېكمىتىگە قارمۇ-قارشى بىر ھاياتتا ياشاۋاتقان مۇشرىكلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي بىلەن بىلدۈرگەن ئاخىرەت خەۋىرىگە ھەيران قالدى. ئۇلار نەپسانىيەتچىلىككە تولغان تۇرمۇشىغا قارشى چىققان بۇ ئەبەدى قۇتۇلۇش دەۋىتىدىن جاھىللىق بىلەن يۈز ئۆردى.

قۇرئانى-كەرىم ئاخىرەتنى «نەبەئى ئەزىم: بۈيۈك خەۋەر» دەپ تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى ناھايىتى ئوچۇقتۇر. چۈنكى ئىنسانلار (تۇرمۇش سەۋىيەسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئۆلۈم ئالدىدا ئوخشاش بىر ئىزتىراپ ھېس قىلىدۇ. پۈتۈن ھايات يوللىرىنى مېڭىپ، ئۆلۈم ئۇپۇقلىرى بىلەن يوق بولۇشى، بولۇپمۇ ئىمانسىز قەلبلەرنى ئىچ-ئىچىدىن ئازابلايدۇ. ياشاۋاتقانلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئەھمىيەتلىك بىر ھادىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا دائىر خەۋەرنىڭمۇ بۈيۈكلىكىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ھەقىقەتەن، بۇنى ئۆز لايىقىدا ئىدراك قىلالىغانلار پانى ۋە ئۆتكۈنچى نېمەتلەرنى تاشلاپ، يالغانچى كەلگۈسىدىن ئەبەديي كەلگۈسىگە يۈزلىنىدۇ. ئۆلۈمدىن ئىبرەت ئالمىغان ھاياتنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن پەرقى يوقتۇر. سائادەتنىڭ يۇلتۇزى گۈزەل ھاياتنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن ئۆلۈم بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىنكى، ئىسلام دىنى ئۆلۈمنى داۋاملىق ئەسلەپ، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئاخىرەت ۋە ئۆلۈم قاتارلىق ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە قارشى بايانلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ كەتكەن كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنى ئۇلار ياقتۇرغىدەك بىر شەكىلدە ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ:

«بىزگە لات ۋە ئۇززاغا ئىبادەت قىلىشىمىزنى تاشلىشىمىز توغرىسىدا بۇيرۇق بولمىغان بىر قۇرئان كەلتۈر. ئەگەر ئاللاھ ساڭا بۇنداق بىر قۇرئان نازىل قىلمىسا، سەن بۇنداق بىر قۇرئاننى سۆزلە ياكى ئاللاھنىڭدىن ساڭا كەلگەننى بۇ شەكىلدە ئالماشتۇرغىن. ئازاب ئايىتى ئورنىغا رەھمەت ئايىتى قوي، ھارامنىڭ ئورنىغا ھالالنى، ھالالنىڭ ئورنىغا ھارامنى قوي!» دېيىشتى.

بۇ كىشلەر ھەققىدە شۇ ئايەت نازىل بولدى:

وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا بَيِّنَاتٍ قَالَ الَّذِينَ لاَ يَرْجُونَ لِقَاءَنَا ائْتِ بِقُرْآنٍ غَيْرِ هَذَا أَوْ بَدِّلْهُ قُلْ مَا يَكُونُ لِي أَنْ أُبَدِّلَهُ مِن تِلْقَاء نَفْسِي إِنْ أَتَّبِعُ إِلاَّ مَا يُوحَى إِلَيَّ إِنِّي أَخَافُ إِنْ عَصَيْتُ رَبِّي عَذَابَ يَوْمٍ عَظِيمٍ

**«ئۇلارغا بىزنىڭ روشەن ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، بىزگە مۇلاقەت بولۇشنى ئۈمىد قىلمايدىغانلار (يەنى قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلار): «بۇنىڭدىن باشقا بىر قۇرئاننى كەلتۈرگىن ياكى ئۇنى ئۆزگەرتكىن (يەنى ئازابقا دائىر ئايەتنى رەھمەت ئايىتىگە ئۆزگەرت، ئىلاھلىرىمىزنى سۆككەننىڭ ئورنىغا مەدھىيلە، ھارامنى ھالال قىل)» دەيدۇ. «مەن ئۇنى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن. ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا ئاسىيلىق قىلسام ئەلۋەتتە بۈيۈك كۈننىڭ (قىيامەت كۈنىنىڭ) ئازابىدىن قورقىمەن» دېگىن.** (يۇنۇس سۈرىسى، 15 ـ ئايەت)

مۇشرىكلار نېمە قىلىشنى بىلەلمىدى. مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ، مەككىدە ياشىغىلى بولمايدىغان بىر ھالغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ، ھەبەشىستانغا قاراپ يولغا چىقتى.

بىر ئىككى، كۈن يۈرگەندىن كېيىن ھەبەشلەرنىڭ رەئىسى ئىبنى دەغىنە بىلەن ئۇچراشتى.

ئىبنى دەغىنە:

«ئەي ئەبۇ بەكرى! سەندەك بىر ئىنسان يۇرتىدىن چىقمايدۇ ۋە چىقىرىلمايدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن قەۋمىڭ ۋە قەبىلەڭنىڭ زىننىتىسەن! ياخشىلىق قىلىسەن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنى قوغداپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن. ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان ئاجىز كىشىلەرنىڭ يۈكىنى كۆتىرىسەن! ئارقاڭغا قايت، سەن مېنىڭ ھىمايەمدەسەن» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىبنى دەغىنە بىلەن مەككىگە قايتىپ كەلدى. مەككىگە كەلگەندە، ئىبنى دەغىنە ھىمايىسىنى پۈتۈن قۇرەيشكە ئېلان قىلدى.

بۇنىڭغا جاۋابەن قۇرەيش ئىبنى دەغىنەگە بەزى شەرتلەرنى قويۇپ:

«ئەبۇ بەكرىگە ئېيت، رەببىگە ئىبادىتىنى ئۆيىدە قىلسۇن! ئۇ يەردە خالىغانچە ناماز ئوقۇسۇن، قۇرئان ئوقۇسۇن، ئۆيىدىن باشقا يەردە ئاشكارا ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، بىزنى بىئارام قىلمىسۇن! چۈنكى بىز ئەبۇبەكرىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىمىزنى مەپتۇن قىلىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز» دېيىشتى.

ئىبنى دەغىنە مۇشرىكلارنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئېيتتى. ئۇمۇ قوشۇلدى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر نامازگاھ سېلىپ، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى كۆڭلى يۇمشاق زات بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئانى-كەرىم ئوقۇۋاتقاندا غەمكىن بولۇپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايتتى. ئۇ قۇرئانى-كەرىم ئوقۇغاندا مۇشرىكلارنىڭ باللىرى ۋە ئاياللىرى بېشىغا توپلىشىپ ھەيرانلىق بىلەن تىڭشاشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى قورقۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى دەغىنەگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇنداق قىلىشىنى توسۇشىنى ياكى ئۆستىدىكى ھىمايىسىنى بېكار قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىبنى دەغنە:

«ئى ئەبۇ بەكرى! يا ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ ئاۋازىڭنى چىقارما، ياكى مېنىڭ ھىمايەمدىن چىققانلىقىڭنى ئېلان قىل» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ: «ھىمايەڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن. ماڭا ئاللاھنىڭ ھىمايىسى يېتەرلىك.» دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45؛ ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 395-396-بەتلەر)

ئەرەب جەمئىيىتى ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرىدىغان جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، پاساھەتلىك، بالاغەتلىك سۆزلەردىن تەسىرلىنەتتى ۋە پەۋقۇلئاددە قىزىقاتتى. شۇ قەدەر ئىدىكى، جايىدا ئېيتىلغان بىر پارچە بېيىت بىلەن بەزىلىرىنى كۆككە چىقارسا، بەزىلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلاتتى. مۇشرىكلار ئۆزىنىمۇ ئەسىرگە ئېلىۋالىدىغان قۇرئان ئۇسلۇبىنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىچە بەزى تەدبىرلەرنى ئالاتتى. قۇرئاننى ئوقۇش ۋە تىڭشاشنى چەكلىگەن مۇشرىكلار بىر شەكىلدە قۇرئان ئوقۇلغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۇ ئىلاھىي كالامنى ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرىنىڭ مايىل بولۇپ قېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشاتتى.

جانابى ئاللاھ بۇنى قۇرئانى-كەرىمدە ئىپادىلەپ:

وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لَا تَسْمَعُوا لِهَذَا الْقُرْآنِ وَالْغَوْا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَغْلِبُونَ

**«كافىرلار: «بۇ قۇرئانغا قۇلاق سالماڭلار، ئۇنى ئېلىشتۇرىۋېتىڭلار سىلەر غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن» دېگەن.** (فۇسسىلەت سۈرىسى 26-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ ھەرتۈرلۈك جەۋرى-جاپا، زۇلمىغا قارىماستىن، يەنىلا ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشتىن، ئۇلارنى مەڭگۈلۈك ئازابتىن قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلىشتىن چېكىنمىدى. مۇشرىكلار ئەرەبلەردىن ھەج، ئۆمرە ياكى باشقا بىر مەقسەت بىلەن مەككىگە كەلگەنلەرنى شەھەرنىڭ سىرتىدا كۈتىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلاشماسلىقنى ۋە سۆزىنى ئاڭلىماسلىقنى تەلەپ قىلدى، ھەتتا تەھدىت قىلدى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا ساراڭلىق، سېھرگەرلىك، كاھىنلىق قاتارلىق بۆھتانلارنى چاپلاپ ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان بۇ بۆھتانلار بىلەن مەككىگە كەلگەنلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇتۇشقا تىرىشتى.

تۇفەيل ئىبنى ئەمر[169] مەككىگە كېلىشى بىلەن، قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىر قانچە كىشى يېنىغا كېلىپ:

«ئى تۇفەيل! سەن شائىر بىر كىشىسەن ۋە قەۋمىڭ ئىچىدە ھۆرمەتكە ئىگە مۆتىۋەر بىر ئادەمسەن. مەملىكىتىمىزگە كەلدىڭ، ئەمما ئارىمىزدىن چىققان شۇ ئادەمگە دىققەت قىل! ئۇنىڭ ئەھۋالى بىزنى پاراكەندىچىلىككە سالدى. جەمئىيىتىمىزنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. سۆزى سېھرگە ئوخشاش تەسىرلىكتۇر، ئىنساننى دادىسىدىن، قېرىندىشىدىن ۋە ئايالىدىن ئايرىيدۇ. بېشىمىزغا كەلگەن بۇ ئەھۋالنىڭ سېنىڭ ۋە قەۋمىڭنىڭ بېشىغا كېلىشىدىن قورقىمىز. ئۇنىڭ بىلەن ئەسلا پاراڭلاشما ۋە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەرسە تىڭشىما!» دەپ، نەسىھەت قىلدى.

تۇفەيل بۇ نەسىھەتلەرنىڭ تەسىرىدە قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر نەرسە تىڭشىماسلىق ۋە ئۇنىڭ بىلەن قەتئىي پاراڭلاشماسلىق قارارىغا كەلدى. ھەتتا مەسجىدى ھەرەمگە كەلگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىغا پاختا تىقىۋالدى. كېيىن قىلغانلىرىنىڭ ئۆزىگە ياراشمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ:

«ئىست ماڭا! ھالىمغا ۋاي! مەن ئەقىللىق ۋە شائىر بىر كىشىمەن. سۆزنىڭ ياخشى-يامىنىنى ئايرىيالايمەن. ئۇ ھالدا بۇ ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمدا نېمە زىيان بولاتتى؟ ياخشى بولسا قوبۇل قىلىمەن، يامان

169. تۇفەيل ئىبنى ئەمر ئەددەۋسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەرەپلىك، ئەقىللىق، شائىر ۋە مېھماندوست بىر كىشى ئىدى. ئۆيىگە كەلگەن ھەر قانداق ئادەمگە ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئاچ قالغانلارنى تويغۇزۇپ، ئىلتىجا قىلغان كىشىلەرنى قوغدايتتى، ياردەم سورىغانلارغا ياردەم قىلاتتى. ئۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ 10-يىلىدا مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانغا قەدەر دەۋس قەبىلىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. يەمامە ئۇرۇشىدا بۈيۈك قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، شۇ يەردە شېھىت بولدى.

بولسا رەت قىلمەن» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇ يەردە ساقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەردىن ئايرىلىپ ئۆيىگە ماڭغاندا، ئۇمۇ ئارقىسىدىن مېڭىپ:

«ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭ سېنىڭ ھەققىڭدە مۇنداق، مۇنداق دېدى. مېنى شۇقەدەر قورقۇتتىلاركى، سۆزلىرىڭنى ئاڭلىماي دەپ قولاقلىرىمغا پاختىمۇ تىقتىم. كېيىن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن سۆزۈڭنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. سەن شۇ دەۋانى ماڭا بىر ئاڭلىتامسەن؟» دېدى.

تۇفەيل سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئىسلامنى چۈشەندۈردى، قۇرئان ئوقۇدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچبىر زامان قۇرئاندىنمۇ گۈزەل بىر سۆز، ئىسلامدىنمۇ گۈزەل بىر دىن ئاڭلىمىغان ئىدىم. شۇ ھامان مۇسۇلمان بولۇپ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە شاھادەت ئېيتتىم».

تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر قانچە كۈن قالغاندىن كېيىن رۇخسەت سوراپ، تەبلىغ نىيىتى بىلەن قەبىلىسىگە قايتتى. ئىنسانلارغا دەلىل قىلىپ قوللىنىدىغان بىر كارامىتى بولۇش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن، باشتا ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك قول چىرىقىغا ئوخشاش بىر نۇر پەيدا بولدى. كېيىن بۇ نۇر ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن يۈزىدىن ئايرىلىپ ھاسىسىنىڭ ئۇچىغا يۆتكەلدى. بۇ شەكىلدە قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ شېھىتلىق مەرتىۋىسىگە نائىل بولغانغا قەدەر تەبلىغ بىلەن مەشغۇل بولدى[170]. تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋىتىگە تۈنجى قوشۇلغان كىشى ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان مەشھۇر ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى[171].

---

170. ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 407-408-بەتلەر؛ ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 237-238-بەتلەر.

171. ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 2-جىلد، 226-بەت

مۇشرىكلار قۇرئانى-كەرىمگە قارشى بۇقەدەر سەلبى مۇئامىلە قىلسىمۇ، ۋىجدانلىرى بىلەن يالغۇز قالغانلىرىدا ھەقىقەتكە تەسلىم بولاتتى، قۇرئانى-كەرىمنى مەخپىي تىڭشاشتىن ئۆزلىرىنى تۇتالمايتتى. بۇ قېتىممۇ باشقا بىر باھانە تېپىپ:

قَالُوا لَوْلَا نُزِّلَ هَذَا الْقُرْآنُ عَلَى رَجُلٍ مِّنَ الْقَرْيَتَيْنِ عَظِيمٍ

**«ئۇلار: «بۇ قۇرئان نېمىشقا ئىككى شەھەر (يەنى مەككە بىلەن تائىف ئادەملىرىدىن) بىر كاتتا ئادەمگە نازىل قىلىنمىدى»** دېيىشتى.

(زۇخرۇف سۈرىسى، 31-ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەق پەيغەمبەر ۋە قۇرئانى-كەرىمنى ھەق كىتاب دەپ كۆڭلىدە قوبۇل قىلغانلىرىدا، نەپسانىيەتى تەستىقلىرىغا توسالغۇ بولاتتى. قۇرئاننىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلاتتى، ئەمما ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرىگە خاتالىق سۈپەتلىرىنى قوشاتتى. ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك ئورىۋالغان ۋە ھەقىقەتكە پەردە بولغان ئەقىللىرىچە، قۇرئان باي بولمىغان، يېتىم، ھېچنىمىسى يوق بىرسىگە ئەمەس، مەككىنىڭ بايلىرىدىن «ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە» ياكى تائىفنىڭ بايلىرىدىن «ئەمر ئىبنى ئۇمەير»گە نازىل بولۇشى كېرەك ئىدى.

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە:

«قۇرەيشنىڭ كاتتىسى ۋە ئاقساقىلى بولغان مەن ۋە سەقىفنىڭ كاتتىۋشى ئەمر ئىبنى ئۇمەير تۇرغان يەردە، قۇرئان مۇھەممەدكە نازىل بولامدۇ؟!...» دېگەن ئىدى. (ئىبنى ھىشام، 1-جىلد، 385)

ھالبۇكى، قۇللارنىڭ (بەندىلەرنىڭ) ئاللاھ ھۇزۇرىدىكى قىممىتى، بايلىق ۋە نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋا بىلەندۇر. بۇنى قويۇپ تۇرايلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەسەب جەھەتتىمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ئىدى.

## رەسۇلۇللاھ ۋە قۇرئانغا قارشى تۆھمەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ھەممە ئىشلاردا ئاجىز قالغان مۇشرىكلار بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۇممى (ساۋاتسىز) ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، قۇرئاننى خرىستىئان بىر قۇلدىن ئۆگەنگەنلىكىنى دەۋا قىلدى. ھېچ ئويلىمىغان ئىدىكى، بۇنداق ئۇلۇغ بىر دىنىنىڭ ئاساسىنى قۇرالايدىغان بىر قۇل ئەجىبا بۇ شەرەپنى باشقىسىغا ئۆتۈنۈپ بېرەرمۇ؟ ھەمدە تېخىچە خرىستىئانلىق ھالىتىدە قالارمىدى؟

بۇ ئاساسسىز تۆھمەتنىڭ جاۋابىنى قۇرئانى-كەرىم مۇنداق بەردى:

وَلَقَدْ نَعْلَمُ أَنَّهُمْ يَقُولُونَ إِنَّمَا يُعَلِّمُهُ بَشَرٌ لِّسَانُ الَّذِي يُلْحِدُونَ إِلَيْهِ أَعْجَمِيٌّ وَهَذَا لِسَانٌ عَرَبِيٌّ مُّبِينٌ

**«ئۇلار (يەنى مۇشرىكلارنىڭ): «ئۇنىڭغا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس، بۇ (قۇرئان) بولسا روشەن ئەرەب تىلىدىدۇر.»** (نەھل سۈرىسى، 103-ئايەت)

ئاللاھتائالا مۇشرىكلارنىڭ بۆھتانلىرىدىن كۆڭلى يېرىم بولماسلىقى ئۈچۈن پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېدى:

وَمَا كُنتَ تَتْلُو مِن قَبْلِهِ مِن كِتَابٍ وَلَا تَخُطُّهُ بِيَمِينِكَ إِذًا لَّارْتَابَ الْمُبْطِلُونَ

**«ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 48-ئايەت)

فَذَكِّرْ فَمَا أَنْتَ بِنِعْمَةِ رَبِّكَ بِكَاهِنٍ وَلَا مَجْنُونٍ، أَمْ يَقُولُونَ شَاعِرٌ نَتَرَبَّصُ بِهِ رَيْبَ الْمَنُونِ، قُلْ تَرَبَّصُوا فَإِنِّي مَعَكُمْ مِنَ الْمُتَرَبِّصِينَ

«(ئى مۇھەممەد! سەن قۇرئان بىلەن قەۋمىڭگە) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېمىتى بىلەن كاھىنمۇ ئەمەسسەن ۋە مەجنۇنمۇ ئەمەسسەن. ئۇلار ئېيتىدۇ: «ئۇ شائىردۇر بىز ئۇنىڭ زامانىنىڭ ھادىسىلىرىگە (يۇلۇقۇشىنى) كۈتىمىز». (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى: «سىلەر كۈتۈڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر بىلەن بىرگە كۈتكۈچىلەردىنمەن (يەنى سىلەر مېنىڭ ھالاك بولۇشۇمنى كۈتسەڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ ھالاك بولۇشۇڭلارنى كۈتىمەن) (تۇر سۈرىسى، 29 ـ 31 ـ ئايەت)

قَالَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِلْحَقِّ لَمَّا جَاءَهُمْ هَذَا سِحْرٌ مُبِينٌ، أَمْ يَقُولُونَ افْتَرَاهُ قُلْ إِنِ افْتَرَيْتُهُ فَلَا تَمْلِكُونَ لِي مِنَ اللَّهِ شَيْئًا هُوَ أَعْلَمُ بِمَا تُفِيضُونَ فِيهِ كَفَى بِهِ شَهِيدًا بَيْنِي وَبَيْنَكُمْ وَهُوَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ

«كافىرلار ئۆزلىرىگە كەلگەن ھەقىقەتنى (يەنى قۇرئاننى) باھالاپ: «بۇ روشەن سېھىردۇر» دەيدۇ. ياكى ئۇلار قۇرئاننى ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆزى توقۇغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى: «ئەگەر ئۇنى مەن توقۇغان بولسام سىلەر مەندىن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى دەپئى قىلالمايسىلەر. سىلەرنىڭ قۇرئان توغرىسىدىكى تۆھمەتلىرىڭلارنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىكتۇر. (يەنى مېنىڭ راستچىللىقىمغا ۋە سىلەرنىڭ يالغانچىلىقىڭلارغا گۇۋاھ بولىدۇ). ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (مۇئمىن بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.» (ئەھقاف سۈرىسى، 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

مۇشرىكلار توغرا يولغا كىرىش ئارزۇسىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى قىلىشتىن چېكىنمەيتتى. ئەمما ھەقىقەتنى بىلەتتى. قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىسلامنىڭ مەككە سىرتىغا تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ يېنىدا توپلاندى. ئۇلار:

«مەككىگە كەلگەن قەبىلىلەرگە مۇھەممەد ھەققىدە نېمە دەيلى؟» دېيىشتى.

ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەن، بىۋاستە ئۇنىڭدىن قۇرئانى كەرىمنى تىڭشىغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«مەن شېئىرنىڭ ھەممە تۈرىنى بىلىمەن. مېنىڭ ئاڭلىغىنىم شېئىر ئەمەس. شېئىردىن ئالاھىدە يۇقىرى بىر سۆز. ئۇ سۆزلەر نەسرمۇ ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق تەڭداشسىز بىر پاساھەت ۋە بالاغەتكە تولغان گۈزەل بىر ئاھاڭنى بۇنىدىن بۇرۇن ھېچبىر يەردە ئاڭلىمىغان ئىدىم. كاھىنىنىڭ سۆزلىرىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ. ساراڭنىڭ سۆزلىرىمۇ ئەمەس. مەن ئۇنىڭدا ساراڭلىققا دائىر ئالامەت كۆرمىدىم. بىز ئۇنى سېھىرگەرمۇ دېيەلمەيمىز. چۈنكى ئۇقۇپ سۈفلىمەيدۇ، تۈگۈن چەكمەيدۇ.!»

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ۋەلىد مۇشرىكلارنىڭ يامان نىيىتىگە بىر چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن، ئۆزىنى زورلاپ، مۇنداق دېدى:

«لېكىن ئۇ قېرىنداشنى قېرىنداشتىن ئايرىيدۇ. ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقى چاچىدۇ. بۇ سەۋەبتىن سۆزىمۇ سېھىر ۋە ئەپسۇندىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس!». (ئىبنى جەۋزى: 8-جىلد، 403-404-بەتلەر؛ ھاكىم: 2-جىلد، 550-بەت؛ ۋاھىدى: 478)

قۇرئانى كەرىم ھەققىدىكى تۆھمەتلىرىدە غەلىبە قىلالمىغان مۇشرىكلار بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك شەخسىيىتىنى كۆزلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى قاسىمنىڭ ئىككى ياش ۋاقتىدا ۋاپات بولغانلىقىنى پۇرسەت بىلىپ، ئاس ئىبنى ۋائىلنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭغا «ئەبتەردۇر» دېيىشتى. يەنى نەسلى تۈگىگەن، نەسەبى يوق بولغان دەپ

مەسخىرە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭۈللىرىدىكى تەسىرىنى يوقاتماقچى ئىدى. ئەمما بۇنىڭغىمۇ ئېرىشەلمىدى. سۈرە كەۋسەر ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلغان بىر ئىلاھىي كاچات بولدى:

إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ، فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ، إِنَّ شَانِئَكَ هُوَ الأَبْتَرُ

**«بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق، پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ.»** (كەۋسەر سۈرىسى، 1-3-ئايەت)

بۇ سۈرىدىن مەلۇم بولغاندەك، قايسى زامان ۋە ماكاندا بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆچمەنلىك قىلغانلارنىڭ ئورتاق سۈپىتى «ئەبتەردۇر». ئالىملارنىڭ رەھمىتىنى «بەدەۋى» دېيىشكە پېتىنغان بەتبەشرە مەخلۇقلار، كائىناتنىڭ پەخرىسىگە ئۆز پەسكەشلىكىنى قوشۇشقا جۈرئەت قىلغان ئەخمەقلەر، ئۇ كەلتۈرگەن ھەق دىنىني «چۆل قانۇنى» دېگەن ئازغۇن بەدبەختلەر ماددى-مەنىۋى جەھەتتىن نېسىۋىسىز، نەسلىسىز كىشىلەردۇر.

شائىر بۇ ھەقتە نېمە دېگەن گۈزەل ئېيتقان:

جامالىڭ ئايتېپىدىن ئىككى ئالەم مۇنەۋۋەردۇر،
ئەگەر ئەۋلادىڭغا ھەركىم كۆرسەتمىسە مۇھەببەت،
ئۇ مەلئۇنلار قىيامەتتە شەيتانلاردىنمۇ ئەبتەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمىگەنلەر ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش، كۆپىنچە مەغرۇر ئەمەلدارلار بىلەن تەكەببۇر بايلار ئىدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَرْسَلْنَا فِي قَرْيَةٍ مِنْ نَذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتْرَفُوهَا إِنَّا بِمَا أُرْسِلْتُمْ بِهِ كَافِرُونَ، وَقَالُوا نَحْنُ أَكْثَرُ أَمْوَالًا وَأَوْلَادًا وَمَا نَحْنُ بِمُعَذَّبِينَ

**«قايسى شەھەرگە بولمىسۇن بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەك، ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى. ئۇلار يەنە: «بىزنىڭ ماللىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز ئەڭ كۆپ، بىز ئازابلانمايمىز» دېدى.»** (سەبە سۈرىسى، 34-35-ئايەت)

وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَهِينٍ، هَمَّازٍ مَشَّاءٍ بِنَمِيمٍ، مَنَّاعٍ لِلْخَيْرِ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ، عُتُلٍّ بَعْدَ ذَلِكَ زَنِيمٍ، أَنْ كَانَ ذَا مَالٍ وَبَنِينَ، إِذَا تُتْلَى عَلَيْهِ آيَاتُنَا قَالَ أَسَاطِيرُ الْأَوَّلِينَ

**«قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە هارامدىن بولغان ئادەم (ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن (بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرىدۇر»** دەيدۇ. (قەلەم سۈرىسى، 10-15-ئايەتلەر)

دەرۋەقە، ھەققىدە سۈرە تەببەت نازىل بولغان ئەبۇ لەھەب:

«مېنى باشقىلار بىلەن باراۋەر تۇتقان دىن بولمىسۇن!» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا بولغان ئەبۇ جەھىلمۇ مۇنداق دەيتتى:

«مۇھەممەدنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز! ئەمما ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ قەبىلىسى نېمە قىلسا، بىزمۇ قىلدۇق، ئۇلاردىن تۆۋەن قالمىدۇق. ئەمدى بولسا ئۇلار: «ئىچىمىزدە بىر پەيغەمبەر بار» دەپ ئېپتىخارلىنىۋاتىدۇ. بىز ئارىمىزدىن قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر پەيغەمبەر چىقىرالايمىز؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن مۇھەممەدنىڭ

پەيغەمبەرلىكنى قوبۇل قىلالمايمەن!» . (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە» ، 3 ـ جىلد ، 113 ـ بەت.)

مانا بۇ سۆزنى دېگەن ئەبۇ جەھىل ئۆچمەنلىك ، ھەسەت ۋە دۈشمەنلىكى تۈپەيلىدىن يەنە بىر قېتىم مۇنداق دېدى:

«ئەگەر ئۇنى ناماز ئوقۇۋاتقاندا كۆرسەم بېشىغا دەسسەيمەن!»

كېيىن ھەرەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالدا ئۇچرىتىپ قالدى. سۆزىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، شۇ ھامان ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولسىمۇ، تويۇقسىزلا رەڭگى ـ رويى سارغىيىپ، قاتتىق قورقۇنچقا چۈشتى. قولىغا ئالغان تاشنى تۇتالماس بولۇپ قالدى ـ دە، كەينىگە يېنىپ قېچىشقا باشلىدى. ئەتراپىدىكىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە ئەبۇ جەھىلدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىدى. ئەبۇ جەھىل جىددىيلەشكەن ۋە قورقۇنچ ئىچىدە:

«ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىمدا، ئالدىمغا تويۇقسىز بىر بەتبەشىرە تۆگە چىقتى. ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش قورقۇنچلۇق بىر تۆگىنى ھازىرغا قەدەر كۆرمىدىم! ئۇ مېنى قانداقلا بولمىسا يۇتىۋېتەتتى.» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 318 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە» ، 3 ـ جىلد، 92 ـ 93 ـ بەت)

چۈنكى ئاللاھتائالا بەندىسى ۋە رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتكەن مۇقەددەس دىنىنىي قوغداپ، ئۈستۈن قىلاتتى.

مۇشرىكلار مۇشۇنداق تۇرۇپ، تېخىچە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى كۆرەلمەيتتى، جاھىللىق بىلەن قۇرئاننىڭ ھەقىقىتىدىن يىراقلىشىپ، ئىلاھىي ھەقىقەتلەردىن قاچاتتى.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

فَمَا لَهُمْ عَنِ التَّذْكِرَةِ مُعْرِضِينَ، كَأَنَّهُمْ حُمُرٌ مُسْتَنْفِرَةٌ، فَرَّتْ مِنْ قَسْوَرَةٍ

**«ئۇلار نېمىشقا ۋەز (يەنى قۇرئان)دىن يۈز ئۆرۈيدۇ، گويا ئۇلار يولۋاستىن قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردۇر، (يەنى بۇ مۇشرىكلار مۇھەممەد**

**ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە ئۇنىڭدىن خۇددى يولۋاسنى كۆرۈپ قاچقان ياۋايى ئېشەكلەردەك قاچىدۇ)»** (مۇددەسسىر سۈرىسى، 49 ـ 51 ـ ئايەتلەر)

كاپىرلارنىڭ جاھىللىقى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلاھىي ئىمتىھان سۈپىتىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇئمىنلەرگە سالغان چىدىغۇسىز جەۋرى ـ جاپالىرى ئاشكارا بولدى.

## زۇلۇم باسقۇچى

ئەبۇ تالىبقا قويغان تەكلىپلەردىن بىر نەتىجە كۆرەلمىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەنمۇ ھېچقانداق بىر كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغان مۇشرىكلار چارىنى مۇسۇلمانلارنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشقا قاراتتى. باشتا قەبىلىسى ۋە ئائىلىسى كۈچلۈكلەرگە چېقىلالمىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى بۇ زۇلۇم، تېخى ئومۇمىي ھالەتتە ئەمەس ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا مۇشرىكلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىغا ئۇچرىغانلار، ئەڭ كۆپ كەمبەغەل، قۇل ۋە دېدەكلەر ئىدى. ئۇلارغا قىلىنمىغان ئازاب ـ ئوقۇبەت قالمىدى. خۇددى، ھەزرىتى خەبباب[172] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ئۇ يالقۇنلاپ تۇرىۋاتقان ئوتقا ياتقۇزۇلۇپ، ئوت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئېرىگەن ياغلار بىلەن ئۆچۈپ قالغىچە كۆكسىگە باستۇرۇپ تۇرۇلغان ئىدى.

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆمۈرچى بولۇپ، بەزى مۇشرىكلاردىن ئېلىشى بار ئىدى. ئۇ ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا:

«ئالدى بىلەن مۇھەممەدنى ئىنكار قىل، ئاندىن ئېلىشىڭنى بېرىمىز!» دەيتتى.

---

175. خەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر. مۇشرىكلارنىڭ ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلىرىغا ئۇچرىدى، ئۇ تارتقان ئازابلارنىڭ ئىزى ۋاپات تاپقانغا قەدەر بەدىنىدىن يوقىمىغان ئىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن بەدر غازىتىدىن باشلاپ پۈتۈن ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 32 ھەدىس رىۋايەت قىلدى. 70 ياشتىن ئاشقاندا، ھىجرىيەنىڭ 37 مىلادىنىڭ 657 ـ يىلى كۇفەدە ۋاپات بولدى.

ئۇمۇ پانى دۇنيا مەنپەئەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ:

«مەن ئۇنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايمەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە!» دەپ، ئەبەدىي سائادەتنى تاللايتتى.

ئۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئازاب-ئوقۇبەتنىڭ بىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«بىر كۈنى قەرزىمنى ئېلىش ئۈچۈن ئاس ئىبنى ۋائىلنىڭ يېنىغا باردىم:

- مۇھەممەدنى ئىنكار قىلمىغىچە پۇلۇڭنى بەرمەيمەن! - دېدى.

مەنمۇ:

- سەن ئۆلگىچە، ھەتتا يېڭىدىن تىرىلگىچە مۇھەممەدنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايمەن! - دېدىم.

- يەنى مەن ھازىر ئۆلىمەن، كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈلىمەن. شۇنداقمۇ؟ - دېدى.

مەن:

- شۇنداق - دەپ جاۋاب بەردىم.

ئاس ئىبنى ۋائىل:

- ئۇنداق بولسا يېڭىدىن تىرىلدۈرۈلگەن ۋاقتىمدا ماللىرىم بولىدۇ، شۇ ۋاقىتتا ساڭا قەرزىمنى ئۆتەيمەن - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولدى:

أَفَرَأَيْتَ الَّذِي كَفَرَ بِآيَاتِنَا وَقَالَ لَأُوتَيَنَّ مَالًا وَوَلَدًا، أَطَّلَعَ الْغَيْبَ أَمِ اتَّخَذَ عِنْدَ الرَّحْمَنِ عَهْدًا، كَلَّا سَنَكْتُبُ مَا يَقُولُ وَنَمُدُّ لَهُ مِنَ الْعَذَابِ مَدًّا، وَنَرِثُهُ مَا يَقُولُ وَيَأْتِينَا فَرْدًا

**«بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ماڭا (ئاخىرەتتە) ئەلۋەتتە مال-مۈلۈك، ئەۋلاد بېرىلىدۇ دېگەن ئادەمنى كۆردۈڭمۇ ئۇ غەيبنى بىلگەنمۇ ياكى مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ئېرىشكەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرلەپ**

**قويىمىز. ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازابنى كۈچەيتىمىز، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى (يەنى مېلىنى ۋە ئەۋلادىنى) باشقىلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرىمىز. ئۇ ئالدىمىزغا تەنھا كېلىدۇ.»** (سۈرە مەريەم، 77ـ دىن80ـ ئايەتلەرگىچە. بۇخارى: «تەپسىر»، 19/3؛ مۇسلىم: «مۇنافىق»، 35ـ 36؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 19/3162.)

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايال خوجايىنى ئۇممۇ ئەنمارمۇ زۇلۇم قىلىشتا، باشقىلىرىدىن كېيىن قالمايتتى. ئوتتا قىزدۇرۇلغان تۆمۈر بىلەن ھەزرىتى خەببابنىڭ بېشىنى داغلايتتى. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇممۇ ئەنمارنى شىكايەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئاللاھ! خەببابقا ياردەم قىل!» دەپ دۇئا قىلىشى بىلەن، ئۇممۇ ئەنمارنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر ئاغرىق كەلدىكى، ئىتقا ئوخشاش كاڭشىشقا باشلىدى ۋە بېشىنى داغلاشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆمۈرنى ئېلىپ، ئوتتا قىزدۇرۇپ، ئۇممۇ ئەنمارنىڭ بېشىنى داغلىدى[173].

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ[174] دەھشەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قالغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

173. ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 2ـ جىلد، 115ـ بەت

174. بىلال ئىبنى رەباھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىلالى ھەبەشى دەپ ئاتالدى. مەككىدە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارىلىغان تۇنجى يەتتە كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئانىسى ھەمامەمۇ مۇسۇلمان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ھەر ئىككىسى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا كاپىرلاردىن قاتتىق زۇلۇم كۆردى. ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلىدا تۇنجى ئەزاننى ئوقۇش بىلەن تونۇلغان بىلالى ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ داۋاملىق سەۋرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئەززىنلىكىنى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پۈتۈن غازاتلارغا قاتناشتى. مەككە فەتھى قىلىنغان كۈن، كەبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ فەتھى ئەزانىنى ئوقىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت سۈيىنى تەييارلاش، شەخسى خىزمەتلىرىنى قىلىش، جەڭلەردە قوغداش ۋە باشقا دۆلەت ئىشلىرىنى قىلىشتا ياردەمچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىر قېتىممۇ ئەزان ئوقۇيالمىدى.

ئۇنىڭ خوجايىنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەف بىلالغا، ئىنسانىنىڭ ئەقلىگە ھەتتا خىيالىغا كەلمىگەن قىيىن-قىستاقلارنى قىلدى. ئۇنى قاتتىق قىززىپ كەتكەن قۇمنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە يوغان تاشلارنى قويدى، بەزىدە مەككىنىڭ كوچىلىرىدا سۆرىدى. بىلال ھەبەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىر كۈنى بىركىچە سۇسىز تاشلاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تۆمۈردىن بىر كۆينەك كىيگۈزۈپ، شىددەتلىك ئىسسىقنىڭ ئاستىدا، قىززىق قۇملار ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، بەدىنىنىڭ يېغى ئىرىگىچە قويۇپ قويدى. مۇشرىكلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەر تۈرلۈك قىيىن-قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، ئىستەكلىرىدىن ھېچقانداق بىر نەرسىنى سۆزلەتەلمىدى، ئۇ داۋاملىق:

«أحد , أحد (ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ بىردۇر، ئاللاھ بىردۇر)!» دېدى[175].

---

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەتلىك دەۋرىدە مەدىنىدىن ئايرىلىپ، سۈرىيەدە بەزى جەڭلەرگە قاتناشتى. ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەزان ئوقۇشى ئۈچۈن خەلىپىنىڭ ئوتتۇرىدا ۋاستە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن بىلال بىر قېتىم ئەزان ئوقىدى.(زەھەبى: «سىيەر»، 1-جىلد، 357-بەت) ئۇنىڭ ئەزان ئوقۇشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىنى ئېسىگە ئالغان مۇسۇلمانلار كۆز ياشلىرىغا چۆمدى. بىلالى ھەبەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 44 ھەدىس رىۋايەت قىلدى. بۇ رەسۇلۇللاھ ئاشىقى ئاتمىش ياشتىن ئاشقاندا دەمەشقتە ۋاپات بولدى. ۋاپاتى ئالدىدا: "ئەتە ئاللاھ خالىسا سۆيۈملۈك دوستلىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇچرىشىمەن" دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئايالى: "ئاھ بېشىمغا كەلگەنلەرگە!" دەپ يىغلاشقا باشلىدى. كۆڭلى ھەسرەت بىلەن تولغان پەيغەمبەر ئاشىقى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا: " نېمىدېگەن گۈزەل! نېمىدېگەن ياخشى!" دېدى. (زەھەبى: «سىيەر»، 1-جىلد، 359-بەت)

175. ئەھمەد: 1-جىلد، 404-بەت؛ ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 233-بەت؛ بەلازۇرى: 1-جىلد، 186-بەت.

مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان بۇ زۇلۇم ئازاب ـ ئوقۇبەتلا ئەمەس ئىدى. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى ھەزرىتى ياسىر[176] مۇشرىكلارنىڭ سۆزلەتمەكچى بولغان سۆزلىرىنى سۆزلىمىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلىرى ئاستىدا شېھىد بولدى. بۇنىڭ بىلەن ياسىر ئائىلىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ئىسلامنىڭ تۇنجى شېھىدلىرى بولدى[177].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىۋاتقان بۇ ئائىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ:

«سەۋر قىلىڭلار ئى ياسىر ئائىلىسى! خۇشال بولۇڭلار ئەي ياسىر ئائىلىسى! شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار جەننەتتۇر!» دېدى. (ھاكىم: 3 ـ جىلد، 432، 438 ـ بەتلەر)

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ[178] قاتتىق قىيىن ـ قىستاق ۋە ئازابلارغا دۇچار بولدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىركۈنى ئەممارنى تۇتىۋالدى ۋە بېشىنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۇرۇپ:

«مۇھەممەدكە ھاقارەت قىلىپ، لات ۋە ئۇززانى مەدھىيلىگەنگە قەدەر سېنى قويىۋەتمەيمىز!» دېيىشتى ۋە بۇنى زورلاپ دېگۈزدى:

---

176. ياسىر ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن كېلىپ مەككىگە يەرلىشىپ، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ دېدىكى سۇمەييە خانىم بىلەن ئۆيلەندى. ئۇنىڭدىن ئەممار ۋە ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئىككى ئوغلى دۇنياغا كەلدى. (ئىبنى سائاد: 4 ـ جىلد، 136 ـ بەت، 8 ـ جىلد، 264 ـ بەت) ياسىر ئائىلىسى بىرلا ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولۇپ، دىنىدىن قايتۇرۇلۇش ئۈچۈن قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىدى.

177. ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 3 ـ جىلد، 648 ـ بەت؛ زەمەخشەرى: 3 ـ جىلد، 164 ـ بەت.

178. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەت ئۈچ كىشىگە: "ئەلى، ئەممار، سەلمان"غا ئۈچرىششىنى ئارزۇ قىلىدۇ» ئەممار، داۋاملىق ئۆزىگە سۇنۇلغان نەرسىنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ» دەپ ئالىيجاناب ساھابىسىنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلدى. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 32، 34؛ ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 11.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:
«ئى رەسۇلۇللاھ! ئەممار كاپىر بولۇپتۇ!» دەپ، خەۋەر كەلدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«ياق! ئەممار پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىمانغا تولغان بىر ياش! ئىمان ئۇنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن!» دېدى.
شۇ ئەسنادا ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ مۇبارەك ساھابە يىغلاۋاتاتتى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى قوللىرى بىلەن سۈرتكەچ:
ـ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.
ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:
ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ساڭا ھاقارەت قىلغۇزمىغىچە، بۇتلارنىڭ سېنىڭ دىنىڭدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى سۆزلەتمىگىچە قويۇۋەتمىدى! ـ دېدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ سەن بۇلارنى سۆزلەۋاتقاندا قەلبىڭ قانداق ئىدى؟ ـ دەپ سورىدى.
ئەممار:
ـ قەلبىم ئاللاھ ۋە رەسۇلغا بولغان ئىمانىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە، دىنىمگە باغلىنىش جەھەتتە تۆمۈردىن ساغلام ئىدى ـ دېدى.
بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ يەنە بىر تەرەپتىن:
ـ ئى ئەممار! ئەگەر ئۇلار يەنە بىر قېتىم بۇ سۆزلىگەنلىرىڭنى تەكرارلىتىش ئۈچۈن سېنى زورلىسا، يەنە سۆزلەۋەرگىن! ـ دېدى.
بۇ ھادىسىگە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى:

مَنْ كَفَرَ بِاللَّهِ مِنْ بَعْدِ إِيمَانِهِ إِلَّا مَنْ أُكْرِهَ وَقَلْبُهُ مُطْمَئِنٌّ بِالْإِيمَانِ وَلَكِنْ مَنْ شَرَحَ بِالْكُفْرِ صَدْرًا فَعَلَيْهِمْ غَضَبٌ مِنَ اللَّهِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ

**«كىمكى ئاللاھقا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا،قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا(ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارى يۇسۇندا مۇرتەدبولغان بولسا ئۇ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ.»**

(سۈرە نەھل، 106 ـ ئايەت. ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 249 ـ بەت؛ ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل»، 2 ـ جىلد، 67 ـ بەت؛ ھەيسەمى: 9 ـ جىلد، 295 ـ بەت؛ ۋاھىدى: 288 ـ 289 ـ بەتلەر)

بۇ ۋەقە، ئىمانغا زىت بىر ئىپادىنىڭ پەقەت ئۆلۈم خەتىرى بولغان ئەھۋالدىلا سۆزلىنىشكە بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭ سىرتىدا بولسا جائىز بولمايدىغانلىقىغا شەرئىي دەلىلدۇر.

ئىسلام دۈشمىنى مۇشرىكلار سۇھەيب[179] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ ھوشىدىن كەتكىچە ئۇردى.

179. سۇھەيب ئىبنى سىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇھەيبى رۇمى دەپ ئاتالدى. كىچىك ۋاقتىدىلا باشتا رۇملار، كېيىن ئەرەبلەرگە ئەسىر چۈشتى. مەككىدە ئىبنى جەدئاننىڭ شېرىكى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىسلامنى ئۆگىنىپ، مۇسۇلمان بولدى. پۈتۈن مال-ۋارانلىرىنى مۇشرىكلارغا بېرىپ، مىڭبىر جاپادا مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئۇنىڭ ھەققىدە: (ومِنَ النَّاسِ مَن يَشْرِي نَفْسَهُ ابْتِغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ وَاللّهُ رَؤُوفٌ بِالْعِبَادِ) **«بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ (قىلغان ئەملى بىلەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىلا تىلەيدۇ). ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر»** (سۈرە بەقەرە، 207 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈشى بىلەن: «ئەبۇ يەھيا! پايدىسى كۆپ ۋە بەرىكەتلىك بىر سودا قىلدىڭ!» دېدى. (ھاكىم: 3 ـ جىلد، 450 ـ 452 ـ بەتلەر) ئوق ئېتىشتا بۈيۈك بىر ماھارەت ئىگىسى بولغان سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پۈتۈن ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، قىزغۇچ تەنلىك، بەكمۇ سېخى بىر كىشى ئىدى. پۈتۈن ئۆمرىنى ئىسلام يولىدا پىداكارلىقلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۇھەيبى رۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتنىڭ 38 ـ يىلىدا 73 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەدىنىدىكى "بەقىئۇل غەرقەد" قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

زىننىرە خانىم مۇشرىكلار تەرىپىدىن كۆرمىگۈلىغان ئازاب ۋە جاپا كۆرگەن بىر دېدەكتى. ئەبۇ جەھىلنىڭ قىيىن-قىستاقلىرى تۈپەيلىدىن كۆزلىرى ئەما بولدى.

ئەبۇ جەھىل:

«كۆردۈڭمۇ؟ لات ۋە ئۇززا سېنىڭ كۆزۈڭنى كور قىلدى!» دېدى.

زىننىرە خانىم:

«ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ كۆزۈمنى كور قىلغان ئۇلار ئەمەس. لات ۋە ئۇززا پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. مېنىڭ رەببىم كۆزۈمنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قادىردۇر!» دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئاللاھتائالانىڭ زىننىرە خانىمنىڭ كۆزلىرىنى قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆردى. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 340-341-بەتلەر، ئىبنى ئەسىر: «ئەلكامىل»، 2-جىلد، 69-بەت؛ ئۇسدۇل غابە: 7-جىلد، 123-بەت)

مۇسۇلمانلارنىڭ يەنە نۇرغۇنلىرى مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئىدى. ئامىر ئىبنى فۇھەيرە، ئەبۇ فۇكەيھە، مىقداد ئىبنى ئەمر، ئۇممۇ ئۇبەيس، لۇبەينە خانىم، نەھدىيە خانىم ۋە قىزى قاتارلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى، ئىنساننىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىدى. مۇشرىكلار ئۇلارنى كىيىمسىز ھالدا پۇتلىرىنى زەنجىر بىلەن باغلاپ سۆرىگەن پېتى ئىسسىق ئەڭ قاتتىق بولغان ۋاقىتلاردا چۆللەرگە چىقىراتتى. ئۈستىلىرىگە يوغان پارچە تاشلارنى قويۇپ، ھېس-تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلگۈچە ھەرخىل ئېغىر قىيىن-قىستاقلارغا ئالاتتى. گاللىرىنى سىقىپ، ئۆلگەنلىكىنى گۇمان قىلمىغىچە قويۇۋەتمەيتتى[180].

بۇ ئەھۋالغا باشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، پۈتۈن مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا قوللىرىدىن ھېچنەرسە كەلمەيتتى[181].

180. ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 11؛ ئەھمەد: 1-جىلد، 404-بەت.

181. .مەھمەت ئاكىف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىلىشىدىن ھېس قىلغان قاتتىق ئەلەمنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ: "بىر مۇئمىنغا ئازار بېرىش ئارقىلىق

لېكىن ئىمان ئابدەسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرىتى بىلال قاتارلىق يەتتە قۇلنى خوجايىنلىرىدىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قىيىن ـ قىستاقلاردىن قۇتقۇزۇۋالدى.

مۇشرىكلارنىڭ زۇلمى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى، ئاجىز، ئىگە ـ چاقىسىز مۇئمىنلەردىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە يېنىدا بولغان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئوسمان، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير قاتارلىق قول ئىلكىدە بار ئىنسانلارمۇ بۇ ئەزىيەتلەرگە ئۇچراشقا باشلىدى.

مۇشرىكلار مەككىنىڭ يوقسۇللىرىدىن ئەقىلسىز، كالۋالارنى كۈشكۈرتۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۇجۇم قىلغۇزدى. ئۇنىڭغا شائىرلىق، سېھرگەرلىك، كاھىنلىق ۋە ساراڭلىق قاتارلىق ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان تۆھمەتلەر بىلەن ئەزىيەت يەتكۈزدى[182].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىۋاستە كۆرۈپ سۆزلەپ بېرىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ھىجىر قىسمىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت كەلدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بوغۇش ئۈچۈن، تونىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بويىنىغا چىگىپ قاتتىق تارتىشقا باشلىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى يۈگرەپ كېلىپ، ئۇنىڭ مۆرىسىدىن تۇتقانچە ئىتتىرىپ تاشلاپ:

«پەرۋەردىگارىڭلاردىن ئوچۇق دەلىللەر بىلەن كەلگەن بىر كىشىنى «رەببىم ئاللاھتۇر» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچىمۇسىلەر؟» دېدى. (بۇخارى، تەپسىر، 40)

---

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئازراقمۇ ئۇيالمامسەن؟ ئۇ شۇنداق پەيغەمبەركى، يىراقتىكى بىر مۇئمىننىڭ بىر يېرىگە بىر تىكەن كىرىپ كەتسە، قەلبىنىڭ پاكلىقىدىن ئۇ مۇئمىن ھېس قىلغان ئاغرىقنى ھېس قىلىدۇ. سەن كۆرەڭلىمىگىنكى، پەيغەمبەر روھىي سېنىڭ خاتالىقىڭ ئۈستىدىن جەزمەن داۋاچى بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىر مۇئمىننى ھەرقانداق شەكىلدە كۆڭلىنى يېرىم قىلىشنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھەرىكەت قىلىش، غەيۋەت، كۆڭلىنى ئاغرىتىش قاتارلىق ھەرتۈرلۈك گۇناھلاردىن يىراق تۇرۇش لازىم.

182. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 309 ـ 310 ـ بەتلەر

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر ھادىسىنى ئىبنى مەسئۇد مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

«بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئەبۇ جەھىل ۋە دوستلىرى ئۇ يەردە ئىدى. بۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن بىر تۆگە بوغۇزلانغان ئىدى. ئەبۇ جەھىل دوستلىرىغا: «پالانى ئائىلىنىڭ بوغۇزلىغان تۆگىسىنىڭ ئۈچەي-قېرىنلىرىنى كىم ئېلىپ كېلىپ، سەجدىگە بارغاندا، مۇھەممەدنىڭ ئۈستى-بېشىغا قويىدۇ؟» دېدى.

ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەڭ بەدبەختى يۈگۈرگىنىچە بېرىپ، ئۇنى ئېلىپ كەلدى - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بارغاندا، ئۈستى-بېشىغا تاشلىدى. بۇنىڭغا ھەممىسى قاقاھلاپ كۈلۈشتى، (خۇشاللىقلىرىدىن) بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلىدى. مەن بىر ئاز يىراقتا، ئۇلارغا قاراپ تۇراتتىم. ئەگەر مېنى قوغدايدىغان بىرەر ئادىمىم بولسا ئىدى، ئۇنى شۇ ھامان ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلايتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەجدىگە بېرىپ، بېشىنى كۆتۈرمىدى. شۇ ۋاقىتتا بىرى بېرىپ، ھەزرىتى فاتىمەگە خەۋەر بېرىپتۇ. ئۇ تېخى كىچىك بىر قىز ئىدى. كېلىپ ئۈچەي-قېرىنىنى مۆھتەرەم دادىسىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلىدى. كېيىن ئۇلارغا يېنىپ قاتتىق سۆزلەرنى قىلدى. مۇشرىكلار فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىنى تۈگىتىپ بولۇپ، ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

«ئى ئاللاھ! قۇرەيشنى ساڭا ھاۋالە قىلىمەن» دېدى ۋە بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى.

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭلا كۈلۈشتىن توختىدى. ئۇنىڭ دۇئاسىدىن يۈرەكلىرىنى بىر قورقۇنچ قاپلىدى. (چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىنىڭ ئەينەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم تەجرىبە قىلغان ئىدى) كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئاللاھ! ئەبۇ جەھىلنى، ئۇتبەنى، شەيبەنى، ۋەلىد ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خەلەفنى، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيتنى ساڭا ھاۋالە قىلىمەن» دەپ، ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ئىسمى بىلەن بىر-بىرلەپ ئوقۇدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھ تىلغا ئالغان بۇ ئادەملەرنىڭ بەدىر كۈنى ھەممىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. كېيىن بەدىر قۇدۇقىغا سۆرەلگەنچە ئېلىپ كېلىنىپ تاشلاندى» . (بۇخارى: «سالات» ، 109؛ «جىھاد» ، 98؛ «جىزيە» ، 21؛ مۇسلىم: «جىھاد» ، 107)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل زالىملارچە قارشىلىقلارغا قارىماستىن، تەۋھىد داۋاسىدا مۇشرىكلار بىلەن ھېچبىر سۈرەتتە يارىشىشقا مايىل بولمىدى، دىنىنىڭ ھەرقانداق پرىنسىپىدىن ئەسلا چېكىنمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسھابىدىن سورايتتى:

«ئىچىڭلاردىن كىم بېرىپ، كەبىدە مۇشرىكلارغا قۇرئان ئوقۇيدۇ؟»

بۇ تەكلىپكە چىن كۆڭلىدىن «مەن يا رەسۇلەللاھ!» دېگەن ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد كەبىدە مۇشرىكلارغا قۇرئان ئوقىدى. نەتىجىدە مۇشرىكلار تەرىپىدىن پاجىئەلىك ھالدا ئۇرۇلدى.

بىر تۇققانلىرى:

- بىز ئەسلىدىلا بۇ ئاقىۋەتكە قېلىشىڭدىن ئەنسىرەيتتۇق - دېيىشتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد:

- مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇلاردىن پەس ۋە ئاجىز ئەھۋالدا بولغان ھېچكىم يوق! خالىساڭلار مەن ئەتە يەنە بېرىپ، ئۇلارغا قۇرئاننى ئوقۇيمەن! - دېدى.

بىر تۇققانلىرى:

- ياق! ئۇلارغا خالىمايدىغان نەرسىنى ئوقۇدۇڭ. ساڭا مۇشۇنچىلىكى يېتەر! - دېيىشتى. (ئىبنى ھشام، 1-جىلد، 336-337)

ئەبۇ جەھىل قاچان بىر باي ۋە كۈچلۈك بىرسىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلىسا، شۇ ھامان يېنىغا بېرىپ:

«سەن داداڭنىڭ دىنىنى تاشلىدىڭ ـ ھە! ھالبۇكى، ئۇ سەندىن ياخشى ئىدى. دېمەك، سەن ئۇنىڭ پىكرىنى ھېچنىمىگە ئەرزىمەس قاتارىدا ساندىڭ، شەرىپىنى چۈشۈردۈڭ، شۇنداقمۇ؟! قەسەم قىلىمەنكى، بىزمۇ سېنىڭ كۆز قاراشلىرىڭغا ھۆرمەت قىلمايمىز ۋە ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئېتىبارىنى يوق قىلىمىز» دېيىش بىلەن تەھدىت سالاتتى.

ئەگەر مۇسۇلمان بولغان كىشى تىجارەتچى بولسا، ئۇنىڭغا:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ تىجارىتىڭنى كاساتلاشتۇرىمىز، بايلىقىڭنى يوقۇتىمىز» دەيتتى.

مۇسۇلمان بولغان كىشى ئاجىز ۋە كەمبەغەل كىشى بولسا، ئۇنى ئۇرۇپ، ھەرخىل سۆزلەر بىلەن ئالداشقا ۋە ئىسلامدىن قايتۇرۇشقا تىرىشاتتى.

بىر قېتىم ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى مۇشرىكلاردىن دىنلىرىنى تاشلاش ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغان دەرىجىدە ئازاب ـ ئوقۇبەت كۆرەمتى؟» دەپ سورالغان ئىدى.

«شۇنداق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇشرىكلار ئۇلاردىن تۇتىۋالغان بىرسىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئاچ ۋە ئۇسسۇز تاشلاپ قويۇپ، شۇنداق قىيىن ـ قىستاققا ئالاتتىكى، تاياقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئولتۇرالماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپ:

ـ ئاللاھتىن باشقا لات ۋە ئۇززامۇ ئىلاھمۇ؟ ـ دەپ سورايتتى.

ئۇمۇ:

شۇنداق! ـ دەيتتى.

ھەتتا يانلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قوڭغۇزنى كۆرسىتىپ:

ـ بۇ قوڭغۇزمۇ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھمۇ؟ ـ دەپ سورايتتى. ئۇمۇ قىيىن ـ قىستاقتىن قوتۇلۇش ئۈچۈن:

ـ شۇنداق! ـ دەيتتى.

ھوشىغا كېلىپ ئەقلى بېشىغا كەلگەندە، تەۋھىدكە قايتاتتى» دېدى.
(ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 339 ـ 343 ـ بەتلەر، ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 233 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 108 ـ بەت)

بۇ زۇلۇم سەھنىلىرىنى نەقىل قىلغان ـ قىلمىغانلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە تەپەككۇر قىلىپ، «ئىسلام» نېمىتىنىڭ مىڭلارچە ئىنساننىڭ قاتتىق ئەزىيەتكە ئۇچرىشى سايىسىدا يېتىپ كەلگەنلىكى، بۇ يولدا ئەسلا چېكىنىلمىگەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھتائالا خالىسا ئىدى، ئىسلامنىڭ كېڭىيىپ تارقىلىشىنى قولايلاشتۇراتتى ۋە بۇ يولدا مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر مۇشەققەت چەككۈزمەيتتى. لېكىن بۇنداق بولغاندا، بۇ يولغا باش قويغانلارنىڭ سەممىيىتى ئوتتۇرىغا چىقمايتتى. بۇ يولدىكى مۇستەھكەملىكى، غەيرىتى، چىدامچانلىقى ۋە پىداكارلىقى نامايەن بولمايتتى. ئۇنداق بولغاندا، مۇئمىن بىلەن مۇناپىق، راستچىل بىلەن يالغانچى بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىلمەيتتى.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

الم، أَحَسِبَ النَّاسُ أَنْ يُتْرَكُوا أَنْ يَقُولُوا آمَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ، وَلَقَدْ فَتَنَّا الَّذِينَ مِنْ قَبْلِهِمْ فَلَيَعْلَمَنَّ اللَّهُ الَّذِينَ صَدَقُوا وَلَيَعْلَمَنَّ الْكَاذِبِينَ

**«ئەلىف لام مىم، ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق. ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ. (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.»** (ئەنكەبۇت سۈرىسى، 1 ـ 3 ـ ئايەت)

أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَعْلَمِ اللَّهُ الَّذِينَ جَاهَدُوا مِنْكُمْ وَيَعْلَمَ الصَّابِرِينَ

**«(ئى مۇئمىنلەر جامائەسى!) ئاللاھ سىلەردىن (ھەقىقى) جىھاد قىلغانلارنى ۋە (جىھادنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغۇچىلارنى**

**بىلمەي (يەنى ئايرىماي تۇرۇپ) (پەقەت ئاغزىڭلاردا ئىمان ئېيتتۇق دېيىش بىلەنلا) جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 42-ئايەت)

أَمْ حَسِبْتُمْ أَنْ تَدْخُلُوا الْجَنَّةَ وَلَمَّا يَأْتِكُمْ مَثَلُ الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلِكُمْ مَسَّتْهُمُ الْبَأْسَاءُ وَالضَّرَّاءُ وَزُلْزِلُوا حَتَّى يَقُولَ الرَّسُولُ وَالَّذِينَ آمَنُوا مَعَهُ مَتَى نَصْرُ اللَّهِ أَلَا إِنَّ نَصْرَ اللَّهِ قَرِيبٌ

**«سىلەر تېخى ئىلگىرىكىلەر ئۇچرىغان كۆلپەتلەرگە ئۇچرىماي تۇرۇپ، جەننەتكە كىرىشنى ئويلامسىلەر؟ سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن (مۆئمىن)لەر ئېغىرچىلىقلارغا كۆلپەتلەرگە ئۇچرىغان ۋە چۆچۈتۈۋېتىلگەن ئىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر: «ئاللاھنىڭ (بىزگە ۋەدە قىلغان) ياردىمى قاچان كېلىدۇ دېگەن ئىدى. بىلىڭلاركى ئاللاھنىڭ ياردىمى ھەقىقەتەن يېقىندۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 214-ئايەت)

تەۋھىد كۈرىشى يولىدا ھەر خىل ئىمتىھانلارغا ئۇچراش ئاللاھنىڭ زېمىندىكى قانۇنىيىتىدۇر. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە سادىق بەندىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشەققەت چەككەن، ھەتتا بىر قىسمى شېھىد قىلىنغان. بۇ سەۋەبتىن بىر مۇسۇلماننىڭ مۇشەققەت ۋە زورلۇقلارغا ئۇچرىغاندا ئۈمىدسىزلىنىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەكسىچە، مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا مۇسىبەتلەرگە قانچىلىك كۆپ بەرداشلىق بەرسە، ئاللاھنىڭ رىزاسىغا شۇنچىلىك تىز ئېرىشىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

### مۇسۇلمانلارغا سەۋر ۋە مۇستەھكەملىك ئاتا قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭغا قىلىنغان سەلبىي مۇئامىلىلەر، ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى. ھىدايىتى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقسىزلىقى كۆڭلىنى غەمكىن قىلاتتى. بەزەندە شۇنداق زور بىر ۋاقىتلار بولاتتىكى، مۇتلەق بىر تەسەللىگە ئېھتىياجى بولاتتى. ئۇنىڭ تەسەللىسى رەببىدىن كەلدى.

ئاللاھتائالا پەيغەمبىرىنىڭ غەمكىن بولۇشىنى خالىمىدى. قۇرئان بىلەن مەنىۋى جەھەتتىن كۆچلەندۈردى.

إِنَّ فَضْلَهُ كَانَ عَلَيْكَ كَبِيرًا

**«ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ساڭا ھەقىقەتەن چوڭ بولدى.»** (ئىسرا سۈرىسى، 87-ئايەت)

جانابى ئاللاھ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىگە بۇ شەكىلدە تەسەللى بېرىپ، سەۋرى قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ:

وَمَنْ كَفَرَ فَلَا يَحْزُنْكَ كُفْرُهُ إِلَيْنَا مَرْجِعُهُمْ فَنُنَبِّئُهُمْ بِمَا عَمِلُوا إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ، نُمَتِّعُهُمْ قَلِيلًا ثُمَّ نَضْطَرُّهُمْ إِلَى عَذَابٍ غَلِيظٍ

**«كىمكى كاپىر بولىدىكەن، ئۇنىڭ كۇفرى سېنى قايغۇغا سالمىسۇن. ئۇلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىدۇ. ئۇلارغا (دۇنيادىكى) قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلارنى (دۇنيادىن) ئازغىنا (مۇددەت) بەھرىمەن قىلىمىز. ئاندىن ئۇلارنى قاتتىق ئازابنى (تېتىشقا) مەجبۇرلايمىز.»** (لوقمان سۈرىسى 23-24-ئايەت)

وَلَا تَحْزَنْ عَلَيْهِمْ وَلَا تَكُنْ فِي ضَيْقٍ مِمَّا يَمْكُرُونَ

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن ئىچىڭ پۇشمىسۇن (ئاللاھ سېنى ئۇلارنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ)»** (نەمل سۈرىسى، 70-ئايەت)

فَاصْبِرْ عَلَى مَا يَقُولُونَ وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ

**«(ئى مۇھەممەد!) كاپىرلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ۋە كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن. ھەمدى ئېيتقىن.»** دېگەن. (قاف سۈرىسى، 39-ئايەت)

بۇ ئايەتلەر بىلەن ئىرادىسى كۈچلەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ساھابىلىرىنىڭ ئازابىنى پەسلىتىپ، كۆڭۈل يارىلىرىنى تاڭاتتى.

خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ سايىسىدا تۇرغاندا، يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇشرىكلاردىن كۆرگەن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى شىكايەت قىلدۇق.

ئۇ، بىزگە مۇنداق دېدى:

«سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەر ئارىسىدا، تۇتۇلۇپ بىر ئازگالغا ئېتىلغان، كېيىن ھەرە بىلەن بېشىدىن پۇتىغىچە پارچىگە ئىككى پارچىگە بۆلۈنگەن، تۆمۈر تاغاقلار بىلەن گۆشلىرى تارالغان ۋە شۇنداقتىمۇ دىنىدىن قايتمىغان مۇئمىنلەر بولغان. ئاللاھتائالا بۇ دىننى تاماملايدۇ، ھاكىم قىلىدۇ. شۇ دەرىجىدىكى، بىر كىشى ئاللاھتىن ۋە قويلىرىغا بۆرە ھۇجۇم قىلىش ئەندىشىسىدىن باشقا قورقۇنچ ھېس قىلماي، سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە بېرىپ كېلىدۇ. ئەمما سىلەر سەۋر قىلالمايۋاتىسىلەر!». (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 29)

بۇنىڭ كەينىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى:

لَا يَغُرَّنَّكَ تَقَلُّبُ الَّذِينَ كَفَرُوا فِي الْبِلَادِ، مَتَاعٌ قَلِيلٌ ثُمَّ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَبِئْسَ الْمِهَادُ، لَكِنِ الَّذِينَ اتَّقَوْا رَبَّهُمْ لَهُمْ جَنَّاتٌ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا نُزُلًا مِنْ عِنْدِ اللَّهِ وَمَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ لِلْأَبْرَارِ

**«كافىرلارنىڭ (پۇل-مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈزىسىدىن) شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشلىرى سېنى ئالدىمىسۇن. بۇ ئازغىنا بەھرىمەن بولۇشتۇر. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ جايى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ نېمىدېگەن يامان تۆشەك! پەرۋەردىگارىغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپ ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان كۈتۈۋېلىشتۇر. ئاللاھنىڭ**

**دەرگاھىدىكى نەرسىلەر (يەنى مۇكاپات ۋە ھۆرمەت) ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن (كۇففارلار بەھرىمەن بولغان باقاسى يوق ئازغىنا راھەتتىن) ئارتۇقتۇر.»** (ئال ئىمران سۈرىسى، 196 ـ 198 ـ ئايەتلەر)

مۇشرىكلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى ئاشقانسىرى، بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇئمىن قەلبلەرنى كۈچەيتەتتى. بىر قاراشتىن ئەلەم ۋە ئىزتىراپلار بەندىلەرنى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدىغان تەسىرلەر بولۇش بىلەن بىرگە مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئىلاھىي تارازا ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانغا چۈشكەن ۋەزىپە قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنغان:

فاصْبِرْ لِحُكْمِ رَبِّكَ وَلَا تُطِعْ مِنْهُمْ آثِمًا أَوْ كَفُورًا، وَاذْكُرِ اسْمَ رَبِّكَ بُكْرَةً وَأَصِيلًا، وَمِنَ اللَّيْلِ فَاسْجُدْ لَهُ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا

**«سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلغىن. سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر گۇناھكارغا ياكى كۇفرىلىق قىلغۇچىغا بويسۇنمىغىن. ئەتىگەن ـ ئاخشامدا پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد قىلغىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭغا كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلغىن). كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل. كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت.»** (ئىنسان سۈرىسى، 24 ـ 26 ـ ئايەت)

بۇ ئەمىرلەرگە رىئايە قىلغان مۇئمىنىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەملىككە ئېرىشىدىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەمدى ئازاب ۋە سەۋرنىڭ ئەلەملىرىگە كۆكسىنى كېرىپ چىقالايدىغان بىر كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقى مۇھەققەقتۇر. بولۇپمۇ كېچىسى ئوقۇلغان تەھەججۇد نامىزى بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇپ روھقا شۇنداق پەۋقۇلئاددە بىر قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇكى، ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى ئىمان بىلەن كۈچلەنگەن ئىدى. ھەقىقەتەن، جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

إِنَّ نَاشِئَةَ اللَّيْلِ هِيَ أَشَدُّ وَطْئًا وَأَقْوَمُ قِيلًا

**«شۈبھىسىزكى، كېچىنىڭ قىيامى (يەنى كېچىدە كىشىنىڭ ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ تۇرۇشى) ئەڭ مۇۋاپىقتۇر (تىنچ بولغانلىقى ئۈچۈن) كېچىنىڭ قىرائىتى ئەڭ توغرا بولىدۇ.»** (مۇزەممىل سۈرىسى، 6 ـ ئايەت)

تەھەججۇد ئەمرى بىۋاستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەخسۇس بولسىمۇ ئۈممەتنىگە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە، ئارزۇلىرىغا ھاۋالە قىلىنغان بىر تەكلىپتۇر. ئۇ پەرز ئىبادەتلەرنىڭ سىرتىدا بولۇپ، روھانىيەتنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشكە سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن تەقۋادار كىشىلەرگە تەۋسىيە قىلىنغان.

مۇئمىنلەرگە ھەر تەرەپتىن سائادەت يوللىرىنى كۆرسەتكەن جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە يەنە مۇنداق دېگەن:

وَقُلْ جَاءَ الْحَقُّ وَزَهَقَ الْبَاطِلُ إِنَّ الْبَاطِلَ كَانَ زَهُوقًا

**«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى. باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئوڭاي يوقىلىدۇ»»** (ئىسرا سۈرىسى، 81 ـ ئايەت)

ھەقنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئۇنى ئۇلۇغلاشقا تەييارلانغان كىشىلەر بۇ جەھەتتە قولىدىن كەلگىنىنى قىلىشقا مەسئۇلدۇر. چۈنكى ئىنسان قۇللۇق ئىمتىھانى بىلەن ھاياتتا نۇرغۇن زورلۇق ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. ھاياتتا بەدەل تۆلىمەي، نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەستۇر. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنىڭ پەيغەمبەرلەر ئۈچۈنمۇ يۈز بەرگەنلىكىنى قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

حَتَّى إِذَا اسْتَيْئَسَ الرُّسُلُ وَظَنُّوا أَنَّهُمْ قَدْ كُذِبُوا جَاءَهُمْ نَصْرُنَا فَنُجِّيَ مَنْ نَشَاءُ وَلَا يُرَدُّ بَأْسُنَا عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِينَ

**«ھەتتا پەيغەمبەرلەر (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن) ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە (قەۋمى تەرىپىدىن يالغانغا چىقىرىلغانلىقىغا جەزىم قىلغان چاغدا ئۇلارغا بىزنىڭ ياردىمىمىز يېتىپ كەلدى. بىز خالىغان ئادەملەرنى**

**قۇتقۇزدۇق. بىزنىڭ ئازابىمىز گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ.»** (يۇسۇف سۈرىسى، 110-ئايەت)

بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭۈللىرى قانچىلىك خۇشاللىنىپ، غەيرەتلىرى كۈچەيسە، مۇشرىكلارنىڭ ئۆچمەنلىكى شۇنچىلىك ئاشكارىلىناتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئەزىيەتلىرىدىن ۋاز كېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەركۈنى يېڭى بىر جازا، قىيىن-قىستاققا ئېلىش ئۇسۇللىرىنى تېپىشاتتى. مۇئمىنلەرنىڭ تارتىۋاتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرى تۈگەش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، چىدىغۇسىز بىر ھالغا كېلىۋاتاتتى.

بۇ ئىش شۇ دەرىجىگە باردىكى، مۇشرىكلار ئەمدى ۋەھيىنىڭ مەنبەسىنى قۇرۇتۇشقا ئوخشاش رەزىل پىكىرنى ئويلاشقا ئۈلگۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەۋرنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە، جانابى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنايىتى ۋە مۇھاپىزىتىگە سېغىناتتى. ئەمما ئىلاھىي ۋەدە تېخى رىئاللىققا چىقمىغانىدى.

رەسۇلىنىڭ قەلبىدىكى بۇ ئىزتىراپقا تولغان پىكىرلەر بىلەن يىقىلماسلىقىنى خالىغان رەببى ئۇنى مۇنداق ئاگاھلاندۇردى:

فَلَا تَحْسَبَنَّ اللَّهَ مُخْلِفَ وَعْدِهِ رُسُلَهُ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ ذُو انْتِقَامٍ

**«ئاللاھنى پەيغەمبەرلىرىگە قىلغان ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (دوستلىرى ئۈچۈن دۈشمەنلىرىدىن) ئىنتىقام ئالغۇچىدۇر.»** (ئىبراھىم سۈرىسى، 47-ئايەت)

فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُولُو الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ وَلَا تَسْتَعْجِلْ لَهُمْ كَأَنَّهُمْ يَوْمَ يَرَوْنَ مَا يُوعَدُونَ لَمْ يَلْبَثُوا إِلَّا سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ بَلَاغٌ فَهَلْ يُهْلَكُ إِلَّا الْقَوْمُ الْفَاسِقُونَ

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن. ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن. ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان**

**ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىردەملا تۇرغاندەك هېس قىلىدۇ (بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر. پەقەت پاسىق قەۋملا هالاك قىلىنىدۇ.»** (ئەھقاف سۈرىسى، 35 ـ ئايەت)

## پەيغەمبەرلىكنىڭ بەشىنچى يىلى

### ھەبەشىستانغا ھىجرەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ ئۈزلۈكسىز قىلغان ئەزىيەتلىرى تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلارنى ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. چۈنكى ئۇلار دىننى ۋەزىپىلىرىنى ئەركىنلىك بىلەن قىلالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىننى تارقىتىشمۇ ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ساھابىلەر قەيەرگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ھەبەشىستانغا! چۈنكى ئۇ يەردە، خەلقىگە زۇلۇم قىلمايدىغان بىر پادىشاھ بار. ئۇ يەر توغرا ئىش قىلىدىغان دۆلەتتۇر. ئاللاھتائالا سىلەرگە بۇ قىيىنچىلىقلاردىن بىر قۇتۇلۇش يولى ئاتا قىلغىچە ئۇ يەردە قېلىڭلار!» دېدى. (ئىبنى ھىشام، 1ـ جىلد، 343ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 203ـ 204ـ بەت)

بۇ تۇنجى ھىجرەت مەككە دەۋرىنىڭ 5ـ يىلىنىڭ رەجەب ئېيىدا قىلىندى. بىرىنچى قېتىملىق كارۋان ئون ئىككى ئەر، بەش ئايال، جەمئى 17 كىشىدىن تەركىپ تاپتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئايالى ھەزرىتى رۇقىييە، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، ئەبۇ سەلەمە، ئۇممۇ سەلەمە، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىق ئالدىنقى قاتاردىكى ساھابىلەرمۇ بار ئىدى.

مەككىدىن مەخپىي ئايرىلغان مۇھاجىرلار شۇئەيبە ساھىلىغا كەلگەندە، ئاللاھتائالانىڭ لۇتفى بىلەن ئىككى تىجارەت كېمىسى كەلدى. مۇھاجىرلار ئۇلار بىلەن يېرىم ئالتۇنغا دېڭىزنى بېسىپ ھەبەشىستانغا ئۆتتى. قۇرەيش مۇھاجىرلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئارقىلىرىغا چۈشكەن بولسىمۇ بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدى. ساھىلغا يېتىپ بارغانلىرىدا، كېمىلەر ئاللىبۇرۇن دېڭىزغا كىرىپ بولغان ئىدى. (ئىبنى سائاد: 1ـ جىلد، 204ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەبەشستانغا ھجرەت قلغان ھەزرتى ئۇسمان ۋە قزى رۇقىييەدىن بىر مۇددەت خەۋەر ئالالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سرتقا چقىپ، ئۇ تەرەپتىن كەلگەنلەردىن ئالللىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. قۇرەيشتىن بىر ئايال ھەبەش دىيارىدىن كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قىزى ۋە كۈيئوغلىنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

ئۇ:

- ئى ئەبۇل قاسىم، مەن ئۇلارنى كۆردۈم - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- قانداقكەن، ياخشىمىكەن؟ - دەپ سورىدى.

ئايال:

- ئۇسمان رۇقىييەنى بىر ئۇلاققا مىندۈرۈپ، ئۆزى ئارقىسىدىن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى - دېدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«ئاللاھ يار-يۆلەكتە بولسۇن! شۈبھىسىزكى، ئۇسمان ئىبنى ئەففان لۇت ئەلەيھسسالامدىن كېيىن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە ئاللاھ ئۈچۈن ھجرەت قىلغان تۇنجى ئىنسان بولدى» دېدى. (ئەلى ئەلمۇتتەقى: 13-جىلد، 63/36259.)

تۇنجى مۇھاجىرلار ھەبەشستاندا ئۈچ ئاي قالدى. چۈنكى مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭمۇ ئىمان ئېيتقانلىرىغا دائىر بىر خەۋەر تارقالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ھجرەت كارۋىنى كەينىگە قايتتى. 33 ئەر، 6 ئايالدىن تەشكىللەنگەن 39 كىشىلىك بىر كارۋان، پەيغەمبەرلىكنىڭ بەشىنچى يىلىنىڭ شەۋۋال ئېيىدا ھەبەشستاندىن يولغا چىقتى. مەككىگە يېقىنلاشقاندا، مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا دائىر خەۋەرنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. قايتا ھەبەشستانغا قايتىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ھىمايىسىز ھالدا مەككىگە كىرىشتىنمۇ قورقتى. لېكىن مۇشرىك ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ياكى مەخپىي ھالدا مەككىگە كىردى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 3-دىن 8-بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 206- بەت؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 33-بەت)


خەيبەر
يەنبۇ
(يەسرىب)
مەدىنە مۇنەۋۋەر
رابىغ
مەككە مۇكەررەمە
جىددە
شۇئەيبە پورتى
تائىف
قىزىل دېڭىز
نەجران
مەرىب
سانا
يەمەن
بابۇل مەندەب
ئاقسۇم
ھەبەشستان
ئادەن
ئادەن قولتۇغى

## غەرانىق مەسىلىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى نازىل بولغان «سۈرە نەجم»نى ھەرەمدە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى. سۈرىنىڭ ئاخىرىدا سەجدە ئايىتىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھقا سەجدە قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇئمىن، مۇشرىك، ئىنسى-جىن ھەممىسى سەجدىگە باردى. (بۇخارى، تەپسىر، 53/4)

مۇشرىكلار سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇتلارنىڭ ئىسىملىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھقا ئەمەس، ئۆزىنىڭ بۇتلىرىغا سەجدە قىلغان ئىدى.

بۇ كېيىن ئويدۇرۇلغان ۋە غەرانىق مەسىلىسى دەپ ئوتتۇرىغا چىققان سەپسەتىگە ئاساس قىلىنىشى پىلانلانغان ھادىسەدۇر.

مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىڭ سەۋەبى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلارغا ئائىت بولغان شۇ ئىككى سەجدىنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا قىلىنىشى ئىدى.

ئىشنىڭ ئەسلى مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەرانىق مەسىلىسى دېيىلگەن بىر ئويدۇرما ئوتتۇرىغا چىقتى. گوياكى شەيتان ئايەتلەرنىڭ ئارىسىغا «بۇتلارنىڭ شاپائىتىنىڭمۇ ئۈمىد قىلىنىدىغانلىقى» مەنىسىدە بىر قىستۇرما قىستۇرغاندەك، مۇشرىكلارمۇ بۇنىڭغا مەمنۇن بولۇپ سەجدىگە بارغان، ئەمما خاتالىق كېيىن ئاشكارىلانغان!

بۇ قىسسىدە بەزى شەرقشۇناسلارغا ئوخشاش ئىسلام دۈشمەنلىكىنى كۆتكەن بىرمۇنچە كىشىلەر ھەققەت دەپ ۋەھىمە قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە ئەڭ بۈيۈك تەپسىر، ھەدىس، تەرجىمھال ۋە ئىسلام تارىخى ئالىملىرى مەيلى رىۋايەت تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى بۇ دەۋانىڭ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرەپتىن بولسۇن، بۇ ئويدۇرۇلغان ھادىسىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، كەسكىن يالغانغا چىقارغان.

ئەڭ ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ۋەھيىنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىش ۋەزىپىسىدە غەپلەت ۋە خاتالىشىشتىن قوغدالغان. شەيتاننىڭ

پەيغەمبەرلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىلىرىگە ئارىلىششى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئاللاھتائالا شەيتاننىڭ مۇئمىن بەندىلەرنى ئازدۇرۇش كۈچىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان يەردە[183]، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبلىغىگە ئارىلىشالىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىسالىتىدە ھەرتۈرلۈك غەپلەت، گۇناھ ۋە خاتادىن خالى بولغانلىقىغا ئوخشاش، ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇرئانى ـ كەرىممۇ ئىلاھىي مۇھاپىزەت ئاستىدا.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

لَايَأْتِيهِ الْبَاطِلُ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَلَا مِنْ خَلْفِهِ تَنْزِيلٌ مِنْ حَكِيمٍ حَمِيدٍ

**«ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ. ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى، 42 ـ ئايەت)

إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُونَ

**«قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.»** (ھىجىر سۈرىسى، 9 ـ ئايەت)

غەرانىق مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان رىۋايەت سەنەد تەرەپتىن رەت قىلىنغان. ئىبنى خۇزەيمە بۇ قىسسىگە قارىتا:

«غەرانىق قىسسىسى زىندىقلارنىڭ يالغانچىلىقىدىن بىرسىدۇر» دېگەن.

سەھىھ ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان ھېچبىر كىتابنىڭ بۇنى نەقىل قىلماسلىقى، ھېچبىر ئىشەنچلىك رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ بۇنى سەھىھ ۋە مۇتتەسىل (رىۋايەت قىلغۇچىلار ئارىسى ئۈزۈلمەستىن كەلگەن رىۋايەت

183. ئەلھىجىر، 42 ـ ئايەتكە قاراڭ.

) سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلمىغانلىقى ئۇنىڭ چىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىكتۇر.

غەرانىق مەسىلىسى ئەقىلگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى غەرانىقتا بىر شېرىك دەۋاسى بار. ھالبۇكى، ئىسلام دىنى تۇنجى باشلىنىشتىن تارتىپ كەلىمە تەۋھىدنى تەبلىغ قىلغان. ئىسلامنىڭ ئاساسى بولغان تەۋھىد ئېتىقادىنىڭ ئالدىدا بۇ تۈردىكى دەۋالارنىڭ ھېچبىر ماقۇل كۆرىلىدىغان تەرىپى يوقتۇر. مەزكۇر «سۈرە نەجم»دە باشتىن ئاخىرىغا قەدەر شېرىك چەكلەنگەن، بۇتلارنىڭ قۇرۇق ئىسىملاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى، مۇشرىكلارنىڭ پەقەت گۇمان ۋە ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇنداق بىر سۈرىنىڭ ئىچىگە مۇشرىكلارنىڭ ئۇنى توغرا دەپ سەجدە قىلىدىغان بىر سۆزنىڭ ئارىلاشتۇرۇلىشى، ھەتتا ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا، بۇنىڭ مۇشرىكلارنى قايىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. يەنە كېلىپ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ھاقارەتلىگەن بۇ قەدەر ئايەت ئارىسىدا شەيتاننىڭ ئۇلارغا ئىلھام قىلغان ئىككى جۈملىسى بىلەن يۇمشاپ سەجدىگە بېرىشىمۇ ئەقىلغا ئۇيغۇن ئەمەستۇر.

بۇ بوھتانغا ئەڭ گۈزەل جاۋاب بىۋاستە بۇ سۈرىنىڭ بېشىدا بېرىلگەن:

ما ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى، وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى، إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى

**«سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەفسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.»**

(نەجم سۈرىسى، 2-4-ئايەت)

بۇ مەسىلىنىڭ ئىسلامغا قارشى غەرەزلىك بىر دۈشمەنلىك سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى. 13 يىللىق مەككە دەۋرى شېرىكنى يوقۇتۇش ۋە كۆڭۈللەردىكى تەۋھىد ئېتىقادىنى

كۆچلەندۈرۈش كۈرىشى بىلەن ئۆتتى. چۈنكى تەۋھىد ئېتىقادى ئاللاھقا ھەرقانداق بىر نەرسىنى شېرىك قىلىشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.

## ئىككىنچى قېتىملىق ھەبەشىستانغا ھىجرەت

مەككە مۇشرىكلىرى مۇھاجىرلارنىڭ ھەبەشىستاندا ياخشى كۈتىۋېلىنغانلىقىنى بىلىشكەندە، بۇنىڭدىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈپ، مۇسۇلمانلارغا قىلىۋاتقان قىيىن ـ قىستاقلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ھىمايىسىدە خاتىرجەم ياشاۋاتقان ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرىنىڭ چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاقلارغا قالغانلىقى، بەزىلەرنىڭ ئوت بىلەن داغلانغانلىقى، قامچا بىلەن ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن ئويلىنىشقا باشلىدى:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىم ۋە ئائىلىلىرىنىڭ ئاللاھ يولىدا تارتقان ئازابلارنى مېنىڭ تارتمىغانلىقىم، بىر مۇشرىكنىڭ ھىمايىسىدە خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشىشىم بۈيۈك نۇقسانلىقتۇر! ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ناھايىتى شەرەپلىكتۇر!» دەپ ئويلاپ، ھامىيسى ۋەلىدنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئى تاغامنىڭ ئوغلى! سەن مېنى ھىمايەڭگە ئالدىڭ! ياخشى ھىمايە قىلدىڭ ۋە ۋەدەڭنى ئورۇنلىدىڭ! ئەمدى سېنىڭ ھىمايەڭدىن چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەتمەكچىمەن. ئۇ ۋە ساھابىلىرى مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكتۇر. مېنى قۇرەيشنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، ئۈستۈڭدىكى ھىمايەڭدىن ۋاز كەچكەنلىكىڭنى ئېيتقىن!» دېدى. (ئىبنى ئىسھاق: 158 ـ بەت؛ ھەيسەمى: 6 ـ جىلد، 34 ـ بەت)

مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇم ۋە قىيىن ـ قىستاقلىرىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن، مۇسۇلمانلار شۇ يىلى ئىككىنچى قېتىم ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىم 90 كىشى بولۇپ، 77 ئەر، 13 ئايال ئىدى.

ئۆلارنىڭ بېشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاكىسى جەپەرى[184] تەييار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى.

لەيلا خاتۇن مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۆمەر بىزگە بەك ئاچچىقلىناتتى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مەن تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئىدىم. ئۇ كېلىپ:

- ئى ئۇممۇ ئابدۇللاھ، نەگە بارىسىز؟ - دەپ سورىدى.

- دىنىمىز سەۋەبتىن بىزگە ئەزىيەت قىلدىڭلار، بىزمۇ ئازاب-ئوقۇبەت كۆرمەيدىغان بىر يەرگە كېتىۋاتىمىز - دېدىم.

- ئاللاھ سىز بىلەن بىللە بولسۇن! - دېدى.

ئېرىم ئامىر كەلگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يۇمشاقلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ:

184. جەپەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىدۇر. ھەزرىتى جەپەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئىسلامنى تارقىتىشقا باشلاشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولدى. ئايالى ئەسما بىنتى ئۇمەيس بىلەن بىرلىكتە ئىككىنچى ھەبەشىستان ھىجرىتىگە قاتناشتى. (ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 34-بەت) جەپەر ئىبنى ئەبى تالىب ۋە ھەمراھلىرى ھىجرەتنىڭ 7-يىلىدا ھەبەشىستاندىن مەدىنىگە قايتتى. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر غازىتىدا ئىدى. خەيبەر غەنىمەتلىرىدىن ھەبەشىستاندىن كەلگەنلەرگىمۇ بىر ئۈلۈش بېرىلدى.(بۇخارى: «مەغازى»، 38) ھەزرىتى جەپەر ھىجرەتنىڭ 8-يىلىدا بولغان مۇئتە جېڭىگە قاتناشتى ۋە شۇ يەردە شېھىت بولدى. ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: "جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېھىدلەر ئارىسىدا تاپتۇق. بەدىنىدە 90 دىن كۆپ نەيزە، ئوق ۋە قىلىچ يارىسى كۆردۇق" (بۇخارى: «مەغازى»، 44) جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا ئىككى قولىنىڭ كېسىلىشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جەننەتتە ئىككى قانات ئاتا قىلىنغانلىقىنى ئېيتىپ: «جەپەرنى جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن ئۇچۇۋاتقان ھالدا كۆردۇم» دېگەن. (تىرمىزى: «مەناقىب»، 29\3763) شۇنىڭدىن كېيىن جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇبالىغە سۆزى بىلەن" تەييار" يەنى ئۇچقۇچى دېگەن لەقەم بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولغان.

ـ بەلكى سەن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئۇلىقى مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مۇسۇلمان بولمايدۇ ـ دېدى.

ئۆمەر قاتتىق تاش يۈرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئىدى. (ھەيسەمى: 6 ـ جىلد، 23 ـ 24 ـ بەتلەر.)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«بىز ھەبەشىستانغا ئاياق باسقىنىمىزدىن باشلاپ، نەجاشىدىن كۆپلىگەن ئىكرام ۋە ئىلتىپات كۆردۇق. بىزنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلدى. ھۇزۇر ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە ئاللاھتائالاغا ئىبادەت قىلدۇق». (ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 201 ـ 202 ـ بەتلەر)

ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىدىن ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئۇ كۈنلەرگە ئائىت شۇ خاتىرىسى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نەقەدەر چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ:

«نەجاشىنىڭ ئەبرەھە ئىسىملىك بىر دېدىكى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نىكاھىم ھەبەشىستاندا ئوقۇلۇپ، مەدىنىگە كېلىشكە تەييارلىنىۋاتقىنىمدا، ماڭا:

«سېنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالامىمنى يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا دىنىغا كىرگەنلىكىمنى بىلدۈرۈشۈڭ» دېدى.

ئەبرەھە ماڭا مۇلايىم مۇئامىلە قىلىپ، پۈتۈن يول ھازىرلىقىمنى تەييارلىدى. ھەر قېتىم يېنىمغا كەلگىنىدە:

«ئۈمىدىمنى ئۇنۇتما! رەسۇلۇللاھقا چوقۇم سالامىمنى ئېيتقىن!» دەيتتى.

مەدىنىدە رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپلا نىكاھ ئىشلىرى بىلەن ئەبرەھەنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى ئېيتىپ، سالامىنى يەتكۈزدۈم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ۋەئەلەيھاسسالام ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ» : «ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن» دەپ سالامنى قوبۇل قىلدى.
(ئىبنى سائاد، 8 ـ جىلد، 89)

# پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالتىنچى يىلى

## قۇرەيشنىڭ نەجاشىدىن مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشى

بىرىنچى قېتىملىق ھەبەشىستان ھىجرىتىگە پەرۋا قىلمىغان قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇ يەردە مۇھاجىرلارغا كۆرسىتىلگەن ياخشى مۇئامىلىدىن خەۋەردار بولۇشى بىلەن جىددىيلەشتى. ئىسلامنىڭ ئەتراپقا تارقىلىشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن مۇشرىكلار، ھەبەش ھۆكۈمدارىدىن مۇسۇلمانلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئە بىلەن ئەمر ئىبنى ئاسنى ھەر خىل ھەدىيەلەر نەجاشىغا ئەۋەتتى.

ئەبۇ تالىب قۇرەيشنىڭ نەجاشىغا ئەلچى ۋە ھەدىيەلەر ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مۇھاجىرلارنى مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە-مىكرىسىدىن قوغداش ئۈچۈن نەجاشىغا خىتابەن ئۇنى مەدھىيىلىگەن بىر قەسىدە يېزىپ ئەۋەتتى.
(ئىبنى ھىشام، 1-جىلد، 356)

ئەمر ۋە ھەمراھى نەجاشى بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، قوماندانلىرىغا ھەر خىل ھەدىيەلەرنى بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئۆز تەرەپتارى قىلدى. مۇشرىك ھەيئەت نەجاشىغا ھەدىيەلىرىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

«ئەي ھۆكۈمدار! بىزدىن بىر بۆلۈك ئەقىلسىز ياشلار سېنىڭ دىيارىڭغا كېلىپ، ئىلتىجا قىلدى. ئۇلار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىني تاشلىغاندەك سېنىڭ دىنىڭغىمۇ كىرمىدى. ئۇلار يېڭى بىر دىن ئىجاد قىلدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشىمىز ئۈچۈن ساڭا ئەۋەتتى. چۈنكى قەۋمى بۇلارنى ھەرقانداق كىشىدىن ياخشى بىلىدۇ، ئەسكىلىكلىرىنى باشقىلاردىن ياخشىراق چۈشىنىدۇ».

ئۇلار نەجاشىنىڭ جەپەر ۋە ھەمراھلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ قېلىشىدىن قورقىشاتتى. بۇ سەۋەبتىن نەجاشىنىڭ مۇھاجىرلارنى ئويلىماستىنلا ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى خالايتتى.

نەجاشىنىڭ قوماندانلىرىمۇ:

«ئالىيلىرى! بۇ ئادەملەر توغرا سۆزلەۋاتىدۇ. قەۋمى ئۇلارنى ياخشى بىلىدۇ. سەن ئۇلارنى بۇ ئادەملەرگە تاپشۇرۇپ بەرگىن ـ دە، مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ كەتسۇن!» دېدى.

نەجاشى غەزەپلىنىپ:

«ئەسلا! مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ، ھەرگىز تاپشۇرۇپ بەرمەيمەن! مېنى باشقىلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ، مەملىكىتىمگە كەلگەن بىر جامائەتكە يامانلىق قىلالمايمەن» دېدى ۋە خەۋەر ئەۋەتىپ مۇھاجىرلارنى يېنىغا چاقىرتتى.

نەجاشى ئۆزىنىڭ دىن ئالىملىرىنىمۇ چاقىرتتى. ئۇلار نەجاشىنىڭ ئەتراپىدا كىتابلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشتى.

مۇھاجىرلار كەلگەندە, نەجاشى ھەر ئىككى تەرەپنى ھوزۇرىدا يۈزلەشتۈردى. تارىخىي بىر ھاياجان سۈردى. مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز قىلغۇچىسى جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

نەجاشى مۇھاجىرلارنىڭ باشلىقى جەپەرى تەييارغا قاراپ:

ـ قۇرەيش ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، سىلەرنىڭ مەككىگە قايتىشىڭلارنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ ـ دېدى.

جەپەر، ھۆكۈمدارغا:

ـ ئەي ھۆكۈمدار! بۇلاردىن سوراڭ، بىزلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانغا بىز بۇلارنىڭ قۇلىمىكەنمىز؟ ـ دېدى.

نەجاشى ئەمر ئىبنى ئاسقا قارىدى. ئۇمۇ جاۋاب بېرىپ:

ـ ياق! ھەممىسى ھۆردۇر!.

سۆزلىشىش مۇنداق داۋام قىلدى:

- بۇلاردىن سوراڭ! بىزلەرنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغانغا بىز قەرزدارمىكەنمىز؟.

- ياق! ھېچقايسىنىڭ ھېچكىمگە قەرزى يوق.

- بۇلاردىن سوراڭ! بىز قاتىلمىكەنمىز؟ ھەتتاكى بىزنى قىساس ئۈچۈن چاقىرىدىغانغا!.

- ياق! بۇنداق بىر ئىستىكىمىزمۇ يوق.

_ ئۇنداقتا بىزنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ؟

شۇ ۋاقىتتا ئەمر مۇنداق دېدى:

- بۇلار ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدىن ئايرىلىشتى. ئىلاھلىرىمىزغا ھاقارەت قىلىپ، ياشلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى بۇزدى. خەلقىمىزنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. پۈتۈن مەككە ئاھالىسى ئىككىگە بۆلۈندى.»

بۇنىڭ بىلەن نەجاشى:

- سىلەر مېنىڭ دىنىمغا ياكى قەۋمىڭلارنىڭ دىنىغا كىرمىگىنىڭلارغا كۆرە، سىلەر قوبۇل قىلغان بۇ دىن قانداق دىن؟ - دەپ سورىدى.

جەپەرى تەييار سۆزنى باشلىدى:

- ئەي ھۆكۈمدار! بىز جاھىل بىر قەۋم ئىدۇق. تاشتىن، ياغاچتىن ياسالغان بۇتلارغا ئىلاھ دەپ چوقۇناتتۇق. ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيتتۇق، قىز باللىرىمىزنى تىرىك كۆمەتتۇق. قىمار ئويناپ، جازانىخورلۇق قىلاتتۇق. زىنانى ۋە بىر ئايالنىڭ بىر قانچە ئەركەك بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان ئېپپەتسىزلىكنى ياقتۇراتتۇق. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىزغا بولغان مەسئۇلىيىتىمىزنى بىلمەيتتۇق. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى ئېزىپ، بايلار كەمبەغەللەرنىڭ جاپا-مۇشەققىتى بەدىلىگە مال-دۇنيا تاپاتتى. ئارىمىزدا ھەق-ناھەق نېمە ئىكەنلىكى بىلىنمەيتتى.

ئاللاھتائالا بىزگە مەرھەممەت قىلدى. بىزنىڭ ئىسلاھىمىزنى ئىرادە قىلدى - دە، ئىچىمىزدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئېسىل بىر نەسەپ ۋە پاك بىر قەبىلىدىن. ئۇنى «ئەلئەمىين» دەپ ئاتايتتۇق. ئۇ بىزنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە چاقىردى، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشنى ئۆگەتتى.

ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇتلىرىدىن قۇتقازدى. پۈتۈن ئەخلاقسىزلىقلاردىن يىراقلاشتۇردى. قان تۆكۈشنى، قىمار ئويناشنى، هاراقنى، جازانىنى، يالغانچىلىقنى، يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى يېۋېلىشنى چەكلىدى. بىزگە داۋاملىق ياخشىلىقتىن تەلىم بەردى. دۇرۇستلۇقنى، سۆزىدە تۇرۇشنى، قوشنا، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى، ئاياللارنىڭ ئىززەت-هۆرمىتىنى، قىز بالىلىرىمىزنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزۇشنى بۇيرىدى. بىزنى ۋەهشىيلىكتىن قۇتقۇزۇپ، مەدەنىيەتكە ئېرىشتۈردى، ياخشى بىر ئىنسان بولىشىمىزنى كۆزلىدى. بىزمۇ ئۇنىڭغا ئىشەندۇق ۋە ئۇنىڭ يولىدا مېڭىۋاتىمىز. بۇ سەۋەبتىن قورەيشنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغىدۇق. هەرخىل قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىدۇق. ئاخىرىدا قىيىن-قىستاق چىدىغۇسىز هالغا كەلگەندە، دىنىمىزدىن قايتىشنى خالىمىغانلىقىمىز ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزدىن رۇخسەت ئېلىپ، هۆكۈمدارلار ئارىسىدا سىزنى تاللىدۇق ۋە دۆلىتىڭىزگە كەلدۇق. يۇرتىڭىزدا زۇلۇمغا ئۇچرىمايدىغانلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىپ، هىمايىڭىزگە ئىلتىجا قىلدۇق!.

جەپەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ سۆزلىرىنى جىمجىتلىق بىلەن ئاڭلىغان نەجاشى:

- ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىڭلارغا نازىل قىلىنغان ۋەهيىدىن يادا ئالغىنىڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

جەپەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ:

- بار! دەپ، سۈرە مەريەمنىڭ تۇنجى ئايەتلىرىدىن يەهيا ۋە ئىسا ئەلەيهىسسالامنىڭ تۇغۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىشى بىلەن نەجاشى بىلەن ئادەملىرى تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

نەجاشى:

- ئاللاهقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇ سۆزلەر هەزرىتى مۇسا ۋە ئىساغا چۈشكەن ۋەهيىلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. - دېدى ۋە قورەيش ئەلچىلىرىگە قاراپ:

- مەن بۇ مۇھاجىرلارنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەلمەيمەن! - دەپ، تەكلىپىنى رەت قىلدى.

ئەلچىلەر نەجاشىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ چىققاندا، ئەمر:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، نەجاشىغا بۇلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسانى بىر بەندە دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىتىۋېتىمەن! - دېدى.

ئەتىسى نەجاشىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

- ئەي ھۆكۈمدار! ئۇلار مەريەم ئوغلى ئىسا ھەققىدە ئىنتايىن ئېغىر بىر سۆز قىلىشۋاتىدۇ! خالىساڭ يېنىڭغا چاقىرغىن - دە، ئۇنىڭ ھەققىدە نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىنى سورىغىن - دېدى.

نەجاشى مۇسۇلمانلارنى قايتا يېنىغا چاقىرىپ:

- مەريەم ئوغلى ئىسا ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟ قېنى سۆزلەپ بېقىڭلار! - دېدى.

جەپەرى تەييار:

- بىز ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

- ئىسا ئاللاھنىڭ بەندىسى، رەسۇلى، روھى ۋە ھەممە نەرسىنى تاشلاپ ئۆزىنى ئاللاھنىڭ تائىتىگە ئاتىغان مەريەمگە ئىلقا قىلغان كەلىمىسىدۇر! - دېيىشى بىلەن، نەجاشى يەردىن بىر كىچىك ياغاچنى ئېلىپ:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەريەم ئوغلى ئىسا سېنىڭ سۆزلىگىنىڭدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس! سىلەرنىڭ سۆزلىگىنىڭلار بىلەن ھەزرىتى ئىسانىڭ ئارىسىدا مۇشۇ كىچىككىنە ياغاچ قەدەر پەرق يوقتۇر! - دېدى.

نەجاشى بۇنى سۆزلىشى بىلەن ئەتراپىدىكى قوماندانلار غوڭۇلداشقا باشلىدى.

نەجاشى ئۇلارغا:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر غودۇڭشىغىنىڭلار بىلەن ھەققەت بۇدۇر! - دېدى.

مۇھاجىرلارغا:

ــ قايتىڭلار! سىلەر مېنىڭ دۆلىتىمدە پۈتۈنلەي بىخەتەرلىك ئىچىدە! سىلەرگە تىل ئۇزاتقان ھەر قانداق كىشى جازالاندۇرۇلىدۇ. تاغدەك ئالتۇن بەرسىمۇ مەن سىلەردىن بىرىڭلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنى خالىمايمەن. ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرىنىمۇ بۇ ئىككى ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار! مېنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجىم يوق! ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ يېنىدا بولسام، ئۇنىڭ پۇتلىرىغا سۇ قويۇپ، خىزمەت قىلاتتىم!. دېدى. (ئىبنى ھىشام، 1ـ جىلد، 361ـ356؛ ئەھمەت، 1ـ جىلد، 203ـ202، 1ـ جىلد، 291ـ290؛ ھەيسەمى، 6ـ جىلد، 27ـ25)

يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە نەجاشى مۇنۇلارنىمۇ سۆزلىگەن:

ــ مەن شاھادەت ئېيتىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر. ئۇ ھەزرىتى ئىسا بېشارەت بەرگەن زاتتۇر. ئەگەر مەن شۇ سەلتەنەتنىڭ بېشىدا بولمىغان بولسام ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئۈستۈمگە ئالمىغان بولسام ئىدىم، ئۇنىڭ ئاياقلىرىنى كۆتۈرۈپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارغان بولاتتىم. (ئەبۇ داۋۇد، «جەنائىز»، 3205 /57ـ55)

جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەجاشىغا بەرگەن جاۋابى بىلەن ئىسلام تەبلىغچىلىرىگە قايەردە ۋە قانداق سۆزلەش كېرەكلىكى جەھەتتە گۈزەل ئۆرنەك بولدى. بۇ ھەر قانداق ۋاقىت ئۈچۈن رىئايە قىلىنىشى كېرەك بولغان ئۇسلۇبتۇر.

ئۇنىڭدىن قۇرئانى ـ كەرىمنى ئوقۇش تەلەپ قىلىنغاندا، ھەرقانداق بىر يەرنى ئەمەس، ئەشۇ ۋاقىت تەقەززا قىلغان ۋە ئەڭ مۇناسىپ بولغان ئايەتلەرنى، يەنى سۈرە مەريەمنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى تىلاۋەت قىلىپ، جاۋاب بېرىشى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. يەنە ئوخشاش ئۇسلۇبتا مۇشرىكلارنىڭ مۇھاجىرلارنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان باھانىلىرىگە ئەقلى ۋە مەنتىقى جاۋابلار بىلەن، ئۆزلىرىگە كەلگەن دىنىنىڭ ھەق ـ ھۇقۇقىقا، گۈزەل ئەخلاققا بۇيرۇيدىغانلىقىنى سۆزلىشى كىشىنى جەلب قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىرلار كارۋىنىغا باش قىلىپ جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاللىشىدىمۇ كۆپ ھېكمەتلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قارارى بىلەن، باشقۇرغۇچى بولۇپ تەيىنلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدىغان يەر ۋە قابىلىيەتلىرىگە كۆرە تەيىنلىنىشى كېرەكلىكىنى تەلىم بېرىدۇ.

ئىككىنچى قېتىملىق ھەبەشىستان ھىجرىتىگە قاتناشقان مۇھاجىرلارنىڭ بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسمى ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئەسناسىدا قايتتى.

جەپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشچىلىقىدىكى ئاخىرقى كارۋان، خەيبەر فەتھىسىدە مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈندۈردى.

## ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىدە مۇشرىكلارغا قۇرئانى-كەرىم ئوقۇش ئۈچۈن ساھابىلىرىنىلا ئەۋەتمەيتتى. بىۋاستە ئۆزىمۇ بېرىپ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلاتتى. بۇ بېرىشلارنىڭ بىرىدە، ئەبۇ جەھىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشتى. ئەتراپتا توپلانغان باشقا مۇشرىكلارمۇ كۈچ كۆرستىش ئۈچۈن ئەقلىدىن ئازاي دېگەندە، بىر ئايال يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ، شۇ ئەسنادا ئوۋدىن قايتقان ھەزرىتى ھەمزىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ:

«ئى يىگىتلەر يىگىتى! كەبىدە جىيەنىڭگە ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا بىر ئەزىيەت قىلىشىدىن قورقمەن، ئۇلار ئۇنىڭغا بىر شۇم نىيەتلىك قىلىدۇ!.» دېدى.

ھەزرىتى ھەمزە شۇ ھامان كەبىگە يۈگۈرۈپ، دەرھال مەلئۇن ئەبۇ جەھىلنى تۇتتى. قولىدىكى ياي بىلەن ئۇ نىجىسنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر ئۇردىكى، ئەبۇ جەھىلنىڭ بېشىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. بۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغان ئىمان دۈشمىنى چۆچۈگەن ھالدا، جېنىدىن ئەندىشە قىلىپ، قاچقان پېتى يىراقلاشتى. بۇنى كۆرگەن باشقا مۇشرىكلارمۇ بىردىن-

ئىككىدىن تارقىلىپ كېتىشتى. چۈنكى ھەممىسى ھەمزىنىڭ كۈچىنى ياخشى بىلىشەتتى. ئۇنىڭدىن قۇرەيشنىڭ پۈتۈن پالۋانلىرى چېكىنەتتى ۋە ئالدىغا چىقىشقىمۇ جاسارەت قىلالمايتتى.

كېيىن ھەزرىتى ھەمزە ئالەملەرنىڭ سەيىيدى بولغان جىيەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«مانا ئىنتىقامىڭنى ئالدىم ئى مۇھەممەد، ئەمدى خاتىرجەم بول!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، تاغىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە جاۋابەن:

«ئى تاغا! مەن ئەسلىدە سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭ بىلەن سۆيۈنىمەن!» دېيىشى بىلەن، ھەزرىتى ھەمزىنىڭ كۆڭلىدىكى غەپلەت پەردىلىرى ئېچىلدى. ئۇ يىگىتلەر يىگىتى ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، تەبەسسۇم بىلەن مۇبارەك جىيەنىگە قارىغانچە:

«أشهد ان لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله»

دەپ، كەلىمە ـ شاھادەت ئېيتتى.

ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزدىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەمدە ئىمىلداش قېرىندىشى ئىدى[185].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى تاغا! مەن ئەسلىدە سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭ بىلەن سۆيۈنىمەن!» دېيىشى بىلەن، شەخسىي ئىنتىقامنىڭ ئېلىنىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھىدايىتى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۇھىم بولغان نەرسىنىڭ پانى دۇنيا ھاياتى ئەمەس، ئەبەدى بولغان ئاخىرەت ھاياتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

بۇ ھادىسە ئىسلامى خىزمەتلەرنى داۋاملىق شەخسىي مەنپەئەتلىرىمىزدىن يۇقىرى كۆرىشىمىز كېرەكلىكىنى ۋە شەخسىي ئىشلارغا قارىغاندا، دىنىي

185. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 312 ـ 313 ـ بەتلەر؛ ھاكىم: 3 ـ جىلد، 213 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 84 ـ بەت

خىزمەتتىنىڭ مۇۋەپپىقىيىتى بىلەن سۆيۈنىشىمىزنىڭ لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولغان كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەرەم مەسجىدىگە بىللە بېرىپ، ئۇ يەردىكىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى ئەبۇ بەكرى! سانىمىز بەك ئاز» دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى چىڭ تۇرىۋالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن بىللە دارۇل ئەرقەمدىن چىقىپ، ھەرەم مەسجىدىگە باردى. كەبىگە بارغاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانلارنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىشقا باشلىشى بىلەن، مۇشرىكلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.

پاسىق ئۇتبە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دەسسەپ، چەيلەپ، يۈزىنى تۆمۈر تاپانلىق ئاياقلىرى بىلەن تېپىشكە باشلىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەر تەرىپى قان ئىچىدە قالدى. قەبىلىسى بەنى تەيم جەمەتى ئەبۇ بەكرىنى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن تەسلىكتە قۇتقۇزىۋالدى.

بەنى تەيم جەمەتى ئۇنى ھوشىدىن كەتكەن بىر ھالدا ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۆلۈپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلاپ، شۇ ھامان ھەرەم مەسجىدىگە قايتىپ بېرىپ:

«ئەگەر ئەبۇ بەكرى ئۆلسە، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ ئۇتبەنى ئۆلتۈرىمىز!» دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەچكە يېقىن ھوشىغا كەلدى ۋە تۇنجى بولۇپ ناھايىتى تەسلىك بىلەن شۇنى سورىدى:

«رەسۇلۇللاھ ياخشىمۇ؟»

ئانىسى ئۇممۇل خەير داۋاملىق:

«بىر نەرسە يېگىن، ئىچكىن!» دەپ زورلاپ تۇراتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ئۇنى ھېچ ئاڭلىمىغاندەك:

«رەسۇلۇللاھ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھالى قانداق؟» دەپ سوردى.

ئۇممۇل خەير:

«بالام! قېرىنداشلىقىڭ ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيمەن.» دېدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىسىنى رەسۇلۇللاھ ھەققىدە بىر ئۇچۇر ئېلىش ئۈچۈن، ئۇممۇ جەمىل[186] ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇممۇ جەمىل رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېلىپ:

ئەبۇ بەكرىنى بۇنداق پەرىشان ھالدا كۆرىشى بىلەن تەڭ ئۆزىنى تۇتالماي پەرياد قىلدى:

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بۇنى ساڭا قىلغانلار پاسىق ۋە كاپىرلاردۇر! ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغانلىرىنى ئاللاھ جازاسىز قويمىسۇن!» دېدى.

كېيىن ئەبۇ بەكرىنىڭ سوئالىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سالامەت ۋە دارۇلئەرقەمدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، رەسۇلۇللاھنى كۆرمىگىچە بىر نەرسە يەپ ئىچمەيمەن!» دېدى.

ئەتراپ جىمجىتلىشىپ، ھەممە كىشى ئۆيلىرىگە قايتىشقاندا، ئانىسى ۋە ئۇممۇ جەمىل ئۇنى ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرە-كۆرمەي تىزلاندى. قىيامەتلىك دوستىنىڭ بۇ ئەھۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇردى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

186. بۇ خانىم ئۇممۇ جەمىل بىنتى خەتتاب بولۇپ، مۇسۇلمان بىر ئايال ئىدى. ھەرگىزمۇ ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل ئەمەس.

«ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ھېچ بىر دەردىم يوق. ئۇ پاسىق مېنى بىرئاز ئۇردى، خالاس!» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئانىسىنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۆھتەرەم ئانىسىمۇ ئىمان ھالقىسىغا قوشۇلدى[187].

مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ تېز ئېشىشى ۋە ھەزرىتى ھەمزىگە ئوخشاش باھادىرلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن خېلىلا پاراكەندىچىلىككە چۈشكەن مۇشرىكلار يىغىن ئېچىپ، بۇ ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە ئويلىدى.

«مۇھەممەدنىڭ ئەھۋالى جىددى بىر ھالغا كەلدى، ئىشلىرىمىزنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. سېھىردە، شېئىردا، كاھىنلىقتا ئالىمىمىزنى ئۇنىڭغا ئەۋەتەيلى. ئۇنىڭ بىلەن بىر پاراڭلاشسۇن!» دېيىشتى.

بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى مۇناسىپ كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئۇتبە مۇشرىكلارنىڭ ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قويغان تەكلىپلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قىلىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سۆزلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۆزنى تۈگەتكىچە جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى. كېيىن:

- ئەي ئەبۇل ۋەلىد! سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟ - دەپ سورىدى.

ئۇتبە:

- شۇنداق! - دېيىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەمدى سەن مېنى ئاڭلا! - دېدى.

بىسمىللاھ بىلەن سۈرە فۇسسىلەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. سەجدە ئايىتى بولغان 37-ئايەتنى ئوقۇپ سەجدە قىلغاندىن كېيىن:

187. ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 7-جىلد، 326-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 81-بەت.

- ئەي ئەبۇل ۋەلىد! ئوقۇغانلىرىمنى ئاڭلىدىڭ. ئەمدى سەن مانا شۇ! - دېدى.

ئۇتبە چىقىپ دوستلىرىنىڭ يېنىغا قايتىۋاتقاندا، ئۇنى كۆرگەن مۇشرىكلار:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەبۇل ۋەلىد بارغىنىدىن پەرقلىق بىر يۈز بىلەن قايتىۋاتىدۇ. ھالى بەكلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ؟! - دېيىشتى.

يانلىرىغا كەلگىنىدە ھاياجان بىلەن ئۇتبەگە:

- نېمە بولدى، ئاڭلاتساڭچۇ؟ - دېدى.

ئۇتبە:

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، شۇنداق بىر سۆز ئاڭلىدىمكى، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. ئۇ شېئىرغىمۇ، سېھىرغىمۇ ۋە كاھىنلىققىمۇ ئوخشىمايدۇ. - مۇھەممەد:

فَإِنْ أَعْرَضُوا فَقُلْ أَنْذَرْتُكُمْ صَاعِقَةً مِثْلَ صَاعِقَةِ عَادٍ وَثَمُودَ

**«ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): «سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېگىن.»** (فۇسسىلەت سۈرىسى، 13- ئايەت) دېيىشى بىلەن يەنە ئوقۇمىسۇن دەپ قولۇم بىلەن ئاغزىنى تۇتۇپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىق ھەققى ئۈچۈن قەسەم قىلدىم. مۇھەممەد سۆزلىگەن ھەممە نەرسىنىڭ ئەينەن بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۈستىمىزگە ئازاب چۈشۈشىدىن قورقتۇم.

«ئى قۇرەيش جامائىتى! كېلىڭلار، ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! ئۇنى ئۆز ئىشى بىلەن قويۇۋېتىپ، ئارىدىن چىكىنىڭلار! ئەگەر ئۇنى ئەرەبلەر ئۆلتۈرسە، سىلەردىن باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بولىسىلەر. ئەگەر ئەرەبلەرگە ھاكىم بولسا، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى سىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىڭلار، ئۇنىڭ قۇدرىتى سىلەرنىڭ قۇدرىتىڭلار دېمەكتۇر. بۇنداق

قىلىپ مۇھەممەدنىڭ سايىسىدە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختلىكى بولسىلەر!» دېدى.

قۇرەيش:

«ئەي ئەبۇل ۋەلىد! ئۇ سېنىمۇ تىلى بىلەن سېھرلەپتۇ!» دېيىشى بىلەن ئۇتبە:

«مېنىڭ پىكرىم بۇ، سىلەر قانداق خالىساڭلار شۇنداق قىلىڭلار!» دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 313 ـ 314 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 111 ـ 112 ـ بەت)

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن 13 ياش كىچىك. نەسەبى توققۇزىنچى دادىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىشىدۇ.

مۇشرىكلار ئىستىشارە مەجلىسلىرى (كۈنىمىزدىكى پارلامېنت مەجلىسلىرىگە ئوخشاش) بولغان دارۇن نەدۋەدە توپلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئارىلىرىدا جەسۇر، باھادىر ۋە كەسكىن تەبىئەتلىك بىرى بولغان ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى تاللىدى. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن غاپىل ھالدا يولغا چىقتى. يولدا نۇئەيم ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۇچرىدى.

نۇئەيم، ئۆمەرنىڭ ئەھۋالىدىن گۇمانلىنىپ:

ـ ئەي ئۆمەر! نەگە كېتىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۆمەر:

ـ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاپ، يېڭى بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈشكە كېتىۋاتىمەن! ـ دېدى.

پاراسەتلىك ساھابە نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش نىيىتى بىلەن:

- ئى ئۆمەر! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، نەپسىڭ سېنى ئالداپتۇ! سەن ئۇنى ئۆلتۈرگىنىڭدە، ئابدۇمانان جەمەتىنىڭ سېنى تىرىك قويىدىغانلىقىنى ئويلامسەن؟! سەن ئالدى بىلەن ئۆزەڭنىڭ ئائىلىسىگە قارىساڭ، ياخشى قىلغان بولىسەن! - دېدى.

ئۆمەر جىددىيلىشىپ:

- سەن كىمنى دېمەكچىسەن؟ - دېدى.

نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- كىمنى بولاتتى، يېزنەڭ سەئىد ئىبنى زەيد بىلەن سىڭلىڭ فاتىمەنى دەۋاتىمەن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىككىلىسى مۇسۇلمان بولدى! - دېدى. نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەرنىڭ بۇ يامان نىيىتىنى بىلىشى بىلەن، ئۆمەرنى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە يوللاپ، بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلدى.

نۇئەيمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۆمەرنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، ئۇچقاندەك سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

شۇ ئەسنادا، سىڭلىسى ۋە يېزنىسىنىڭ يېنىدا خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئانى-كەرىمدىن تەلىم بېرىۋاتاتتى. ئۆمەرنىڭ غەزەپ بىلەن ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن، خەببابنى ئۆيدە بىر يەرگە يوشۇردى. فاتىمەمۇ دەرھال قۇرئانى-كەرىم سەھىپىسىنى بىر يەرگە تىقىپ قويدى.

ئۆمەر ئۆيگە كىرىشى بىلەن:

- ئۇ ئاڭلانغان سۆزلەر نېمە ئىدى؟ - دەپ ۋارقىرىدى.

يېزنەسى ۋە سىڭلىسى:

- سەن ھەرھالدا خاتا ئاڭلاپ قالدىڭ، بۇ يەردە ئۇنداق بىر نەرسە يوق! - دېدى.

ئۆمەر:

- ياق! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىككىلىڭلارنىڭ مۇھەممەدكە ئەگەشكەنلىكىڭلارنى بىلدىم! - دېدى ۋە دۈشمەنلىك بىلەن يېزنىسىگە

ئېتىلىپ، ئۇرۇشقا باشلىدى. ئارىغا كىرگەن فاتىمەنىمۇ كاچاتلىدى. بۇنىڭ بىلەن فاتىمە:

— ئى ئۆمەر! نېمە قىلساڭ قىل. خالىساڭ بىزنى ئۆلتۈر، بىز مۇسۇلمانلىقتىن ئەسلا ۋاز كەچمەيمىز! — دېدى.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزلەرنى ئىمان جاسارىتى بىلەن ئېيتىۋاتقاندا، يۈزىدىن قان سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى. سىڭلىسىدىن بۇنداق بىر جاۋاب كۈتمىگەن ئۆمەر چۆچىدى. سىڭلىسىنىڭ يۈزىدىكى قانلارنى كۆرۈشى بىلەن ئىچى ئېچىشتى. قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ:

— قېنى شۇ ئوقۇغىنىڭلارنى ئەكىلىڭلار! — دېدى.

سىڭلىسى:

— بىز سېنىڭ سەھىپىگە بىر ئىش قىلىشىڭدىن قورقىمىز — دېدى.

ئۆمەر:

— قورقما! — دېدى ۋە ئۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا دائىر ئىلاھلىرى بىلەن قەسەم قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن فاتىمە ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ:

— ئى ئاكا! سەن بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كەچمىگۈچە پاك بولمايسەن! ھالبۇكى، قۇرئان يېزىلغان سەھىپىلەرگە پاك بولمىغان كىشىلەر يېقىنلىشالمايدۇ! — دېدى.

ئۆمەر تۇرۇپ غۇسلى قىلغاندىن كېيىن، فاتىمە ئۇنىڭغا سەھىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئايەتلەرنى[188] ئوقۇشقا باشلىدى:

طه (1) مَا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لِتَشْقَى (2) إِلَّا تَذْكِرَةً لِمَنْ يَخْشَى (3) تَنْزِيلًا مِمَّنْ خَلَقَ الْأَرْضَ وَالسَّمَاوَاتِ الْعُلَا (4) الرَّحْمَنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى (5) لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَمَا بَيْنَهُمَا وَمَا تَحْتَ الثَّرَى (6) وَإِنْ

188. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ سۈرە ھەدىدنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ رىۋايەتلەر بار. (بەيھاقى: «دەلائىل»، 2- جىلد، 217- بەت).

تَجْهَرْ بِالْقَوْلِ فَإِنَّهُ يَعْلَمُ السِّرَّ وَأَخْفَى (7) اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى
(8) وَهَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ مُوسَى (9) إِذْ رَأَى نَارًا فَقَالَ لِأَهْلِهِ امْكُثُوا إِنِّي آنَسْتُ
نَارًا لَعَلِّي آتِيكُمْ مِنْهَا بِقَبَسٍ أَوْ أَجِدُ عَلَى النَّارِ هُدًى (١٠) فَلَمَّا أَتَاهَا نُودِيَ
يَا مُوسَى (11) إِنِّي أَنَا رَبُّكَ فَاخْلَعْ نَعْلَيْكَ إِنَّكَ بِالْوَادِ الْمُقَدَّسِ طُوًى (12)
وَأَنَا اخْتَرْتُكَ فَاسْتَمِعْ لِمَا يُوحَى (13) إِنَّنِي أَنَا اللَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدْنِي وَأَقِمِ
الصَّلَاةَ لِذِكْرِي (14) إِنَّ السَّاعَةَ آتِيَةٌ أَكَادُ أُخْفِيهَا لِتُجْزَى كُلُّ نَفْسٍ بِمَا تَسْعَى
(15) فَلَا يَصُدَّنَّكَ عَنْهَا مَنْ لَا يُؤْمِنُ بِهَا وَاتَّبَعَ هَوَاهُ فَتَرْدَى (16)

«تاھا (يەنى ئى مۇھەممەد!) قۇرئاننى ساڭا سېنى جاپاغا سېلىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت (ئاللاھتىن) قورقىدىغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلدۇق. ئۇ زېمىننى ۋە (كەڭ) ئېگىز ئاسمانلارنى ياراتقان زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. مەرھەمەتلىك ئاللاھ ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. ئاسمانلاردىكى زېمىندىكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ۋە يەر ئاستىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر، ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر.) ئەگەر سەن ئاشكارا سۆزلىسەڭ (ياكى يۇشۇرۇن سۆزلىسەڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشتۇر) چۈنكى ئۇ سىرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەخپىيرەك ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، مۇسانىڭ قىسسىسىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بىر جايدا) ئوتنىڭ يۇرۇقىنى كۆردى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە: «تۇرۇپ تۇرۇڭلار مەن ئوتنىڭ يۇرۇقىنى كۆردۈم. مەن (بېرىپ) ئۇنىڭدىن بىر پارچە چوغ ئېلىپ كېلىشىم ياكى ئوت بار يەردە بىرەر يول باشلىغۇچىنى ئۇچرىتىشىم مۇمكىن» دېدى. مۇسا ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە نىدا

**قىلىندىكى: «ئى مۇسا! مەن ھەقىقەتەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن كەشىڭنى سالغىن. سەن ھەقىقەتەن مۇقەددەس ۋادى بولغان تۇۋادا سەن، مەن سېنى (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدىم. سەن ۋەھيىگە قۇلاق سالغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئىبادەتكە لايىق) ئاللاھدۇرمەن. مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق. (يالغۇز) ماڭا ئىبادەت قىلغىن. مېنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن. قىيامەتنىڭ بولۇشى مۇھەققەقتۇر. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمىلىگە يارىشا مۇكاپاتلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى (يەنى ئۇنىڭ قاچان بولۇشىنى) مەخپىي تۇتتۇم، قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغان ۋە نەفسى-خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن ئادەم سېنى ئۇنىڭدىن (يەنى قىيامەتكە تەييارلىق قىلىشتىن ۋە ئۇنى تەستىق قىلىشتىن) توسمىسۇن. ئۇنداقتا ئۆزەڭ ھالاك بولىسەن (چۈنكى ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇش ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.»** (تاھا سۈرىسى، 1-16-ئايەت)

بۇ ئايەتلەرنى ئوقىغان ئۆمەر ھاڭ-تاڭ قېلىپ:

«بۇ سۆزلەر نېمىدېگەن گۈزەل! نېمىدېگەن قىممەتلىك!» دېيىشتىن ئۆزىنى تۇتالمىدى.

قۇرئاننىڭ پاساھەت ۋە بالاغىتى ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلب قىلغان ئىدى. بۇ سۆزلەر بىر ئىنساننىڭ سۆزلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان ھەقىقەت ۋە ھېكمەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يوشۇرۇنغان يەردىن چىقىپ:

«ئى ئۆمەر! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھنىڭ دۇئاسى ساڭا نېسىپ بولىدىكەن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈنۈگۈن:

«ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ئەبۇل ھەكەم ئىبنى ھىشام ياكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن كۈچلەندۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئى ئۆمەر! ئەمدى ئاللاھتىن قورق!» دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر، خەببابقا:

«ئى خەبباب! سەن مېنى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا ئاپارغىن، مۇسۇلمان بولاي!» دېدى.

شۇ هامان يولغا چىقتى. بۇ قېتىمقى قەدەملەر ئىمان ئاشقى ۋە هاياجىنى ئىچىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشنىڭ ئىشتىياقى بىلەن تولغان ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە بارغىنىدا، ھەزرىتى ھەمزە كۈتىۋالدى. ئۇنىڭ بېلىدىكى قىلىچ قېنىدىن چىقىرىلغان ئىدى. چۈنكى نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلاردىن ئىلگىرى خەۋەر قىلغانىدى. كېيىن بولغان ئىشلاردىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆمەرگە قاراپ كەلدى. ئۇنى ھويلىدا كۈتىۋېلىپ، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىستەكلىرىنى شۇ جۈملىلەر بىلەن تىلغا ئالدى:

ـ مۇسۇلمان بولۇشقا كەلدىم ئى رەسۇلۇللاھ!.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانابى ئاللاھنىڭ نېمىلەرگە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ، شۈكرىسىنى بىلدۈرۈپ: «الله أكبر» دەپ تەكبىر ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان پۈتۈن ساھابىلەر يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكبىر ئېيتىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر دۇئاسى ئىجابەت بولدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۆزلەشكە باشلىغاندا، قەلبى خاتىرجەملىك بىلەن تۇنجى سۆزلىگەن سۆز كەلىمە ـ شاھادەت بولدى:

«أشهد ان لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نېسىپ بولدى. ئەبۇل ھەكەم ئىبنى ھىشام يەنى مەشھۇر ئىسمى بىلەن ئەبۇ جەھىل، بەدبەختلىك ئازگىلىدا ھالاك بولدى[189].

189. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 365 ـ 368 ـ بەتلەر.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ كەينىدىن، ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئەرقەمنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. تەكبىر ئېيتقان ھالدا كەبىگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى.

بۇ ئەھۋال مۇشرىكلارغا قەھر قىلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە، ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغانلىقى ئۈچۈن «فارۇق» سۈپىتىنى بەردى[190].

ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇسۇلمان بولۇپ، ئەزىيەت ۋە جاپا چەكمىگەن ھېچكىم يوق ئىدى. ئەمما ماڭا ھېچكىم چىقىلالمىدى. ئۆز-ئۆزەمگە دېدىمكى:

«مۇسۇلمانلار ھەر خىل مۇسىبەتلەرگە ئۇچراپ تۇرىۋاتقاندا، مەن خاتىرجەم، سالامەت قېلىشنى خالىمايمەن!».

ئىسلامغا كىرگەن كېچە ئويلاندىم، مەككە مۇشرىكلىرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى دۈشمەنلىكتە ھەددىدىن ئاشقان كىم بولسا، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى دەيمەن، دەپ قارار قىلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئەبۇ جەھىلنىڭ ئىشىكىنى چەكتىم.

ئۇ چىقىپ:

- خۇش كەپسەن ئى ئۆمەر! قانداق ئەھۋالىڭ؟ - دېدى.

مەن:

- ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتىپ، ئۇ كەلتۈرگەن پۈتۈن نەرسىلەرگە تەستىق قىلغانلىقىمنى ساڭا ئېيتىش ئۈچۈن كەلدىم! - دېيىشىمگە، لەنەت قىلغان ھالدا ئىشىكنى يۈزۈمگە ياپتى. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 371-بەت.)

كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيشنىڭ ئازغۇن مۇشرىكلىرىدىن تاغىسى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە ۋە ھەقىقەت دۈشمىنى ئىككى مۇشرىكنىڭ

190. دىيارىبەكرى: 1-جىلد، 296-بەت.

يېنىغا بېرىپ بۇ خەۋەرنى ئېيتقان، ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا بىر نەرسە قىلىشقا جاسارەت قىلالماي، ئىشىكنى يۈزىگە يېپىپ، مەيۈسلەنگەن ھالدا ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىر فەتىھ، ھىجرىتى بىر ياردەم، خەلىپىلىكى بىر رەھمەت ئىدى! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغىچە كەبىنىڭ يېنىدا ئاشكارا ناماز ئوقۇيالمايتتۇق. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپلا قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن جېدەللەشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ بىزنى ئەركىن قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردە ناماز ئوقۇيالىدۇق. (ھەيسەمى: 9 ـ جىلد، 62 ـ 63 ـ بەتلەر)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەت قىلغانغا قەدەر مەككىدە ئىسلام يولىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىپ، مۇئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن ئازابلارنى تارتتى.

## مۇشرىكلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈشى: ئۈچ يىل سۈرگەن بايقۇت

ئىسلام پۈتۈن قارشىلىقلارغا قارىماي، كۈندىن ـ كۈنگە كېڭەيدى. بۇ ئەھۋال مۇشرىكلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىغا سەۋەب بولدى. بۇ ھالغا چىدىمىغان مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قەست قىلىش بىلەن، كائىناتنى قاراڭغۇلۇققا تىقىش توغرىسىدا سۆزلەشتى:

«ئۇنى يوشۇرۇن بولسۇن، ئاشكارا بولسۇن مۇتلەق ئۆلتۈرىمىز!» دەپ، قەسەم قىلىشتى.

ئەبۇ تالىب قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ جىنايەتنى ئىشلەشنى قارار قىلغانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنى توپلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرۇشنى ۋە ئۇنى ھەرتۈرلۈك خەتەرلەرگە قارشى قوغداشنى بۇيرىدى.

مۇھەررەم ئېيى چىققان كېچە، ئەبۇ تالىب باشچىلىقىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ھاشىم جەمەتى ۋە مۇتتەلىب جەمەتلىرى ئەبۇ تالىبنىڭ مەھەللىسىدە يىغىلىشتى. پەقەت ئەبۇ لەھەب بۇلارغا قوشۇلماي مۇشرىكلار تەرەپتە تۇردى.

مۇشرىكلار ئىسلامنىڭ كەڭ تارقىلىپ، كۈچلىنىشىگە پۇرسەت بەرمەي يوقۇتۇش ئۈچۈن، خائىنلارچە بىر پىلان تۈزدى. ئۇلارنىڭ پىلانى: ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئىمبارگو بىلەن بۇ دىنىنىڭ ئىخلاسمەن ئەگەشكۈچىلىرىنى زېرىكتۈرۈپ، مېڭىۋاتقان يولدىن كەينىگە چېكىندۈرۈشتى. بۇ مەقسەت بىلەن ئەبۇ جەھىلنىڭ باشچىلىقىدا توپلانغان مۇشرىكلار مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنى

قوغدىغان بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن ھەرتۈرلۈك ئىلىم-سىتىملىرىنى ئۈزۈش، قىز ئېلىپ بېرىشكە ئوخشاش قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە قەدەر، پۈتۈن مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈزدى. ئارقىدىنلا بۇنى بىر ئەھدىنامە سۈپىتىدە كەبىنىڭ ئىچىگە ئاستى.

بۇ ئەھدىنامىنى مەنسۇر ئىبنى ئىكرەمە يازدى. سەھىپىنى يازغان كۆلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن قولى قۇرۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار ئۆز ئىچىدە:

«ھاشىم جەمەتىگە زۇلۇم قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەنسۇر مۇسىبەتكە ئۇچرىدى» دېيىشكە باشلىدى. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 372-373-بەتلەر. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 208-209-بەتلەر؛ بۇخارى: «ھەج»، 45)

بۇ بايقۇت بىلەن، ئالدى بىلەن مەككىنىڭ ھەرقايسى مەھەللىلىرىدە تارقاق بىر شەكىلدە تۇرىۋاتقان پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا بىر-بىرىگە ياردەمنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەبۇ تالىب مەھەللىسى دېيىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئەرقەمنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، بۇ مەھەللىگە يەرلەشتى.

ئەبۇ تالىب ھەرقانداق بىر سۇيىقەستكە قارشى قولىدىن كەلگەن ھەرتۈرلۈك تەدبىرنى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخشاملىرى ئادەتتى بويىچە ياتاتتى. كېچىسى ئىنسانلار ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن ئەبۇ تالىب ئوغۇللىرىدىن، قېرىنداشلىرىدىن ياكى تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا ياتقۇزۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ يېرىگە يوللايتتى[191].

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەھرۇملۇق دەۋرى باشلاندى. ئەبۇ جەھىل ۋە ئازغۇن ئادەملىرى كېچە-كۈندۈز مۇسۇلمانلارنىڭ مەھەللىسىنى كۆزىتىپ، ئۇ يەرگە يېمەك-ئىچمەكنىڭ مەخپى كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى.

---

191. ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 132-ئايەت.

بازارلارنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىگە تۇتىشىدىغان پۈتۈن يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. سېتىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەرقانداق يېمەك-ئىچمەكنى مۇسۇلمانلارغا قويماي، ھەممىسىنى ئۆزلىرى سېتىۋالدى. مۇسۇلمانلار پەقەت ھەج مەۋسۇملىرىدا ئەبۇ تالىب مەھەللىسىدىن سىرتقا چىقالىدى. مۆئمىنلەردىن بىرى ئۆزىنىڭ كىچىك بالىلىرى ئۈچۈن بىر ئاز يەيدىغان نەرسە ئېلىش ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئەبۇ لەھەب شۇ ھامان سودىگەرلەرنىڭ ماللىرى ئۈستىدە تۇرۇپ:

«ئەي سودىگەرلەر! باھانى مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرىگە شۇنداق يۇقىرى قىلىڭلاركى، ئۇلار سىلەردىن بىر نەرسە ئالالمىسۇن! سىلەر مېنىڭ باي ۋە سۆزىدە تۇرىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكىمنى بىلىسىلەر. بۇنداق قىلغىنىڭلاردا سىلەرگە بىر زىيان كەلمەيدىغانلىقىغا مەن كېپىل!» دەيتتى.

مۇسۇلمانلار ئاچلىقتىن يىغلاۋاتقان بالىلىرى ئۈچۈن بىر نەرسە ئالالماي كېتىپ قالاتتى. تىجارەتچىلەر ئەتىسى ئەتىگىنى ئەبۇ لەھەبنىڭ يېنىغا باراتتى. ئۇمۇ قالغان نەرسىلەرنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالاتتى[192].

بۇ قىيىن ئەھۋال ئالدىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز پۈتۈن مال-دۇنياسىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سەرپ قىلدى[193].

مۇشرىكلارنىڭ مەھەللە يوللىرىنى تاقاش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىغا قارىماستىن، بەزى مەككىلىكلەر مەخپىي ھالدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياردەمدە بولاتتى. ھاكىم ئىبنى ھىزام بىر كارۋان بىلەن شامدىن بۇغداي ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بىر تۆگىنىڭ ئۈستىگە بۇغداي ئارتىپ، مەخپىي ھالدا مەھەللىنىڭ يولىغا ئېلىپ كەلدى ۋە تۆگىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇپ، مۇسۇلمانلار تەرەپكە قارىتىپ قوغلىۋەتتى. ئۇلارمۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى بۇغدايلارنى ئالدى. يەنە بىر كۈنى كېچىسى ئۇن ئارتىپ مەھەللىگە يوللىدى.

195. سۇھەيلى: 2-جىلد، 127-128-بەتلەر.

196 ياقۇبى: 2-جىلد، 31-بەت.

ھىشام ئىبنى ئەمرمۇ ئوخشاش شەكىلدە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغان زاتلاردىن بىرى ئىدى. ھىشامنىڭ بىر قانچە تۆگىگە يېمەك ـ ئىچمەك ئارتىپ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلگەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇشرىكلار ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماستىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياردىمىنى ئۈزمەي داۋام قىلغان ھىشامنى مۇشرىكلار ئېغىر سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەبۇ سۇفيان ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۆلتۈرۈلۈشىنى توسۇپ:

«قويىۋېتىڭلار بۇ ئادەمنى! ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىپتۇ! كاشكى بىزمۇ ئۇنىڭ قىلالىغىنىغا ئوخشاش قىلالىغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى!...» دەپ، ھىشامنى مۇداپىئە قىلدى.

بۇ مەزگىلدە مۇسۇلمانلار قاتتىق زەخمەت ۋە مەھرۇملۇقلارغا ئۇچرىدى. بەزى ۋاقىتلاردا دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىلەن قورساقلىرىنى تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولدى. نارەسىدە باللار ئاچلىقتىن ئۆلدى. ئۇلارنىڭ پەريادى مەھەللىنىڭ سىرتىدىن ئاڭلىنىدىغان ھالەتكە كەلدى.

مۇشرىكلارنىڭ بۇ مۇھاسىرىدىن مەقسىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا تەسلىم بولغانغا قەدەر مۇسۇلمانلارنى ئاچ قويۇش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر پۇرسەت تېپىش ئىدى. ئەمما ئەبۇ تالىبنىڭ باشچىلىقىدىكى بەنى ھاشىم جەمەتى بىلەن بىرلەشكەن مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ئۈچۈن ۋاقتى كەلگەندە. قېنىنىڭ ئاخىرقى تامچىسىغا قەدەر پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەرنىڭ قىيىن ـ قىستاق ۋە ئەزىيەتلىرى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەندە، قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتىرىپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا قارىتىپ:

«ئى رەببىم! شۇ زالىم قەۋمگە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكىگە ئوخشاش يەتتە يىللىق قەھەتچىلىك ئازابىنى بېرىپ، ماڭا ياردەم قىلغىن!» دەپ، بەددۇئا قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن، يامغۇر ياغمىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى شۇنداق بىر قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك باستىكى، ھەممە نەرسىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى! نۇرغۇنلىرى ئاچلىقتىن ئۆلدى! يەيدىغان نەرسە تاپالماي، ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ گۆش، تېرىلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بىرى ئاسمانغا قارىغىنىدا، ئاچلىقتىن ئۇتتۇرىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەندەك كۆردى!.

ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە بۇ ھادىسىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

فَارْتَقِبْ يَوْمَ تَأْتِي السَّمَاءُ بِدُخَانٍ مُبِينٍ، يَغْشَى النَّاسَ هَذَا عَذَابٌ أَلِيمٌ

**«(ئى مۇھەممەد!) سەن ئاسمان (ھەممە ئادەم) ئوچۇق (كۆرىدىغان) تۈتۈننى كەلتۈرىدىغان كۈندە (ئۇلارغا بولىدىغان ئازابنى) كۈتكىن. (ئۇ تۈتۈن) كىشىلەرنى ئورىۋالىدۇ، بۇ قاتتىق ئازابتۇر.»** (دۇخان سۈرىسى، 10 ـ 11 ـ ئايەت)

بۇ قۇرغاقلىق چىدىغۇسىز قاتتىقلاشقاندا، ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئى مۇھەممەد! سەن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىڭنى سۆزلەيسەن، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى، ئۇرۇق-تۇغقانلارغا ياردەم قىلىشنى بۇيرۇيسەن. قەۋمىڭ قەھەتچىلىكتىن ھالاك بولۇش ئالدىدا! ئۇلاردىن بۇ پالاكەتنىڭ كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغىن! ئەگەر سېنىڭ دۇئايىڭ ۋەسىلىسى بىلەن ئاللاھ بۇ بالانى ئۈستىمىزدىن ئېلىپ تاشلىسا، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىمىز!» دېدى. كەينىدىن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ۋەدە قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. يامغۇر ياغدى، قەھەتچىلىك تۈگىدى. راھەتكە چىققان مۇشرىكلار يەنە شېرىكلىككە قايتىشتى[194].

---

194. بۇخارى: «تەپسىر»، 30، 44؛ مۇسلىم: «مۇنافىقۇن»، 40؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 431، 441 ـ بەتلەر.

جانابى ئاللاھ كاپىرلارنىڭ بۇ پسىخولوگىيىسى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذَا مَسَّ الْإِنْسَانَ الضُّرُّ دَعَانَا لِجَنْبِهِ أَوْ قَاعِدًا أَوْ قَائِمًا فَلَمَّا كَشَفْنَا عَنْهُ ضُرَّهُ مَرَّ كَأَنْ لَمْ يَدْعُنَا إِلَى ضُرٍّ مَسَّهُ كَذَلِكَ زُيِّنَ لِلْمُسْرِفِينَ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ

**«ئىنسانغا بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتسە، ياتسىدۇ (ئۇنى دەپئى قىلىشىمىزنى تىلەپ) بىزگە دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەتنى كۆتۈرۋەتسەك، گويا ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىشىمىزنى تىلەپ بىزگە دۇئا قىلمىغاندەك، يامان ئىشنى يەنە داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرى ئۇلارغا مۇشۇنداق چىرايلىق كۆرسىتىلدى.»**
(يۇنۇس سۈرىسى، 12 ـ ئايەت)

## بايقۇتنىڭ ئاخىرلىششى

جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن ئۈچ يىل ئاخىرلاشقان ۋاقىتتا، ئاللاھتائالا بىر ياغاچ قۇرتىنى مۇشرىكلارنىڭ كەبىگە ئاسقان كېلىشىم سەھىپىسىگە مۇسەللەت قىلدى. قۇرت سەھىپىدىكى **«بسمك اللهم»**: «سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن باشلايمەن ئاللاھىم» دېگەن جۈملىدىن باشقا، زۇلۇمنى بايان قىلغان پۈتۈن جۈملىلەرنى يەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە ۋەھيي بىلەن بىلدۈرۈلگەن بۇ خەۋەرنى تاغىسى ئەبۇ تالىبقا ئېيتتى. ئەبۇ تالىب بۇ خەۋەرنى قېرىنداشلىرىغا ئېيتىپ:

«گۈزەل كېيىمڭلارنى كېيىپ قۇرەيشنىڭ يېنىغا بېرىڭلار! ئۇلار پەرقىتىشتىن بۇرۇن سەھىپىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈڭلار!» دېدى.

ئەبۇ تالىب ۋە قېرىنداشلىرى مۇشرىكلارغا بۇ خەۋەرنى ئېيتقاندا، ئۇلار دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ سەھىپىنى ئەكەلدۈرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان شەكىلدە كۆردى. قۇرەيش قوللىرىنى چىشلىشىپ قالدى. ئەبۇ تالىب بۇنىڭدىن جاسارەت ھېس قىلىپ:

«مانا قاراڭلار، زۇلۇم قىلغانلىقىڭلارنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۇلارغا يامانلىق قىلغانلىقىڭلارنى بىلگەنسىلەر، شۇنداقمۇ؟» دېدى.

مۇشرىكلاردىن ھېچبىرى ئەبۇ تالىبقا جاۋاب بېرەلمىدى. پەقەت:

«بۇ سېھىردىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس!» دەپ، ھەقىقەتتىن يۈز ئۆرۈپ زالىملىقىنى داۋاملاشتۇردى.

قۇرەيشنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بەزىلىرى بەنى ھاشىم جەمەتىگە قارشى قىلغان ئىشلىرى تۈپەيلىدىن بىر-بىرلىرىنى ئەيىبلەپ:

«قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى بۇ قىلغانلىرىمىز زۇلۇمدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس!» دېيىشتى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ ئونىنچى يىلىغا كەلگەندە، قۇرەيشتىن بىر قانچە كىشى بايقۇتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتى. ھىشام ئىبنى ئەمر، زۇھەير ئىبنى ئەبى ئۇمەييەگە:

«ئى زۇھەير! تاغىلىرىڭ بىر نەرسە ئېلىپ سېتىشتىن، ئۆيلىنىشتىن مەھرۇم قىلىنىپ، قىيىنچىلىق ۋە يوقسۇزلۇق ئىچىدە تولغىنىۋاتسا، سەن خالىغىنىڭنى يەپ-ئىچىپ، كىيىنىپ بەخىرامان يۈرۈشكە كۆڭلۈڭ قانداق رازى بولىدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ جەھىلنى ئۆز تاغىلىرىنىڭ زىيىنىغا بىر كېلىشىمگە دەۋەت قىلغان بولساڭ ھەرگىز قوشۇلمىغان بولاتتى» دېدى.

ھىشام زۇھەيرنى قايىل قىلغاندىن كېيىن مۇتئىم ئىبنى ئەدى، ئەبۇل بەختەرى ۋە زەمئە ئىبنى ئەسۋەدنىمۇ بىرلەپ-بىرلەپ، ئۆز سېپىگە قوشتى. بۇ بەش كىشى مەككىنىڭ يۇقىرىسىدىكى خاجۇن رايونىدا كېچىسى توپلىنىپ، نېمە قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە پاراڭلاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ھەرەم مەسجىدىگە باردى. زۇھەير ئۈستىگە قىممەتلىك بىر كىيىم كىيىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىپ:

«ئى مەككىلىكلەر! بىز خالىغىنىمىزدەك يەپ-ئىچىپ، كىيىنىپ يۈرسەك، بەنى ھاشىم ۋە مۇتتەلىب جەمەتلىرى ئېلىپ-سېتىشتىنمۇ مەھرۇم

قىلىنىپ ھالاك بولسۇن، بۇ زادى قانداق ئىش؟! ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن بۇ زالىم سەھىپە يېرتىلمىغىچە ئولتۇرمايمەن!» دېدى.

ئەبۇ جەھىل ئېتىراز بىلدۈرگەن بولسىمۇ، باشقا تۆت قېرىندىشى ئىلگىرى پۈتۈشۈپ قويغان بويىچە زۇھەيرنى قوللىشى بىلەن، بىردىنلا ئۇ قوللىنىشقا ئېرىشتى. مۇتئىم ئورنىدىن تۇرغانچە بېرىپ كەبىنىڭ تېمىغا ئېسىقلىق سەھىپىنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدىي ئىبنى قەيس، زەمئە، ئەبۇل بەختەرى ۋە زۇھەير قوراللىنىپ بەنى ھاشىم ۋە مۇتتەلىب جەمەتلىرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلارنى ئەبۇ تالىب مەھەللىسىدىن چىقىرىپ ئۆيلىرىگە قايتىشلىرىغا كۆزەتچىلىك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچ يىللىق زور بىر مۇھاسىرىدىن ئاللاھنىڭ لۇتفى بىلەن قۇتۇلدى. ئەبۇ تالىب بايقۇتنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلارنى بىر شېئىر بىلەن مەدھىيىلىدى. مۇشرىكلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ. ئۈمىدلىرىنى ئۈزدى[195].

بۇ خىل جاپا ـ مۇشەققەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانلىرىنى كۈچەيتىشكە ۋە سەپلىرىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇشقا ۋەسىلە بولدى. كاپىرلارمۇ ھەرقېتىمدىكىگە ئوخشاش زىيان تارتىشتىن باشقا نەرسىگە ئېرىشەلمىدى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ سەككىزىنچى يىلىدا ئىرانلىقلار رۇملارنى (ۋىزانتىيە) نى مەغلۇب قىلدى. رۇملارنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئىستانبۇلغىچە ئىلگىرلەپ كىرىپ، ۋىزانتىيە ئىمپېراتورىنى ئېغىر ئىقتىسادىي جازا تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى.

ئىرانلىقلار بۇتپەرەست بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ غەلبىسىگە بەكمۇ خۇشال بولدى. ئەھلى كىتاب بولغان رۇملارنىڭ يېڭىلىشى

---

195. ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 397 ـ دىن 406 ـ بەتلەرگىچە؛ ئىبنى سائاد :1 ـ جىلد، 210 ـ 211 ـ بەتلەر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنى غەمكىن قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھتائالا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

الم غُلِبَتِ الرُّومُ فِي أَدْنَى الْأَرْضِ وَهُمْ مِنْ بَعْدِ غَلَبِهِمْ سَيَغْلِبُونَ فِي بِضْعِ سِنِينَ لِلَّهِ الْأَمْرُ مِنْ قَبْلُ وَمِنْ بَعْدُ وَيَوْمَئِذٍ يَفْرَحُ الْمُؤْمِنُونَ بِنَصْرِ اللَّهِ يَنْصُرُ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ الْعَزِيزُ الرَّحِيمُ

**«ئەلىف لام مىم، رۇملۇقلار يېقىن بىر جايدا يېڭىلدى. ئۇلار يېڭىلگەندىن كېيىن بىر قانچە يىل ئىچىدە يېڭىدۇ. ئىلگىرى ۋە كېيىن ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدىدۇر. بۇ كۈندە مۆئمىنلەر ئاللاھنىڭ بەرگەن ياردىمى بىلەن خۇشال بولىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر (مۆئمىنلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (رۇم سۈرىسى، 1ـ 6ـ ئايەتلەر)

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

«پارىسلار مۇھەققەق مەغلۇب بولىدۇ!» دېدى. (ئەھمەد: 1ـ جىلد، 276ـ بەت)

بۇ ئىلاھىي خەۋەرنى بىلگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلاردىن ئۇبەي ئىبنى خەلەف بىلەن رۇملارنىڭ پارىسلارنى ئۈچ يىل ئىچىدە يېڭىدىغانلىقىغا دائىر 10 تۆگە بىلەن دوغا چۈشتى[196].

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى دوغا چۈشكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا خەۋەر قىلىشى بىلەن ئۇ:

«ئايەتتىكى «بضع» سۆزى ئۈچ بىلەن توققۇز ئارىسىدىكى ساننى ئىپادىلەيدۇ. سەن شۇ ھامان بېرىپ، تۆگىلەرنىڭ ساننى كۆپەيتكىن ۋە ۋاقىتنىمۇ ئۇزاتقىن!» دېدى.

199. بۇ ۋەقە مەلۇم بىر نەرسە تىكىشىپ، دوغا چۈشۈشنىڭ چەكلىنىشىدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بېرىپ مۇددەتنى توققۇز يىلغا، تۆگىلەرنىڭ سانىنى يۈزگە چىقاردى.

رۇملار بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ، ئىرانلىقلارنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى. بۇنى بىلگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇبەينىڭ ۋارىسلىرىدىن يۈز تۆگىنى ئېلىپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇلارنى كەمبەغەللەرگە تارقاتقىن!» دېدى.

ئەبۇ بەكرى تۆگىلەرنى كەمبەغەللەرگە تارقاتتى. قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ بۇ مۆجىزىسىنى كۆرگەن مەككىلىك مۇشرىكلاردىن خېلى كۆپلىرى مۇسۇلمان بولدى[197].

## ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىش مۆجىزىسى

جانابى ئاللاھ توغرا يولغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تەيىنلىگەن پەيغەمبەرلىرىنى خەلقلەرگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئىمانغا جەلب قىلالايدىغان پەۋقۇلئاددە بىر سالاھىيەت بىلەن تەييارلىغان. بۇ ئۇلار ئۇچرايدىغان جاھىللىقنىڭ يۇقۇتۇلۇشى ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، پەيغەمبەرلەرگە خەلقنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىشىنى ساقلاش ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى لۇتۇپ، ئىمتىيازلارمۇ بېرىلگەنكى، بۇلارغا «مۆجىزە» دېيىلىدۇ.

مۆجىزىلەر ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئۆز دەۋرلىرىدە ھەيرانلىق قوزغىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئاساسلانغان ھالدا ھەر خىل بولغان. مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە سېھىرگەرلىك ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بۇ ساھادە بىر مۆجىزە بېرىلدى. ھاسا ۋە ئاق نۇرلۇق قولغا ئوخشاش[198].

---

197. تىرمىزى: «تەپسىر»، 30/3194؛ قۇرتۇبى: 14 ـ جىلد، 3 ـ بەتكە قاراڭ.

198. ئاق نۇرلۇق قول مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن توققۇز مۆجىزىنىڭ بىرى. بۇنىڭغا ئالاقىدار تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە قاراڭ: (سۈرە ئەئراف، 108، سۈرە ئىسرا، 101، سۈرە تاھا،

ئىسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە تىببىي ئىلىم تەرەققىي قىلىپ، دوختۇرلار خەلقنىڭ كۆزىدە كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغىمۇ ئەڭ ماھىر دوختۇرلارنىمۇ ئاجىز قالدۇرىدىغان بىر مۆجىزە بېرىلدى: ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە ئوخشاش...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بولسا، قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن زامان ۋە ماكانغا شامىل بولغانلىقتىن، ئۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىدىكى سالاھىيەت، ئىقتىدار ۋە مۆجىزىگە ئىگە بولۇپ، ھەممىسىدىن ئۈستۈندۇر. بۇ قاراشتىن ئۇنىڭ مۆجىزىلىرى زامانىنىڭ ئەڭ تەسىر كۈچى يۇقىرى بولغان بالاغەت، پاساھەت ۋە تالاقەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، خىلمۇ-خىل ساھەلەردە ئومۇمىي بىر سۈرەتتە ئەمەلىيلەشكەن. بۇلارنىڭ بىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن زالىم مۇشرىكلارنىڭ بايقۇت قىلىشى تۈپەيلىدىن چارچىغان ۋە يامان ئەھۋالغا كەلگەن مۇئمىنلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش، چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش، ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىك، كاپىرلارغا بولسا، ئۇلار قارشى چىققۋاتقان بۇ دىنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن مەيدانغا كەلگەن بۇ مۆجىزە، ئاينىڭ ئىككىگە يېرىلىش مۆجىزىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ بۈيۈك مۆجىزىسى بايقۇت يىللىرىدا، مەككە دەۋرىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدا يۈز بەردى.

مەيىن شامالliq بىر كېچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلدى ۋە ئاي ئىككىگە بۆلۈندى. بۇ مۆجىزە ھەممە تەرەپتىن كۆرۈلگەن ئىدى. ئاي ئىككىگە ئايرىلغاندا بىر پارچىسى ئەبۇ قۇبەيس تېغى تەرەپتە، يەنە بىر پارچىسى قۇئەيقەئان تېغى تەرەپتە كۆرۈلدى. مۇشرىكلار ئوچۇق كۆرگەن بۇ مۆجىزە ئالدىدىمۇ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. ھەتتا ئەبۇ جەھىل «بۇ بىر سېھىردۇر!» دەپ، بۇ مۆجىزىنىمۇ ئىنكار قىلدى.

---

22، سۈرە شۇئەرا، 33، سۈرە نەمل، 12، سۈرە قەسەس، 32). ئۇ قولىنى يانچۇقىدىن چىقارغان ھامان خۇددى قۇياش نۇرى چۈشكەندەك پۈتۈن ئەتراپ يورۇپ كېتەتتى.

بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن: «بىزنى سېھىرلىدى، ئەمما ھەممە كىشىنى سېھىرلىيەلمەيدۇ!» دېيىشتى.

بۇنىڭ بىلەن، مەككە سىرتىدىكى يىراق يەرلەردىن كەلگەن كارۋانلاردىن بۇنداق بىر ھادىسىنى كۆرۈپ ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى. ئۇلار ئاينىڭ يېرىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

بۇ ھادىسىنىڭ ئارقىسىدىن بۇ ئايەت نازىل بولدى:

اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ، وَإِنْ يَرَوْا آيَةً يُعْرِضُوا وَيَقُولُوا سِحْرٌ مُسْتَمِرٌّ

**«قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى. (قۇرەيش كۇففارلىرى بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ.»** (سۈرە قەمەر، 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر؛ ۋاھىدى: 418 ـ بەت؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 54/3286)

پۈتۈن مەككە خەلقى ئاينىڭ ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىگە شاھىد بولدى. قەلبىدە ھىدايەت نۇرى بولغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلدى، قەلبىگە قۇلۇپ سېلىنغان ۋە قاراڭغۇ بولغانلار بولسا «ئۇ نېمىدېگەن بۈيۈك بىر سېھىرگەر!» دېيىشتى.

مەشھۇر فرانسۇز ئاسترونوم «لافرانچوئىس» ئاينىڭ سەيىر قىلىش ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېرىلغانلىق مۆجىزىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

جانابى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاتا قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھېكمىتىنى بىر قانچە سۆز بىلەن خۇلاسىلىمەكچى بولساق تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلىشىمىز مۇمكىن:

1. خەلق ئاممىسىغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى ئىمانغا جەلب قىلىش.

2. مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىش.

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكى ۋە رىسالىتىنى ئىسپاتلاش.

4. ئىلاھىي قۇدرەت ئالدىدا ئىنكار قىلغۇچىلارنى ئاجىزلىقتا، مۇئمىنلەرنى ھەيرانلىقتا قويۇش.

قۇرئانى-كەرىمنىڭ ھەربىر ئايىتى مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى، ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئىنكارىنى ئاشۇرغانلىقىغا ئوخشاش، مۆجىزىسىمۇ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ھىدايەت بېرىلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئىنكارىنى كۈچەيتىدۇ[199].

«ئاينىڭ يېرىلىش» ۋەقەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك بىر مۆجىزىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاخىر زامان پەيغەمبىرى» بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇنيادا ئاشكارا بولۇشى دەل قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىسىدۇر. بۇ ھەقتە قۇرئانى-كەرىمدە:

اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانْشَقَّ الْقَمَرُ

**(قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى)** دەپ، بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىنغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەرقانداق ئەھۋالدا تەبلىغ قىلىشقا داۋام قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمىنىڭ پۈتۈن ئەزىيەتلىرىگە قارىماستىن ھەقكە دەۋەت قىلىشتىن بىر مىنۇتمۇ چېكىنمىدى. ئۇ ھەر بىر پۇرسەتتە

199. "لا يهدي": "ئاللاھ ھىدايەت قىلمايدۇ" دېگەن بۇ ئىپادە قۇرئانى-كەرىمدە 26 يەردە تىلغا ئېلىنغان. دەرۋەقە: (وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ) (ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ).(سۈرە بەقەرە، 258-ئايەت). (وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْكَافِرِينَ) (ئاللاھ كافىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ). (سۈرە بەقەرە، 264-ئايەت). (وَاللَّهُ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الْفَاسِقِينَ) (ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ). (سۈرە مائىدە، 108-ئايەت) ئايەتلىرى بۇنىڭ بىر قانچە مىساللىرىدۇر.

ئىنسانلارنى ھىدايەتكە چاقىرىپ، كىشلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، مۇئامىلە قىلدى.

قۇرەيشنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ۋە يېڭىلىپ باقمىغان پالۋانلىرىدىن رۇكانە، بىر كۈنى مەككە ۋادىيلىرىنىڭ بىرسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇنىڭغا:

«ئى رۇكانە! سەن تېخىچە ئاللاھتىن قورقماي، ئىسلامنى قوبۇل قىلماي يۈرەمسەن؟ كەل مۇسۇلمان بولغىن!» دەپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.

رۇكانە:

«ئى مۇھەممەد! سەن مېنى چېلىششتا يېڭىۋالساڭ، ساڭا ئىمان ئېيتىمەن!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن يېڭىۋالسام، سۆزلىگەنلىرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلامسەن؟» دەپ سورىدى.

رۇكانە: «شۇنداق، سەن مېنى يېڭىۋالساڭ، مەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىمەن ياكى بۇ قويلىرىم سېنىڭ بولىدۇ! ئەگەر مەن سېنى يېڭىۋالسام سەن شۇ پەيغەمبەرلىك ئىشىڭدىن ۋاز كېچىسەن!» دېدى.

چېلىششقا باشلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تۇتار تۇتماي يەرگە يىقىتتى. رۇكانە ئۆزىنى قوغداشقا قادىر بولالمىدى.

«ئى مۇھەممەد! يەنە بىر قېتىم چېلىشايلى!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتا چېلىشىپ، يەنە يېڭىۋالدى.

رۇكانە:

«ئى تاغامنىڭ ئوغلى! كەل يەنە بىر قېتىم چېلىشايلى!» دېدى.

ئۈچىنچى قېتىممۇ يېڭىلىپ قالغان رۇكانە يەنە ئىمان ئېيتمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكانەنىڭ ئىمان ئېيتماسلىقىدىن ۋە ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىدىن كۆڭلى بەك يېرىم بولدى.

ئۇنىڭغا:

«ئال بۇ پادىلىرىڭنى!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن رۇكانە:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن مەندىن كۆپ ياخشى ۋە شەرەپلىك ئىكەنسەن!» دېدى.

رۇكانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىللار كېيىن مەككىنىڭ فەتھىسىدە مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە يەرلەشتى. (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 418-بەت؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 2-جىلد، 236-بەت)

بىر قېتىم ئەزدى شەنۇئە قەبىلىسىدىن دىماد ئىبنى سەلابە ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگەن ئىدى. دىماد ھېكىمگە ئوخشىغان، نىرۋا كېسەللەرنى ئوقۇپ داۋالايدىغان ۋە ئىلىملىك بولۇشقا تىرىشىدىغان بىر كىشى ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ: «مۇھەممەد ساراڭدۇر!» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىشى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە:

«مەن بېرىپ شۇ زاتنى بىر كۆرەي، بەلكى ئاللاھ ئۇنىڭغا مېنىڭ ۋەسىلەم بىلەن شىپالىق بىرەر» دەپ، مۇشرىكلارنىڭ مەجلىسىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئى مۇھەممەد! مەن ساراڭلىقنى داۋالايمەن. خالىساڭ سېنى داۋالاپ قوياي. بەلكى ئاللاھ ساڭا شىپالىق بېرەر!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىمادقا مۇنداق جاۋاب بەردى:

«ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئۇنىڭغا ھەمدۇ ئېيتىمىز، ياردەم ۋە ئەپۇ قىلىشنى ئۇنىڭدىن تىلەيمىز. نەپسىلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر. ئازغۇنلۇققا چۈشۈرگەننى ھىدايەت قىلغۇچى يوقتۇر. مەن شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ بىردۇر، يەككە-يېگانىدۇر. ئۇنىڭ ئوخشىشى ۋە شېرىكى يوقتۇر. يەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلىدۇر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى دىمادنى ئۆزىگە جەلب قىلدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دىماد:

«مەن ھېچبىر زامان، بۇنىڭدىن گۈزەل بىر سۆز ئاڭلاپ باقمىدىم! سەن شۇ سۆزلىرىڭنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ بېرەمسەن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىرىنى تەكرارلىدى. دىماد بۇ مەرۋايىتتەك ئوخشاش گۈزەل سۆزلەرنى ئىككى قېتىم تەكرارلاتقاندىن كېيىن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن كاھىنلارنىڭ، سېھىرگەرلەرنىڭ، شائىرلارنىڭ، ھەرتۈرلۈك ئىنسانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىم. ئەمما سېنىڭ شۇ سۆزلىگەنلىرىڭگە ئوخشاش بىر سۆز ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇلار بالاغەت ۋە پاساھەت دېڭىزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مەرۋايىتلىرىدۇر. قولۇڭنى بەرگىن ـ دە ساڭا بەيئەت قىلاي!» دەپ، مۇسۇلمان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«قەۋمىڭگە ۋاكالىتەنمۇ بەيئەت قىلامسەن؟» دەپ سورىدى.

دىماد:

«قەۋمىمگە ۋاكالىتەنمۇ بەيئەت قىلىمەن!»دېدى. (مۇسلىم: «جۇمئە»، 46؛ ئەھمەد: 1-جىلد، 302؛ ئىبنى سائاد: 4-جىلد، 241- بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىماد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن كېيىنلا قەۋمىگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنى قەۋمىگە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ۋە مۇئەللىم قىلىپ تەيىنلىدى.

# پەيغەمبەرلىكنىڭ ئونىنچى يىلى

## قايغۇ يىلى: ھەزرىتى خەدىچە ۋە ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتى

مۇشرىكلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. چۈنكى بايقۇتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆزىنىڭ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ھامىيسى بولغان، ئۇلارنى پىداكارلىق بىلەن مۇداپىئە قىلغان تاغىسى ئەبۇ تالىب ۋاپات بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ ئىمان ئېيتىشى ئۈچۈن كۆپ نەسىھەت قىلدى.

ئەبۇ تالىبمۇ بۇ نەسىھەتلەرگە جاۋابەن:

«مەن سېنىڭ ھەقىقەتىڭنى بىلىمەن. لېكىن ساڭا ئىمان ئېيتسام، قۇرەيشنىڭ ئاياللىرى مېنى ئەيىبلەيدۇ!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى كۆڭلى قوبۇل قىلسىمۇ، نەپسىنىڭ تەقەززاسى رەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىمان بىلەن روھىنى رەببىگە تاپشۇرۇشى ئۈچۈن، سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىدىمۇ:

«ئى تاغا! نېمە بولىدۇ، بىر كەلىمە سۆزلىگىنىڭكى، ئاللاھ ساڭا ھېسابسىز سائادەت ئاتا قىلسۇن!» دېدى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇ يەرگە كەلگەن ئەبۇ جەھىل بۇنى توستى. چۈنكى ئەبۇ تالىبقا توختىماي كەلىمە شاھادەتنى تەلقىن قىلىپ بېرىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئەبۇ جەھىل:

«سەن ئاتا-بوۋاڭنىڭ دىنىدىنسەن!» دەپ تەلقىن قىلغان ئىدى.

ئاخىرى ئەبۇ تالىبنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئاخىرقى سۆزى:

«مەن بۇرۇنقى دىن (ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ دىنىي) ئۈستىدە ئۆلىمەن. قۇرەيش مېنىڭ ئۈچۈن، ئۆلۈمدىن قورقۇپ دىنىنى ئالماشتۇردى دېمەيدىغان بولسا ئىدى، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلاتتىم!...» بولدى. (بۇخارى: «جەنائىز»، 814، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 40؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 122 ـ 123 ـ بەت)

بۇ سۆزلەرگە جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن سېنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن!» دېدى ۋە تاغىسىنىڭ ئۆيىدىن غەمكىن ئايرىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاتتىق كۆڭلى يېرىم بولۇپ، تاغىسى ئۈچۈن «ساڭا داۋاملىق ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن!» دېگەن سۆزىگە جاۋابەن ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ

**«شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن. لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ.»** (قەسەس سۈرىسى، 56 ـ ئايەت)

ھىدايەت بەندىنى توغرا يولغا باشلايدىغان ئىلاھىي نۇردۇر. كىمنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭغا تەشنا ۋە ھەقكە مايىل بولسا، ئۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولىدۇ.

ئاللاھتائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

يَهْدِي إِلَيْهِ مَنْ أَنَابَ

**«ئۇ تەۋبە قىلغانلارنى ھىدايەت قىلىدۇ.»** (رەئد سۈرىسى، 27 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

بۇ جەھەتتە باشقىلارنىڭ تىرىشچانلىقى پەقەت ۋاستە بولۇشتىن ئىبارەت. ئەكسىچە، باشقا بىر كىشىنىڭ ھەتتاكى پەيغەمبەر بولسىمۇ تىرىشچانلىقى بىلەن ھىدايەتنىڭ نېسىپ بولۇشى ھەر ۋاقىت مۇمكىن ئەمەستۇر. پەيغەمبەر

ئەلەيھسسالامنىڭ تىرىشچانلىقىغا قارىماي ئەبۇ تالىبنىڭ ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز نەپسىگە مەغلۇپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭغا ھىدايەت نېسىپ بولمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنى چوڭقۇر غەمگە غەرق قىلغان ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن ئۈچ كۈن ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ قوللىغۇچىسى، ھايات يولدىشى، ئاياللارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، خەدىچەتۇل كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ۋە مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى ئاچچىق ئۈستىگە يەنە بىر ئاچچىق قوشۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قاتتىق ياخشى كۆرگەن مۇبارەك ئايالنى قەبرىسىگە بىۋاستە ئۆزى چۈشۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ كۆڭلى غەمكىن، كۆزلىرى ياش بىلەن تولغان ئىدى.

خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۈچۈن ئىسلام داۋاسىدا سادىق بىر مۇشاۋىر، دەرتلەشكۈچىسى، تەسەللىچىسى ۋە خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا:

«شۇ ئۈممەت ئۈستىگە كەلگەن ئىككى بۈيۈك مۇسىبەتنىڭ قايسىسىغا بەكرەك غەمكىن بولۇشنى بىلەلمەيۋاتىمەن» دېگۈزگىدەك دەرىجىدە ئېغىر كەلگەن ئىدى. (ياقۇبى: 2-جىلد، 35؛ تەبەرى: «تارىخ»، 2-جىلد، 229-بەت)

بۇ ئىككى ھادىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن مەككە دەۋرىنىڭ ئونىنچى يىلى «قايغۇ يىلى» دەپ ئاتالدى.

تاغىسى ۋە ئايالىنىڭ ۋاپاتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا ھېچبىر ئاشكارا، پانى تايانچ، قوغدىغۇچى قالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل دۇنياسى پەقەت ئاللاھتائالا تەرەپكىلا يۈزلەندۈرۈلدى. چۈنكى تەۋەككۇل قىلىنىدىغان، پاناھلىق تىلىنىدىغان يېگانە زات پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ ئىدى. ئۇ باللىق ۋاقتىدىلا ئاتا-ئانا ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ھىمايىسىدىن مەھرۇم قىلىنىپ، ئاللاھنىڭ تەربىيەسىدە يېتىشتۈرۈلگەن ئىدى.

خەدىچە ئانىمىز ناھايىتى پەزىلەتلىك بىر ئايال ئىدى. ۋەھيي پەرىشتىسى بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«ئى رەسۇلۇللاھ! خەدىچە قولىدا بىر قاچا تاماق بىلەن يېنىڭغا كېلىۋاتىدۇ. خەدىچە يېنىڭغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا رەببىدىن ۋە مەندىن سالام ئېيتقىن! ئۇنىڭغا ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە ھېرىپ-چارچاش بولمىغان جەننەتتىكى مەرۋايىتتىن سېلىنغان بىر قەسىر بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن!» دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 20)

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئىلاھىي سالامغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

«ئۇ ئۇلۇغ ئاللاھ سالامنىڭ ئۆزىدۇر، سالام ئۇنىڭدىندۇر، جىبرىئىلگىمۇ سالام بولسۇن! ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەركىتى ساڭىمۇ بولسۇن!».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتى بويىچە بۇ مۇبارەك ئايالنى ئونتىمىدى. ئۇنىڭغا ۋاپانىڭ ئەڭ گۈزەل ئۆرنەكلىرىنى كۆرسەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھېچ بىرىنى خەدىچىنى كۈنلىگەندەك كۈنلىمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ھېچ كۆرمىگەن ئىدىم. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى داۋاملىق ياد ئېتەتتى. بىر قوي ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى پارچىلىغاندا، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتەتتى. بىر قېتىم (چىدىيالماي) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«خۇددى دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا بىر ئايال كىشى قالمىغاندەك!» دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ مۇنداق، مۇنداق ئىدى» دېدى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ :

«بالىلىرىممۇ ئۇنىڭدىن بولدى» دېدى.

ئىچىمدە:

«ئەمدى خەدىچە ھەققىدە يامان سۆز قىلمايمەن» دېدىم. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 20؛ «ئەدەب»، 73؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇس ساھابە»، 74 ـ 76)

بىركۈنى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سىڭلىسى ھالە بىنتى خۇۋەيلىد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەپ:

«ئى ئاللاھ! بۇ (خەدىچەنىڭ سىڭلىسى) ھالە بىنتى خۇۋەيلىد!» دەپ ھاياجانلاندى.

بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا چىدىيالمىدى:

«ياشانغانلىقتىن چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ۋە بىر زامانلار بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن قۇرەيشلىك بىر قېرى ئايالنىڭ نەرىنى ئەسلەپ كېتىسەن؟ ئاللاھ ساڭا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەردى» دېدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 20)

ھەزرىتى ئائىشە «ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى» دېگەن سۆزى بىلەن ئۆزىنى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئۆز ئورنىدا بولمىدى دەپ قارىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى:

«ياق! ئاللاھتائالا ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى. خەلق ماڭا ئىشەنمىگەندە، ئۇ ئىشەندى. ھەممە كىشى مېنى يالغانچى دېگەندە، ئۇ توغرا سۆزلىگەنلىكىمنى قوبۇل قىلدى. ھېچكىم ماڭا بىر نەرسە بەرمىگەندە، ئۇ ماڭا مېلى بىلەن ياردەم قىلدى. جانابى ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن پەرزەنتلەر ئاتا قىلدى» (ئىبنى ھەنبەل: 6-جىلد، 118-بەت)

## تائىف سەپىرى

تاغىسى ۋە ئايالىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ئەزىيەتلەر خېلىلا كۈچەيدى. ئۇ «پەيغەمبەرلەرنىڭ سۇلتانى»غا قارشى قىلىنغان دۈشمەنلەرچە ھۇجۇملار ۋەھشىيلىك دەرىجىسىگە يەتتى. شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاقىتىنى توشقۇزۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىغا زەيد

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئېلىپ، مەككىنىڭ 120 كىلومېتىر نېرىسىغا جايلاشقان تائىف شەھرىگە باردى. ئۇ يەردە 10 كۈن قالدى.

تائىفلىقلارغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، تەۋھىدكە دەۋەت قىلدى. چوڭ ئاقساقاللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇتقا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، يەككە ـ يېگانە ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. يېنىغا بېرىپ سۆزلەشمىگەن ھېچكىم قالمىدى.

ئەمما بۇ دەۋەت قۇرەيشكە ئوخشاش بۇتپەرەست بىر قەۋم بولغان تائىفلىقلارنىڭ ئارىسىدىمۇ قورقۇنچلۇق بىر بوران چىققىشىغا سەۋەب بولدى. نەپسانى ھاياتنىڭ گىردابلىرىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ھېچبىرى ھىدايەتكە كېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلمىغان ئەزىيەت ۋە ئەسكىلىكلىرى قالمىدى.

ئالدى بىلەن مەسخىرە قىلىشىپ، كېيىن ھاقارەتكە چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن قۇللىرى ۋە كىچىك باللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتىدىغان يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنى ھاقارەتلەش بىلەن بىرگە تاش ئاتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ شەھەردىن چىقىپ بولغانغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت قىلىشقا داۋام قىلدى. ھەتتا قۇللىرىنى ئارقىسىدىن ئەۋەتىپ خېلى بىر ۋاقىتقىچە تاش ئاتقۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتلىرى قان ئىچىدە قېلىپ، ئاياقلىرى قان بىلەن تولدى. ئۇنى ئېتىلغان تاشلاردىن قوغداشقا تىرىشقان زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يارىلاندى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېتىلغان تاشلارغا ئۆز بەدىنىنى قالقان قىلىپ:

«ئى تائىف خەلقى! سىلەر تاش ئېتىۋاتقان كىشىنىڭ بىر پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟!» دېدى.

ئۆزلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە مەككىلىكلەرگە ئائىت بىر باغچىدىكى بىر خورما دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئاتتى. يەرلەر غەمكىن، ئاسمانلار غەمكىن، پەرىشتىلەر غەمكىن، جىبرىئىل، مىكائىل، ئىسرافىل، ئۆلۈم پەرىشتىسى غەمكىن ئىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا پەرىشتىلەر ئاللاھتائالادىن رۇخسەت ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىشتى:
«ئى رەسۇلۇللاھ! بۇيرۇق قىلغىن! بۇ قەۋمنى ھالاك قىلايلى!» دېدى.
ئۇ مەرھەمەت پەيغەمبىرى بۇ قەبىھ مۇئامىلە ئالدىدىمۇ بەددۇئا قىلماي، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ:
«ئى ئاللاھ! قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىنى، چارىسىزلىقىمنى، خەلق نەزىرىدە تۆۋەن كۆرۈلگەنلىكىمنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئى مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى! ئەگەر ماڭا غەزەپ قىلمىساڭ، تارتقان بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە پەرۋا قىلمايمەن!
پەرۋەردىگارىم! سەن قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن؛ ئۇلار بىلمەيدۇ.
پەرۋەردىگارىم! سەن رازى بولغىچە ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن...» دەپ دۇئا قىلدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 29 ـ 30-بەتلەر. ھەيسەمى: 6-جىلد، 35-بەت)
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارام ئالغان باغنىڭ ئىگىسى بولغان بەنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىپ، ئەدداس ناملىق قۇلىدىن بىر تاۋاق ئۈزۈم ئەۋەتتى.
ئەدداس تاۋاقنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇزاتتى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
«بسم الله» دەپ، يېيىشكە باشلىدى.
بۇ سۆز ئەدداسنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھازىرغا قەدەر ھېچكىمدىن بۇنداق بىر سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى. ھەيرانلىق بىلەن:
ـ بۇ سۆزنى بۇ يەردىكىلەر بىلمەيدۇ ھەم سۆزلىمەيدۇ! ـ دەپ پىچىرلىدى.
ئارقىدىن، يەنە ھەيرانلىق بىلەن:
ـ سىز باشقىچە بىر ئىنسانكەنسىز! بۇ يەرنىڭ ئىنسانلىرىغا ئوخشىمايدىكەنسىز! سىز كىم؟ ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- سەن قەيەردىن، دىنىڭ نىمە؟ - دەپ سورىدى.

ئەدداس:

- نىنوۋالىدىن، خرىستىئانمەن! - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- دېمەك سەن، سالىھ بەندە «يۇنۇس ئىبنى مەتتا»نىڭ مەملىكىتىدىن!

- دېدى.

ئەدداسنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى:

- سەن يۇنۇسنى نەدىن بىلىسەن؟ - دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- يۇنۇس مېنىڭ قېرىندىشىمدۇر. ئۇ بىر پەيغەمبەر ئىدى. مەنمۇ بىر پەيغەمبەرمەن! - دېدى.

بۇ سۆزلەر بىلەن ئەدداسنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ئىمان بۇلاقلىرى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەدداس ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇپ، كەلىمە شاھادەت ئېيتتى.

(ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 30؛ ياقۇبى: 2 جىلد، 36-بەت)

خوجايىنى ئەدداسنى ئەيىبلىگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى:

«مەن ئۆزەمنى بىلگەندىن تارتىپ، يەر يۈزىدە ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئىنسان كۆرمىدىم! ئۇ ماڭا شۇنداق بىر سۆز قىلدىكى، ئۇنى پەقەت بىر پەيغەمبەر بىلەلەيدۇ» (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 36)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئەڭ قىيىن شارائىت ئاستىدا ئىمان ئېيتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بولغان بىر مۇئمىن بولۇش شەرىپىگە نائىل بولغان ئەدداس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن بەختلىك - ھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا شۇ قەدەر سۆيۈنگەن ئىدىكى، تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇدى.

كېيىنمىزدە ئەدداسنىڭ ئىسلامغا كىرگەن يېرىدە، ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان بىر مەسجىد بار.

## تەڭداشسىز مەرھەمەت ۋە ئىلاھىي تەسەللىلەر

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

«ئوھۇد ئۇرۇشىدىن بەكرەك سىقىلغان بىر كۈنۈڭ بولدىمۇ ئى رەسۇلۇللاھ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ:

«شۇنداق، سېنىڭ قەۋمىڭدىن قاتتىق ئەسكىلىكلەرنى كۆردۈم. بۇ ئەسكىلىكلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ئۇلارنىڭ ماڭا ئەقەبە كۈنى[200] قىلغانلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا تائىفلىق ئابدۇكۇلالنىڭ ئوغلى ئىبنى ئابدى يالىلغا ئىلتىجا قىلغىنىمدا، مېنى قوبۇل قىلمىدى. (ئەكسىچە مېنى قاتتىق ئازابلاپ، ھەر تەرىپىمنى قانغا تولدۇرۇپ، قىلمىغان ئەزىيەتلىرى قالمىدى) مەن ئارقامغا قايتىپ، ئازاب ئىچىدە كېتىۋاتاتتىم. «قەرنۇس سەئالىب» دېگەن يەرگە بارغىچە ئۆزەمگە كېلەلمىدىم. ئۇ يەردە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغىنىمدا، بىر بۇلۇتنىڭ مېنى سايىداتقانلىقىنى كۆردۈم. دىققەت بىلەن قارىسام، بۇلۇتنىڭ ئىچىدە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. ماڭا:

«ئاللاھتائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا نېمە دېگەنلىكىنى ۋە سېنى ھىمايە قىلىشنى قانداق قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇلارغا سېنىڭ خالىغىنىڭنى قىلىش ئۈچۈن ساڭا تاغلار پەرىشتىسىنى ئەۋەتتى» دەپ، نىدا قىلدى.

بۇنىڭ بىلەن تاغلار پەرىشتىسى ماڭا ئاۋاز چىقىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

«ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭنىڭ ساڭا نېمە دېگەنلىكىنى جانابى ئاللاھ بىلدى. مەن تاغلار پەرىشتىسىمەن! نېمىگە بۇيرۇساڭ شۇنى ئورۇنلىشىم ئۈچۈن ئاللاھتائالا مېنى ئەۋەتتى. نېمە قىلىشىمنى خالايسەن؟ ئەگەر خالىساڭ شۇ ئىككى تاغنى ئۇلارنىڭ بېشىغا دۈم كۆمتۈرىۋېتەي» دېدى.

---

200. ئەقەبە كۈنى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىنادا ئەقەبە دېگەن يەردە تۇرۇپ ئىنسانلارنى ئىسلامغا چاقىرغان كۈنىدۇر. ئۇ چاغدا بۇ ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسا، يەنە بىر قىسمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەزىيەت بەرگەن. مانا شۇ كۈن "ئەقەبە كۈنى" دەپ ئاتالغان.

ئۇ ۋاقىتتا:

«ياق! مەن جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن پەقەت يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك قىلمايدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشىنى تىلەيمەن» دېدىم. (بۇخارى: «بەدئىئۇل خەلق»، 7؛ مۇسلىم: «جىھاد»، 111.)

شائىر ئاللاھتائالانىڭ ھەبىبىگە بولغان تەڭداشسىز مۇھەببىتىنى نۇنداق تەسىرلىگەن:

«ئى رەسۇلۇللاھ! سەن شۇنداق بىر سۆيۈملۈك زاتسەنكى، جانابى ئاللاھ دۇنيا ۋە ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى سېنىڭ يولۇڭدا قۇربان قىلدۇ!»

تائىف سەپىرى نۇرغۇن ئىبرەتلەر بىلەن تولغان:

1. ئەڭ باشتا، تەبلىغنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايغۇ يىلى بولسىمۇ، تەبلىغنى ئۈزۈپ قويماي، سەۋر ۋە مۇستەھكەملىك بىلەن داۋاملاشتۇرغان.

2. تائىفلىقلار ئۇنىڭغا تاش ئاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۇلارغا بەددۇئا قىلمىغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەرھەمەتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە بىر تەبلىغچىنىڭمۇ مەرھەمەتلىك بولۇشى كېرەكلىكىگە ئىشارەتتۇر.

3. تەبلىغچى خاتانى ئۆز نەپسىدىن بىلىشى، ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشى ۋە ئۈمىدسىزلىككە چۈشمەسلىكى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر خاتالىق ئالدىدىمۇ ئۆزىنىڭ خاتا كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ: «ماڭا نېمە بولدى، سىلەرنى بۇنداق كۆرىۋاتىمەن!»[201] دەيتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھۆپۈپنىڭ يىغىنغا كەلمىگەنلىكىنى بىلىشى بىلەن:

مَا لِيَ لَا أَرَى الْهُدْهُدَ

**«ماڭا نېمە بولدى ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ!»** (نەمل سۈرىسى، 20-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېيىشىمۇ، بۇنىڭغا ئۆرنەكتۇر.

---

204. مۇسلىم: «سەلات»، 119؛ ئەبۇ داۋۇد: «خاتەم»، 4، «ئەدەب»، 14

4. تائىف سەپىرىدىن كېيىنكى ئەدداسنىڭ ئىمانى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ قىيىنچىلىق ھالىتىدە بۇنىڭ بىلەن تەسەللى تاپقان. بۇ ھادىسە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، قاتتىق قىيىنچىلىقلار ئىچىدە بولساقمۇ، بىر كىشىنىڭ ئىمانى بولسىمۇ بىزگە تەسەللى بولۇشى كېرەك.

5. تەبلىغچى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈرنەك بولۇشى كېرەك.

6. ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان كىشى ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ يولىنى بىلىشى، مەدەنىيەتلىك بولۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدداسقا قىلغان مۇئامىلىسىگە ئوخشاش قايەردە ۋە كىمگە نېمە سۆزلەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلىشى كېرەك.

## جىنلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن قۇرئان ئاڭلاپ ئىمان ئېيتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدداستىن باشقا ھېچكىم ئىمان ئېيتمىغان تائىف سەپىرىدىن قايتىشىدا، كېچىسى چۈشكەن بىر يەردە قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا بىر گۇرۇپ جىن تىڭشاپ، ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئىمان ئېيتتى. ئۇلار قەۋمىنىڭ يېنىغا تەبلىغ ۋەزىپىسى بىلەن قايتتى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 212 ـ بەت)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر توپ ساھابىلىرى بىلەن ئۇكاز رەستىسىگە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىققان ئىدى.

ئۇ ۋاقىتتا (جىن تائىفىسىدىن بولغان) شەيتانلارنىڭ ئاسماندىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئېلىشى چەكلەنگەن ئىدى[202]. (بۇ سەۋەبتىن، ئاسماندىن خەۋەر

202. جىنلار ئاسمانغا ئۆرلەپ ئۇ يەردە ۋەھيى ئاڭلايتتى. بىر سۆز ئاڭلىشى بىلەن، ئۇنىڭغا 99 نى ئۆز تەرەپلىرىدىن قوشاتتى. ئۇ بىر سۆز ھەق، قوشۇلغانلىرى بولسا باتىل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلىشى بىلەن شىھابلار (يەنى كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلار) بىلەن ئاسماندىكى ئىلگىرى ئولتۇرىدىغان يەرلىرىگە ئۆرلەشلىرى چەكلەندى.

ئېلىپ كېلىشكە ئادەتلىنىپ قالغان) جىنلارنىڭ ئۇستىگە شىھابلار ئېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەۋملىرىگە ھېچبىر خەۋەر ئالالماي قۇرۇق قول قايتتى. قەۋملىرى:

- نېمە بولدى، نېمىگە قۇرۇق قول قايتتىڭلار؟ - دەپ سورىدى.

ئۇلار:

- بىز بىلەن ئاسمان خەۋەرلىرى ئارىسى توسۇلدى، ئۇستىمىزگە شىھابلار ئېتىلدى. (شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ قېچىپ كەلدۇق) دېيىشتى. قەۋملىرى:

- بۇ يېڭى ئاشكارا بولغان بىر نەرسە تۈپەيلىدىن بولغان گەپ، زېمىننى مەشرىقتىن مەغرىپقىچە ئايلىنىڭلار، (بۇنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ كېلىڭلار) - دېدى.

جىنلار (يەريۈزىنى ئارىلاش ئۈچۈن گۇرۇپپىلار ھالىدا يولغا چىقتى. بۇلاردىن) تىھامە تەرىپىگە كەتكەن بىر گۇرۇپ، (ئۇكاز رەستىسىگە كەلگەندە، نەھلە دېگەن جايدا) ساھابىلىرى بىلەن بىرلىكتە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتى. قۇرئانى-كەرىمنىڭ تىلاۋىتىنى ئاڭلىشى بىلەن جىم تۇرۇشۇپ، قۇلاق سالدى:

- بىزنىڭ ئاسماندىن خەۋەر ئېلىشىمىزغا توسقۇن بولغان نەرسە مانا مۇشۇ! - دېيىشىپ قايتتى.

قەۋمىگە شۇنداق دېدى:

«ئەي قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىب بىر قۇرئان ئاڭلىدۇق ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق. ئەمدى ھېچكىمنى پەرۋەردىگارىمىزغا شېرىك قىلمايمىز».

بۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۈرە جىننى نازىل قىلىپ، جىنلارنىڭ قۇرئانى-كەرىمنى ئاڭلىغانلىقى ۋە قەۋملىرىگە ئېيتقان سۆزلىرىنى خەۋەر قىلدى:

---

بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلارغا شىھابلار ئېتىلمايتتى. (تىرمىزى: «تەپسىر»، 72\3324)

قُلْ أُوحِيَ إِلَيَّ أَنَّهُ اسْتَمَعَ نَفَرٌ مِنَ الْجِنِّ فَقَالُوا إِنَّا سَمِعْنَا قُرْآنًا عَجَبًا، يَهْدِي إِلَى الرُّشْدِ فَآمَنَّا بِهِ وَلَنْ نُشْرِكَ بِرَبِّنَا أَحَدًا

**«(ئى مۇھەممەد!) قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى: «بىر قانچە نەپەر جىنلار (مەندىن قۇرئان) تىڭشاپ (ئىمان ئېيتقانلىقى) ماڭا ۋەھى قىلىندى. ئۇلار (قەۋمىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن) ئېيتتى: بىز توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ھەقىقەتەن ئاڭلىدۇق. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق. پەرۋەردىگارىمىزغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز.»**

(جىن سۈرىسى، 1 ـ 2 ـ ئايەت)

ئاللاھتائالا سۈرە ئەھقابتا بۇ ۋەقەنى شۇ شەكىلدە بايان قىلغان:

وَإِذْ صَرَفْنَا إِلَيْكَ نَفَرًا مِنَ الْجِنِّ يَسْتَمِعُونَ الْقُرْآنَ فَلَمَّا حَضَرُوهُ قَالُوا أَنْصِتُوا فَلَمَّا قُضِيَ وَلَّوْا إِلَى قَوْمِهِمْ مُنْذِرِينَ، قَالُوا يَا قَوْمَنَا إِنَّا سَمِعْنَا كِتَابًا أُنْزِلَ مِنْ بَعْدِ مُوسَى مُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيْهِ يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ وَإِلَى طَرِيقٍ مُسْتَقِيمٍ، يَا قَوْمَنَا أَجِيبُوا دَاعِيَ اللَّهِ وَآمِنُوا بِهِ يَغْفِرْ لَكُمْ مِنْ ذُنُوبِكُمْ وَيُجِرْكُمْ مِنْ عَذَابٍ أَلِيمٍ، وَمَنْ لَا يُجِبْ دَاعِيَ اللَّهِ فَلَيْسَ بِمُعْجِزٍ فِي الْأَرْضِ وَلَيْسَ لَهُ مِنْ دُونِهِ أَوْلِيَاءُ أُولَئِكَ فِي ضَلَالٍ مُبِينٍ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا بىر تۈركۈم جىنلارنى ساڭا قۇرئان تىڭشاشقا ئەۋەتتۇق. ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىگە ھازىر بولغاندا (بىر ـ بىرىگە): «جىم تۇرۇڭلار» دېيىشتى. قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆز قەۋمىگە ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇپ قايتىشتى. ئۇلار ئېيتتى: «ئى قەۋمىمىز! ھەقىقەتەن بىز مۇسادىن كېيىن نازىل بولغان ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى كىتابلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، ھەق دىنغا ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) تىڭشىدۇق». «ئى قەۋمىمىز! ئاللاھقا دەۋەت قىلغۇچى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)**

نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار ۋە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىڭلار. ئاللاھ بەزى گۇناھلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ. سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن ساقلايدۇ». كىمكى ئاللاھقا (ئىمان ئېيتىشقا) دەۋەت قىلغۇچىنىڭ (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ) دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىسا، ئازابتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھتىن باشقا (ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىغۇچى) ياردەمچىلەر بولمايدۇ. ئۇلار (يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىغۇچىلار) ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتىدۇر.» (ئەھقاف سۈرىسى، 29 ـ 32 ـ ئايەت)

ئايەتتە جىنلارنىڭ ئاسمان خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشتىن چەكلەنگەنلىكىگە دائىر مۇنداق دېيىلگەن:

وَأَنَّا لَمَسْنَا السَّمَاءَ فَوَجَدْنَاهَا مُلِئَتْ حَرَسًا شَدِيدًا وَشُهُبًا، وَأَنَّا كُنَّا نَقْعُدُ مِنْهَا مَقَاعِدَ لِلسَّمْعِ فَمَنْ يَسْتَمِعِ الْآنَ يَجِدْ لَهُ شِهَابًا رَصَدًا، وَأَنَّا لَا نَدْرِي أَشَرٌّ أُرِيدَ بِمَنْ فِي الْأَرْضِ أَمْ أَرَادَ بِهِمْ رَبُّهُمْ رَشَدًا

«(جىنلار ئېيتتى): «بىز (ئاسمان ئەھلىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسمانغا (چىقىشنى) تىلىدۇق. ئاسماننىڭ كۈچلۈك مۇھاپىزەتچىلەر (يەنى پەرىشتىلەر) بىلەن ۋە (كۆيدۈرگۈچى) يۇلتۇزلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. بىز ھەمىشە (ئوغرىلىقچە تىڭشاش ئۈچۈن) ئاسماننىڭ ئولتۇرۇشقا بولىدىغان جايلىرىدا ئولتۇراتتۇق. كىمكى ئەمدى (ئوغرىلىقچە) ئاڭلاشقا ئۇرىنىدىكەن، ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغان كۆيدۈرگۈچى يۇلتۇزلارنى بايقايدۇ. بىز (جىنلار جامائەسى) زېمىندىكىلەرگە يامانلىق ئىرادە قىلىندىمۇ ياكى پەرۋەردىگارى ئۇلارغا ياخشىلىق ئىرادە قىلدىمۇ بىلمەيمىز.» (جىن سۈرىسى، 8 ـ 10 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىف سەپىرىدىن ئالغان نەتىجىسى تاشقى كۆرۈنۈشتە پەقەت ئەدداس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. لېكىن ھەقىقەتتە ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا كۆپ مەرھەمەتلەردە بولغان ئىدى. مەسىلەن، بۇ

جۈملىدىن ئۇنىڭغا ئىككى پەرقلىق ئالەمنىڭ سۇلتانلىقىنى بەخش ئەتكەن. تۇنجى بولۇپ تېخى مەككىگە قايتماستىن جىنلار ئۇنىڭدىن قۇرئان تىڭشاپ، ئۆز دۇنياسىدا تەبلىغنى باشلىدى. بۇنىڭدىن قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاللاھتائالا ئاسمان ئالەمىنىڭ سۇلتانى قىلىپ مېراج قىلدۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىف سەپىرىدىن قايتىپ نەھلەدىن مەككىگە قاراپ ھىرا تېغىغا كەلگەندە، مەككىلىكلەردىن بىر كىشىگە ئۇچرىدى. ئۇنى ئالدى بىلەن ئەھنەس ئىبنى شەرىككە، كېيىن سۇھەيل ئىبنى ئەمر ۋە مۇتئىم ئىبنى ئەدىيگە ئەۋەتتى. ئۇلارغا:

«مۇھەممەد «پەرۋەردىگارىم ماڭا بەرگەن رىسالەت ۋەزىپىسىنى تەبلىغ قىلىپ ئورۇنلاپ بولغىچە مېنى ھىمايەڭگە ئالامسەن؟» دەپ سوراۋاتىدۇ» دېيىشنى تەلەپ قىلدى.

باشقا ئىككىسى قوبۇل قىلمىدى. پەقەت مۇتئىم ماقۇللىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كېچە مۇتئىمنىڭ ئۆيىدە قالدى. ئەتىسى ئەتىگەن مۇتئىم ئوغۇللىرى ۋە قەۋمىنى يېنىغا چاقىرىپ:

«قوراللىرىڭلارنى ئېلىڭلار ۋە بەيتۇللاھنىڭ رۇكۇنلىرى يېنىدا تۇرۇڭلار!» دېدى.

كەبىگە يېتىپ بارغاندا، قەۋمگە قاراپ تۇرۇپ:

«ئى قۇرەيش جامائىتى! مۇھەممەدنى ھىمايەمگە ئالدىم! ئۇنىڭغا ھېچكىم چېقىلمىسۇن!» دەپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنى تاۋاپ قىلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئۆيىگە قايتقىچە مۇتئىم ۋە ئوغۇللىرى مۇھاپىزەت قىلدى. (ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 212 ـ بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 182 ـ بەت)

ئارىدىن يىللار ئۆتتى. ئىمان شەرىپىگە نائىل بولالمىغان مۇتئىم، بەدىر غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ئورۇشتى ۋە ئۆلتۈرۈلدى. دۈشمەن ئەسىرلىرىگە نېمە قىلىنىشى كېرەكلىكى تارتىشىلىۋاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇتئىمنىڭ ئوغلى جۇبەيرگە:

«ئەگەر مۇتئىم ھايات بولۇپ، مەندىن ئەسىرلەرنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان بولسا، فىديە ئالماستىن ھەممىسىنى قويۇۋەتكەن بولاتتىم» دەپ، ئۇنىڭغا بولغان ۋاپاسىنى كۆرسەتتى. (بۇخارى؛ «خۇمۇس»، 16؛ ئىبنى ھىشام: 1 ـ جىلد، 404 ـ 406 ـ بەت)

ئىسلامنى تەبلىغ قىلغاندا، ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن بىر مۇشرىككە بولغان بۇ ۋاپادارلىق تۇيغۇسى، نېمىدېگەن بۈيۈك بىر ئەخلاقنىڭ نامايەندىسى ـ ھە!...

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى ۋە ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى

تائىفتىن قايتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل خەلقتىن يىراق ياشىدى. ئارقىدىن يەنە دەۋىتىنى داۋاملاشتۇردى. مۇشرىكلارنىڭ قوپال مۇئامىلە قىلىشى بىلەن ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تەبلىغ قىلىشقا بۇيرىدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج ۋاقىتلىرى مەككىگە كەلگەنلەر، ئۇكاز، مىجەننە، زۇلمىجاز قاتارلىق يەرمەنكىلەرگە قاتناشقانلارغا قۇرئانى ـ كەرىم ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ بۈيۈك يەرمەنكىلەرگە توپلانغان بەنى ئامىر، مۇھارىب، فېزارە، غەسسان، مۇررە، ھەنىفە، سۇلەيم، ئەبس، بەنى نەسر، بەنى بەككە، قىندە، كەلب، ھارىسە، ئۇزرە، خۇزارىمە قاتارلىق قەبىلىلەر چۈشكەن يەرگە بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىشنى، رەببى بەرگەن رىسالەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا ياردەمچى بولۇشنى تەلەپ قىلدى[203].

206. ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 216 ـ 217 ـ بەتلەر؛ ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 322 ـ 492 ـ بەتلەر؛ ئىبنى كەسىر: 3 ـ جىلد، 183 ـ دىن 190 ـ بەتلەرگىچە.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ[204] مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇمىدا ۋەقفە دېگەن جايدا ھاجىلارغا ئالدىنى قىلىپ: «مېنى قەۋمىگە ئېلىپ بارىدىغان بىر كىشى يوقمۇ؟ قۇرەيش رەببىمنىڭ سۆزلىرىنى تەبلىغ قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلدى» دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «سۈننەت»، 19 ـ 20/4734)

204. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتتىن 16 يىل بۇرۇن مەدىنىدە تۇغۇلغان. دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئوھۇد غازىتىدا شېھىت بولغان تۇنجى ساھابىدۇر. دادىسى ھايات ۋاقتىدا 9 سىڭلىسىنى بېقىش ئۈچۈن ئۇرۇشلارغا قاتنىشالمىغان ئىدى. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە 19 غازاتقا قاتناشقان. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىگە قاتناشقان ھەيئەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئەزاسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىرنى بەك ياخشى كۆرەتتى، پات ـ پات ئۇنى تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرەتتى، كېسەل بولۇپ قالغاندا يوقلاپ باراتتى. دادىسى شېھىت بولغاندا بىر مۇنچە قەرزدار ئىدى. ئۇ بۇ قەرزلەرنى تۆلەشتە بىر ئاز قىيىنچىلىق تارتتى. كۆپىنچىسى يەھۇدىي بولغان قەرز ئىگىلىرى بۇ قەرزلەرنى دەرھال بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يىل مول ـ ھوسۇلمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلارنى دۆۋىلەپ يىغدۇردى ۋە مۇبارەك قولى بىلەن كەمچەننى ئېلىپ ھەممە كىشىگە قەرزىنى بېرىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر مۆجىزىسى سۈپىتىدە جابىرنىڭ پۈتۈن قەرزلىرى تۈگىشىگە قارىماي ئۇنىڭ خورمىلىرىدىن ھېچ نەرسە كېمەيمىگەنىدى. "مۇكسىرۇن" دېيىلگەن يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان يەتتە ساھابىنىڭ بىرى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 1540 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ساھابىلەردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۈنەيسنىڭ ئۈستىدە مەزلۇمنىڭ ھەققى بولغان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىغا دائىر بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاستە ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىماقچى بولدى، ئەمما بۇ ساھابە شامغا يەرلەشكەن ئىدى. جابىر رەبيەللاھۇ ئەنھۇ بىر تۆگە سېتىۋېلىپ مەدىنىدىن يولغا چىقتى. بىر ئاي داۋام قىلغان ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن شامغا يېتىپ كېلىپ، ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۈنەيستىن سوراپ ئۆگەندى. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئەما بولۇپ قالدى. ھىجرىيە 78 ـ يىلى مىلادى 697 ـ يىلى 94 يېشىدا مەدىنىدە ۋاپات بولدى. ئۇ مەدىنىدە ۋاپات بولغان ئەڭ ئاخىرقى ساھابە ئىدى.

لېكىن ئۇلاردىن دەۋەتنى قوبۇل قىلىدىغان، ئۇنى ھىمايە قىلىپ ياردەم قىلىدىغان بىر كىشى چىقمىدى. ئەكسىچە بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، قوپال مۇئامىلە قىلسا، بەزىلەر «سېنى قەۋمىڭ ياخشى بىلىدۇ! ئۇلار ساڭا نېمىشقا ئەگەشمەيدۇ؟» دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېرەكلىك جاۋابلارنى بېرىپ، ئۇلارنى ھەق يولغا دەۋەت قىلىشقا داۋام قىلدى[205].

مۇزەردىن، يەمەندىن بىر كىشى ھەجگە ياكى يەرمەنكىلەرگە قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىققاندا، قەۋمى ئۇنىڭغا:

«ئاگاھ بول! قۇرەيشنىڭ ياشلىرى سېنى دىنىڭدىن قايتۇرمىسۇن!» دەپ ئاگاھلاندۇردى[206].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مىنادا، شەيبان ئىبنى سەئلەبە جەمەتىنىڭ يېنىغا باردى. ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشى بىلەن، قەبىلىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن مەفرۇق ئىبنى ئەمر:

«ئەي قۇرەيشلىك بۇرادەر! سەن ئىنسانلارنى نېمىلەرگە دەۋەت قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، يانلىرىدا ئولتۇردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىيىمى بىلەن سايە چۈشۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرفۇققا:

«مەن سىلەرنى ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ شېرىكسىز، يەككە-يېگانە ئىكەنلىكىگە، مېنىڭ ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىمگە شاھادەت ئېيتىشقا، ئاللاھ تەرەپتىن ماڭا بۇيرۇلغان نەرسىلەرنى ئادا قىلىپ بولغانغا قەدەر مېنى قوغداشقا ۋە ماڭا ياردەمچى بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن. چۈنكى قۇرەيش ئاللاھنىڭ ئەمرىگە قارشى

205. ئەھمەد: 3-جىلد، 322-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 216-بەت.

209. ھاكىم: 2-جىلد، 681/4251

چىقتى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى يالغانغا چىقاردى، باتىلغا ئېسىلىپ ھەقتىن يۈز ئۆرىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىدىن بىھاجەت ۋە پۈتۈن ھەمدۇ-سانالارغا لايىقتۇر!» دېدى.

مەفرۇق:

«ئەي قۇرەيشلىك بۇرادەر! سەن بۇنىڭدىن باشقا نېمىلەرگە دەۋەت قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرە ئەنئامدىن مۇنۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدى:

قُلْ تَعَالَوْا أَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ أَلَّا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ مِنْ إِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ وَلَا تَقْرَبُوا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ، وَلَا تَقْرَبُوا مَالَ الْيَتِيمِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ حَتَّى يَبْلُغَ أَشُدَّهُ وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى وَبِعَهْدِ اللَّهِ أَوْفُوا ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ، وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَنْ سَبِيلِهِ ذَلِكُمْ وَصَّاكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ

**«ئېيتقىنكى: «سىلەر كېلىپ (ئاڭلاڭلار) ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار. ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ**

**بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار. ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار. ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز. سۆز قىلغان (ھۆكۈم چىقارغان ياكى گۇۋاھلىق بەرگەن) چېغىڭلاردا ئادىل بولۇڭلار. (ھۆكۈم چىقىرىلغان ياكى گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم) تۇغقىنىڭلار بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ». بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر. شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار. ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ. (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دەۋزەختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.»** (ئەنئام سۈرىسى، 151 ـ 153 ـ ئايەت)

مەفرۇق:

«ئەي قۇرەيشلىك بۇرادەر! سەن يەنە نېمىلەرگە دەۋەت قىلىسەن؟» ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇلار ئىنسان سۆزى ئەمەس! ئەگەر ئىنسان سۆزى بولسا ئىدى، بىز ئۇنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتۇق» دېدى.

بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

إِنَّ اللّٰهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالْإِحْسَانِ وَإِيتَاءِ ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاءِ وَالْمُنْكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ

**ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ.»** (نەھل سۈرىسى، 9 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

مەفرۇق:

«ئەي قۇرەيشلىك بۇرادەر! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن مېنى گۈزەل ئەخلاققا ۋە ئەڭ گۈزەل ئەمەللەرگە دەۋەت قىلدىڭ! سېنى يالغانچى دېگەن قەۋم ساڭا بوھتان چاپلاپتۇ!» دېدى.

قەبىلىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن «ھانى» ۋە «مۇسەننا»مۇ ئوخشاش شەكىلدە جاۋاب بەردى. لېكىن قەۋمى بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەتلەشمەستىن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ كىسرا ۋە پارىسلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشتىن مەمنۇن بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەتىجىدە كۆڭلىدە قوبۇل قىلىپ، مەنپەئەتلىرىنىڭ ئۈزۈلىدىغانلىقى ۋە باشلىرىغا بىرەر زىيان كېلىش قورقۇنچى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى رەت قىلدى[207].

تارىق ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زۇلمېجاز يەرمەنكىسىدە ئۈستىدە قىزىل سىزىقى بار بىر كىيىم كىيىۋالغان ھالەتتە كۆردۈم:

«ئەي ئىنسانلار! «لا إله إلا الله» بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق!» دەڭلار- دە قۇتۇلۇڭلار!» دەپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلىۋاتاتتى.

بىر ئادەم قولىغا تاش ئېلىپ ئۇنى كۆزىتىپ:

«خالايىق! ھەرگىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماڭلار، چۈنكى ئۇ يالغانچىدۇر» دەپ ۋاقىردى.

ئاتقان تاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتلىرىنى قانىتىۋەتتى.

ئۇ يەردىكى كىشىلەردىن:

- بۇ زات كىمدۇر؟ - دەپ سورىدىم.

- ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىدىن بىر ياش! - دېدى.

- ئۇنداقتا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ تاش ئاتقان كىم؟ - دېدىم.

---

207. ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 5- جىلد، 250- 251- بەتلەر؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3- جىلد، 187- 188- بەتلەر.

- ئۇ تاغىسى ئەبۇ لەھەبتۇر - دېدى. (ھاكىم: 2-جىلد، 668-بەت؛ ئىبنى ئەسىر؛ «ئۇسدۇل غابە»، 3-جىلد، 71-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش يولىدا تارتقان مۇشەققەتلىرىگە دائىر بىر ۋەقەنى مۇدرىك ئەل ئەزدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«دادام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىۋاتاتتىم. مىنادا قونغىنىمىزدا بىر جامائەت بىلەن ئۇچراشتىم. دادامدىن:

- بۇ جامائەت نېمىگە توپلىنىپتۇ؟ - دەپ سورىدىم.

دادام:

- قەۋمىنىڭ دىنىنى تەرك ئەتكەن شۇ زات ئۈچۈن! - دېدى.

ئىشارەت قىلغان تەرەپكە قارىغىنىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم:

«ئەي ئىنسانلار! «لا إله إلا الله» بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق!» دەڭلار - دە قۇتۇلۇڭلار!» دەپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى.

كىشىلەردىن بەزىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى، بەزىلىرى بېشىغا توپا چاچتى، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلدى. چۈشكە قەدەر بۇ ئەھۋال داۋام قىلدى. شۇ ئەسنادا بويىنى تەرىپى ئېچىلغان بىر قىز بىر قۇتىدا سۇ ۋە بىر قولىدا بىر قولياغلىق بىلەن كەلدى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇتىنى ئېلىپ سۇدىن ئىچتى، يۈز-قولىنى يۇيۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

- قىزىم! بويۇنۇڭنى ياغلىقىڭ بىلەن ئورىغىن! داداڭ تۇزاققا چۈشۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى خارلىققا ئۇچرايدۇ دەپ قورقمىغىن! - دېدى.

بۇ كەلگەن قىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدىم:

- قىزى زەينەب - دېدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 5-جىلد، 130-بەت؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 21 -بەت)

ھەزرىتى زەينەب، ھەزرىتى فاتىمە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا قىزلىرى باللىق، ياشلىق دەۋرلىرىنى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاجىز، مۇسۇلمانلارنىڭ

ئەڭ قاتتىق ئېزىلگەن بىر دەۋرىدە ئۆتكۈزگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ چەككەن ئازابلىرىنى ھەزرىتى زەينەب ۋە بىر تۇققانلىرىمۇ ئوخشاش تارتاتتى. دادىلىرى ئۆيدىن چىقىپ ئىسلامنى تەبلىغ قىلغاندا، ئۇلار ئەندىشە ئىچىدە ئىشىك ئالدىدا ساقلايتتى، ياكى، مۆھتەرەم دادىلىرىنى قەدەممۇ-قەدەم كۆزىتىپ، مۇھاپىزە قىلىشقا تىرىشاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مۆھتەرەم قىزلىرى ئانىلىرى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىمۇ دادىلىرىغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئازابلىرىغا ئورتاق بولغان ئىدى. ئۇ تارتقان ئازابلارغا غەمكىن بولۇپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ئىدى. فاتىمە قانلىرىنى سۈرتكەن، زەينەب ئارقىسىدىن سۇ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ قول-يۈزلىرىنى يۇغان، يىللارچە دەككە-دۈككە ئىچىدە ياشىغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇكاز يەرمەنكىسىدە ئىسلامغا دەۋەت قىلغان كۆپلىگەن قەبىلىلەردىن بىرى ئەمر ئىبنى سەئسەئە جەمەتى ئىدى. ئۇلارغا:

«مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىمەن! سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلگىنىمدە، پەرۋەردىگارىمنىڭ بۇيرۇقلىرىنى خەلققە يەتكۈزگىچە، ئەلچىلىك ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولغىچە مېنى قوغدامسىلەر؟ ئىچىڭلاردىن ھېچكىمنى زورلىمايمەن!» دېدى.

«بىز سېنى يېنىمىزدىن قوغلىمايمىز، ساڭا ئىمانمۇ ئېيتمايمىز. لېكىن تەبلىغ ۋەزىپەڭنى ئادا قىلىپ بولغانغا قەدەر سېنى قوغدايمىز!» دېيىشتى.

شۇ ئەسنادا بەيھەرە ئىسىملىك ئۇ قەبىلىگە مەنسۇپ بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەن بەيھەرە ئۆز-ئۆزىگە:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەمنى قۇرەيشدىن ئېلىۋالالىسام، ئۇنىڭ سايىسىدە پۈتۈن ئەرەبلەردىن ئۈستۈن بولاتتىم!» دەپ پىچىرلىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«ئەگەر بىز ساڭا بەيئەت قىلساق، ئاللاھمۇ سېنى قارشى چىققۇچىلىرىڭغا غالىب قىلسا، سەندىن كېيىن رەئىسلىك بىزگە قالامدۇ؟» دەپ سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئىش ئاللاھقا ئائىتتۇر! ئاللاھ ئۇنى خالىغىنىغا بېرىدۇ!» دېدى.

بەيھەرە:

«دېمەك، كۆكسىمىز سېنىڭ يولۇڭدا پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئوقلىرىغا نىشان بولىدۇ، ئاللاھ سېنى غالىب قىلغان ۋاقىتتا بولسا رەئىسلىك باشقىلارغا بېرىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ بۇ بولمايدىغان ئىشكەن!» دېگەندىن كېيىن قەۋمىگە قايتىپ:

«بۇ يەرمەنكىدىن سىلەردىن يامانراق بىر نەرسە بىلەن قايتقان ھېچبىرىنى بىلمەيمەن. پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۆزەڭلارغا قارشى قىلامسىلەر؟ ئۇنى ئۇنىڭ قەۋمى سىلەردىن ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر قەۋمى ئۇنىڭدا بىر ياخشىلىق كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر كىشىدىن بەكرەك ئىگە بولاتتى....» دەپ، ۋارقىراشقا باشلىدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

«تۇر ئورنۇڭدىن، بۇ يەردىن كەت!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ تۆگىسىگە مىنگەندە، بۇ نىجىس بەيھەرە تۆگىنىڭ كۆكسىگە تۈيۈقسىز تەپتى، بۇنىڭدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان تۆگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى.

زۇبائە بىنتى ئامىر ئىسىملىك مۇسۇلمان بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان بۇ ھاقارەتنى كۆرە-كۆرمەي:

«ئەي ئامىر جەمەتى! كۆز ئالدىڭلاردا ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قىلىنغان ئەزىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئىچىڭلاردىن ئۇنى مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن قوغدايدىغان بىرەر كىشى يوقمۇ؟» دېدى.

تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۈچ كىشى شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلئۇن بەيھەرەنىڭ ئۈستىگە يۈگۈردى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلار ھەققىدە:

«ئى ئاللاھ! بۇلارغا بەرىكىتىڭنى ئېھسان قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلدى. بۇ دۇئا بەرىكىتى بىلەن ئاللاھتائالا ئۇلارغا ئىماننى نېسىپ قىلدى ۋە ئاخىرىدا شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە نائىل بولدى.

بۇ قەبىلىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ھەج مەۋسۇملىرىغا قاتنىشالمىغان بىر رەئىسى بار ئىدى. يۇرتلىرىغا قايتقاندا، بولۇپ ـ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشتى. بۇ بوۋاي شۇ ھامان قوللىرىنى بېشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ:

«ئەي ئامىر جەمەتى! سىلەر كەتكۈزۈپ قويغان بۇ پۇرسەتنى قانداق تولدۇرىسىلەر؟ جېنىم قۇدرەت ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئىسمائىل جەمەتىدىن ھېچبىرى ھازىرغا قەدەر يالغاندىن پەيغەمبەر بولغانلىقنى سۆزلىمىگەن! ئۇنىڭ سۆزلىگىنى ھەقىقەتەن ھەق ۋە راست ئىدى! سىلەرنىڭ توغرا كۆز قارىشىڭلار ئۇ ۋاقىتتا نەگە كەتكەن؟» دەپ، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە باشلىدى[208].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاتقان ئەزىيەتلەرگە قارىماي، دىنىنى ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىشتىن چېكىنمەي، يەرمەنكىلەرگە كەلگەن باشقا قەبىلىلەرگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈردى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى سەۋدە بىلەن ئۆيلىنىشى

سەۋدە ئانىمىز سېكران ئىبنى ئەمرىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. مۇسۇلمانلار ئازاب ـ ئۇقۇبەتكە قالغاندا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. سېكران بىر مۇددەتتىن كېيىن بۇ يەردە ۋاپات بولدى. ھەزرىتى سەۋدە ئىسلام ھەققىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەندى.

208. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 33 ـ 34 ـ بەتلەر؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3 ـ جىلد، 184؛ ئىبنى ھاجەر "ئەلئىسانە" 4 ـ جىلد، 353.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى سەۋدە ئانىمىز بىلەن ئۆيلىنىشىگە ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئايالى ھەۋلە خانىم ۋەسىلە بولدى.

ھەۋلە خانىم ئۆيلىنىش مەسىلىسىنى ھەزرىتى سەۋدەنىڭ دادىسىغا بىلدۈرۈشى بىلەن، ئۇ:

«ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئىنتايىن شەرەپلىك بىر ئەر!» دەپ ئۆيلىنىشكە قوشۇلدى

لېكىن سەۋدە خانىم ۋاپات بولغان ئېرىدىن بەش ياكى ئالتە بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن توي قىلىشقا جاسارەت قىلالمىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

«سېنىڭ مەن بىلەن ئۆيلىنىشىڭگە توسالغۇ بولغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورىدى.

ھەزرىتى سەۋدە:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا سەندىن سۆيۈملۈكرەك ھېچكىم يوق ھالدا، مېنىڭ سېنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا نېمە توسالغۇ بولسۇن. لېكىن شۇ كىچىك باللارنىڭ ئەتىگەن-ئاخشامدا سېنىڭ بېشىڭدا چۇرقىرىشىپ، ساڭا ئارام بەرمەسلىكىدىن قورقىمەن. بولمىسا بۇ ئىشنى سېنى مەمنۇن قىلىش ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان بولاتتىم» دېدى. (ئىبنى سائاد: 8-جىلد، 53-دىن 57-بەتلەرگىچە؛ ئەھمەد: 1-جىلد، 319-318؛ 4-جىلد، "ھەيسەمى"،6-جىلد، 270)

بۇ ئۆيلىنىش پەيغەمبەرلىكنىڭ ئونىنچى يىلى رامزان ئېيىدا بولدى.

سەۋدە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. خىزمەتلىرىدە ئەستايىدىل ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغۇز قالغان بىر ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭغا ھايات يولدىشى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېقىشقا ۋە ئانا مېھرىگە موھتاج بولغان كىچىك قىزلىرىنى شەپقەت بىلەن بېقىپ، سۆيگۈسى بىلەن چوڭ قىلدى.

# پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون بىرىنچى يىلى

## ئەقەبە ئۇچرىششى

بىر كېچە ۋاقتى ئىدى...

كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئالتە كىشلىك مەدىنىلىك جامائەت ئەقەبە دېگەن جايدا ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇنىڭ جاھانىي يورۇتقان جامالى نۇرىغا قاراپ:

«بۇ نېمىدېگەن گۈزەل بىر ئىنسان!» دەپ، ئۆزئارا پىچىرلاشتى. كۆڭلى تەرىپلىگۈسىز بىر گۈزەل تۇيغۇغا تولۇپ، قەلبىگە مۇھەببەت بىخلىرىنى ياشارتىدىغان رەھمەت تامچىلىرى ئېقىشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا يانلىرىغا يېقىنلىشىپ كەلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ھەركىمگە نەسىھەت قىلغىنىدەك، ئۇلارنىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن گەپ باشلىدى:

- بىر ئاز ئولتۇرساڭلار، سۆھبەتلەشسەك! - دېدى.

مەدىنىلىك ئالتە كىشلىك بۇ تەلەيلىك گۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ دەرىجىدە ھەيران قالدۇرغان بىر زات بىلەن پاراڭلىششنى ھاياتىدىكى بىر پۇرسەت بىلدى. شۇ ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا، خۇددى چىراق ئەتراپىدىكى پەرۋانىلەرگە ئوخشاش توپلاندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قۇرئانى-كەرىمدىن ئايەتلەر ئوقۇپ، ئىسلامنى تەبلىغ قىلدى. ئىككى دۇنيا سائادىتىنى خالىسا، بۇ ئىمان دەۋىتىگە ئىجابەت قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

مەدىنىلىكلەر يېقىندا بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى ئاتىلىرىدىن ئاڭلىغان، ئۇنىڭدىن باشقا قوشنىلىرى بولغان يەھۇدىيلاردىنمۇ ئاڭلاپ

ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىشى بىلەن بىر-بىرلىرىگە:

«قېرىنداشلار! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ يەھۇدىيلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بىزگە تەھدىت سالغان پەيغەمبەردۇر! يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشتا، بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتمىسۇن!» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى كۆرگەنلىرىدىن بولغان ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان نۇرانە چېھرىسىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ، سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ ئىلاھىي دەۋەتكە «قوشۇلدۇق» دېيىشىپ، بىرلىكتە شاھادەت ئېيتتى:

«أشهد ان لا إله إلا الله وأشهد أن محمدا عبده ورسوله»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىگە بارغان تەقدىردە، ئۇلارغا ياردەم قىلالايدىغان ياكى قىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا سورىدى.

مەدىنىنىڭ بۇ تۇنجى مۇسۇلمانلىرى، ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار بولغانلىقىنى، ئارىلىرىدىكى دۈشمەنلىكنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كىرگەنلىكىنى، ئەگەر ئۇلار بۇ يىل كەلسە، ھەققى ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىر يىل مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەدىنىلىكلەر ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە كېلەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدا قايتا كېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

بۇ كىچىك ئىمان كارۋىنى مەملىكىتىگە باشقىچە بىر روھ ۋە ھۇزۇر ئىچىدە قايتىشتى. جاھالەت كىرلىرى تازىلانغان ئۈستىلىرىدىكى ئېغىرلىقتىن قۇتۇلۇپ ئوخشاش يېنىكلەپ قالغان ئىدى. مەدىنىگە بېرىشى بىلەن، كائىناتنىڭ رەھمىتى ئىككى ئالەم قۇياشىنى تونۇتۇشقا ۋە ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئېلىنمىغان بىرمۇ ئۆي قالمىدى[209].

---

209. ئىبنى ھىشام 2-جىلد، 38-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 219-بەت؛ ھەيسەمى:

## كۆكرىكىنىڭ ئۆچىنچى قېتىملىق يېرىلىشى مېراجغا تەييارلىق

ئىسرا ۋە مېراج كېچىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھتائالا بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، پاك قەلبى ئۈچىنچى قېتىم ئىلاھىي تەجەللىلەرگە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن تولدۇرۇلدى[210].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھادىسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«مەن كەبىنىڭ خاتىم تەرىپىدە ياتاتتىم. مۇگدەك بېسىپ تۇرغان ۋاقتىدا يېنىمغا بىرسى كېلىپ، بۇ يەردىن بۇ يەرگە قەدەر (كۆكسۈمنى) ياردى. (بۇ سۆزنى دەۋاتقاندا مەيدىسىدىكى تۈكلەر تۈگىگەن يەرگىچە ئىشارەت قىلدى). يۈرۈكۈمنى چىقاردى. كېيىن ماڭا ئىچى ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان ئالتۇندىن بىر قاچا كەلتۈرۈلدى. يۈرۈكۈم (چىقىرىلىپ سۇ ۋە زەمزەم بىلەن) يۇيۇلدى. كېيىن ئىچىگە ئىمان ۋە ھېكمەت تولدۇرۇلۇپ، قايتا ئۆز جايىغا كەلتۈرۈپ قويىدى.» (بۇخارى: «بەدئۇل خەلق»، 6. «ئەنبىيا»، 22، 43؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 264)

## ئاللاھنىڭ ھەبىبى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان تەڭداشسىز ئىكرامى: مېراج

ئىسرا ھادىسىسى ھىجرەتتىن 18 ئاي بۇرۇن بولغان. ئىسرا ۋە مېراج دەپ ئىپادىلەنگەن بۇ ئىلاھىي ئىكرام پۈتۈن ئىنسانىي پەردىلەر ئېچىپ تاشلىنىپ، ئىنسان ئىدراكىنىڭ ئۈستىدە ۋە تامامەن ئىلاھىي بىر ئۆلچەمدە ئەمەلگە ئاشقان بىر مەرھەمەتتۇر. مەسىلەن، ئىنسانىي مەنىدە زامان ۋە ماكان ئۇقۇمى يوروتۇلۇپ، مىلياردلارچە ئىنسان ئۆمرىگە سىغمايدىغان بۇ قەدەر ئۇزۇن بىر سەپەر ۋە نۇرغۇن ئالامەتلەرنى كۆرۈش ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن.

---

6 ـ جىلد، 40 ـ بەت.

210. بۇخارى: «سالات»، 1؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 263..

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

سُبْحَانَ الَّذِي أَسْرَى بِعَبْدِهِ لَيْلًا مِنَ الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ إِلَى الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى الَّذِي بَارَكْنَا حَوْلَهُ لِنُرِيَهُ مِنْ آيَاتِنَا إِنَّهُ هُوَ السَّمِيعُ الْبَصِيرُ

**«ئاللاھ (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر. ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر.»** (ئىسرا سۈرىسى، 1 ـ ئايەت)

ئايەت ـ كەرىم مۇھىم ۋە ھەيران قالدىغان ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتىگە دىققەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنى پاك دېيىش بىلەن باشلىغان. مۇپەسسىرلارنىڭ بايانىغا كۆرە «سبحان» جانابى ئاللاھنىڭ نۇقسانى سۈپەتلەردىن ئومۇمىي بىر شەكىلدە پاك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاللاھتائالانىڭ ئاجايىپ يارىتىشى ئالدىدا ھەيرانلىق ئىپادىسى بولۇپمۇ قوللىنىلماقتا. يەنە كېلىپ مۇھىم بىر تەسبىھنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا:

1. ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرغان ئىسرا ھادىسىسىنى توغرىلاش، قەلبلەرنىڭ پاكلىنىشىغا زېمىن ھازىرلىشى كېرەك. ئىنسانلارنى تەشبىھ ۋە تەجسىم (ئاللاھنى مەخلۇقا ئوخشىتىش ۋە جىسىم شەكلىدە چۈشىنىش) دىن ئىبارەت خاتا چۈشەنچە ۋە ۋەھىملەردىن ساقلايدۇ.

2. مىراجنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغۇچىلارغا قارشى، جانابى ئاللاھنىڭ ئاجىزلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر تۈرلۈك نۇقسانى سۈپەتلەردىن پاك ئىكەنلىكىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئايەت ـ كەرىمنىڭ داۋامىدا كېچىگە دىققەت تارتىلغان. چۈنكى ئىسرا بىر كېچە سەپىرىدۇر. ۋەھىي كۆپىنچە كېچە ۋاقتى كەلگەن. ئىجابى ـ سەلبى ئىشلار ۋە ئاجايىپ ھادىسلەرمۇ ئومۇمىي قىلىپ ئېيتقاندا، كېچە

ۋاقتى يۈز بەرگەن. ھەقىقەتەن، نەفلە ئىبادەتلەرمۇ سەھەر ۋاقتىدا ئادا قىلىنىدۇ. تەھەججۇد نامىزىمۇ كاتتا ئىبادەتتۇر.

مەسجىدى ئەقسا ۋە ئەتراپىنىڭ مۇبارەك بولۇشى مۇنداق ئىزاھلانغان:

دىن ۋە دۇنيا بەرىكىتى بىلەن بەرىكەتلەندۈرۈلگەن. ئەتراپىدا يېشىللىق ۋە بۇلاقلار بار.

نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۇ يەردە ياشىغان ۋە بۇ سەۋەبتىن ۋەھىي چۈشۈش ماكانى بولغان.

3. ئىسرا ھادىسىسى سەۋەبى بىلەنمۇ ئايرىم بەرىكەتلىك قىلىنغان.

بۇ سەپەردە جانابى ئاللاھ بەندىسى ۋە رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاجايىپ ۋە مۆجىزىلىك ھادىسىلەرنى كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كېچە مەسجىدى ئەقسادا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان[211].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە كۆرە، ئىسرا كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرىدە شاراپ يەنە بىرىدە سۈت بار ئىككى قاچا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر قارىغاندىن كېيىن سۈت قاچىسىنى تاللىدى. بۇنىڭ بىلەن جىبرىئىل:

«سېنى ئىنسانىنىڭ يارىتىلىش غايىسىگە ئۇيغۇن بولغان تەرەپكە يۈزلەندۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن. ئەگەر شاراب بار قاچىنى ئالغان بولساڭ ئىدىڭ، ئۈممىتىڭ ئازغان بولاتتى» دېدى. (مۇسلىم: «ئىمان»، 272، «ئەشربە»، 92)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۈممىتىگە ۋەكىل بولۇۋاتاتتى. بۇ يەردىكى سۈت ئىنسانىي تەبىئەتنى، شاراب بولسا دۇنياغا رىغبەتنى تەمسىل قىلاتتى.

جانابى ئاللاھ قۇرئاندا:

وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى

211 ئىبنى سائاد، 1ـ جىلد، 214

**«(ئۇ) ئۆز نەفسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ.»** (نەجىم سۈرىسى، 3-ئايەت) دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىدىن سۆزلىمەيدىغانلىقى ۋە ئۆزى بىلگەنچە بىر ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مۇتلەق تەسىر كۆرسەتكۈچى جانابى ئاللاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي تەسلىم بولغان. بۇ يەردە ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا سۈتنى تاللىتىپ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنى پەزىلەتلىك بولغان نەرسىگە يۈزلەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ھادىسە بىزگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسرا ھادىسىسى بىلەن مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، بۇ يەردىن ئاسمانلارغا ئۆرلەش، يەنى مىراج ئاتا قىلىندى. مەسجىدى ئەقساغا بارغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن جىبرىئىلنىڭ رەھبەرلىكىدە «سىدرەتۇل مۇنتەھا»غا قەدەر چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھادىسىنى مۇنداق سۆزلەپ بېرىدۇ:

«مەن كەبىنىڭ خاتىم قىسمىدا مۈگدەپ تۇرغان بىر ھالەتتە ئىدىم. يېنىمغا ئۇلاقتىن چوڭ، قېچىردىن كىچىك بىر ئاق ھايۋان كەلتۈرۈلدى. بۇ بۇراق ئىدى. ئۇ ئالدى پۇتلىرىنى كۆزى يەتكەن ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىغا قويۇپ ماڭاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە مىندۈرۈلگەن ئىدىم. شۇنداق قىلىپ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېنى ئېلىپ ماڭدى. دۇنيا ئاسمىنىغا قەدەر كەلدۇق. ئۇ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

- كەلگەن كىم؟ - دېيىلدى.

- جىبرىئىل. - دېدى.

- سەن بىلەن بىرگە كەلگەن كىشى كىم؟ - دېيىلدى.

- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. - دېدى.

- ئۇنىڭغا مىراجغا چىقىش چاقىرىقى ئەۋەتىلدىمۇ؟ - دېيىلدى.

- شۇنداق! - دېدى.

- خۇش كەپتۇ، بۇ نېمدېگەن ياخشى كېلىش!- دېيىلدى ۋە ئىشىك ئېچىلدى.

ئىشىكتىن ئۆتۈشۈمگە ئۇ يەردە ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم.

- بۇ داداڭ ئادەمدۇر! ئۇنىڭغا سالام قىلغىن! - دېيىلدى.

مەن سالام قىلدىم، سالامىمنى قايتۇرۇپ:

- سالىھ پەرزەنت خۇش كەلدىڭ، سالىھ پەيغەمبەر خۇش كەلدىڭ! - دېدى.

كېيىن جىبرىئىل مېنى يۇقىرى ئۆرلەتتى ۋە ئىككىنچى ئاسمانغا كەلدۇق، بۇ يەردە ھەزرىتى يەھيا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتىم.

كېيىن جىبرىئىل مېنى ئۈچىنچى قات ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتۇق. تۆتىنچى قات ئاسماندا ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىلەن، بەشىنچى قات ئاسماندا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن، ئالتىنچى قات ئاسماندا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتۇق.

- سالىھ بۇرادەر خۇش كەلدىڭ، سالىھ پەيغەمبەر خۇش كەلدىڭ! - دېدى.

مەن ئۇنىڭ يېنىدىن ماڭغىنىمدا يىغلىدى. ئۇنىڭغا:

- نېمىگە يىغلايسەن؟ - دېيىلدى.

- چۈنكى مەندىن كېيىن بىر كىشى پەيغەمبەر بولدى، ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلار، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن كۆپ!» دېدى[212].

كېيىن جىبرىئىل مېنى يەتتىنچى قات ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشتۇق.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

- بۇ داداڭ ئىبراھىمدۇر! ئۇنىڭغا سالام بەرگىن! - دېدى.

212. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يىغلىشى ھەسەتتىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئەھۋال ئەمەس. بەلكى دۇنيادا بىر كامالەتنى قولغا كەلتۈرۈۋالالمىغانلىقىغا غەمكىن بولغانلىقى سەۋەبىدىن.

مەن سالام بەردىم، ئۇمۇ سالامىمنى قايتۇردى. كېيىن:

- سالىھ ئوغلۇم خۇش كەلدىڭ، سالىھ پەيغەمبەر خۇش كەلدىڭ! - دېدى.

كېيىن يەنە ماڭدا:

- ئى مۇھەممەد! ئۈممىتىڭگە مەندىن سالام ئېيتقىن. ئۇلارغا جەننەتنىڭ تۇپرىقىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل، سۈيىنىڭ ئىنتايىن تاتلىق، يەر كۆلىمىنىڭ ھېسابسىز دەرىجىدە كەڭرى ۋە تۈز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىن. شۇنى سۆزلىگىنكى، جەننەتكە ناھايىتى كۆپ دەرەخ تىكسۇن. جەننەتنىڭ دەرەخلىرى: «سبحان الله والحمد لله ولا إله إلا الله والله أكبر» يەنى «ئاللاھ پۈتكۈل ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكتۇر ۋە بارلىق ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر» دېمەكتىن ئىبارەتتۇر» دېدى.

كېيىن سىدرەتۇل مۇنتەھاغا چىقىرىلدىم. بۇنىڭ مېۋىلىرى (يەمەننىڭ) تاش ئىدىشلىرىغا ئوخشاش يوغان بولۇپ، يوپۇرماقلىرىمۇ پىل قۇلاقلىرىغا ئوخشايتتى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭدا:

- مانا بۇ سىدرەتۇل مۇنتەھادۇر! - دېدى.

بۇ يەردە تۆت دەريا بار ئىدى: ئىككىسى يوشۇرۇن، ئىككىسى ئاشكارا دەريادۇر.

_ بۇلار نېمىدۇر ئى جىبرىئىل؟ - دەپ سورىدىم.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

- بۇ ئىككى يوشۇرۇن دەريا جەننەتنىڭ ئىككى دەرياسىدۇر. ئاشكارا بولغانلارنىڭ بىرى نىل، يەنە بىرى فىرات دەرياسىدۇر!» دېدى. (بۇخارى: «بەدئۇل خەلق»، 6؛ «ئەنبىيا»، 22، 43؛ «مەناقىبۇل ئەنسار»، 42؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 264؛ تىرمىزى: «تەپسىر»، 94، «دەئەۋات»، 58؛ نەسائى: 1؛ ئەھمەد: 5-جىلد، 418-بەت)

سىدرەتۇل مۇنتەھادا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بۇ يەرنىڭ نېرىسىغا يالغۇز ماڭىسەن! ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمە ئۈچۈن ئەي جىبرىئىل؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇ جاۋابەن:

ـ جانابى ئاللاھ ماڭا بۇ يەرگىچە چىقىش رۇخستى بەرگەن. ئەگەر بۇ يەردىن بىر قەدەم ئالدىغا ماڭسام، كۆيۈپ كۈل بولىمەن!...» دېدى. (رازى: 28 ـ جىلد، 251 ـ بەت.)

ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەپىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز داۋام قىلدى. ئۇنىڭغا ئاجايىپ تەجەللىلەر ئاتا قىلىندى.

بۇ سەپەردىكى ئاجايىباتلارنى ئۆز لايىقىدا ئىپادىلەش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ھەقىقەتنى ئاجىز ئىنسان ئىدراكىنىڭ ئىچىگە سىغدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت بىر ئىشتۇر. ئۇنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئەسلى ماھىيىتى ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ھەبىبى ئارىسىدا ئەبەدى بىر سىر بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئارىسىدىكى سىرلار تەجەللىسى ۋەھيىگە خىتاب قىلىنغانلارغا ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرەت ۋە سەلتەنىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مىراج ھادىسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى قېتىم تائىفتا كۆرگەن زۇلمى نەتىجىسىدە قەلبىنى تولدۇرغان غەمكىنلىكنى خۇشاللىققا ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىلاھىي مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەسلىدە زامان ۋە ماكان ئۇقۇمى سىرتىدا ئەمەلگە ئاشقان بۇ ئىلاھىي تەجەللىنىڭ ئىنسان تەپەككۇرى ئۈچۈن تامامەن قوبۇل قىلىنىشى ئىمكانسىزدۇر. بۇنداق ئىنسان ئىدراكىنىڭ قۇدرىتىنى ئېشىپ چۈشكەن سەزگۈر ۋە ئالاھىدە ماۋزۇلاردا ئىنسان ئۆز تەپەككۇرىنى زورلاشقا بولمايدۇ. قىسقىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ھەققىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلاھىي مەرھەمەتنى ئېشىپ چۈشكەن پەۋقۇلئاددە بىر ئىلاھىي

ئىكرام بىلەن مېراجدا ئىلاھىي زاتىغا مەخسۇس زامانسىز ۋە ماكانسىز بىر ئالەمدە:

فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى

**«ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى.»** (نەجم سۈرىسى، 9-ئايەت) دەپ، بىلىنگەن بىر تەجەللىگە سازاۋەر بولغان.

بۇ تەجەللىنىڭ بىر زەررىسىنى كۆرۈش بىلەن ئاللاھنىڭ ئىرادىلىك پەيغەمبەرلىرىدىن بولۇشغا قارىماستىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانلىقىنى خاتىرلىگىنىمىزدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ دەرگاھىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىنغان خۇسۇسى سالاھىيەت دەرىجىسىنى بىر ئاز چۈشەنگەن بولىمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇقەددەس ماكاندا ئاياقلىرىنى سېلىۋېتىش بۇيرۇلۇپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇ يەرنىڭ بەرىكەتلىرىدىن نېسىۋىسىنى ئېلىشى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېراج كېچىسى قىلىنغان ھۆرمەت، بىر قاراشتىن:

«ئەي ھەبىبىم! سەن ئەرش سېلىنچىلىرى ئۈستىدە، كالاچلىرىڭ بىلەن يۈرگىنكى، ئەرش سېنىڭ كالاچلىرىڭنىڭ چاڭ توزانلىرى بىلەن شەرەپلەنسۇن ۋە ئەرشنىڭ نۇرى سېنى قۇچاقلاش نېمىتىگە نائىل بولسۇن!» دېمەكتە ئىدى. (بۇرسەۋى: 5-جىلد، 370-بەت)

ئاللاھتائالا مېراجنى قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

وَالنَّجْمِ إِذَا هَوَى

**«ساقىغان يۇلتۇزلار بىلەن قەسەمكى.»** (نەجم سۈرىسى، 1-ئايەت)

سۈرىنىڭ بۇ شەكىلدە قەسەم بىلەن باشلىنىشى بۇ سۈرە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەقىقەتلەرگە قارشى ئىنكار قىلغۇچىلار تەرىپىدىن قىلىنىشى مۇمكىن بولغان ئېترازلار تۈپەيلىدىن مېراجنىڭ ھەقىقىتىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش

ئۇچۇندۇر. بۇ ئەھۋال قەسەمنىڭ كەينىدىن كەلگەن بۇ ئايەت بىلەنمۇ مۇنداق تەكىتلەنگەن:

مَا ضَلَّ صَاحِبُكُمْ وَمَا غَوَى، وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى، إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى، عَلَّمَهُ شَدِيدُ الْقُوَى، ذُو مِرَّةٍ فَاسْتَوَى، وَهُوَ بِالْأُفُقِ الْأَعْلَى

**«سىلەرنىڭ ھەمراھىڭلار (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) گۇمراھ بولمىدى ۋە يولدىن ئاداشمىدى. (ئۇ) ئۆز نەفسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ. ۋەھيىنى ئۇنىڭغا كۈچلۈك پەرىشتە (جىبرىئىل) تەلىم بەردى. ئۇنىڭ (يەنى جىبرىئىلنىڭ) كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ يۇقىرى ئۇپۇقتا (ئۆز شەكلىدە) تۇردى.»** (نەجم سۈرىسى، 2-7-ئايەت)

ئايەتتە دېيىلگەن «ئىستىۋا» ئىپادىسى توغرىلىنىش، قارار ئېلىش، ئۆز ئىچىگە ئېلىش قاتارلىق مەنالاردا كېلىدۇ. مۇپەسسىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىستىۋا كەلىمىسىنىڭ فائىلىنىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بەزى ئۆلىمالار ئۇنىڭ فائىلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنىمۇ بايان قىلىدىغانلار بار[213].

بۇ ئەھۋالدا ئىستىۋا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىر-قىممىتىنىڭ ۋە ماقامىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن ئەڭ يۈكسەك ئۇپۇقتا توغرىلاندى:

ثُمَّ دَنَا فَتَدَلَّى

**«ئاندىن ئۇ ئاستا-ئاستا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) يېقىنلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلىدى.»** (نەجم سۈرىسى، 8-ئايەت)

213. مۇئەللىپ بۇ كىتابتا ئاز ساندىكى ئۆلىمالارنىڭ پىكرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تەۋسىيە قىلىدىغىنىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئەڭ كۈچلۈك قاراش ئايەتتىكى ئىستىۋا كەلىمىسىنىڭ فائىلى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدۇر - ت)

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي جەزبىنىڭ ئەسىرى بولۇپ يۇقىرىغا چىقتى. تۇرۇۋاتقان يەر ۋە ماكاندىن تېخىمۇ يۇكسەك بىر يەرگە چىقىرىلدى.

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجتا ئەڭ يۇكسەك ئۇپۇقتا يالغۇز ئىستىۋا بىلەن قالماي، ئاللاھقا قاراپ يېقىنلاشتى. ئارقىدىن ئىلاھىي جەزبىنىڭ تەسىرى ئۆرلىدى، ئۆرلىدى، ئۆرلىدى ۋە بىردىنلا ئەڭ يۇكسەك ئۇپۇقنىڭ ئۇ تەرىپىگىمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى

**«ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئىككى ياچاق مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى.».**

ئايەت ـ كەرىمدىكى: (فَكَانَ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى) ئىپادىسى ئىنسان ئىدراكىدىن يۇقىرى بولغان بىر ھەقىقەتنىڭ ئىنسان ئىدراكىدا قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن قوللىنىلغان ئوخشىتىش ئىپادىسىدۇر. شۇنداقكى:

ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەر بىر ئىتتىپاق قۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىشىدىغان ۋاقىتتا ئىككى ئوقيا چىقىرىپ. بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويىۋاتتى ۋە ئىككى ئوقيانى باپباراۋەر قىلىپ بىرلەشتۈرەتتى. ئاندىن بىر ئوقنى ئىككى ئوقيانىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن يېپىنىڭ ئارىسىدا كېرىپ تۇرۇپ ئاتاتتى. بۇ ئۇلاردىن بىرىنىڭ رازى بولىدىغان نەرسىگە يەنە بىرىنىڭمۇ رازى بولىدىغانلىقى، بىرىنى غەزەپلەندۈرگەن نەرسىنىڭ يەنە بىرىنىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن باراۋەرلىك ۋە پۈتۈنلۈك كېلىشىمى ئىدى.

بۇنىڭغا كۆرە «قَابَ قَوْسَيْنِ» «قابە قەۋسەين» ماددى ۋە مەنىۋى يېقىنلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىنسان ئىدراكىنى ئېشىپ چۈشكەن ئالىي بىر ھەقىقەتتۇر. يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ نۇقتىدا پەرۋەردىگارىغا شۇ قەدەر يېقىنلاشتىكى، پۈتۈن ۋاستىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىۋاستە:

فَأَوْحَى إِلَى عَبْدِهِ مَا أَوْحَى

**«ئاللاھ بەندىسگە (جىبرىئىل ئارقىلىق تېگىشلىك) ۋەھيىلەرنى ۋەھيي قىلدى.»** (نەجم سۈرىسى، 10-ئايەت) دېيىلدى.

بۇ ۋەھيىنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە بولغانلىقى شۇ شەكىلدە بايان قىلىنغان:

1. **ناماز:** مېراجدىكى ئەڭ مۇھىم بۇيرۇقتىن بىرى، بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرز قىلىنىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن جانابى ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلدى. باشتا ئەللىك ۋاقىت پەرز قىلىنغان ناماز، بەش ۋاقىتقا چۈشۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە جانابى ئاللاھ، بىرگە ئوننى بېرىپ، بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇغان ئادەمگە ئەللىك ۋاقىتنىڭ ئەجرىنى ئېھسان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كېيىن ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:

«ھەر كىم بىر ياخشىلىق قىلماقچى بولۇپ قىلالمىسا، ئۇنىڭغا (بۇ ياخشى نىيىتى ئۈچۈن) بىر ساۋاب يېزىلىدۇ، ئەگەر ئۇنى قىلالىسا ئون ساۋاب يېزىلىدۇ. يەنە ھەركىم بىر يامانلىق قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى قىلمىسا[214] ئۇنىڭغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ» (مۇسلىم، «ئىمان»، 259)

بۇ جەھەتتىكى ئۇزۇن ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، ئاللاھتائالا باشتا ئەللىك ۋاقىت قىلىپ بۇيرۇلغان نامازنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتا-قايتا مۇراجىئەت قىلىشى بىلەن بەش ۋاقىتقا چۈشۈردى. بۇنىڭ مەنىسى ئىنسانلار ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققى نامازنىڭ ئەللىك ۋاقىت

---

214. بۇ ھەدىستىكى "قىلمىسا" دېگەن سۆزگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ يەردە "قىلالمىسا" دەپ كەلمىدى بەلكى قىلمىسا دەپ كەلدى يەنى شۇ يامانلىقنى قىلىشتىن ئۆزلىكىدىن ۋاز كېچىپ، ئاللاھتىن قورقۇپ قىلمىسا دېگەن بولىدۇ. ئەمما كۈچى يەتمەي قىلالمىسا، ئۇنىڭ ئاشۇ يامان نىيىتىمۇ ھەي ئىست ئەجەپ قىلالمىدىم دېسە، ئۇ ئۇنى قىلالمىسىمۇ خۇددى قىلغاندەك جىنايەت يېزىلىدۇ. بۇ ھەدىسنىڭ بىرىنچى ئابزاسىدا ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان. خۇددى ياخشى نىيىتىگە قىلالمىسىمۇ ئەجىر بېرىلگەندەك، يامان نىيىتىگىمۇ قىلالمىسىمۇ گۇناھ يېزىلىدۇ - ت)

قىلىنىشىنىڭ ھەق بولغانلىقى، ئەمما جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن بۇ تەكلىپنىڭ ئون ھەسسە ئازايتىلغانلىقىدۇر.

جانابى ئاللاھنىڭ:

وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنْسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ

**«جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»** (زارىيات سۈرىسى، 56 ـ ئايەت) دېگەن بايانى، ئىنسان ئۈچۈن ئەسلى مەقسەتنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكى، ئەمما ئىلاھىي مەرھەمەتنىڭ ئەڭ ئاجىز كىشىلەرنىمۇ دىققەتكە ئېلىپ، نامازنى يېنىكلەتكەنلىك مەنىسىدە كېلىش بىلەن بىرگە، مەجبۇرى بولمىغان ئاساستا بەش ۋاقىت نامازنىڭ سىرتىدا ھەرخىل نەپلە نامازلارنى ئوقۇشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

كامىل مۇئمىنلەر پەرز بولغان بەش ۋاقىت نامازغا قوشۇپ، ھەرخىل نەپلە ئىبادەتلەرنى قىلىدۇ، بولۇپمۇ كېچىلىرى تەھەججۇد نامىزىغا تۇرىدۇ. بۇلار بۇ ۋاقىئەنىڭ تەبىئى نەتىجىسىدۇر. ئەمما بۇنىڭغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ تاقەت كەلتۈرەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلىيالايدىغان قىسمىغا ئائىت بولۇشى ئۈچۈن، ناماز ئەمرى ئەللىك ۋاقىتتىن باشلىنىپ، ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇراجىئاتى بىلەن بەش ۋاقىتقا چۈشۈرۈلدى.

2. ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتابەن:

«پەيغەمبەرلەردىن ھېچبىرى سەندىن ئىلگىرى، ئۈممەتلەرنىڭ ھېچبىرى سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ئىلگىرى جەننەتكە كىرمەيدۇ!» دېدى. (رازى: 28 ـ جىلد، 248 ـ بەت)

3. سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى ۋەھيى قىلىندى.

مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلدى:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (مېراجدا) ئۈچ نەرسە بېرىلدى: بەش ۋاقىت ناماز، سۈرە بەقەرەنىڭ ئاخىرى ۋە ئۈممىتىدىن شېرىك كەلتۈرمىگەنلەرنىڭ چوڭ گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى.» (مۇسلىم، "ئىمان"، 279)

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مېراجدىكى ۋەھىينىڭ تەپسىلاتىنى پەقەت ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى بىلىدۇ.

بۇ يەردە ئاشكارا بولغان نەرسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېراجدىكى تەجەللىلىرى بىر خىيال ئەمەس، قەلب ۋە ۋىجدانمۇ تەستىق قىلىدىغان بىر ھەقىقەت بولۇپ، نامايەن بولغان ئەھۋالدۇر. يەنى:

مَا كَذَبَ الْفُؤَادُ مَا رَأَى، أَفَتُمَارُونَهُ عَلَى مَا يَرَى

**«ئۇنىڭ كۆرگىنىنى دىلى ئىنكار قىلمىدى (يەنى راست كۆردى). (ئى مۇشرىكلار جامائەسى!) ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىشامسىلەر؟»** (نەجم سۈرىسى، 11 ـ 12 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېراج كېچىسى رەببىگە مۇلاقەت بولۇپ، سانسىز تەجەللىلەر ۋە ئىبرەتلىك ھادىسىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ھېچبىر بەندە يېتەلمەيدىغان ئۇ خۇسۇسى ماكاندىن قايتقاندا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايرىلغان يەردە (سىدرەتۇل مۇنتەھا)دا يەنە بىر قېتىم ئەسلى سۈرىتىدە كۆردى.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَلَقَدْ رَآهُ نَزْلَةً أُخْرَى، عِنْدَ سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى

**«ئۇ جىبرىئىلنى ھەقىقەتەن ئىككىنچى قېتىم سىدرەتۇلمۇنتەھا (دەرىخىنىڭ) يېنىدا كۆردى.»** (نەجم سۈرىسى، 13 ـ 14 ـ ئايەت)

ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماكان جەھەتتىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن خېلىلا يۇقىرىدا ئىكەنلىكى ئىشارەت قىلىنغان. دەرۋەقە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مېراج كېچىسىدە ئۆزىنىڭ: «بىر بارماق ئۇچى مىقدارى يېقىنلاشسام مۇتلەق كۆيۈپ كۈل بولاتتىم!» دېگەن ئورۇندا قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتكەن. بۇ ھەقىقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتقاندا، تەكرار جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىششى بىلەن تېخىمۇ روشەن چۈشىنىلمەكتە.

عِنْدَهَا جَنَّةُ الْمَأْوَى، إِذْ يَغْشَى السِّدْرَةَ مَا يَغْشَى

**«جەننەتۇلمەئۋا بولسا سىدرەتۇلمۇنتەھانىڭ يېنىدىدۇر. (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى)»** (نەجم سۈرىسى، 15 ـ 16 ـ ئايەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالدى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سىدرەنى قاپلىغان نېمە كۆردۈڭ؟

دېدىكى:

ـ ئاستىدىن پەرۋانىلەرنىڭ ئۇنى ئورىۋالغانلىقىنى ۋە ھەربىر يوپۇرمىقىدا بىر پەرىشتە ئولتۇرۇپ، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. (تەبەرى: (27 ـ جىلد، 75 ـ بەت؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 2

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتىدە:

ئاللاھتائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سۆزلىشىش بىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى دوستلۇق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بولسا ئاللاھنى (كەيپىياتىنى بىزلەر بىلەلمەيدىغان بىر سۈرەتتە) كۆرۈش شەرىپى بىلەن شەرەپلەندۈرگەن. (تەبەرى: 27 ـ جىلد، 64 ـ بەت)

مەھبۇبىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆزنىڭ باشقا يەرگە قارىماستىن دەل مەھبۇبقا تىكىلىپ تۇرىشى، ئەدەپنىڭ يۇقىرى نۇقتىسىدۇر. ھەقىقەتەن:

مَا زَاغَ الْبَصَرُ وَمَا طَغَى، لَقَدْ رَأَى مِنْ آيَاتِ رَبِّهِ الْكُبْرَى

**«(پەيغەمبەر)نىڭ كۆزى (ئوڭ ـ سولغا) بۇرالمىدى (كۆزلەنگەن نەرسىدىن) ئۆتۈپ كەتمىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ (قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى) كۆردى.»** (نەجم سۈرىسى، 17 ـ 18 ـ ئايەت)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ھېچقانداق بىر مەخلۇق ئېشىپ كېتەلمىگەن «سىدرەتۇل مۇنتەھا»نىڭ يۇقىرىسىغا ئۆتكۈزۈلدى. ئايەتتە ئىنسان ئىدارىكىغا «بىرلەشتۈرۈلگەن ئىككى ئوقيا

ئارىسى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز» مۇساپە دەپ بىلدۈرۈلگەن ئەھۋال بەندىلەرچە چۈشىنىشى مۇمكىن بولمىغان بىر ئۇچرىشىش مەيدانىغا كەلدى.

بۇ ئۇچرىشىشتا پەيغەمبەرلەر سۇلتانى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بۈيۈك ھەقىقەتلەرنى، يەنى رەببىنىڭ پەرۋەردىگارلىقىدىن ۋە سەلتەنىتىنىڭ كاتتىلىقىدىن پەقەت كۆرۈش بىلەنلا يېتەلەيدىغان بۈيۈك ئالامەتلەرنى كۆردى.

بۇ يەردە مۇپەسسىرلارنىڭ بايانى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قەلب كۆزى بىلەن ئاللاھنى كۆردى» دېگەن شەكىلدە كەلگەن. (تەبەرى: 27-جىلد، 63-بەت)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەلگەن رىۋايەتكە كۆرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«مەن ئۇلۇغ رەببىمنى كۆردۈم!» دېگەن. (ئەھمەد: 1-جىلد، 285-بەت؛ ھەيسەمى: 1-جىلد، 78-بەت)

باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «رەببىڭنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورالغان سوئالغا جاۋابەن:

«بىر نۇر كۆردۈم!» دېگەن. (مۇسلىم: «ئىمان»، 292)

ئەڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلەر .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسرا ۋە مىراجغا ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان خەۋەر نەقىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇلاردىن بىر قانچىسى تۆۋەندىكىدەك:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجدا بىر توپ جامائەتكە ئۇچرىدى. كۆردىكى، ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرى تۆگە كالپۇكلىرىغا ئوخشاش ئىدى. بىر توپ مەمۇرلار ئۇلارنىڭ كالپۇكلىرىنى كېسىپ ئېغىزلىرىغا تاش قويۇۋاتاتتى.

- ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟ - دەپ سورىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

- بۇلار يېتىملەرنىڭ ماللىرىنى ھەقسىزلىق بىلەن يېگەنلەردۇر! - دېدى. (تەبەرى: 15-جىلد، 18-19-بەتلەر)

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر توپ كىشىگە ئۇچراشتى. ئۇلارمۇ مىس تىرناقلار بىلەن يۈز ۋە كۆكسىلىرىنى تاتىلاۋاتاتتى.

ـ ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇلار (غەيۋەت قىلىش بىلەن) ئىنسانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېگەن، ئۇلارنىڭ شەرەپ ۋە ئىپپىتى بىلەن ئويناشقانلاردۇر ـ دېدى. (ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 35/4878)

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە زىناخورلارنى جەھەننەم ئەھلىنىڭ جىنسى ئەزاسىدىن ئاققان لەشنى يېگەن بەدبەختلەر ھالىتىدە، جازانە ـ ئۆسۈم يېگەنلەرنى قورساقلىرى ساڭگىلىغان ۋە شەيتان چېپىلىۋالغان ھالەتتە، زىنا قىلىپ باللىرىنى ئۆلتۈرگەن ئاياللارنى بىر قىسمىنى كۆكسىلىرىدىن، يەنە بىر قىسمىنى پۇتىدىن بېشىنى تۆۋەن قىلىنغان ھالدا ئېسقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى[215].

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئەگەر مېنىڭ بىلگىنىمنى سىلەرمۇ بىلگەن بولساڭلار، مۇتلەقكى، ئاز كۈلۈپ كۆپ يىغلايتتىڭلار!» دېگەن. (بۇخارى: «تەپسىر»، 5/12)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېراجدا كۆرگەنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

«مېراج كېچىسىدە جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدە شۇ ئىبارىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم:

«سەدىقە ئون ھەسسە، قەرز بېرىش بولسا ئون سەككىز ھەسسە مۇكاپاتلاندۇرىلىدۇ.»

مەن:

«ئى جىبرىئىل! قەرز بېرىلگەن نەرسە نېمە ئۈچۈن سەدىقىدىن بەك يۇقىرى بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم.

215. تەبەرى: 15 ـ جىلد، 18 ـ 19 ـ بەتلەر.

«چۈنكى سائىل (كۆپىنچە ھالدا) يېنىدا پۇل بولغان ھالدىمۇ سەدىقە سورايدۇ. قەرز سورىغان كىشى، ئېھتىياجى سەۋەبىدىن سورايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. (ئىبنى ماجە: «سەدەقات»، 19)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

«(مىراج جەريانىدا) جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئىچىگە قارىدىم. ئۇ يەرگە كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى كەمبەغەللەر ئىدى. بايلار بولسا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) تۇتۇپ تۇرۇلۇپ، بۇلاردىن جەھەننەمگە لايىق بولغانلارنىڭ ئوتقا ئېتىلىشى بۇيرۇلغان ئىدى. جەھەننەمنىڭ دەرۋازىسىدىمۇ تۇردۇم. ئۇ يەرگە كىرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىدى». (بۇخارى: «رىقاق»، 51؛ مۇسلىم: «زۇھد»، 93)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس بىلەن ئاياللارنى ئىلاھىي ئازابقا دۇچار قىلىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئاگاھلاندۇرۇش قىلغان.

مىراج ۋەسىلىسى بىلەن شۇ ھەقىقەتكە نەزەر سېلىش كېرەككى، ئىنسانلار زامان ئۇقۇمىدىن پەقەت ئۆتكەن ئىشلارنى مېڭىسىدە ساقلىۋالالايدۇ، ئەمما پەيغەمبەرلەر جانابى ئاللاھ خالىغان ئۆلچەمدە ئۆتكەن، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەھشەر ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىشى ۋە بۇ خەۋەرلەرنى «كۆردۈم» «ئاڭلىدىم» دەپ، ئۆتكەن زامان شەكلىدە ئىپادىلىشى بۇ ھەقىقەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراج كېچىسىدە كەلگۈسىگە ئائىت بىر مۇنچە ئىبرەتلىك مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، بۇلارنى ئۆتكەن زامان شەكلىدە، يەنى بولۇپ بولغان بىر ئىش شەكلىدە سۆزلەپ بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئالاقىدار بولغان بىر مىسال جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ بىرى بولغان ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە.

«ئۇ كېچە (مىراج كېچىسىدە) ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفنى كۆردۈم. جەننەتكە ئولتۇرغان يەردە ئۆمىلەپ كىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا دېدىمكى:

«نېمە ئۈچۈن بۇ قەدەر ئېغىرلىق بىلەن كېلىسەن؟»

دېدىكى:

«ئى رەسۇلۇللاھ! مىلىمنىڭ ھېسابى تۈپەيلىدىن، ھەتتا باللارنى قېرىتىۋىتىدىغان دەرىجىدە ئېغىر قىيىنچىلىقلاردىن ئۆتتۈم. شۇ قەدەركى، يەنە بىر قېتىم سېنى كۆرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئويلىدىم.». (فەسلۇل خىتاب: 403 ـ بەت)

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھادىسىنى مېراجدىن كېيىن ئاڭلىغاندا، شۇھامان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلىگەن ـ سۆزلىمىگەنلىكىنى سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتقاندا، خۇشاللىقىدىن يۈرىكى ئويناپ كەتكەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ۋاقىتتا شامدىن ئەمدىلا كەلگەن سودا كارۋىنىنى ماللىرى بىلەن قوشۇپ، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋەتتى.

ئۇ كېچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سانسىزلىغان ئالامەتلەرنى كۆردى.

بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:

«(ئۇ كېچە) ئاسمانغا ئۆرلىتىلدىم، شۇنداق بىر ئورۇنغا چىقتىمكى، قەلەملەرنىڭ شىرتىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم» بۇخارى: («سالات»، 1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر ئورۇنغا چىقىرىلدىكى، ئۇ يەردە كائىناتنىڭ تەقدىرىنى يازىدىغان قەلەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىدراكنىڭ سىرتىدىكى ھەقىقەتلەردىن خەۋەردار بولدى.

يۇقىرىدىكى ھەدىس ـ شەرىپلەردىن ئوچۇق چۈشىنىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېراجدا ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى بىرلا ۋاقىتتا ياشىغان ئىدى.

## مېراجدىن بىر قانچە خۇلاسە

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى «كۆكرىكى يېرىلىش» ھادىسىسى يۈز بەرگەن. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مەنىۋى يۈكسىلىش، ساپ قەلب بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. شۇنداق بىر قەلبكى، ئىلاھىي نۇردىن باشقا بىر نەرسىگە يەر يوقتۇر. قەلب غەپلەتتىن قۇتۇلغاندا ئىلاھىي نۇرلارنىڭ تەجەللىلىرى كۆڭۈلگە ئېقىشقا باشلايدۇ.

2. ئىسرا ۋەقەسى بەندىسىنى ئالاھىدە بىر شەكىلدە ماڭغۇزغان ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرەت ۋە سەلتەنىتىنى كۆزلەرگە نامايەن قىلىدۇ.

3. دىققەتنى تارتىدىغان يەنە بىر تەرىپى مېراجنىڭ، ئەلەم بىلەن تولغان تائىف سەپىرىدىن كېيىن مەرھەمەت قىلىنىشى ۋە مۇشەققەتلەرنىڭ كەينىدىكى خۇشاللىقنىڭ، خۇش بېشارەتلەرنىڭ خەۋەرچىسى بولۇشىدۇر.

4. قۇرئانى-كەرىمدە بىلدۈرۈلگەن پەرزلەر جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن بولغان. ناماز، مېراجدا بىۋاستە ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان. بۇ ئەھۋال نامازدا ئايرىم بىر سىر بار ئىكەنلىكى، نامازنىڭ ئىبادەتلەر ئىچىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ناماز دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن كامالەت، ھېچبىر ئىبادەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈلمەيدۇ. ئىبادەتلەر ئىچىدە نامازنىڭ ئورنى ئاخىرەت نېمەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالىي دەپ تونۇلغان رۇئيەتۇللاھ، يەنى جانابى ئاللاھنى كۆرۈش ماقامىغا ئوخشاشتۇر. چۈنكى ناماز مۇئمىنلەرنىڭ مېراجىدۇر. دۇنيادا بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان ۋاقتى، ئاللاھتىن قورقۇش ۋە تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئوقۇغان ناماز ۋاقتىلىرىدۇر. ناماز بەندىنىڭ تېخى دۇنيادىكى ۋاقتىدىلا پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشىدۇر. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناماز كۆزۈمنىڭ

نۇرىدۇر»[216] دەپ، ئاخىرقى نەپەسىدىمۇ ئۈممىتىگە، «نامازغا دىققەت قىلىشنى»[217] ۋەسىيەت قىلغان.

5. مىراجدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاسمان دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ پەقەت مەككە، قۇرەيش، سەقىف بىلەن چەكلەنمەيدىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن جاھاننىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئالەملەرنىڭ يولباشچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

6. مىراج بىلەن ئىنساني كامالەتنىڭ يېتىپ بارالايدىغان ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا كۆرسىتىلگەن، يەنى ئىنساننىڭ مەنىۋى يۈكسىلىش چېگرىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

7. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بېرىلىشى تارىختىن بۇيان نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن بۇ ئىككى دىنىي مەركەز ئارىسىدىكى ساغلام رىشتىنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلىك شەكىلدە كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ھادىسە ئىسلامنىڭ پۈتۈن ساماۋى شەرىئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاللاھ ھوزۇرىدىكى بىردىنبىر دىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئەقسادا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇشىمۇ بۇنىڭ باشقا بىر نامايەندىسىدۇر.

## مىراجنىڭ تەسىرلىرى

مەۋجۇدىيەت نۇرى، كائىناتنىڭ خۇشاللىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسرا ۋە مىراج ھادىسىسىنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا خەۋەر قىلغاندا:

«ئى جىبرىئىل! قەۋمىم بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەيدۇ.» دېدى.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

---

216. نەسەئى: «ئىشرەتۇننىسا»، 1.

217. ئەبۇ داۋۇد: «ئەدەب»، 123 ـ 124

«ئەبۇ بەكرى ساڭا ئىشىنىدۇ، ئۇ سىددىقتۇر!» دېدى. (ئىبنى سائاد:1-جىلد، 215-بەت)

مۇشرىكلار مېراج ۋەقەسىنى ئاڭلىغاندا، دەرھال يالغانغا چىقىرىشقا باشلىدى، ئەتراپىنى ھەرخىل سۆزلەر قاپلاپ كەتتى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن مۇشرىكلار مۇئمىنلەرنىمۇ بۇ يولدا ۋەسۋەسىگە سېلىپ، ئىمانىدىن چىقارماقچى بولدى. ھەتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغىمۇ باردى، ئەمما ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىمان ساداقىتىنىڭ شەۋقى ئىچىدە:

«ئۇ نېمە دېسە توغرىدۇر! چۈنكى ئۇنىڭ يالغان سۆزلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئېھتىمال قىلىشقىمۇ بولمايدۇ! مەن ئۇنىڭ ھەر كەلتۈرگىنىگە شەكسىز ئىشىنىمەن.» دېدى.

مۇشرىكلار:

«سەن ئۇنى تەستىقلايسەن، ئەمما بىر كېچىدە بەيتۇل مەقدىسكە بېرىپ كەلگەنلىكىگە ئىشىنەمسەن؟» دېيىشتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«شۇنداق! بۇنىڭدا ھەيران قالىدىغان نېمە بار؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ ماڭا كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ھەرقانداق بىر ۋاقتىدا ئۆزىگە ئاللاھتىن خەۋەر كەلگەنلىكىنى سۆزلىسىمۇ مەن يەنىلا ئۇنى تەستىقلايمەن» . دېدى. كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ۋاقىتتا كەبىنىڭ يېنىدا بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىۋاستە ئۇنىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن ئاڭلاپ:

«(صدقت!): توغرا سۆزلىدىڭ!» ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇنىڭ بۇ تەستىقىدىن قاتتىق مەمنۇن بولۇپ، جاھاننى يورۇتقان تەبەسسۇمى بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە:

«ئى ئەبۇ بەكرى! سەن «سىددىق» سەن!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 5-بەت)

شۇ كۈندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «سىددىق» لەقىمى بىلەن مەشھۇر بولدى.

ئەسھابە ـ كىرامۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەستىق قىلدى.

مۇئمىنلەرنى ئالدىيالمىغان مۇشرىكلار بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆز ئەقىللىرىچە ئۇنى ئىمتىھان قىلىپ سىنىماقچى بولۇپ، بەيتۇل مەقدىسنى سورىدى. جانابى ئاللاھ بەيتۇل مەقدىسنى رەسۇلىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سورالغان سوئاللارغا بەيتۇل مەقدىسنى كۆرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 41؛ «تەپسىر»، 17/3؛ مۇسلىم: «ئىمان»، 276)

مۇشرىكلار بۇ قېتىم يولدىكى بىر كارۋاندىن ۋە ئۇ كارۋاننىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سورىدى. كارۋانمۇ شۇ ۋاقىتتا خۇددى مەسجىدى ئەقساغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېرەكلىك مەلۇماتلارنى ئۇلارنىڭ تەلەپ قىلغىنىدىن ئاشۇرۇپ بېرىپ، بۇ كارۋاننىڭ ئەتە كۈن چىققاندا مەككىگە كىرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى.

ئالغان جاۋابلىرىدىن ھەيران قالغان مۇشرىكلار «بەلكى ئاخىرقى سۆزى توغرا چىقماس» دەپ ئويلاپ، تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن ئۇخلىماي، ھەممىسى كارۋاننىڭ كېلىشىنى كۈتۈشتى. ئاخىرىدا كارۋان كۆرۈلدى، لېكىن قەلبلىرى قۇلۇپلىنىۋېتىلگەن بۇ كىشىلەر، جاھىللىقىدا داۋام قىلىپ:

«بۇ ئوچۇق بىر سېھىردۇر!» دېيىشتى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 10 ـ بەت. ئىبنى سەئىيد، 1 ـ جىلد 243؛ ھەيسەمى، 1 ـ جىلد، 75؛ بەيھاقى، دەلائىل، 2 ـ جىلد، 356)

ئاللاھتائالا:

أَفَعَيِينَا بِالْخَلْقِ الْأَوَّلِ بَلْ هُمْ فِي لَبْسٍ مِنْ خَلْقٍ جَدِيدٍ

**«(ئىنسانلارنى) دەسلەپتە يارىتىشتىن ئاجىز كەلدۇقمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (بىز بۇنىڭدا ئاجىزلىق قىلمىغاچقا ئۆلگەندىن كېيىن**

**تىرىلدۈرۈشتىمۇ ئاجىزلىق قىلمايمىز) ئۇلار يېڭىدىن يارىتىلىشقا (يەنى قىيامەتتە تىرىلدۈرۈشكە) قارىتا گۇماندىدۇر.»** (قاف سۈرىسى 15 ـ ئايەت)

ھەر نەرسىنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاھنىڭ بەندىسىنى مىراجغا چىقىرىشىدىن ئاسانراق نېمە ئىش بار؟ بۇنى قوبۇل قىلماسلىق پەقەت ساغلام ئەقىلدىن مەھرۇم قالغانلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ئازغۇن، ئەخمەق ۋە بەدبەخت مۇشرىكلار مىراج ھادىسىسىگىمۇ ئىشەنمىدى، يەنە كېلىپ ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى مەسخىرە قىلىشقانىدى. ئەمدى ئالەملەرنىڭ يولباشچىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇش نېمىتىنى، ئەخلاقسىزلىقى تۈپەيلىدىن قوللىرىدىن قاچۇردى. ئەمدى بۇ بۈيۈك نېمەتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن مەككىلىكلەردىن بۇ نېمەتنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىش ۋاقتى كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ۋە پۈتكۈل مەخلۇقلار ئۈنىڭ شەرىپى ئۈچۈن يارىتىلغان بىر پەيغەمبەرگە قارشى ئەقىل ۋە خىيالغا كەلمىگەن نانكورلۇق قىلىشىپ، قاتتىق ھەددىدىن ئاشتى.

ھەقىقەتەن، «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېلىشى ۋە ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىدىغان باشقا بىر جەمئىيەتكە ئېھسان قىلىشى!»دىن باشقا بىر ئىش قالمىغان ئىدى.

جانابى ئاللاھ تائىف سەپىرىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇرئان ۋە رەسۇلىغا بەيئەت قىلىدىغان ئېسىل جەمئىيەتنىڭ تۇنجى خەۋەرچىلىرىنى بىر گۇرۇپپا شەكلىدە سۆيۈملۈك ھەبىبىگە ئەۋەتتى.

## پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئىككى ۋە ئون ئۈچىنچى يىللىرى

## بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى

ئالتە كىشى بىلەن مەككىگە كېلىپ، ئەقەبەدە ئىمان نۇرى بىلەن شەرەپلەنگەن مەدىنىلىكلەر بىر يىلدىن كېيىن ئون ئىككى بولۇپ كەلدى. كۆرۈشىدىغان جاي يەنە ئەقەبە بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېڭى كەلگەنلەرنىمۇ تەۋھىدكە دەۋەت قىلدى. ھەمراھلىرىدىن ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغان باشقا ئالتە كىشىمۇ ئىمان ئېيتتى.

بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا، ئىلگىرىكى ئەقەبە ئۇچرىشىشىدىن پەرقلىق ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىندى. مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بەيئەتنى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەدە بەردى. بۇ بەيئەت تۇپەيلىدىن ئىككىنچى ئەقەبە كۆرۈشۈشىگە «بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دېيىلدى.

بۇ بەيئەتتە مەدىنىلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇلارنى ئەھدە قىلدى:

1. ئاللاھقا ھېچبىر شەكىلدە شېرىك كەلتۈرمەسلىك،
2. ئوغرىلىق قىلماسلىق،
3. زىنا قىلماسلىق،
4. قىز بالىلىرىنى تىرىك كۆممەسلىك،
5. ھېچكىمگە بوھتان چاپلىماسلىق،
6. ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتماسلىق. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 43)

مەدىنىلىكلەرنىڭ بۇ تۇنجى ئەھدىسى ئىسلام تارىخىي ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھىجاز ۋە پۈتۈن ئەرەبىستاندا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شېرىك، زۇلۇمنىڭ يۇقۇتۇلىشى ھەققىدە ئەھدە بېرىلگەن بولدى.

## مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلىنىشى ۋە مەدىنىنىڭ قۇرئان بىلەن فەتھى قىلىنىشى

مەدىنىلىك يېڭى مۇسۇلمانلار بىر مەكتۇب يېزىپ، ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامنى چۈشەندۈرىدىغان ۋە نامازدىن تەلىم بېرىدىغان بىر مۇئەللىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتتى[218].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە تۇنجى ئىمان ئېيتقانلاردىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ مەدىنىگە قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتتى[219].

مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياش ۋاقتىدىلا ھىدايەتكە ئېرىشىپ، ئائىلىسىنىڭ ئېغىر قىيىن ـ قىستاقلىرىغا، ھەتتا مىراسىدىن مەھرۇم قويۇۇشىغا قارىماي، دىنىدىن قايتمىغانىدى. چۈنكى ئۇ تاشقى كۆرۈنۈشتە كەمبەغەل قالسىمۇ ئىچكى جەھەتتىن ئىمان نۇرىغا تولغان باي بىر كۆڭۈلگە ئىگە ئىدى. ئىسلامنىڭ تارقىلىشى جەھەتتە ھاياجان ئابىدەسى ئىدى[220].

221. ئىبنى سەئىد: 1 ـ جىلد، 220 ـ بەت

222. بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 46.

220. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق. مۇسئەب چىقىپ كەلدى، ئۈستىدە تېرە پارچىلىرى بىلەن يامالغان بىر توندىن باشقا بىر نەرسە يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈشى بىلەن، مەككىدىكى نېمەتلەر ئىچىدە ياشىغان ئەھۋالى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى ئويلاپ يىغلىدى. كېيىن مۇنداق دېدى: «بىرىڭلار ئەتىگەندە بىرخىل، چۈشتىن كېيىن بىرخىل گۈزەل كىيىم كەيسەڭلار، ئالدىدا (نازۇ ـ نېمەتلەرنىڭ كۆپلىكىدىن) بىر قاچا قويۇلسا، يەنە بىرى

مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەدىنىگە بېرىشى بىلەن ئىسلام خېلىلا ئاشكارا بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبلىغ بىلەن ۋەزىپىلەندۈرگەن بۇ ياش ساھابە، ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ دىنىنىي چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەشكە باشلىدى. مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھىدايەتكە نائىل بولغان تۇنجى بەختىيارلاردىن ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆيىدە كۈتۈۋېلىپ، پۈتۈن ئىشلىرىدا ياردەمچى بولدى.

ئۇ بىركۈنى مۇسئەب بىلەن زەفەر جەمەتىنىڭ باغچىسىدىكى قۇدۇقنىڭ بېشىدا ئولتۇردى. ئابدۇل ئەشھەل جەمەتىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن سەئىد ئىبنى مۇئاز بۇنى ئاڭلىشى بىلەن ئۇسەيد ئىبنى خۇدەيرگە:

«سەن ئىشىڭنى ياخشى بىلىدىغان ۋە ھېچكىمگە موھتاج بولمىغان بىر ئادەمسەن. ئاجىزلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى بۇزۇش ئۈچۈن مەھەللىمىزگە كەلگەن شۇ ئادەملەرنىڭ يېنىغا بار ۋە ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغىنكى، يەنە مەھەللىمىزگە كەلمىسۇن! ئەگەر ئەسئەد مېنىڭ تۇققىنىم بولمىسا ئىدى، بۇ ئىشنى ئۆزەم قىلاتتىم» دېدى.

ئۇسەيد، نەيزىسىنى ئالغان پېتى ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، غەزەب بىلەن:

«سىلەر بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭلار؟ بۇ يېنىڭدىكى ناتونۇشنى ئاجىزلىرىمىزنىڭ ئېتىقادىنى بۇزۇشى ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىڭمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق ئىش قىلىشقا ئۇرۇنما! ئەگەر جان لازىم بولسا، دەرھال بۇ يەردىن كېتىڭلار!» دېدى.

---

ئېلىۋېتىلىدىغان، ئۆيلىرىڭلار كەبە ئورالغاندەك يوپۇقلار بىلەن ئورالغان بىر ئەھۋالغا كەلسە، ھالىڭلار قانداق بولىدۇ!» "ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! تەبىئىيكى، ھالىمىز بۈگۈنكىدىن ياخشى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا تۇرمۇش قىيىنچىلىقىمىز بولمايدۇ، ئۆزىمىزنى تامامەن ئىبادەتكە بېرەلەيمىز" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەكسىچە بۈگۈن سىلەر ئۇ كۈندىنمۇ ياخشى بىر ئەھۋالدا».

پاراسەت ئىگىسى ۋە يىراقنى كۆرىدىغان ساھابە مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭغا:

«بىرئاز ئولتۇرۇپ سۆزلىرىمنى ئاڭلا! سەن ئەقىللىق بىر كىشىسەن، سۆزلىرىمنى ياقتۇرساڭ قوبۇل قىلىسەن، ياقتۇرمىساڭ قوبۇل قىلمايسەن» دېدى.

ئۇسەيد:

«ئورۇنلۇق گەپ قىلدىڭ!» دېگەندىن كېيىن، نەيزىسىنى يەرگە سانجىپ، يېنىدا ئولتۇردى. مۇسئەب ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، قۇرئانى-كەرىم ئوقۇدى.

ئۇسەيد قۇرئانى-كەرىمنى ئاڭلىشى بىلەن، تېخى سۆز باشلاشتىن بۇرۇنلا يۈزىدە ئىسلامنىڭ نۇرى چاقناشقا باشلاپ، قەلبى ئىسلامغا مايىل بولدى. قۇرئانى-كەرىم ھەققىدە:

«بۇ نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن ئۇلۇغ بىر سۆز!»[221] سىلەر بۇ دىنغا كىرمەكچى بولساڭلار نېمە قىلىسىلەر؟» دېدى.

221. ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۈزەللىكىنى تۇنجى قېتىمدىلا پەرق ئەتكەن كالامۇللاھنى ھاياتى بويىچە بۈيۈك بىر مۇھەببەت ئىچىدە ئوقۇشقا داۋام قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر كېچە بەقەرە سۈرىسىنى ئوقۇۋاتاتتىم. ئېتىم يېنىمغا باغلاقلىق ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئات كىشنەپ چاپچىشقا باشلىدى. ئوقۇشنى توختاتتىم. ئات جىم بولدى. يەنە ئوقۇشقا باشلىدىم، ئات يەنە چاپچىدى. ھەتتا ئوغلۇم يەھيانى ئاتنىڭ دەسسىۋېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ يېنىمغا ئالدىم. شۇ ئەسنادا ئاسمانغا قارىغىنىمدا ئۈستۈمدە نۇرلۇق چىراققا ئوخشاش بىر نەرسىلەرنى كۆردۈم. كېيىن ئۇلار ئاسمان تەرەپكە ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، بولغان ئىشلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگىنىمدە ماڭا:«ئوقۇ ئەي ئۇسەيد، ئوقۇ!» دېدى. كېيىن: «ئەي ئۇسەيد! ئۇ كۆرگەنلىرىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. "ياق!" دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار سېنىڭ قۇرئان تىلاۋىتىڭنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىلەر ئىدى. ئەگەر سەن ئوقۇشقا داۋام قىلغان بولساڭ ئىدىڭ، تاڭ ئاتقىچە سېنى تىڭشايتتى. (شۇنىڭ بىلەن) ئۇ پەرىشتىلەر ئىنسانلارغا يوشۇرۇن بولمايتتى، ئىنسانلارمۇ ئۇلارنى كۆرەلەيتتى» دېدى. (بۇخارى: «فەزائىلۇل قۇرئان»، 15) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇسەيد ئىبنى خۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەڭ

ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەزرىتى مۇسئەب ۋە ئەسئەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ تەلىماتى بويىچە غۇسۇل قىلدى، كىيىملىرىنى پاكىزلاپ، شاھادەت ئېيتتى. كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ:

«كەينىمدە شۇنداق بىر ئادەم قالدۇردىمكى، ئۇ سىلەرگە ئەگەشسە، قەۋمىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭغا قارشى چىقالمايدۇ، ئۇ سەئىد ئىبنى مۇئازدۇر! مەن ھازىر سىلەرگە ئۇنى ئەۋەتىمەن!» دېدى.

سەئىد ئاچچىقلانغان ھالەتتە يانلىرىغا كەلدى. ئەمما ئاخىرىدا ئۇمۇ ھەزرىتى ئۇسەيدگە ئوخشاش مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، مۇسۇلمان بولدى. كېيىن قەبىلىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

«ئەي ئابدۇل ئەشھەل جەمەتى! ماڭا قانداق قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ئۇلار:

«سەن بىزنىڭ رەھبىرىمىز، پىكىر جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن ۋە رەئىسىمىز سەن» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«سىلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىمان ئېيتقانغا قەدەر، سىلەر بىلەن پاراڭلىشىش ماڭا ھارام بولسۇن» دېدى.

ئاشۇ كۈنى كەچ كىرگىچە بۇ قەبىلىدىن مۇسۇلمان بولمىغان ھېچكىم قالمىدى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 43 ـ 46؛ ئىبنى سائاد: 3 ـ جىلد، 604 ـ 605 ـ بەتلەر؛ ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 1جىلد، 112 ـ 113)

---

پەزىلەتلىك ساھابىلەردىن ئىدى. ئۇ ھەر ۋاقت مۇنداق دەيتتى: "ئەگەر داۋاملىق شۇ ئۈچ ئەھۋالنىڭ بىرىدە بولسام ئىدىم، ھېچ شۈبھىسىز جەننەت ئەھلىدىن بولغان بولاتتىم: قۇرئانى ـ كەرىمنى ئوقۇغان ياكى قۇرئاننى تىڭشىغان ۋاقتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىلىرىنى ئاڭلاپ، جىنازە كۆرگەن ۋاقتىم. شۇنداق، قانداق ۋاقىتتا بىر جىنازىنى كۆرسەم، ئۇنىڭغا قىلىنىدىغان ئىشلارنى ئۆزەمگە قىلىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ كېتىۋاتقان يېرىگە ئۆزەم كېتىۋاتقاندەك ئويلايمەن". (ھاكىم: 3 ـ جىلد، 326\5260).

مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىلىم جەمەتىنىڭ ھۆرمەتلىكلىرىدىن بولغان «ئەمر ئىبنى جەمۇخ»نىمۇ ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭغا سۈرە يۇسۇپنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئايىتىنى ئوقۇدى. ئەمر ئويلىنىش ئۈچۈن مۆھلەت سورىغان بولسىمۇ بىر قارار بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەمرنىڭ ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئوغلى مۇئاز قەبىلىسىدىكى مۇسۇلمان ياشلار بىلەن بىرلىشىپ، بىر كېچە دادىسىنىڭ بۇتىنى مەخپىي ھالدا ئېلىپ چىقىپ، ئەتراپتىكى بىر ئەخلەت ئازگىلىغا تاشلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ ھالنى كۆرگەن ئەمر دەھشەت ئىچىدە قېلىپ بۇتىنى ئازگالدىن چىقىرىپ، پاكىزلاپ خۇش-پۇراقلارنى سۈركەپ، ئۆز جايىغا قويدى.

بۇ ئىش بىر قانچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، بۇتنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشى ئۈچۈن، بويىنىغا قىلىچنى ئېسىپ قويدى. ئەتىسى بۇتىنى يەنىلا شۇ ئەخلەت ئازگىلىدا كۆرۈشى بىلەن، ئۆزى ئىبادەت قىلىپ يۈرگەن بۇ جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھېچبىر نەرسىگە يارىمايدىغانلىقى، باشقىلارنى ئەمەس ھەتتا ئۆزىنى قوغداشتىنمۇ ئاجىز كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، شېرىك قاراڭغۇلۇقىدىن ئىسلامنىڭ نۇرلۇق يولىغا كىردى. ئۇ بۇ زالالەتتىن ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاستىسى بىلەن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكۈر قىلدى. كېيىن قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى[222].

ئىسلامنىڭ مەدىنىدە بۇ شەكىلدە تارقىلىشىدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇئمىنلەر چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. شۇ دەرىجىدىكى، ئۇ يىلغا «خۇشاللىق يىلى» دەپ ئىسىم قويدى. چۈنكى ئەمدى مەدىنە ئىسلامنىڭ بۆشۈكى بولۇشقا تەييار ھالەتكە كەلگەنىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«دىيارلار قىلىچ بىلەن فەتھى قىلىندى، لېكىن مەدىنە قۇرئان بىلەن فەتھى قىلىندى». (بەززار: «مۇسنەد»، 1180؛ رۇدانى: 3774)

222. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 61-62-بەتلەر؛ زەھەبى: «سىيەر»، 1-جىلد، 182-بەت.

## ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى

ئىككىنچى ئەقەبە ئۇچرىشىشىدىن بىر يىل كېيىن مەدىنىلىكلەر يەنە ھەج مەزگىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى. بۇ قېتىم 75 كىشى بولۇپ ئىككىسى ئايال ئىدى.

ئۇلار يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. بۇ بەيئەت «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتالدى.

كارۋاننىڭ بېشىدا كەلگەن مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئۆيىگە يېقىنلاشماستىن، ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەنسارىلارنىڭ ئىسلامنى تېز قوبۇل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەبنىڭ ئېلىپ كەلگەن خەۋىرى بىلەن خۇشال بولدى.

ھەزرىتى مۇسئەبنىڭ ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى ئاڭلىغان مۇشرىك ئانىسى قاتتىق غەزەپلەندى.

مۇسئەب:

«مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارماي تۇرۇپ، ھېچكىمنىڭ يېنىغا بارمايمەن، ئۇ بار يەردە ھېچكىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويمايمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. (ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 119-بەت)

ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى مانا مۇشۇنداق ئىدى.

جابىر رەزىيەللاھۇ دەيدۇكى:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىدىغان بىر قەبىلە ئىزدەپ، ھېچكىم قۇچاق ئاچمىغان بىر كۈنلەردە، ئاللاھتائالا بىزنى يەسرىب (مەدىنە)دىن ئۇنىڭغا ئەۋەتتىدە، ئىمان ئېيتتۇق، ئۇنى ھىمايە قىلدۇق. بىزدىن بىرسى بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتاتتى،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئان ئوقۇيتتى. ئۇيگە قايتقان ۋاقتىتا پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتىشاتتى. ئەنسارىلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئىچىدە ئىسلام ئاشكارىلانمىغان بىر ئۆي قالمىدى. كېيىن بىر يەرگە توپلىشىپ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە قاچانغىچە مەككە تاغلىرىدا ئەزىيەت ۋە جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ئىچىدە تاشلاپ قويىمىز؟!» دېدۇق.

بۇنىڭ بىلەن ھەج مەۋسۇمىدا بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا باردۇق. (ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 322؛ ھاكىم: 2 ـ جىلد، 681 ـ 682 ـ بەتلەر)

بۇ تەلەيلىك كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەشرىق كۈنلىرىدە ئەقەبە دېگەن جايدا كۆرۈشۈشنى ۋەدىلەشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىلىكلەرگە:

«ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغاتماڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سۆزلەشكەن يەرگە كەلمىگەنلەرنى ساقلىماڭلار!» دېدى.

كېچىنىڭ ئۈچتەن بىرى ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پۈتۈشكەن ئەقەبە دېگەن جايغا بېرىپ ساقلاشقا باشلىدى. نىھايەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئابباس بىلەن بىرلىكتە كەلدى. ئابباس تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ ئەبۇ تالىبتىن كېيىن جىيەنىنىڭ ھىمايىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس مەدىنىلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆز يۇرتلىرىغا دەۋەت قىلغانلىقىغا جاۋابەن مۇنداق دېدى:

«ئەي مەدىنە ئەھلى! بىز ئۇنى دۈشمەنلەردىن قوغدىدۇق، يەنە قوغدايمىز. ئۇنىڭ ئارىمىزدىكى ئورنى يۈكسەكتۇر. لېكىن سىلەر ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىڭلار تۈپەيلىدىن تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن مەدىنىگە دەۋەت قىلىۋاتىسىلەر. ئۇمۇ بۇ ئارزۇدا. ئەمما ئۇنى دۈشمەنلەردىن قوغدىيالىساڭلار، يۇرتۇڭلارغا ئېلىپ كېتىڭلار. مەن سىلەردىن ئۇنى ياردەمسىز تاشلاپ قويمايدىغانلىقىڭلارغا، ئالدىمايدىغانلىقىڭلارغا دائىر چىن ئەھدە ئالماقچىمەن. چۈنكى قوشناڭلار بولغان يەھۇدىيلار جىيەنىمگە

دۈشمەندۇر. ئۇلارنىڭ تۇزاق قۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم يوق. ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ دۈشمەنلىكىگە كۆكرەك كېرىپ ئۇرۇشالايدىغان دەرىجىدە كۈچكە ئىگە بولساڭلار بۇ ئىشقا مېڭىڭلار.

كېيىن بۇ ئىشتا ئىختىلاپلىشىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، ئاراڭلاردا ياخشى ئويلىنىڭلار. ئەگەر يېنىڭلارغا بارغاندىن كېيىن قورقۇپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدىغان، ئۇنى قارشى چىققۇچىلىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويىدىغان بولساڭلار، ياكى ئۆزەڭلارغا ئىشەنچىڭلار بولمىسا، هازىرلا بۇ دەۋەتتىن ۋاز كېچىڭلار! ئاراڭلاردا سۆزلىمەكچى بولغانلار بولسا سۆزلىسۇن، ئەمما سۆزىنى ئۇزۇن قىلمىسۇن. چۈنكى هەرتەرەپتە مۇشرىكلارنىڭ جاسۇسلىرى بار! بۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ بۇ مەسىلىنى مەخپىي تۇتۇڭلار!»

ئەسئەد ئىبنى زۇرارە رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تاغىسى ئاббاس تىلغا ئالغان ئەندىشىلەرگە جاۋاب ماهىيىتىدە مۇنداق دېدى:

«ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنى ئۇزۇندىن بېرى ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىنىمىزنى تاشلاشقا ۋە ئۆزەڭنىڭ دىنىغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلدىڭ. بۇ ئىنتايىن قىيىن ۋە ئېغىر بىر ئىش تۇرۇپ، بىز سېنىڭ بۇ تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلدۇق. سەن بىزنى يىراق-يېقىن پۈتۈن مۇشرىك ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمىز ۋە قوشنىلىرىمىز بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشكە دەۋەت قىلدىڭ! بۇ ئىنتايىن قىيىن ۋە ئېغىر بىر ئىش تۇرۇپ، سېنىڭ بۇ تەكلىپىڭنىمۇ قوبۇل قىلدۇق! بىز قەۋملا ئەمەس، هەتتاكى ئۆز تاغىسىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان بىر زاتنىڭ هىمايىسىنى ئۈستىمىزگە ئالغانلىقىمىزنى بىلىمىز. مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، سېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەكلىپىڭنىمۇ قوبۇل قىلدۇق. ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز ئۆزىمىزنى، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى مۇداپىئە قىلغاندەك سېنىمۇ مۇھاپىزەت قىلىمىز. ئەگەر بىز بۇ ئەهدىمىزگە خىلاپلىق قىلساق، ئاللاھنىڭ ئەهدىنى بۇزغان بەدبەخت كىشىلەردىن بولۇپ كېتەيلى! ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ساڭا بولغان ساداقەت قەسىمىمىزدۇر! ياردەم تەلەپ قىلىنىدىغان زات پەقەت ئاللاھتائالادۇر!»

ھەزرىتى ئەسئەدتىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«ئى رەسۇلۇللاھ! پەرۋەردىگارىڭ ۋە ئۆزەڭ ئۈچۈن بىزگە خالىغان شەرتلەرنى قوشقىن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«رەببىم ئۈچۈن شەرتىم، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىڭلار ۋە ھېچبىر نەرسىنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكىڭلاردۇر. ئۆزەم ھەققىدىكى شەرتىم بولسا، جانلىرىڭلار ۋە ماللىرىڭلارنى قانداق قوغدىساڭلار، مېنىمۇ شۇنداق قوغدىشىڭلاردۇر».

مەدىنىدىن كەلگەن مۇبارەك ساھابىلار سورىدى:

«بۇنداق قىلساق بىز نېمىگە ئېرىشىمىز؟»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

«جەننەتكە ئېرىشىسىلەر!» دېيىشى بىلەن، ئۇ يەردىكىلەر: «نېمىدېگەن پايدىسى كۆپ سودا بۇ! بۇنىڭدىن قايتمايمىز ۋە قايتىشنى خالىمايمىز» دېيىشتى. (ئىبنى كەسىر: «تەپسىر»، 2-جىلد، 406-بەت)

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئتە ئۇرۇشىدا بۇ پايدىغا تولغان سودىسىنى پۈتتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن شېھىت بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرنى ئېلىپ، ئۇرۇشتا جان بېرىدىغانلىقىنى بىلگەن ھالدا، بۈيۈك بىر ئىشتىياق بىلەن بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتى. مىلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ خەزىنىسىگە، جېنىنى ئاللاھقا تەقدىم قىلىپ جەننەتكە ئۆچتى. باشقا ساھابىلەرمۇ ئاللاھ يولىدىكى تىرىشچانلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بەيئەتكە سادىق قېلىپ، مەنىۋى تىجارىتىنى بەرىكەتلەندۈردى.

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار قىلغان بۇ بەيئەتكە مۇناسىۋەتلىك مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى:

إِنَّ اللَّهَ اشْتَرَى مِنَ الْمُؤْمِنِينَ أَنْفُسَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ بِأَنَّ لَهُمُ الْجَنَّةَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَيَقْتُلُونَ وَيُقْتَلُونَ وَعْدًا عَلَيْهِ حَقًّا فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ وَمَنْ أَوْفَى بِعَهْدِهِ مِنَ اللَّهِ فَاسْتَبْشِرُوا بِبَيْعِكُمُ الَّذِي بَايَعْتُمْ بِهِ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**«شۈبھىسىزكى ئاللاھ مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ) (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاھدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار (يەنى ئاللاھدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار. بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 111-ئايەت)

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قانچە كىشى سۆز قىلدى. ئارقىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئەھلىگە خىتاب قىلىپ، ئۇلارغا قۇرئانى-كەرىم ئوقۇدى. كېيىن قايسى شەرتلەر ئۈستىگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىلگىرىكى ماددىلارغا ئىلاۋە قىلىنىپ، تۆۋەندىكى ماۋزۇلارمۇ بۇ بەيئەتتە تىلغا ئېلىندى:

1. رەئىس، قوماندان مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان كىمدىن بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىق.

2. ئاللاھ يولىدا يۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن مۇشرىكلار ۋە باشقا ئىنكار قىلغۇچىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشتىن قورقماسلىق.

3. باياشاتچىلىقتا ۋە قىيىنچىلىقتا، خۇشاللىقتا، غەمكىنلىكتە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ ئۈستۈن كۆرۈش، ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئەھۋالدا قارشى چىقماسلىق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئىچىڭلاردىن ماڭا 12 نەقىب[223] چىقىرىڭلاركى، ئۇلار قەبىلىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولسۇن» دېدى. مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار توققۇزى خەزرەج، ئۈچى ئەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، 12 ۋەكىل چىقاردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەكىللەرگە:

«ھەۋارىيلارنىڭ مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا كېپىل بولغىنىدەك، سىلەرمۇ قەۋمىڭلارنىڭ كېپىللىرى. مەنمۇ مۇسۇلمان بولغان قەۋمىمنىڭ كېپىلىمەن!» دېدى.

ۋەكىللەر:

«شۇنداق!» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس بىر دەرەخنىڭ ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارغا بىر-بىرلەپ، بەيئەت قىلدۇردى.

بۇ بەيئەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىنىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش قارار قىلىندى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئىسمى يەسرىب بولغان مەدىنە ھەرجەھەتتىن ئىسلامغا قۇچاق ئېچىشقا تەييار بىر ھالەتكە كەلگەنىدى.

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ خەۋەر تاپماسلىقى ئۈچۈن كېچىسى بەيئەت قىلىندى. بەيئەت تاماملانغاندا، شەيتان ئەقەبەنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ:

«ئەي مىنا خەلقى! ئەي قۇرەيش جامائىتى! مۇھەممەد بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى دىنلىرىنى ئۆزگەرتكەن كىشىلەرنىڭ سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن توپلىنىپ كېلىشىم تۈزگەنلىكىدىن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟!» دەپ، نالە قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بۇ ئاۋاز سىلەرنى قورقۇتمىسۇن! ئۇ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىبلىسنىڭ ئاۋازىدۇر! ئاڭلا ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! سېنىڭمۇ جاجاڭنى بېرىمەن!» دېگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا:

---

226. نەقىب: بىر قەبىلىنىڭ رەئىسى ياكى ۋەكىلى دېگەن مەنىدە.

«دەرھال قونالغۇلىرىڭلارغا قايتىڭلار!» دېدى.

ئابباس ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«سېنى ھەق دىن ۋە كىتاب بىلەن ئەۋەتكەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خالىساڭ مىنا خەلقىنى قىرىپ تاشلايلى!» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«بىز بۇنىڭغا بۇيرۇلمىدۇق! سىلەر ھازىر جايىڭلارغا قايتىڭلار!» دېدى.

مۇسۇلمانلار جايلىرىغا قايتىپ تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن بەزىلىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلار كارۋانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرەر كېلىشىم تۈزگەن-تۈزمىگەنلىكىنى سورىدى. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان كارۋاندىكى مۇشرىكلار قەسەم قىلىپ، بۇنداق ئىشنىڭ بولمىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەقەبە بەيئىتىنى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردى. بەيئەت خەۋىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىشى بىلەن، مەدىنە يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. مۇسۇلمانلارنى تېپىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئىزچىلىرى يولدا سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۇتىۋالدى:

«سەن مۇھەممەدنىڭ دىنىغا كىردىڭمۇ؟» دەپ سورىدى.

«شۇنداق» دېيىشى بىلەنلا ئىككى قولىنى بوينىغا چىڭ باغلاپ، كوكۇلىسىدىن سۆرەپ ئۇرغان پېتى مەككىگە ئېلىپ بېرىپ، قىيىن-قىستاققا ئالدى. ئىلگىرى ئۆزىگە ياردەم قىلغان ۋە ھەقسىزلىقتىن قوغدىغان بۇ كىشىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن جۇبەير ئىبنى مۇتئىم[224]

224. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئۇزۇن مۇددەت ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان ھەيئەتتە ئۇمۇ بار ئىدى. بەدر غازىتىدا مۇشرىكلار تەرەپتە تۇردى. ئوھۇد غازىتىدا قۇلى ۋەھشىگە ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېھىت قىلدۇردى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىنلا (628-يىلىدا) ئىمان ئېيتىپ، ئىنتايىن سەممىي بىر مۇسۇلمان بولدى. مۇلايىم ۋە يىراقنى

بىلەن ھارىس ئىبنى ھەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار شۇھامان بېرىپ، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مۇشرىكلاردىن قۇتقۇزىۋالدى.

مەدىنىلىك مۇئمىنلەر توپلىنىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنى سۆزلىشىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەلدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 47-57؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 221-223؛ 3-جىلد، 602-603؛ ئەھمەد: 3-جىلد، 322، 461، 462؛ ھەيسەمى: 6-جىلد، 42-دىن 44-بەتلەرگىچە)

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر مۇھاجىرلاردىندۇر. چۈنكى ئۇلار مۇشرىكلاردىن قېچىپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى. ئەنسارىلاردىنمۇ مۇھاجىرلار بار. ئۇلارمۇ ئەقەبە كېچىسى شېرىك يۇرتى بولغان مەدىنىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى». (نەسەئى: «بەيئەت»، 13.)

ئەقەبە بەيئىتى پەقەتلا 12 ياكى 75 كىشىنىڭ ئەمەس، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جانابى ئاللاھ بىلەن قىلغان بىر ئەھدىسىدۇر.

بۇ دۇنيا ئاخىرەتنى سېتىۋالىدىغان بىر بازاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلىنغان بۇ بەيئەتكە بىزمۇ پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن قاتنىششىمىز ۋە ساھابىلەرگە ئوخشاش «نېمىدېگەن پايدىلىق بىر تىجارەت!» دېيەلىشىمىز كېرەك.

مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئىسلامنىڭ ئاساسى بولدى. بىزمۇ كۆڭۈللەردە ئىسلامنىڭ ئاساسىنى تىكلىشىمىز كېرەك. تەبلىغچى ۋاقتى كەلسە ئۆي-ئۆيگە بېرىشى ۋە ئۆزىنىڭ ئەملى ھەرىكىتى بىلەن ئۆرنەك بولۇشى كېرەك. تەبلىغچىنىڭ قەلبى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى بىلەن تولسا، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ماددى مەنپەئەتلەرنى ئىسلام ئۈچۈن پىدا قىلالايدۇ.

---

كۆرىدىغان ساھابە بولغان جۇبەير ئاتمىش ھەدىس رىۋايەت قىلدى. ھىجرىيە 58-يىلى مىلادىي 678-يىلىدا مەدىنىدە ۋاپات بولدى.

## مەككە دەۋرىنىڭ تەھلىلى

ئون ئۈچ يىل داۋاملاشقان مەككە دەۋرىنى، شۇ بەش ماددىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

1. مەسخىرە،
2. ھاقارەت،
3. قىيىن ـ قىستاق.
4. ھەرتۈرلۈك ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈش.
5. مۇسۇلمانلارنى ھىجرەتكە مەجبۇرلايدىغان دەرىجىدە ئەزىيەت قىلىش ۋە جىنايەت ئىشلەش.

ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى جانابى ئاللاھ قۇرئانى ـ كەرىمدە مۇنداق بىلدۈرىدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُوا مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ، وَإِذَا مَرُّوا بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ، وَإِذَا انْقَلَبُوا إِلَى أَهْلِهِمُ انْقَلَبُوا فَكِهِينَ، وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوا إِنَّ هَؤُلَاءِ لَضَالُّونَ

**«(كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنى (مەسخىرە قىلىپ) كۈلەتتى، (مۆئمىنلەر) ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى، ئۆيلىرىگە قايتقاندا (مۆئمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ) مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى. مۆئمىنلەرنى كۆرگەندە: «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى)»** . (ئەل مۇتەففىفىن سۈرىسى، 29 ـ 32)

بۇنىڭغا قارشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى بىلەن كۈچلەندۈرۈلۈپ، تۆۋەندىكىدەك يول تۇتتى:

1. مۆئمىن كۆڭۈللەردە روھانىيەتنىڭ كۈچىيىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش.
2. جاپا ـ مۇشەققەتكە سەۋرى قىلىش.
3. گۈزەل ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن نەسىھەت قىلىش.
4. كۈرەشتە بەدەلسىز داۋام قىلىش.

5. جانابى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە پۈتۈنلەي تەسلىم بولۇش.

بۇ ئۇسۇللار نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن توسالغۇلارغا قارىماي، دەۋاسىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك شەكىلدە بۆسۈپ ئۆتتى. بۇ ئۇزۇن ۋە ئازاب ئوقۇبەتلىك تىرىشچانلىقلارنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە مەدىنىگە ئوخشاش ھەرجەھەتتىن ئىستراتېگىيەلىك بىر شەھەر ئىنسانلارنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ، ئىمان ئېيتىشىغا شاھىت بولدى. شۇنداقكى، بۈيۈك ئۈمىدلەر بىلەن بارغان تائىفتىن، چالما ـ كېسەك قىلىنغان ھالدا قوغلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە ھېچ بېرىپ باقمىغان ھالدا، ئۇ يەردە ئىسلامىيەت ئىلاھىي قوللاش بىلەن بىرگە چىغ دەرىخىگە ئوخشاش ئۆسۈپ، قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن باشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پۈتۈن مۇئمىنلەرگە قۇچاق ئاچتى.

بىر مۇتەپەككۇر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋاسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنى چىقىش قىلغان ھالدا ئۇنىڭ نەقەدەر بۈيۈك بىر داھىي ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىسپاتلىغان:

«غايىنىڭ بۈيۈكلۈكى، ۋاستىلارنىڭ كىچىكلىكى ۋە نەتىجىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقى ئىنسان داھىيسىنىڭ ئۈچ بۈيۈك ئۆلچىمى بولسا، زامانىۋى تارىخنىڭ ئەڭ بۈيۈك شەخسىيەتلىرىنى (ھەزرىتى) مۇھەممەد بىلەن قىياسلاشقا كىم جاسارەت قىلالايدۇ؟»

جانابى ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ھىجرەت قىلىشىغا ئىزتىراپ ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن ئۆتكەن ئون ئۈچ يىللىق بىر مەزگىلدىن كېيىن رۇخسەت بەردى. ئون ئۈچ يىللىق زۇلۇمنىڭ كەينىدىن مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى تەۋرەنمەس بىر ھالغا كەلدى. قەلبى ئاللاھ مۇھەببىتى ۋە روھانىيەت بىلەن تولدى. يەنى مۇئمىنلەر ئىمانىنىڭ بەدىلىنى ئۆتىگەن ئىدى.

بۇ دەۋردە مەدىنىدە قۇرۇلىدىغان ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نەمۇنە بولىدىغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسى تىكلەندى. ئىمانىنىڭ نۇرى ئىچىدە ئۇچرايدىغان پۈتۈن زورلۇقلاردا تىز پۈكمەي، ساغلام خاراكتېرىنى ساقلاپ

قالالايدىغان شەخسىيەتكە ئىگە ئىنسانلار يېتىشتۈرۈلدى. بۇ ئىنسانلار پۈتۈن ئۈممەتكە رەھبەرلىك قىلالايدىغان داھىي ئىنسانلار ھالىغا كەلدى.

## مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەلۇمكى، تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەر تەۋھىدكە دەۋەت، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىش، مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىش، كاپىرلار ۋە ئاسىيلارنى جەھەننەم بىلەن ئاگاھلاندۇرۇش قاتارلىق ئەقىدىۋى جەھەتلەردە ئىدى.

بۇ تېمىلاردا خىلمۇخىل دەلىللەر بىلەن قايىل قىلىش شەكلىدە ئىنسانلارنىڭ ئىمانلىرىنى كۈچلەندۈرگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر چۈشۈشكە باشلىدى. چۈنكى ئىنسانلار باتىل ئېتىقاد ۋە ئادەتلىرىگە چىڭ باغلانغانلىقى ئۈچۈن بۇلاردىن ۋازكېچىشى قولاي ئەمەس ئىدى. تەدرىجى بولۇشقا رىئايە قىلماستىن، ئىنسانلارنى يامان ئادەتلىرىنى تاشلاشقا دەۋەت قىلىش، نەپرەت ۋە يىراقلىششقا سەۋەب بولاتتى.

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مۇنداق دەيدۇ:

«تۇنجى نازىل بولغان سۈرە مۇفەسسەل سۈرىلەردىن[225] بىرى ئىدى. ئۇنىڭدا جەننەت ۋە جەھەننەم توغرىسىدا سۆزلىنەتتى. ھالال ۋە ھارامغا دائىر ھۆكۈملەر، ئىنسانلار ئىسلامغا پۈتۈنلەي مايىل بولغاندىن كېيىن نازىل بولۇشقا باشلىدى. ئەگەر تۇنجى قېتىملا:

«ھاراق ئىچمەڭلار!» دېگەن بۇيرۇق نازىل بولسا ئىدى، ئىنسانلار:

«بىز ھاراقنى قەتئىي تاشلىيالمايمىز!» دېيىشەتتى.

يەنە تۇنجى بولۇپ:

225. مۇفەسسەل سۈرىلەر قۇرئانى ـ كەرىمنىڭ ئاخىرقى بۆلۈمى بولۇپ، كۈچلۈك كۆز قاراشقا كۆرە، 50 ـ سۈرە بولغان سۈرە "قاف"تىن باشلاپ سۈرە "ناس"قىچە بولغان قىسمىدۇر. قىسقىلىقى سەۋەبىدىن پات ـ پات بىسمىللاھ بىلەن ئايرىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىسىم بېرىلگەن.

«زىنا قىلماڭلار!» دېگەن بۇيرۇق كەلسە ئىدى، ئىنسانلار ئۇخشاش شەكىلدە:

«زىنانى ئەسلا تاشلىيالمايمىز!» دېيىشكەن بولاتتى.

مەن مەككىدە ئويناپ يۈرگەن بالىلىق ۋاقتىمدا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

بَلِ السَّاعَةُ مَوْعِدُهُمْ وَالسَّاعَةُ أَدْهَى وَأَمَرُّ

**«ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب بۇلا ئەمەس)، قىيامەت ئۇلارغا (ئازاب قىلىنىش) ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتتۇر. قىيامەت تېخىمۇ قىيىندۇر. تېخىمۇ جاپالىقتۇر.»** (قەمەر سۈرىسى، 46-ئايەت) (قاتارلىق ئىمان ۋە قىيامەتكە مۇناسىۋەتلىك) ئايەتلەر نازىل بولغان ئىدى. (ھەرخىل مۇئامىلىگە بولغان ھۆكۈملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) بەقەرە ۋە نىسا سۈرىلىرى بولسا، مەن ئۇنىڭ يېنىدا (مەدىنىدە) بولغان ۋاقتىمدا نازىل بولدى. (بۇخارى: «فەزائىلۇل قۇرئان»، 6)

مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر ئۇسلۇب جەھەتتىن قىسقا يىغىنچاق بولۇپ، شېرىك ۋە بۇتپەرەستلىككە قارشى مەيداننى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىاتتى. چۈنكى مەككىلىك مۇشرىكلار ئەدەبىي مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزىدىغان پاساھەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلارغا تەسىر قىلىدىغان سۆز، پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن مۇكەممەل سەۋىيەدە بولۇشى كېرەك ئىدى.

ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مۇشرىكلارنىڭ ئەدەبىياتتىكى تەرەققىياتى ۋە سەۋىيەلىرىنى ئېتىبارغا ئالماي، زېھنلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىش ئۈچۈن سۆزىنى باشلىغاندا، ئۇلار ئادەتلىنىپ كەتكەن ئۇسلۇبنىڭ دەل ئەكسىچە ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر (ھۇرۇف مۇقەتتەئە)نى قوللانغان. بېشىدا ئۈزۈپ ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر بولغان سۈرىلەر بەقەرە ۋە ئال ئىمراندىن باشقا ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردۇر.

بۇ ئالاھىدىلىگى بىلەن تۇنجى ئايەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى شۇ قەدەر تەسىرلىك ئىدىكى، خىتاب قىلىنغۇچىلارنىڭ قەلبىگە كىرىپ، گۈزەللىك ۋە يېقىملىقلىقى بىلەن ئۆزگە مەھلىيا قىلىۋالاتتى.

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى، ئالاھىدە بولۇش بىلەن بىرلىكتە، كۆپىنچە خىتابلىرىنىڭ «ئەي ئىنسانلار!» دېگەن شەكىلدە بولۇشىدۇر.

مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە مۇشرىكلارنىڭ قانائەت ۋە ئادەتلىرىگە زىت بولغان تەرەپلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قوبۇل قىلىشقا ئېرىشىلىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئېتىبار بىلەن قارايدىغان قۇياش، ئاي، كېچە-كۈندۈز ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەخلۇقلار بىلەن ئېيتىلغان قەسەملەر يەر ئالدى. چۈنكى قەسەم قىلىنغان بۇ مەخلۇقلار بىلەن، ئوخشاش ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە كائىناتتىكى ئىلاھىي قۇدرەتنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەككە دەۋرىدە نازىل بولغان. چۈنكى «ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىش» مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر ئەڭ كۆپ توختالغان جەھەتلەردۇر. پەيغەمبەرلەر ۋە ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەرنىڭ قىسسىلىرى تىلغا ئېلىنغان. بولۇپمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىبلىس قىسسىسى تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەر ئومۇمىي جەھەتتىن مەككىدە نازىل بولغان. بۇنىڭدىن بىردىنبىر مۇستەسنا بولغىنى، مەدىنىدە نازىل بولغان سۈرە بەقەرەدۇر.

ئۆتمۈشتىكى مىللەتلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىبرەتلىك قىسسىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى مەككە مۇشرىكلىرىغا ھەقنىڭ تەبلىغ قىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ تەدرىجى ئىسلاھ قىلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ قىسسىلەر تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردە «تەۋھىد ئېتىقادى» ھەمىشە ئالدىنقى پىلان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر بىر تەبلىغچىنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ بۇ دەۋەتنى دۇنيا مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەتلا جانابى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا نائىل بولۇش غايىسى بىلەن قىلىشى،

مۇكاپاتىنى پەقەتلا ئاللاھتائالادىن كۈتىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەقىقەتەن سۈرە شۇئەرادا نۇھ، ھۇد، سالىھ، لۇت ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەۋملىرىگە ھەممىشە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە تەقۋادارلىق قىلىشقا بۇيرۇپ ئۆزلىرىنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك پەيغەمبەرلەر ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن ھالدا:

وَمَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى رَبِّ الْعَالَمِينَ

**«تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن. ئۇنى پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن تىلەيمەن.»**
(سۈرە شۇئەرا، 109، 127، 145، 164، 180-ئايەتلەر)
دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ.

قۇرئاننىڭ كېيىنكى يېرىمى كۆپىنچە مەككىدە نازىل بولغان. مەككىلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەكەببۇر كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن «كلا: ياق ئۇنداق ئەمەس» لەۋزىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى رەت قىلىنىپ، تەكەببۇرلۇقى تەنقىتلەنگەن. بۇ سەۋەبتىن «كلا» لەۋزى تىلغا ئېلىنغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى مەككىدە نازىل بولغان. پۈتۈن «كلا» لەۋزىلىرى قۇرئاننىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يەر ئالغان.

سەجدە ئايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرىلەرمۇ مەككىدە نازىل بولغان. بۇ شەكىلدە ئاللاھتىن باشقا نەرسە ئالدىدا سەجدە قىلغان ئىنسانلار جانابى ئاللاھقا سەجدە قىلىشقا ئۈندىلىپ، ئىچكى تاكاممۇللىقلىرىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان.

مەككىدە نازىل بولغان بۇ تۈنجى ئايەتلەر ئىلگىرىكى ئادەتلەرنىڭ جاھالەتتىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ۋە پۈتۈنلەي باتىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە جاھانشۇمۇل ئەخلاقىي دەستۇرلارنىڭ ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر ئىمان، ئەخلاق ۋە پىكىر جەھەتتىن ساغلام بىر جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىرىنى قۇرغان. بۇ ئايەتلەردە ئەخلاقى

بۇيرۇق ۋە ھۆكۈملەر يەر ئالماقتا بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مۇئمىنلەرنىڭ كۈچلۈك ئىمانغا ئىگە قىلىنىشى، سەۋر، مۇستەھكەملىك، ئىرادە قاتارلىق خىسلەتلەر بىلەن تەييارلىنىشى، باتىل ئېتىقادلاردىن قول ئۈزۈشى مەقسەت قىلىنغان.

مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەردە ھۇقۇقى ماۋزۇلار تىلغا ئېلىنمىغاندەك، نامازدىن باشقا ئىبادەتلەرگە ئائىت ھۆكۈملەرمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. مەسىلەن، سۈرە يۇنۇس، رەئد، فۇرقان، ياسىن، ھەدىد مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەر بولۇپ، بۇلاردا ھۆكۈم ئايەتلىرى مەۋجۇت ئەمەستۇر. بۇ سۈرىلەردە ئومۇمىي جەھەتتىن ئىمان ئاساسلىرى، يارىتىلىش، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىبرەتلىك قىسسىلىرى ۋە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان.

# پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقى چارىسى: ھىجرەت

## (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئۈچىنچى يىلى)

## ھىجرەتكە رۇخسەت ۋە مەدىنىگە ھىجرەت

ئىككىنجى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلتىجا قىلىپ ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان بىر يەرگە ھىجرەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى بىلەن، ئەزىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. مۇسۇلمانلار بۇ چىدىغۇسىز قىيىن-قىستاقلار تۈپەيلىدىن مەككىدە تۇرالماس ئەھۋالغا كېلىپ، ئەھۋالىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ، ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن مۇسۇلمانلارغا مەدىنە يولىنى ئىشارەت قىلىپ، مۇنداق دېدى:

«بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان شەھەرنىڭ ئىككى قىيا تاشلىق ئارىسىغا جايلاشقان خورمىزارلىق ئىكەنلىكى ماڭا كۆرسىتىلدى» (بۇخارى: «كەفالەت»، 4)

ئۇلارغا ئەنسارىلار بىلەن، يەنى مەدىنىلىك قېرىنداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشنى بۇيرۇپ:

«ئاللاھتائالا سىلەر ئۈچۈن قېرىنداشلار ۋە ھۇزۇر ھېس قىلىدىغان بىر دىيار ئاتا قىلدى!» دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارغا ھېس قىلدۇرماي، تەييارلىق قىلىپ، بىر-بىرلىرىگە ياردەم قىلىپ، مەخپىي ھالدا ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى[226].

گەرچە مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ ياخشى كۈتىۋېلىنغان بولسىمۇ، ھەبەشىستان جاھانشۇمۇل بىر دىن ئۈچۈن مەركەز بولۇش

226. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 76-بەت؛ ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 226-بەت.

شەرتلىرىگە توشمايتتى. مەدىنە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىسلامغا مەركەز بولالايدىغان بىر سۈپەتكە ئىگە شەھەر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئومۇمىيۈزلۈك ھىجرەت بۇ مۇبارەك شەھەرگە نېسىپ بولدى.

ھەقىقەتەن، مەدىنە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر تورالغۇ ۋە ئىلتىجا ماكانى بولدى. بۇنىڭ بىلەن مەككىلىك مۇشرىكلارنىڭ قورققان ئىشلىرىمۇ ئاخىرى باشلىنىشقا كەلدى. ئىسلام مەككە سىرتىغا چىققان ۋە مەدىنىدە بۈيۈك ئېتىبارغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئەزىيەت قىلىشىنىڭ مۇشرىكلار ئۈچۈن نەقەدەر بۈيۈك بىر زىيان ۋە يوقىتىش بولىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىگەنىدى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن بۈيۈك بىر يوقىتىش ئىدى. لېكىن ئۇلار كۆرەلمەيتتى، ئاڭلىيالمايتتى، ھېس قىلالمايتتى، چۈشىنەلمەيتتى.

ئاللاھتائالا رەسۇلىغا مۇنداق دەيدۇ:

وَإِذًا لَا يَلْبَثُونَ خِلَافَكَ إِلَّا قَلِيلًا

**«كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئازغىنا ۋاقىت تۇرالايتتى (يەنى ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن ھالاك بولاتتى.)»** (ئىسرا سۈرىسى، 76-ئايەت)

مۇشرىكلار شۇ ۋاقىتتىكى كۈچىگە ئالدىنىپ، مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە، تەھدىت، ئېمبارگو، شىددەت ۋە قىيىن-قىستاقلار بىلەن ئاجىزلاتتۇق دەپ ھېسابلايتتى، بۇنىڭ بىلەن مەككىدىكى ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى قوغدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھالبۇكى، يېقىن بىر ۋاقىتتا نېمىلەرگە شاھىت بولار؟ ئۇلارنى مۇتلەق ۋە تەقدىر قىلىنغان مەغلۇبىيەت، پەرىشانلىق كۈتىۋاتاتتى.

چۈنكى توپ-توپ بولۇپ مەدىنىگە كەلگەن مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى مۇستەھكەم بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلغانلىق تۈيغۇسىدا ئىدى.

ھىجرەتنى خارلىق ئىچىدە چارىسىزلىقتىن بولغان بىر قېچىش دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك. مەدىنە مۇھاجىرلار ئۈچۈن بىر ھىجرەت يۇرتى، باشقا مۇئمىن قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ، چىقىرىۋېتىلگەن تۇپراقلاردا ئاللاھنىڭ دىنىنىي ھاكىم قىلىش ئۈچۈن يەرلەشكەن بىر قارارگاھتۇر.

مەرھۇم شائىر نەجىب فازىل بۇ ھەقىقەتنى بىر شېئىرىدا مۇنداق شەكىلدە تىلغا ئالغان:

ھىجرەت يۇرت سىرتىدا ئىزدەنگەن ياردەم،
دەۋا ئىگىسىگە ئۆز يۇرتى زەنجىر،
مەركەزنى سىرتتىن قورشاشتۇر مۇراد،
مەركەزنى سىرتتىن فەتھىدۇر ئىستەك،
ھىجرەت يۇرت سىرتىدا ئىزدەنگەن ياردەم.

مۇھاجىرلار بۇنىڭ ئۈچۈن مال-مۈلۈك، ئۇرۇق-تۇغقان، نېمىسى بولسا مەككىدە تاشلاپ قوياتتى. بەزىلىرى مەخپىي، بەزىلىرى ئوچۇقتىن-ئوچۇق مەدىنە يوللىرىغا تۆكۈلەتتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مۇھاجىرلاردىن ھېچكىمنىڭ ئاشكارا ھىجرەت قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭدىن خالى. ئۇ ھىجرەت قىلىدىغان ۋاقىتتا قىلىچىنى ئېلىپ، ئوقياسىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، ئوق ۋە نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ كەبىگە كەلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئۇ ۋاقىتتا كەبىنىڭ ئەتراپىدا ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، كەلگۈسىدىكى زەپەرلەرنىڭ تۇنجى بەلگىسىنى كۆرسىتىپ، مۇشرىكلارغا خىتابەن:

«مانا مەنمۇ مەدىنىگە كېتىۋاتىمەن! ئانىسىنى يىغلىتىپ، ئايالىنى تۇل، باللىرىنى يېتىم قىلىشنى خالىغانلار كەينىمگە چۈشسۇن، بۇ ۋادىنىڭ

كەينىدە ئالدىمغا چىقىسۇن!» دېدى ـ دە يۈرۈپ كەتتى. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشەلمىدى» . (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 4 ـ جىلد، 152 ـ 153 ـ بەتلەر)

مەدىنىلىكلەر مەككىدىن كەلگەن قېرىنداشلىرىنى قۇچاقلاپ قارشى ئېلىپ، ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن ياردەم قىلدى. بۇ سەۋەبتىن مەككىلىك مۇسۇلمانلارغا «مۇھاجىر» مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارغا بولسا، ياردەم قىلغانلار مەنىسىدە «ئەنسار» دېيىلدى.

بۇ ھەقتە ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ

**«ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار)دىن ئاللاھ رازى بولدى. ئۇلارمۇ ئاللاھتىن مەمنۇن بولدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 100 ـ ئايەت)

ئىسلام ئالىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلىشىدىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەرنى چىقاردى:

ھىجرەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا پەرز ئىدى، ئۇنىڭ پەرزلىكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر داۋاملىشىدۇ. مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان ھىجرەت، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە خاستۇر. بىر مۇسۇلماننىڭ ئەزان، جامائەت، روزا، ناماز ۋە باشقا ئىسلامىي ھۆكۈملەرنى ئۆز جايىدا ئادا قىلالمايدىغان بىر يەردە قېلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى توغرا ئەمەستۇر. جانابى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى بۇنىڭغا دەلىلدۇر:

إِنَّ الَّذِينَ تَوَفَّاهُمُ الْمَلَائِكَةُ ظَالِمِي أَنْفُسِهِمْ قَالُوا فِيمَ كُنْتُمْ قَالُوا كُنَّا مُسْتَضْعَفِينَ فِي الْأَرْضِ قَالُوا أَلَمْ تَكُنْ أَرْضُ اللَّهِ وَاسِعَةً فَتُهَاجِرُوا فِيهَا فَأُولَئِكَ مَأْوَاهُمْ جَهَنَّمُ وَسَاءَتْ مَصِيرًا، إِلَّا الْمُسْتَضْعَفِينَ مِنَ الرِّجَالِ وَالنِّسَاءِ وَالْوِلْدَانِ لَا يَسْتَطِيعُونَ حِيلَةً وَلَا يَهْتَدُونَ سَبِيلًا

**«ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار)نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككە زېمىنىدا) بىز (دىنىنى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان)لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، باللاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان) يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»** (نىسا سۈرىسى، 97 ـ 98 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە، مەدىنىگە ھىجرەت قىلماي مۇشرىك بىر جەمئىيەتتە قالغانلارنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇلار راھىتىنى، كۆنۈپ قالغان ئىشنى، ئائىلىسنى، مال ـ مۈلۈك ۋە مەنپەئەتىنى دىنىدىن ئارتۇق بىلگەن. بۇ سەۋەبتىن «بىز يەر يۈزىدە ئاجىز كىشىلەر ئىدۇق» دېگەن شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان ئۆزرى قوبۇل قىلىنمىغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەتەن ھىجرەت قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن ياشانغان، ئاجىز ئەر ـ ئايال ۋە باللارنىڭ ئۆزرۈلىرى قوبۇل قىلىنغان.

ھىجرەت ھادىسىسىدىن چىقىرىلىدىغان باشقا بىر ھۆكۈم، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرت ۋە مەملىكەتلىرى بىر بولمىسىمۇ، باشقا مۇسۇلمانلارغا مۇمكىن بولغان مىقداردا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ياردەم قىلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىدۇر. ئىسلام

ئالملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ يەر يۈزىدە ھەرقانداق بىر يەردە زۇلۇم كۆرگەن، ئەسىرگە چۈشكەن ياكى ئېزىلگەن مۇئمىن قېرىنداشلىرىغا ياردەم قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ياردەم قىلمىغان بولسا، بۈيۈك گۇناھقا كىرىدىغانلىقى پىكىرىدە بىرلىككە كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. مەككە فەتھى بولغىچە پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. چۈنكى مەدىنە سىرتىدىكى يەرلەر كۇفرى دىيارى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ دىيارلاردا ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىشى ناھايىتى قىيىن ئىدى.

## مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەست پىلانى

مەككىنىڭ كۈندىن-كۈنگە قۇرۇغدىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مۇشرىكلار ئاستا-ئاستا ۋەھىمگە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇ ھامان پاساتچىلىق مەركىزى بولغان دارۇن نەدۋەگە توپلاندى. توپلىنىشقا نەجدلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بىر قېرىمۇ قاتناشتى. بۇ قېرى ئىنسان سۈرىتىگە كىرگەن شەيتان ئىدى.

نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا مۇزاكىرلەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۇتۇپ تۈرمىگە سولاش ياكى مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئوخشاش بىر قىسىم تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىگە شەيتان قارشى چىقتى. ئاخىرىدا ئەڭ رەزىل بىر قاراردا پىكىر بىرلىكىگە كەلدى:

ئاللاھنىڭ رەسۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش!

بۇ تەكلىپنى شۇ دەۋرنىڭ فىرئەۋنى بولغان ئەبۇ جەھىل مۇنداق تىلغا ئالدى:

«ھەر بىر قەبىلىدىن بىردىن قوراللىق يىگىت توپلايلى، ياشلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلسۇن. ھەممىسى بىرلىكتە ئۇرۇپ،

ئۆلتۈرسۇن. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلايلى، راھەتكە چىقايلى! يىگىتلەر بۇ شەكىلدە قىلسا، ئۇنىڭ خۇنى پۈتۈن قەبىلىلەرگە چېچىلغان بولىدۇ! ئابدۇماناف جەمەتى پۈتۈن قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ، مەجبۇرى دىيەت ئېلىشقا رازى بولىدۇ، بىزمۇ ئابدۇماناف جەمەتىگە ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۆتەيمىز!» دېدى.

نەجدلىك بىر قېرى سۈرىتىدىكى شەيتان (ئاللاھنىڭ لەنىتى ئۇنىڭغا بولسۇن):

«مانا ئەڭ جايىدا ئېيتىلغان سۆز، بۇ ئادەمنىڭ سۆزىدۇر! بۇنىڭدىن ئېسىل بىر تەكلىپ يوق!» دېدى. (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 93-دىن 95-بەتلەرگىچە)

بۇ قارار ئېلىنغان ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە يالغۇز دېگىدەك قالغان ئىدى. ئۇ ئۈممىتىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر پەيغەمبەر بولغانلىقىدىن ئالدى بىلەن ئۇلارنى مەدىنىگە يوللىغان، ئۆزى قالغان مۇھاجىرلار ياردەم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى تاللىغان ئىدى. ئەسلىدە ئىلاھىي ئىرادىمۇ شۇنداق ئىدى. مۇقەددەس سەپەردە بىردىنبىر سەپەردىشى، ھەمراھى بولىدىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەت ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىغاندا:

«سەۋر قىلغىن!» دېگەن ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ:

«بەلكى ئاللاھ ساڭا ياخشى بىر سەپەرداش ئاتا قىلار!». (ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 92-بەت.)

بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتكە تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن 800 يۈز دەرھەمگە سېتىۋالغان ئىككى تۆگىنى، ئۆيىدە تۆت ئاي كۆكۈل قويۇپ باققان ئىدى. (بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45)

مۇشرىكلار پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ھىجرەت ئۈچۈن ئىلاھىي بۇيرۇقنى ئالغان ئىدى:

وَقُلْ رَبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِي مِنْ لَدُنْكَ سُلْطَانًا نَصِيرًا

**«پەرۋەردىگارىم! مېنى (قەبرەمگە) ئوگۇۇشلۇق كىرگۈزگىن (قەبرەمدىن) ئوگۇۇشلۇق چىقارغىن ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەققە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن.»** (ئىسرا سۈرىسى، 80 ـ ئايەت) دېگىن.

بۇ ئايەت ـ كەرىمدىن باشقا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرۈپ:

«بۇ كېچە ئورنۇڭدا ياتمايسەن!» دېگەن ئىدى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 95 ـ بەت.)

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشنىڭ قىززىق ئىسسىقىدا ھەممە ئادەم ئارام ئېلىشقا كەتكەن بىر ۋاقىتتا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ھىجرەت ئەمرى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سورىدى:

«بىرلىكتە قىلامدۇق ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى!»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق، بىرلىكتە!» دېدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ جاۋابتىن شۇنداق مەمنۇن ۋە خۇشال بولدىكى، كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ چىققان خۇشاللىق ياشلىرى ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى ئەڭ گۈزەل بىر شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىۋاتاتتى[227].

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ ھىجرەتنى خەۋەر قىلىپ، ئۈستىدىكى ئامانەتلەرنى ئۆز جايىغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ۋەكىل قىلدى. چۈنكى مەككىدە، قىممەتلىك بىر نەرسىسى بولغانلار ئۇنىڭ راستچىللىقى ۋە ئامانەتدارلىقىنى بىلگەنلىكلىرى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھقا ئامانەت قويمىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

---

227. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 97 ـ 98 ـ بەتلەر

مۇشرىكلارنىڭ پىلانلىرىغا قارشى تەدبىر سۈپىتىدە مۇنداق دېدى:

«ئى ئەلى! بۇ كېچە مېنىڭ ئورنۇمدا سەن يات! بۇ تونىمنىمۇ ئۈستۈڭگە ياپقىن، قورقما! سەن ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئىش بولمايدۇ.» (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 95 ـ بەت)

بۇ يەردە دىققەتنى تارتىدىغان بىر جەھەت ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇتلەق تەسلىم بولۇشىدۇر. ساھابە ـ كىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرلىرىگە بويسۇنۇشتا ئەسلا ئىككىلەنمەيتتى. ئۇنىڭ سۆز ۋە ئىشلىرىغا ئەگىشىشكە سەل قارىمايتتى. ھېچقاچان نېمىشقا ۋە نېمە ئۈچۈن؟ دەپ سوئال سورىمايتتى. بېرىلگەن بۇيرۇق نېمە بولسا ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلاتتى. سۈننەتلىرىدىن ھېچبىرىنى تەرك قىلماسلىقتا، ھەممىسىنى ئايرىماستىن قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ يولىنى تاشلىغاندا زالالەتكە چۈشىدىغانلىقنى ياخشى بىلەتتى ۋە بۇنىڭدىن قورقاتتى. ساھابىلەر قۇرئانى ـ كەرىمگە ۋە سۈننەتكە خۇددى كۆلەڭگە ئىگىسگە ئەگەشكەندەك، قەدەممۇ ـ قەدەم ئەگىشەتتى[228].

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىدىغان ۋاقىتتا، بىرلىكتە كەبىگە باردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ماڭا:

«ئولتۇر!» دېدى.

مۈرەمگە دەسسەپ كەبىگە چىقماقچى بولدى، بىردىنلا كۈچ ـ قۇۋۋىتىم كەتتى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاجىزلىقتىن بولالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، دەرھال مۈرەمدىن چۈشتى. ئۆزى يەرگە ئولتۇرۇپ:

«مۈرەمگە دەسسىگىن!» دېدى.

ئۇنىڭ مۈرىسگە دەسسىدىم، ماڭا شۇنداق بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت كەلدىكى، خالىسام ئاسماننىڭ ئۇپۇقلىرىغىچە يېتەلەيدىغاندەك ھېس قىلدىم! ئاخىرى

228.بۇخارى: «خۇمۇس»، 1 مۇسلىم: «جىھاد»، 52؛ ئەبۇ داۋۇد: «خاراج»، 18؛ ئەھمەد: 1، 10

بەيتۇللاھنىڭ ئۈستىگە چىقتىم، ئۇ يەردە تۇچ ياكى مىستىن بولغان بىر بۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

«ئۇنى پەسكە ئاتقىن ئى ئەلى!» دېدى.

پەسكە ئاتار-ئاتمايلا پارچە-پارچە بولۇپ كەتتى.

شۇ ھامان كەبىنىڭ ئۈستىدىن چۈشتۈم، ھېچكىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن دەرھال ئۇ يەردىن كەتتۇق. (ئەھمەد: 1، 84؛ ھەيسەمى: 3-جىلد، 6\4265)

ھىجرەت كېچىسى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخى ئۆيىدىن چىقماستىنلا، مۇشرىكلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ بولدى. لېكىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ۋە تەسلىم بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ھېچبىر ئىككىلىنىش، ئەندىشە، جىددىيلىشىش دېگەندەك ئالامەتلەر كۆرۈلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قوللىرىغا بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ ئۈستىگە چاچتى. كەينىدىن سۈرە ياسىننىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان ھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

إِنَّا جَعَلْنَا فِي أَعْنَاقِهِمْ أَغْلَالًا فَهِيَ إِلَى الْأَذْقَانِ فَهُمْ مُقْمَحُونَ، وَجَعَلْنَا مِنْ بَيْنِ أَيْدِيهِمْ سَدًّا وَمِنْ خَلْفِهِمْ سَدًّا فَأَغْشَيْنَاهُمْ فَهُمْ لَا يُبْصِرُونَ

**«بىز ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا ئېڭەكلىرىگىچە تاقاقلارنى تاقىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار باشلىرىنى ئېگەلمەيدۇ. (يەنى ئۇلار ئىمانغا بويسۇنمايدۇ ۋە ئىمانغا باش ئەگمەيدۇ). ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر توسۇق، كەينىدە بىر توسۇق قىلدۇق. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى پەردىلىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار (ئىماننىڭ يوللىرى توسۇلۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن) ھېچنەرسىنى كۆرەلمەيدۇ.»** (ياسىن سۈرىسى، 8-9-ئايەتلەر)

ئەلۋەتتە كۆرەلمەيتتى! چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ كورلىقى كۆزلىرىنى ئەما قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن كىشى بولسا، كائىناتنىڭ پەخرى، ئالەملەرنىڭ يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئىدى. تەبىئىيكى، كۆر قەلب ۋە كۆزلەرنىڭ نۇرىنى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە كۆرمىدى!...

بىر كىشى مۇشرىكلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا:

- سىلەر بۇ يەردە نېمە ساقلاۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىدى.

ئۇلار:

- مۇھەممەدنى ساقلاۋاتىمىز! - دېيىشتى.

بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇ كىشى:

- ئاللاھ سىلەرنى ئارزۇيۇڭلارغا يەتكۈزمىسۇن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد چىقىپ بېشىڭلارغا توپا چېچىۋېتىپ كېتىپتۇ! - دېدى.

مۇشرىكلار قوللىرىنى باشلىرىنىڭ ئۈستىگە سۈرتكەندە، توپا ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆرۈشۈپ، دەرھال ئۆيگە كىردى. ئۆيدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆشىكىدە بىرسىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

- مانا مۇھەممەد! يېپىنچىسىغا يۆگىلىپ ئۇخلاۋېتىپتۇ! - دېيىشتى.

شۇ ھامان تۆشەككە قاراپ ماڭدى. تۆشەكتىكى زات ئۆرىلىپ، ئۇلارغا قارىغاندا مۇشرىكلار چۆچۈگەنلىكتىن داڭقېتىپ قېلىشىپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى! چۈنكى ئالدىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەس، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى!.

ئۆز-ئۆزىگە:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئادەمنىڭ بىزگە دېگىنى راستكەن!» دېيىشتى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاچچىقلىنىپ:

_ ئى ئەلى! تاغاڭنىڭ ئوغلى قايەردە؟ - دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«بىلمەيمەن، بۇ ئىشتىن بىر خەۋىرىم يوق! مەن ئۇنىڭ كۆزەتچىسى ئەمەس! سىلەر ئۇنىڭغا مەككىدىن چىقىپ كېتىشنى ئېيتقان ئىدىڭلار! «بىزدىن ئايرىلغىن، كەتكىن» دېدىڭلار. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ كەتتى.» دېدى.

مۇشرىكلار ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئازارلاپ، ئۇردى. مەسجىدى ھەرەمگە ئېلىپ كېلىپ، بىر مەزگىل تۇرمىگە سولاپ قويغاندىن كېيىن قويۇۋېتىشتى. (ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 96 ـ بەت؛ ئەھمەد: 1 ـ جىلد، 348 ـ بەت؛ ياقۇبى: 2 ـ جىلد، 39 ـ بەت)

قەلبلىرى قولۇپلانغان ۋە ھەقىقەتكە كور بولغان بەدبەختلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خانىسىنىڭ ئەتراپىدا يامان نىيەت بىلەن ساقلاۋاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي ئامانلىق ئىچىدە، ئاللىبۇرۇن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بولغان ئىدى. چۈنكى مۇشرىكلارنىڭ بىر پىلانى بولسا، ئاللاھنىڭمۇ بىر پىلانى بار ئىدىكى، ئۇنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق سالاھىيەتكە ئىگە بىر ھۆكۈم يوق ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى جانابى ئاللاھ مۇنداق بىلدۈرىدۇ:

وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ الَّذِينَ كَفَرُوا لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ اللَّهُ وَاللَّهُ خَيْرُ الْمَاكِرِينَ

**«(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار سېنى قاماققا ئېلىش ياكى ئۆلتۈرۈش ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر.»** (ئەنفال سۈرىسى، 30 ـ ئايەت)

## جاپالىق سەپەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىن چىقىپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، قوبۇل قىلمىسىمۇ، ئۆزى ئۈچۈن تەييارلىغان تۆگىنىڭ پۇلىنى بەردى. بىر ئاز ئىلگىرى مۇشرىكلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇلارغا كۆرۈنمەستىن چىقىپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە بىر نەمۇنە بولىدىغان بىر كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئاللاھنىڭ زېمىندىكى قانۇنىيىتىنىڭ

تەقەززاسى بويىچە تەدبىر بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرلىكتە ئۆيىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن چىقتى. تۆگىلىرى يەنە بىر قانچە كۈن بۇ يەردە قالاتتى.

يەنە تېخىمۇ ئىنچىكە بىر تەدبىر ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ ئەكسى تەرىپىگە قاراپ يولغا راۋان بولدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىردەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا، بىردەم ئارقىسىدا ماڭدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى پەرق ئېتىپ:

«ئى ئەبۇ بەكرى نېمشقا بۇنداق قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئى رەسۇلۇللاھ ! سەندىن ئەندىشە قىلغانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق مېڭىۋاتىمەن!» دېدى.

ئاخىرى سەۋر غارىغا يېتىپ كەلدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ئى رەسۇلۇللاھ! مەن غارنى تازىلاپ بولغىچە، سەن بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىن!» دەپ، غارغا كىرىپ، ئىچىنى تازىلاپ ھاشارەت تۆشۈكلىرىنى ئېتىپ بولغان كېيىن:

«ئەمدى كىرسەڭ بولىدۇ ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى!» دېدى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3_ جىلد، 222_223_ بەتلەر)

بۇ جەرياندا مۇشرىكلار ئەبۇ جەھلىنىڭ باشچىلىقىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، قىزى ئەسمادىن دادىسىنى سورىغان. قىزىدىن «بىلمەيمەن» دېگەن جاۋابنى ئېلىشى بىلەن، غەزەپ_نەپرىتىنى بىچارە قىزنى كاچاتلاش بىلەن چىقارغانىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى غاردا بىر مەزگىل قېلىشى كېرەك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن، مەدىنە يوللىرىدا ئىزدەۋاتقان مۇشرىكلاردىن تېخىمۇ ياخشى قوغدىنالايتتى. ئەسلىدىلا ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە ئىنايىتى ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، بەندىنىڭ تەدبىرى تۈگىگەن ھامان ئىلاھىي

ياردەم كېلەتتى. دەرۋەقە، بىر بۆلۈك مۇشرىكلار ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، سەۋر غارىنىڭ ئاغزىغا قەدەر كەلدى. لېكىن شۇنى كۆرۈشتىكى، غارنىڭ ئاغزى ئىنسان قولى تەگمىگەندەك ئۆمۈچۈك تورلىرى بىلەن قاپلانغان، ئۇنىڭدىن باشقا غارغا كىرىدىغان يەردىكى قىيا تاشنىڭ ئارىلىقىغا بىر كەپتەر ئۇۋا ياساپ، تۇخۇم باسقاندەك ياتاتتى. ئاللاھتائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزى كۆرۈنمىگەندەك بىر شەكىلدە ئاكاتسىيە دەرىخى ئۆسكەن ئىدى[229].

مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى ئېھتىمالغا ئالماستىن قايتىپ كەتتى.

بۇ ئىككى ئەزىز مۇساپىرنىڭ ئورتاق ياردەمچىسى، تايانچىسى، پاناھچىسى ئاللاھتائالا ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن غارنىڭ ئالدىغا كەلگەن بەدبەختلەر بىر كەپتەر ئۇۋىسى بىلەن ئۆمۈچۈك تورىدىن باشقا نەرسىنى كۆرەلمىدى. خۇددى شائىر ئارىف نىھات ئاسيانىڭ دېگىنىدەك:

ئۆمۈچۈك ھاۋادا،
سۇدا يەردىمۇ ئەمەس ئىدى،
ھەقىقەتنى كۆرمىگەن،
كۆزلەردە ئىدى!

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇۋاتقاندا، غارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياجانلىق مىنۇتلارنى ياشىغانىدى، قورققانىدى، ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن.

چۈنكى مۇشرىكلار سەللا ئېگىلىپ قارىغان بولسا، ئۇلارنى شۇھامان كۆرەلەيتتى. ئۇلار غارنىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىدە ئايلىنىپ:

«ئەگەر غارغا كىرگەن بولسا، كەپتەرلەرنىڭ تۇخۇملىرى چېقىلغان، ئۆمۈچۈكلەرنىڭ تورلىرى بۇزۇلغان بولاتتى.» دېيىشتى.

229. ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 229-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 223-224-بەتلەر.

بەزىلىرى:

- غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقايلى! - دېيىشى بىلەن، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف:

- سىلەرنىڭ ھېچ ئەقلىڭلار يوقمۇ؟ غاردا نېمە ئىشىڭلار بار؟ ئۈستى- ئۈستىگە، قاتمۇ- قات ئۆمۈچۈك تورى باغلاپ كەتكەن شۇ غارغا كىرەمسىلەر؟! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭچە بۇ ئۆمۈچۈك تورى، مۇھەممەد تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن بار ئىدى!» دېدى.

ئەبۇ جەھىل بولسا:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ يېقىن ئەتراپىمىزدا! ئەمما كۆزلىرىمىزنى سېھرى بىلەن باغلاپ، كۆرمەس قىلىپ قويدى دەپ، گۇمان قىلىمەن!»[230].

بۇ ئەسناda قاتتىق ئەندىشىگە چۈشكەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتابەن:

«مەن ئۆلتۈرۈلسەم، يالغۇز بىر كىشىمەن، ئۆلۈمەن، كېتىمەن. ئەمما ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈن بىر ئۈممەت ھالاك بولىدۇ» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا كۆزەتچىلىك قىلدى. ئۇنىڭغا:

«شۇ قەۋمىڭ سېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۆزەمدىن ئەندىشە قىلمىدىم، پەقەت ساڭا زىيان يەتكۈزۈشىدىن قورقىۋاتىمەن» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمراھىغا:

«ئى ئەبۇ بەكرى، قورقما! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر! دېدى. (ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3- جىلد، 223- 224- بەتلەر؛ دىياربەكرى: 1- جىلد، 328- 329- بەتلەر)

---

230. ئىبنى سەئىد: 1- جىلد، 228- بەت؛ ھەلەبى: 2- جىلد، 209- بەت.

قۇرئانى ـ كەرىمدە بۇ ھادىسە مۇنداق تىلغا ئېلىنغان:

إِلَّا تَنْصُرُوهُ فَقَدْ نَصَرَهُ اللَّهُ إِذْ أَخْرَجَهُ الَّذِينَ كَفَرُوا ثَانِيَ اثْنَيْنِ إِذْ هُمَا فِي الْغَارِ إِذْ يَقُولُ لِصَاحِبِهِ لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ مَعَنَا فَأَنْزَلَ اللَّهُ سَكِينَتَهُ عَلَيْهِ وَأَيَّدَهُ بِجُنُودٍ لَمْ تَرَوْهَا وَجَعَلَ كَلِمَةَ الَّذِينَ كَفَرُوا السُّفْلَى وَكَلِمَةُ اللَّهِ هِيَ الْعُلْيَا وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ

**«ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار، (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كافىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمراھ ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللا) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى. ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار كافىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى. ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»** (تەۋبە سۈرىسى، 40 ـ ئايەت)

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەيدۇكى:

«بىز غاردىكى چاغدا مۇشرىكلارنىڭ پۇتلىرىنى كۆردۇم:

«ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئەگەر ئۇلار پۇتلىرىنىڭ ئاستىغا بىرلا قارىسا، بىزنى مۇتلەق كۆرىدۇ!» دېدىم.

بۇنىڭغا جاۋابەن:

«ئى ئەبۇ بەكرى! ئۈچىنچىسى ئاللاھ بولغان ئىككى كىشى ھەققىدە نېمە ئەندىشە قىلىسەن؟» دېدى. (بۇخارى: «فەزائىلۇل ئەسھاب»، 2، «مەناقىب»، 45؛ مۇسلىم: «فەزائىلۇل ئەسھاب»، 1.)

مەككىدىكى ئون ئۈچ يىللىق تەبلىغ كۆرىشىدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككىنچى بىر غار بولۇپ كۆرسىتىلگەن سەۋر[231]، ھىرادىن پەرقلىق بىر مەنىۋى دەرس ماكانى ئىدى.

ئۇ يەر ئىلاھىي سىر، قۇدرەتلەرنى كۆرۈش، ئىنسان ۋە كائىنات كىتابىدىكى ھېكمەتلەرنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىدى. ئىلاھىي سىرلارغا غەرق بولىدىغان، قەلبلەر ئىلاھىي سىرلارغا ئېچىلىدىغان بىر دەرسخانا ئىدى.

بۇ يەردىكى مۇساپىرلىق ئۈچ كېچە-كۈندۈز سۈردى. ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى، پەيغەمبەرلەردىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئۈستىنى بولغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇ غاردا ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن ھەمرا بولۇش شەرىپى ۋە پەزىلىتىگە ئېرىشىپ، «ئىككىنىڭ ئىككىنچىسى» بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەزىز دوستىغا:

لَا تَحْزَنْ إِنَّ اللَّهَ معنا

**«غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە.»**

دېيىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ بىلەن بىرگە بولۇش سىرىنى تەلىم بېرىۋاتاتتى.

سەۋر غارى بەندىنى چەكسىز سىرلار قايىنىمىدىن ئاللاھتائالاغا ئۇلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق قەلبى تەربىيەنىڭ باشلىنىش ماكانى ۋە بۇ ئىلاھىي سەپەرنىڭ تۇنجى باسقۇچى بولغان.

ئىمان ئۆز كۆچىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتتىن ئالىدۇ. پۈتۈن مۇقەددەس سەپەرلەرنىڭ ئاساسى يولباشچىسى ئۇنىڭغا

231. سەۋر: ھىرادىن پەرقلىق بىر مەنىۋى دەرس ماكانى ئىدى. ھىرادا ئىمان ئۇرۇقلىرى چېچىلغان بولسا، سەۋردە كۆچلەنگەن ئىماندىن كېيىن ئېھسان ئۇرۇقلىرى چېچىلدى.

بولغان مۇھەببەت ۋە ئاللاھقا يېتىشنىڭ يېگانە يولىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت باغلاشتۇر. چۈنكى سۆيگۈنىڭ شەرتى، ئاشىقنىڭ قانۇنى، سۆيۈلگەن كىشىگە بولغان مۇھەببەت ۋە ئۇ ئاشىق تۈپەيلىدىن ئۇ كىشىنىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنىمۇ ياخشى كۆرۈشتۇر. مۇھەببەتنىڭ پاك تۇتۇلىشى مەنىۋى باغلىنىش بىلەن مۇمكىندۇر. ئىلاھىي مۇھەببەتنى خام ۋە يۈزەكى چۈشەنچە بىلەن چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قەلبى باغلىنىشىنى ئىپادىلىگەن بۇ ھادىسىنىڭ، ھەربىر كۆڭۈلدە ئۇنىڭ ئۆز ئۆيقى ۋە قۇدرىتىگە يارىشا تەسىر قالدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەر بىر سۆھبەتتە يېڭى بىر زوق ۋە لەززەت ئالاتتى. ئۇ پەيغەمبەر سىرلىرىنىڭ ئەڭ سەممى ساقلىغۇچىسى بولغانلىقتىن، ئالاھىدە تەجەللىلەرگە نائىل بولۇپ، يانلىرىدا قالغان ۋاقىتلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تويمايتتى.

دەرۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

«ئەبۇ بەكرىنىڭ مېلىدىن پايدىلانغىنىمدەك، باشقا ھېچكىمنىڭ مېلىدىن پايدىلانمىدىم.» دېگەن ئىپادىسىگە جاۋابەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

«مەن ۋە مېلىم پەقەت سېنىڭ ئۈچۈن ئەمەسمۇ ئى رەسۇلۇللاھ؟!» (ئىبنى ماجە: «مۇقەددىمە»، 11) دېيىش بىلەن ئۆزىنى ھەممە نەرسىسى بىلەن قوشۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاتىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

سەۋر غارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك باشلىرىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تىزىغا قويۇپ، يىنىك بىر ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. شۇ ئەسنادا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غاردا بەكمۇ يېقىن بىر يەردە كىچىك بىر تۆشۈك كۆردى. بىرەر زىيانلىق ھاشارەتنىڭ چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زىيان سالماسلىقى ئۈچۈن، شۇ ھامان پۇتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئويغاتماستىن ئۇ تۆشۈكنىڭ ئۈستىگە قويدى.

ئىلاھىي ئىمتىھان، ھەقىقەتەن بىر ئازدىن كېيىن ئۆيلىنگەنلەرنىڭ ھەق چىقتى. چۈنكى بىر يىلان ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ پۇتىنى قاتتىق چاقتى. ئۇ بۈيۈك ساھابىنىڭ جېنى شۇ قەدەر ئاغرىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئويغىتىپ كەتمىسۇن دەپ ھېچ مىدىرلىمىغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرىنى توسۇپ قالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياشلارنىڭ بىر تامچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىگە چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«نېمە ئىش ئى ئەبۇ بەكرى؟ نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«ھېچ ئىش يوق ئى رەسۇلۇللاھ!» دېگەن بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن مەسىلىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. (بەيھاقى: «دەلائىل»، 2-جىلد، 477-بەت؛ ئىبنى كەسىر: «ئەلبىدايە»، 3-جىلد، 223-بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ ھامان تۈكرۈكىنى يىلان چاققان يەرگە بارماقلىرى بىلەن سۈردى. ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا ئەبۇ بەكرىنىڭ ئاغرىقى بېسىقىپ، يارىسى شىپا تاپتى.

ئاجىز بىر رىۋايەتكە كۆرە، بۇ ھادىسە تۈپەيلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىلاندىن سورىدى:

«بۇ ئىشنى نېمىشقا قىلدىڭ؟»

يىلان جاۋابەن:

«ئى رەسۇلۇللاھ! مەن يىللاردىن بۇيان سېنى كۆرۈش ئۈچۈن ھەسرەت بىلەن شۇ كىچىك تۆشۈكتە ساقلاۋاتاتتىم، ئارزۇيۇمغا نائىل بولىدىغان ۋاقتىمدا، سېنى كۆرۈشكە يولۇمنىڭ تاقالغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى باسالماي، بۇ يەرنى توسىۋالغۇچىنى چېقىشقا مەجبۇر بولدۇم»

بۇ ۋەسىلە بىلەن شائىر فۇزۇلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماددى-مەنىۋى شىپا مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا دوست بولغانلارنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن مۇنداق دەيدۇ:

دوستى گەر ئىچسە زەھەر بولۇر ئابىھايات،
دۈشمىنى ئىچسە سۇ ئايلىنار ئەلۋەتتە زەھەر شاراب.

(ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستى بولغان كىشى يىلان زەھىرىنى ئىچسە، ئۇ زەھەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئابى ھايات بولىدۇ. ئەمما ئۇ پەيغەمبەرلەر سۇلتانىنىڭ دۈشمىنى بولسا، سۇ ئىچسىمۇ، ئۇ سۇ ئۇنىڭغا بىر يىلان زەھىرى بولىدۇ.)

بۇ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن باشقا بىر مىسال، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ مۇنداق بولغان:

رىۋايەتلەرگە كۆرە ۋىزانتىيە ئىمپېراتورى ياخشى نىيەت نىشانىسى سۈپىتىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دۈشمەنلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا پايدىسى بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن كۈچلۈك بىر زەھەر ئەۋەتكەن. ئۆمىرى رۇم ھىيلە ـ مىكىرلىرى بىلەن ئۆتكەن ۋىزانتىيە ئىمپېراتورلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن تەبىئى بولغان بۇ ئىشقا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلچىلىك پەرۋا قىلماي، ئۇنى ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنىڭ ئالدىدىلا زەھەر قۇتىسىنى ئېچىپ، بىسمىللاھ دەپلا ئىچىۋەتكەن. زەھەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن[232].

بۇ ھادىسىلەر يەنى ئاللاھنىڭ رۇخستى بىلەن زەھەرنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلب ئالەمىدىن نېسىۋىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولغان مۇستەسنا بەندىلەرگە خاس بىر ئەھۋالدۇر. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە ۋاقتىدا، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئۈستۈن تۇتقان شەكىلدە سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىشى بىلەن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇ كېچىسى ئۆمەرنىڭ پۈتۈن خانىدانىدىن ياخشىدۇر! ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۇ كۈنى ئۆمەرنىڭ پۈتۈن خانىدانىدىن بەكرەك ياخشىدۇر! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

232. رىسالەتۇل بەسمەلە: 42 ـ بەت. بۇ يەردە زەھەر ئىچكەن كىشىنىڭ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

غارغا بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققاندا، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى» دېگەن. (ھاكىم: 3-جىلد، 4268\7)

سەۋر غارىدا مۇساپىر بولۇپ تۇرىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى ئەسما تاماق ئېلىپ كەلدى، ئوغلى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەر كېچە ئۇلار بىلەن غاردا كېچىلىدى. سەھەر ۋاقىتلىرى ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ، مەككىدە كېچىلىگەندەك قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئارىسىدا بولدى. قاتتىق ئەقىللىق ۋە قابىلىيەتلىك ياش بولغان ئابدۇللاھ كۈندۈزدە قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە سۆزلەنگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قۇرۇلغان ھىيلە-مىكىر ۋە تۇزاقلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئازاد قىلىۋەتكەن قۇلى ئامىر ئىبنى فۇھەيرەمۇ ئەبۇ بەكرىنىڭ پادىلىرىنى مەككىلىكلەرنىڭ پادىچىلىرى بىلەن بىرلىكتە يايلىتاتتى. ئەتىگەنلىرى ئۇلار بىلەن بىللە چىقاتتى، ئاخشاملىرى قايتىشتا، پادىلارنىڭ مېڭىشىنى ئاستىلىتىپ پادىچىلارنىڭ كەينىدە قالاتتى. قاراڭغۇ چۈشىشى بىلەن، پادىلارنى ئېلىپ سەۋر غارىغا باراتتى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ئەزىز دوستى ئېھتىياجلىرى بولغان سۈتنى بۇ قويلاردىن ساغاتتى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە مەككىگە قايتقان ئابدۇللاھنىڭ ئاياق ئىزلىرىنىمۇ، پادىلارنىڭ ئىزلىرى يوقىتىپ، بىلىنگۈسىز بىر ھالەتكە كەلتۈرەتتى[233].

ئۈچ كۈندىن بويان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەۋاتقان مۇشرىكلار ئۇنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئابدۇللاھتىن مۇشرىكلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى كۈنى يول باشلىغۇچى ئېلىپ كەلگەن تۆگىلەرگە مىنىپ يولغا چىقتى. قانداقلا بولمىسۇن بۇ سەپەر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراقلاردىن ئايرىلىش بولغانلىقى

233. ئىبنى ھىشام: 2-جىلد، 99-بەت؛ بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45. ھەيسەمى: 6-جىلد، 53-بەت.

ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. خەزۋەرە دېگەن جايغا كەلگەندە تۆگىسىنى توختىتىپ، مەككە تەرەپكە قاراپ :

«سەن، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ سۆيۈملۈك شەھەرسەن، ئەگەر قەۋمىم مېنى سەندىن چىقارمىغان بولسا ئىدى، ھەرگىز چىقمايتتىم».دېدى.

(ئەھمەد: 4 ـ جىلد، 305 ـ بەت؛ تىرمىزى: «مەناقىب»، 68\3925)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ غەمكىنلىكىگە ئىلاھىي ۋەھيى بىلەن تەسەللى كەلدى:

إِنَّ الَّذِي فَرَضَ عَلَيْكَ الْقُرْآنَ لَرَادُّكَ إِلَى مَعَادٍ

**«ساڭا قۇرئاننى (يەنى ئۇنى تەبلىغ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭ ئەھكامىغا ئەمەل قىلىشنى) پەرز قىلغان زات سېنى ئەلۋەتتە قايتىدىغان يەرگە (يەنى مەككىگە) قايتۇرىدۇ.»** (قەسەس سۈرىسى، 85 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتلەر بۇ يەرگە يەنە قايتىپ كېلىشنى بېشارەت بېرىش بىلەن بىرگە، مەككە فەتھىسىنىڭ تۇنجى ئالامىتى سۈپىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدىكى غەمكىنلىكنى خۇشاللىققا ئايلاندۇردى.

مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسى 400 كېلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ زامانلاردا تۆگە بىلەن 13 كۈندە كېلەلەيتتى. يوللار ئۇزۇن، ھاۋا ئىسسىق، قۇملار ئوتتەك قىزىق بولۇپ، بۇ مۇبارەك كارۋان دەسلەپكى 24 سائەتتە ھېچ بىر يەردە تۇرماستىن يوللىرىنى داۋام قىلدى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىجارەت ئۈچۈن شامغا بېرىپ كېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كۆپلىگەن كىشىلەر تونۇيتتى، بۇ سەپەردىمۇ تونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا:

«ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇ ئالدىڭدىكى زات كىم بولىدۇ؟» دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سورىغان كىشىلەرگە:

«يول باشلىغۇچىمدۇر، ماڭا يول كۆرسىتىدۇ.» دېيىش بىلەن تەدبىرنى قولدىن بەرمەيتتى، ئۇ ئەسلى بۇ سۆزى بىلەنمۇ: «ئۇ ماڭا ئەڭ خەيرلىك

يولنى كۆرستىدۇ.» دېيىشنى مەقسەت قىلاتتى. (ئىبنى سەئىد: 1 ـ جىلد، 233 ـ دىن 235 ـ بەتلەرگىچە؛ ئەھمەد: 3 ـ جىلد، 211 ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە ئۇنىڭ ئازاد قىلغۇچىسى ئامىر ئىبنى فۇھەيرە بىلەن بىرلىكتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت[234] رەھبەرلىكىدە قەدىد دېگەن جايغا كەلگەندە بىر چېدىرغا يولۇقتى. بۇ چېدىر ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئىدى. ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەن يولۇچىلارنىڭ سۇ ۋە يېمەكلىكلىرىنى تەييارلايتتى. مەدىنىنىڭ مۇقەددەس سەپىرىگە ماڭغان بۇ مۇبارەك يولۇچىلارمۇ ئۇممۇ مەئبەدتىن سۈت تەلەپ قىلدى.

چېدىردا ئۇممۇ مەئبەدنىڭ ئاجىز بىر قويى بولۇپ، سۈتى ۋە يېغى بولۇش بىر ياقتا تۇرسۇن، قاتتىق ئاجىزلىقىدىن، بىچارە ھايۋان باشقا پادىلارغا قوشۇلۇپ ئوتلاققا بېرىشقىمۇ ماجالى يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن چېدىرنىڭ بىر تەرىپىدە قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينى سېغىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغاندا، ئۇممۇ مەئبەد:

«ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! ئەگەر ئۇنىڭدا سۈت تاپالىساڭ ساغقىن!» دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئاللاھتائالانىڭ بەرىكەت ئېھسان قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن بىسمىللاھ دەپ ئۆز قولى بىلەن قويدىن ناھايىتى كۆپ سۈت ساغدى.

ئۇممۇ مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېيتىشىچە ئۇ قوي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا مەيدانغا كەلگەن قۇرغاقچىلىققا قەدەر ياشىغان.

يەنە ئۇممۇ مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

---

234. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت ئۇ ۋاقىتلاردا مۇشرىك ئىدى، ئەمما ئىشەنچلىك بىر كىشى ئىدى. كېيىن مۇسۇلمان بولغان، بولمىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ بولغان بولسىمۇ، مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كۈچلۈكتۇر.

«يەر يۈزىدە ھايۋانلار يەيدىغان بىر نەرسە تاپالمايدىغان ۋاقىتلاردا بىز ئۇنى ئەتىگەن-ئاخشامدا ساغاتتۇق» دەپ، ئۇ قويدىكى بەرىكەتنى ئىپادىلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن چېدىرغا ئۇممۇ مەئبەدنىڭ يولدىشى ئەبۇ مەئبەد كېلىپ، چېدىردىكى سۈتنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن:

- ئەي ئۇممۇ مەئبەد! بۇ سۈتلەر نەدىن كەلدى؟ قويلار يىراق يايلاقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئىرىك تۇرسا، بۇ يەردە سېغىلىدىغان بىر ھايۋان بولمىسا! بۇ نېمە گەپ؟ - دەپ سورىدى.

ئايالى:

- بۈگۈن بىزگە بىر مۇبارەك بىر زات ئۇچرىدى، مۇنداق، مۇنداق گۈزەل ئىشلىرى بار ئىدى - دەپ، ئۇ كۈنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

ئېرى:

- ۋاي ئاللاھ! ماڭا ئۇ زاتنى سۈرەتلەپ بەرگىن!- دېيىشى بىلەن، ئۇممۇ مەئبەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:

- مەن كۆرگەن زات شۇنداق بىر كىشى ئىدىكى، ناھايىتى گۈزەل، يۈزى نۇرلۇق، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە مىسلى يوق كىشى ئىدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەيىب يوق بولۇپ، ئەكسىچە خۇشخۇي ۋە كېلىشكەن ئادەم ئىدى. كۆزلىرى قارا، كىرپىكلىرى كۆپ، ئاۋازى چىرايلىق، كۆزىنىڭ ئېقى قاتتىق ئاق، قارىسى قاپقارا بولۇپ سۈرمە سۈرۈلگەن، قاشلىرىنىڭ ئۇچى ئىنچىكە، چاچلىرى قويۇق ۋە قارا، بويىنى ئۇزۇن ۋە ئېگىز بولۇپ ساقىلى قويۇق ۋە ئۇزۇن ئىدى.

جىم تۇرغىنىدا ئۇنىڭدا ھەيۋەت ۋە ئېسىل سالاپەت ھاسىل بولاتتى. سۆزلىگەندە گۈزەللىك، خۇشخۇيلۇق ۋە تاتلىق تىلى ئاشكارا بولاتتى. سۆزلىرى خۇددى تىزىلغان مەرۋايىتتەك، ئاغزىدىن دانە-دانە چىقاتتى. سۆزى ناھايىتى ئوچۇق، ھەق بىلەن باتىلنى ياخشى ئايرىيتتى. سۆزلىرى

ئىنساننى ئاجىز كۆرستىدىغان دەرىجىدە ئاز ۋە ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان دەرىجىدە كۆپ ئەمەس ئىدى.

يىراقتىن كۆرۈلگەندە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ھەيۋەتلىكى ۋە ئەڭ گۈزىلى، يېقىنغا كەلگەندە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى ئىدى. ئوتتۇرا بويلۇق بولۇپ، بويى نورمالنىڭ سىرتىدا ئېگىز ۋە پاكار ئەمەس ئىدى. گۈزەللىكى ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىپ، ئۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرغان، نوتىلار ئارىسىدا ۋايىغا يەتكەن بىر دەرەخ ئىدى. يېنىدا بىر قانچە ھەمراھلىرى بولۇپ، بىر نەرسە سۆزلىگەن ھامان پۈتۈن دىققىتى بىلەن ھۇزۇر ئىچىدە ئاڭلايتتى ۋە بېرىلگەن بۇيرۇقنى دەرھال ئىجرا قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرىشەتتى. پۈتۈن خىزمەتلىرىگە تەييار تۇرۇلىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىنىدىغان بىر كىشى ئىدى. داۋاملىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدىغان بىر چىھرىگە ئىگە ئىدى. ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيتتى ۋە ئازارلىمايتتى.

ئەبۇ مەئبەد بۇ گۈزەل سۈپەتلەرنى ئاڭلىشى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ:

«بۇ زات قۇرەيش قەبىلىسىدە ئاشكارا بولغان پەيغەمبەردۇر. ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر بولۇپ، ئۇنىڭغا دوستلۇقۇمنى بىلدۈرۈشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم. يەنىلا بىر يول تاپالىسام بۇنى چوقۇم قىلىمەن!» دېدى.

ئۇ كۈنلەردە مەككىدە ئىگىسى ناتونۇش بولغان بىر ئاۋازنىڭ ئۇممۇ مەئبەدنىڭ چېدىرىغا كەلگەن مۇساپىرلارنى مەدھىيلەپ، شېئىر ئوقۇغانلىقى ئاڭلانغان. بۇ شېئىرنى ئاڭلىغان ھەسسان ئىبنى سابىت پەيغەمبەرلىرى ئارىلىرىدىن چىقىپ كەتكەن قەۋمنىڭ زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ مەدىنىدە ھىدايەت تارقىتىپ ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر شېئىر بىلەن جاۋاب بەرگەن. (ئىبنى سائاد: 1-جىلد، 230-231-بەتلەر؛ 8-جىلد، 289-بەت؛ ھاكىم: 3- جىلد، 10-11-بەتلەر)

ئەبۇ مەئبەد ۋە ئۇنىڭ بەختلىك ئائىلىسى بىرلىكتە ئىسلامغا كىرىپ، ساھابىلىك شەرىپىگە نائىل بولغان.

بۇ كارۋاننى ھېچقانداق قىلىپ تاپالمىغان مۇشرىكلار، تاپالىغانلارغا زور مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدىلەر بىلەن كۆزلىرى قاماشقانلارمۇ يول ـ يوللارغا چۇشتى. سۇراقە ئىبنى مالىك بۇلاردىن بىرى ئىدى.

دەرۋەقە، سۇراقە ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشتى. ئۇنى كۆرە ـ كۆرمەيلا ئېتىنىڭ سۇرئىتىنى تېزلەتتى، ئەمما تۇيۇقسىزلا ئېتىنىڭ پۇتلىرى قۇملارغا پېتىپ كېتىپ، ئۆزىمۇ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. قانچىلىك تىرىشقان بولسىمۇ، قۇمدىن چىقىشقا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشكە قادىر بولالمىدى. خېلى تىرىشقاندىن كېيىن بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن سۇراقەنىڭ ئېتى قۇمدىن قۇتۇلدى. بۇ مۆجىزىنى كۆرگەن سۇراقەنىڭ قەلب دۇنياسى ئۆزگىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەمىمىي دوست بولدى. كارۋاننىڭ ئورنىنى مەخپىي تۇتۇش نىيىتى بىلەن كەينىگە قايتتى، ئۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلارنى، كەينىگە قايتۇرىۋەتتى ياكى باشقا تەرەپلەرگە يولغا سالدى. (مۇسلىم: «زۇھد»، 75)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ بىشارىتى سۇراقەنىڭ قۇلاقلىرىدا جاراڭلايتتى:

«ئى سۇراقە! كىسرانىڭ بىلەيزۈكلىرىنى تاقىغان، بەلۋاغلىرىنى باغلىغان ۋە تاجىنى كەيگەن ۋاقىتتا ئۆزەڭنى قانداق ھېس قىلىسەن؟»

ھەقىقەتەن ئىران فەتھىسىدە كىسرانىڭ بىلەيزۈكلىرى، بەلۋېغى ۋە تاجى مەدىنىگە كەلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇراقەنى چاقىرتىپ، بۇلارنى ئۇنىڭغا تاقاپ:

«ئى سۇراقە! قولۇڭنى كۆتۈرۈپ: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، بۇلارنى مەن ئىنسانلارنىڭ رەببىمەن» دېگەن كىسرا ئىبنى ھۇرمۇزدىن چىقىرىپ مۇدلىج جەمەتىدىن سۇراقە ئىبنى مالىكقا

تاقاتتۇردى دېگىن!» دېدى. (ئىبنى ئەسىر: «ئۇسدۇل غابە»، 2ـ جىلد، 332ـ بەت؛ ئىبنى ھەجەر: «ئەلئىسابە»، 2ـ جىلد، 19ـ بەت)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەمىم دېگەن يەرگە كەلگەندە، بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيب ۋە ئۇنىڭ قەۋمى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ، ئىسلام بىلەن شەرەپلەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئۇ كېچە بۇرەيدەگە سۈرە مەريەمنىڭ باش تەرىپىنى ئۆگەتتى[235].

بۇرەيدە بېشىدىكى ئاق سەللىنى يېشىپ:

«ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، بايراقتارىڭىز بولاي!» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن قۇباغا كەلگىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايراقدارلىق قىلدى.

بۇرەيدەدىن كېيىن كارۋان شامدىن قايتىۋاتقان تىجارەت كارۋىنىغا ئۇچرىدى، بۇ كارۋاندا زۇبەير ئىبنى ئەۋۋاممۇ بار ئىدى. زۇبەير پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئاق تون كەيدۈردى[236].

ھىجرەت كارۋىنى مەدىنىگە قاراپ قەدەممۇ ـ قەدەم يېقىنلىشىۋاتاتتى. مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممە كىشىنى سەپەرۋەر قىلىشى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان خەتەرلەرگە قارىماستىن، ئۇ يەنىلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا داۋام قىلىپ، يولدا ئۇچرىغانلىكى كىشىلەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈردى.

ساھابە ـ كىرامدىن سەئىد ئەددەلىل[237] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

---

235. ئىبنى سائاد: 4ـ جىلد، 242ـ بەت.

236. بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45.

237. بۇ مۇبارەك ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدىنىگە بارىدىغان قىسقا يولنى كۆرسىتىپ، رەكۇبە يولىدا يول كۆرسەتكۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن "دەلىل" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى

«ھىجرەت جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە بىزگە ئۇچرىدى. ئۇ ۋاقىتتا ئەبۇ بەكرىنىڭ بىر قىزى يېنىمىزدا ئىنىكئانا قولىدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىسقا يول بىلەن مەدىنىگە بارماقچى ئىدى. بىز ئۇنىڭغا:

«بۇ يەر رەكۇبە ئۆتكىلىنىڭ غائىر دېگەن يولىدۇر. بۇ يەردە ئەسلەم قەبىلىسىدىن مۇھانان دەپ تونۇلغان ئىككى ئوغرى بار، خالىساڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا بىز بارايلى» دېدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«سەن بىزنى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئاپارغىن!» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن يولغا چىقتۇق، رەكۇبەدىن چىقىپ بىر دۆڭلۈكنىڭ يېنىغا بارغىنىمىزدا، ئۇ ئىككى ئوغرىنىڭ بىرى ھەمراھىغا:

«بۇ زات يەمەنلىك!» دەۋاتاتتى[238].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ ئىسلامنى چۈشەندۈرۈپ، مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سورىغاندا:

«بىز مۇھانان (يەنى پەس كۆرۈلگەن ئىككى كىشى)» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«دەل ئەكسىچە، سىلەر مۇكرەمان (شەرەپلىك ئىككى كىشىسىلەر)» دېدى ۋە خۇشخەۋەرچى سۈپىتىدە ئالدىدىن مەدىنىگە بېرىشنى بۇيرىدى. (ئەھمەد: 4-جىلد، 74-بەت)

238. بۇ سۆز بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىلىك ئىكەنلىكى مەقسەت قىلىنغان. چۈنكى مەككە تىھامە رايونىدا، تىھامە بولسا يەمەن چېگرالىرى ئىچىدە سانالغان. بۇ سەۋەبتىن كەبىگە "ئەلكەبەتۇل يەمەنىيە" دېيىلگەن. (ئىبنى ئەسىر: «ئەننىھايە»، 5-جىلد، 300-بەت)


پەيغەمبىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن
ھىجرەت يولى
باشقا ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلىدىغان
ئاۋات يوللار
مەدىنە مۇنەۋۋەر
قۇبا
زۇلھۇلەيفا
رىم ۋادىسى
ھەمرائۇل ئەسەد
ئارە
زۇ سەلەم
جەداجىد
زۇكەسىر ۋادىسى
سەنىيەتۇل مەررە
بەدىر
رابىغ
جۇھپە
ئۇممۇ مابەدنىڭ چېدىرى
قۇدەيد
مۇشەللەل
ئەمەج
ئۇسفان
سەرىپ
ھۇدەيبىيە
مەككە مۇكەررەمە
سەۋرى تېغى
تائىف
قىزىل دېڭىز

## كۈتۈلگەن ئەزىز يولۇچى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەدىنىلىكلەر قاتتىق ھاياجاندا ئىدى. ئۇ مۇبارەك يولۇچىنىڭ يولىنى تەقەززالىق بىلەن كۆزەتتى. ئۇ نۇرلۇق كارۋاننى كۈتۈۋېلىش، ئۇ ئەبەدىي سائادەت كارۋىنىنىڭ بەرىكىتىگە ئازراق بولسىمۇ ئېرىشىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ، ئىشتىياق بىلەن ساقلىدى.

نىھايەت، پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون تۆتىنچى يىلى، رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىنچىسى، دۈشەنبە كۈنى، بىر ئاۋاز پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى سۆيۈندۈردى:

«كۈتۈلگەن مۇبارەك يولۇچى كېلىۋاتىدۇ!»

بۇ خوش خەۋەر بىلەن تەكبىر ئاۋازلىرى پۈتۈن مەدىنىنى جاراڭلىتىشقا باشلىدى.

مۇسۇلمانلار قوراللىنىپ، بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە بۇ مۇبارەك مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چاپتى.

كۈتۈلگەن مۇبارەك كارۋان ئىلاھىي ھىمايە ئاستىدا مەدىنە ئەتراپىدىكى قۇباغا كەلگەندە، ئەتراپ بەكمۇ جانلىنىپ كەتكەن ئىدى.

دۆڭلەردىن **«طلع البدر علينا»** «تەلەئەل بەدرۇ ئەلەينا»[239]نىڭ يۇرەكنى يايرىتىدىغان نەغمىلىرى ئاسمان-زېمىننى لەرزىگە سېلىپ، قەلبلەرنى تىترەتتى. تارىخ ئەشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ قىيامەتكە قەدەر مەيدانغا كېلىدىغان ھادىسىلەرنى كۈنتەرتىپلەيدىغان بىر «ھىجرەت كالىندارى» باشلاتتى.

كۈتۈۋېلىشقا كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەملەرنىڭ يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىلگىرى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن تونىمايتتى. بىر مەزگىل ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پەيغەمبەر دەپ گۇمان قىلدى.

---

239. تولۇن ئاي ئۈستىمىزگە چىقتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈت قىلدى. ئۈستىگە قۇياش نۇرى چۈششى بىلەن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، رىداسى بىلەن ئۇنىڭغا سايە چۈشۈرۈشكە باشلىدى، مۇسۇلمانلار ئەنە شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونىدى[240].

مەدىنە ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش ماكانى بولدى. كۇپۇرنىڭ قاراڭغۇ يۈزى بۇ ھىجرەت بىلەن ئېتىلدى. مەسجىدى سائادەت يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ۋە قۇبا مەسجىدى، ئالىي بىر مەناغا ئىگە بولۇپ، قىيامەتكە قەدەر بۇ مۇبارەك ھىجرەتنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قالدى.

ئەنسارىلار مۇھاجىرلارغا مال ـ مۈلكىنى كۆرسىتىپ:

«مانا بۇ مېنىڭ مېلىم، ئالغىن، يېرىمى سېنىڭ.» دېدى. پىداكارلىقتا مىسلىسىز بىر ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ ئاساسى مانا مۇشۇنداق باشلاندى. مەدىنە ئىسلام تارىخىدىكى ئۆلمەس ئورنى ۋە يوقالماس ئېتىبارىغا ئېرىشتى. مەدىنىدە ئەزانلار، رامىزانلار، بايراملار، زاكاتلار، ئۇرۇشلار ئايرىم بىر تەجەللى بولۇپ، ئۈممەتكە نەمۇنە بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا تۇرغان ۋاقىتىدا ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدىن «كۇلسۇم ئىبنى ھىدم»نىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردىن چىقىپ سەئىد ئىبنى ھەيسەمەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ يەردە مۇسۇلمانلار بىلەن سۆھبەت قىلدى.

سەئىد ئىبنى ھەيسەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بويتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھاجىرلارنىڭ بويتاقلىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. بۇ سەۋەبتىن سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە «منزل العزاب» «مەنزىلۇل ئۇززاب» «بويتاقلار ئۆيى» دېيىلەتتى[241].

240. بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45.

241. ئىبنى ھىشام: 2 ـ جىلد، 110 ـ بەت؛ ئىبنى سائاد: 1 ـ جىلد، 233 ـ بەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا قالغان كۈنلىرىدە جىنازا ئۇزىتىشلىرىغا قاتناشتى، كېسەل يوقلاپ، چاقىرغان يەرلەرگە باردى.

ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساھابىلەرنىڭ سەزگۈرلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۇ كۈنلەرگە ئائىت بىر خاتىرىنى مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېڭى كەلگەن ۋاقىتلاردا، بىزنىڭ ئىچىمىزدىن بىرى سەكراتقا چۈشكەندە، بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلاتتۇق. ئۇ كېلىپ كېسەلنىڭ بېشىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىستىغفار ئېيتاتتى، ۋاپات بولغاندا يېنىدىكىلەر بىلەن بىللە قايتاتتى. بەزى ۋاقىتلاردا دەپنە قىلىپ بولغىچە ساقلايتتى.

ئۇنىڭغا زەھمەت بېرىشتىن ئەندىشە قىلىپ ئارىمىزدا مۇنداق دېيىشتۇق:

«كېسەللىرىمىز ۋاپات بولغىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلمايلى، ۋاپات تاپقاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا خەۋەر قىلايلى. بۇنداق قىلساق ئۇ بەك چارچاپمۇ كەتمەيدۇ، كۆپ ۋاقتىمۇ كەتمەيدۇ.»

دېگەندەك شۇنداق قىلىشقا باشلىدۇق، كېسەل كىشىلىرىمىز ۋاپات بولغاندا بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاتتۇق، ئۇ كېلىپ نامازنى چۈشۈرۈپ، ئىستىغفار ئېيتىپ قايتاتتى. بەزىدە مېيىت كۆمۈلۈپ بولغىچە ساقلايتتى.

بىر مەزگىل مۇشۇ شەكىلدە داۋاملاشتى. كېيىن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇنداقمۇ قىلمايلى. بۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چارچىتىۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن جىنازىمىز بولسا، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئاپىرايلى، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ» دېدۇق ۋە شۇنداق قىلىشقا باشلىدۇق.

ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر دەيدۇكى:

«بۇ سەۋەبتىن ئۇ يەرگە ناماز ئوقۇلىدىغان ئورۇن مەنىسىدە «مۇسەللا» دېيىلدى. جىنازىلار داۋاملىق ئۇ يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلاتتى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ بۇ ئۇسۇل ئوخشاش داۋاملاشتى. (ئىبنى سائاد، 1-جىلد، 519/1349)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادىكى ۋاقتىدا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۇلارغا يېتىشتى.

ساھابە-كىرامنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە بۇيۇكلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن رىۋايەتلەر بار. دەرۋەقە، ساھابىلەردىن بەرا ئىبنى ئازىب[242] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ ھەر پۇرسەتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئائىت بىرەر خاتىرىنى ئاڭلاش ئارزۇسىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادامدىن ئون ئۇچ دەرھەمگە ئىگەر سېتىۋېلىپ:

«بەراغا ئېيتقىن، ئۇنى بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىۋەتسۇن» دېدى.

دادام:

«ياق! ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قانداق ھىجرەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرمىگىچە بولمايدۇ» دېدى.

بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەت سەپىرىنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سۆزلەپ بەردى. (بۇخارى، «ئەسھابۇن نەبى»، 2؛ ئەھمەد، 1-جىلد، 2)

242. بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلاردىن بولۇپ كۇنىيەسى (لەقىمى) ئەبۇ ئەممارەدۇر. ھىجرەتتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان. ئوھۇد ئۇرۇشىدىن باشلاپ پۈتۈن غازاتلاغا قاتناشقان. ھىجرەتنىڭ 73-يىلى كۇفەدە ۋاپات بولۇپ. 300 دىن كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

## ئاساسى تەقۋالىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مەسجىد: قۇبا مەسجىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت سەپىرىنىڭ تۇنجى بېكىتى بولغان قۇبادا، ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىدە ئون تۆت كېچە مېھمان بولدى. مەشھۇر قۇبا مەسجىدى شۇ ئەسنادا سېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشىدا بىۋاستە ئىشلىدى.

قۇبا مەسجىدى ئىسلامدا قۇرۇلغان تۇنجى مەسجىدتۇر. ھىجرەتكە ئوخشاش مۇھىم بىر ھادىسە جەريانىدا بىنا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەسجىد قۇرئانى-كەرىمدە:

لَمَسْجِدٌ أُسِّسَ عَلَى التَّقْوَى مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ

**«بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد.»** (تەۋبە سۈرىسى، 108-ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن شەكىلدە زىكىر قىلىنغان[243].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

فِيهِ رِجَالٌ يُحِبُّونَ أَنْ يَتَطَهَّرُوا وَاللَّهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ

**«ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.»** (تەۋبە سۈرىسى، 108-ئايەت) دېگەن ئايەتنىڭمۇ قۇبا خەلقى ھەققىدە نازىل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن[244]. ھىجرەت قىلغان تۇنجى مۇھاجىرلار قۇباغا بارغانلىرىدا، ئەمر ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭ خورما قۇرۇتىدىغان يېرىنى تۈزلەپ ئۇ يەردە ناماز ئوقۇشنى باشلىغان. ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازاد قىلغۇچىكەن

246. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېيىن ھىجرىيە كالىندارىنى يولغا قويغاندا بۇ ئايەتتىكى"تۇنجى كۈندىن" دېگەن ئىپادىگە ئاساسلانغان. (سەماھۇدى: 1-جىلد، 248-ئايەت)

244. ئىبنى سائاد: 3-جىلد، 87-بەت؛ 4-جىلد، 311-بەت.

قۇلى سالىم، قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇيدىغان ۋە ياخشى بىلىدىغان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن تۇنجى مۇھاجىرلارغا ئىماملىق قىلغان[245].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى مۇھاجىرلار ناماز ئوقۇغان بۇ ساھەنى كېڭەيتىپ، قۇبا مەسجىدىنى بىنا قىلدى. مەسجىد كۇۋادىرات شەكىلدە بولۇپ تۆت ئەتراپى تەخمىنەن 32 x32 مېتىر ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبالىقلاردىن تاش ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلاردىن بىرىنى ئېلىپ قىبلە تەرەپكە قويۇپ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭمۇ ئوخشاش شەكىلدە ئارقىمۇ-ئارقىدىن تاش قويۇشىنى بۇيرىدى.

مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەڭ بۈيۈك غەيرەت كۆرسەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا «ئىسلامدا تۇنجى مەسجىد بىنا قىلغان كىشى» دېيىلدى[246].

ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئىشلەپ ھەم شېئىر ئوقۇپ، مۇئمىنلەرنىڭ ھارغىنلىقىنى يېنىكلەتتى[247].

مەسجىدنىڭ مۇئەززىنلىك ۋەزىپىسىنى ساھابە-كىرامدىن سەئىد ئەل قۇرەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلدى.

پەيغەمبەر مەسجىدى ۋە مەدىنىدىكى باشقا توققۇز مەسجىدكە ئوخشاش قۇبا مەسجىدىمۇ تەلىم-تەربىيە پائالىيەتلىرى داۋاملاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە بۇنى نازارەت قىلدى[248].

ئىككى جاھاننىڭ سائادەت رەھبىرى بولغان يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەنبە كۈنى قۇبا مەسجىدىگە بەزىدە ئۇلاقلىق، بەزىدە پىيادە كېلىپ ئۇ يەردە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى[249].

245. ئىبنى سائاد، 3-جىلد، 87؛ 4-جىلد، 311

246 ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 114

247. كامىل مىراس "تەجرىد تەرجىمىسى"، 10 -جىلد، 106

248. ھەمدۇللاھ، "ئىسلام پەيغەمبىرى" 2 -جىلد، 771

249. بۇخارى: «پەزلۇس سالات»، -3جىلد،4؛ مۇسلىم، "ھەج".516.

بىر ھەدىستە بۇنى مۇسۇلمانلارغىمۇ تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆيىدە كامىل تاھارەت ئېلىپ، قۇبا مەسجىدىگە كېلىپ، ئۇ يەردە ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر ئۆمرە قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ» (ئىبنى ماجە، «ئىقامە»، 197؛ نەسائى، «مەساجىد، 9)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىكى دەۋرىدە، دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلەتتى. قۇبا يىراق يەرلەردە بولغان بولسىمۇ شۇ يەرگە تۆگىسىنى ھەيدەپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى[250].

قۇبا مەسجىدى ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تەرىپىدىن كېڭەيتىلدى. كېيىن يەنە كۆپ قېتىم رېمونت قىلىندى. ھىجرىيە 1245 ـ يىلى، مىلادى 1829 ـ يىلىدا سۇلتان 2 ـ ماخمۇت تەرىپىدىن سېلىنغان يالغۇز مۇنارلىق ۋە تۆت ئۆگزىلىك مەسجىد، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يىقىپ تاشلىنىپ، گۈمبەزلىك ۋە قوش مۇنارلىق قىلىپ، كېڭەيتىپ ياسالدى.

250. ئىبنى سائاد، 1 ـ جىلد، 245


بەنى هارىسە
قانات ۋادىسى
ئابدۇللەشھەد ئوغۇللىرى
نەبىر
سافىلە
شەرق ئېگىزلىكى
سەنىييەتۇل ۋەدا
زەپەر ئوغۇللىرى
سەنىييەتۇن نۇر
ھەزرەچتىن بەنى هارىس
بەنى سەلىمە
مەسجىدى نەبى
باقى
بەنى نەججار
غەرب ئېگىزلىكى (ھاررە)
سەل تېغى
بەنى زۇرەيك
بەنى ۋاقىف
بەنى سائىدە
هارىس بىن ھەزرەج ئوغۇللىرى
بەنى قەينۇقا
بەنى بەيازە
سالىم بىن ئاۋف ئوغۇللىرى
بەنى قۇرەيزە
بەنى ئۇبەيد تېغى
ئاقىق ۋادىسى
ئالىيە
بەنى نادىر
قاب بىن ئەشرەپىن قەلئەسى
رانۇنا ۋادىسى
ئاۋف بىن مالىك بىن ئەۋس ئوغۇللىرى
قۇبا
قۇبا مەسجىدى
قۇبا مەسجىدى
مەككىدىن
ئايرى تېغى
ئۇنەيف ئوغۇللىرى

## رانۇنا ۋادىسىدا تۇنجى جۈمە نامىزى

قۇبادا ئون تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلار مەدىنىگە ھەرىكەت قىلدى. ئۇ كۈنى جۈمە ئىدى. چۈش ۋاقتىدا «رانۇنە ۋادىسى»غا يېتىپ بارغاندا، ناماز ۋاقتى كىرىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسىدىن چۈشتى. ئۇ ۋاقىتتا، ئىسلامنىڭ شۇئارىنىڭ بىر ئالامىتى سۈپىتىدە پەرز قىلىنغان تۇنجى «جۈمە نامىزى»نى ئوقۇدى. خۇتبىدە مۇنۇلارنى دېدى:

**1. خۇتبە:**

«ئەي ئىنسانلار!

ئۆلۈمدىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىڭلار، پۇرسەت قولۇڭلاردىكى ۋاقىتتا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىۋېلىڭلار! ئاشكارا ـ يوشۇرۇن كۆپلەپ سەدىقە بېرىش ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش بىلەن پەرۋەردىگارىڭلار بىلەن ئاراڭلارنى ئوڭشاڭلار! بۇنداق قىلساڭلار، ئاللاھ تەرىپىدىن رىزىقلاندۇرۇلىسىلەر، ياردەم قىلىنىسىلەر ۋە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغان نەرسەڭلەرنى قولۇڭلارغا ئالالايسىلەر.

بىلىڭلاركى، ئاللاھ بۇ يىلىڭلارنىڭ بۇ ئېيىدا، بۇ يەردە سىلەرگە قىيامەتكە قەدەر «جۈمە نامىزى»نى پەرز قىلدى. ئادىل بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بېشىدا بىر ئىمام بار ھالەتتە، مەن ھايات ۋاقتىمدا ياكى مەندىن كېيىن ھەرقانداق كىشى بۇنىڭغا سەل قاراپ ياكى ئىنكار قىلىپ بۇ نامازنى تاشلىسا، ئۇنىڭ ئىككى ياقىسى بىر يەرگە كەلمىسۇن! ئاللاھ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك قىلمىسۇن! ئۇ كىشىنىڭ باشقا نامىزىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن خالى.... چۈنكى كىم تەۋبە قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ». (ئىبنى ماجە، «ئىقامە»، 78)

«ئەي ئىنسانلار!

ساغلام ۋاقتىڭلاردا ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار! شۈبھىسىزكى، ھەربىرىڭلار ئۆلىسىلەر ۋە پادىلىرىڭلار پادىچىسىز قالىدۇ.

كېيىن ئاللاھ ئۇنىڭغا تەرجىمانسىز ۋە ۋاستىسىز دەيدۇكى: «مېنىڭ رەسۇلۇم كېلىپ، سىلەرگە ئەمرلىرىمنى بىلدۈرمىدىمۇ؟ مەن ساڭا مال-مۈلۈك بەردىم، نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى ئېھسان قىلدىم، سەن ئۆزەڭ ئۈچۈن نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟»

بۇ سوئال سورالغان ھەممە كىشى ئوڭ-سول تەرەپلىرىگە قارايدۇ، ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدۇ، ئالدىغا قارىغان ۋاقتىدا جەھەننەمنى كۆرىدۇ.

ئۇنداقتا ئويغىنىڭلار! كىمكى يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ دوۋزاختىن ساقلىنىشقا قادىر بولسا، ئۇنى قىلسۇن! كىمكى يېرىم خورمىنىمۇ تاپالمىسا، گۈزەل سۆزلىرى بىلەن ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشسۇن! چۈنكى بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ساۋاپ بېرىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن! (ئىبنى ھىشام: 1-جىلد، 118-119-بەتلەر. بەيھاقى: «دەلائىل»، 2-جىلد، 524-بەت)

**2. خۇتبە:**

«ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار ئېيتىمەن ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمەن. نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، ئۇنى ئازدۇرغان كىشىنى بولسا، ھېچكىم ھىدايەتكە باشلىيالمايدۇ.

شۇنداق گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ بىردۇر. شېرىكى يوقتۇر، سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر. ئاللاھ كىمنىڭ قەلبىنى قۇرئان بىلەن بېزىگەن ۋە ئۇنى كۇپۇردىن كېيىن ئىسلامغا ھىدايەت قىلغان بولسا، ئۇمۇ قۇرئاننى باشقا سۆزلەردىن ئۈستۈن بىلگەن بولسا، مانا ئۇ كىشى قۇتۇلۇشقا ئېرىشكەن كىشىدۇر. سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ۋە ئەڭ بالاغەتلىكى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر.

ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈڭلار! ئاللاھنىڭ كالامىدىن ۋە ئۇنى زىكىر قىلىشتىن زېرىكىپ قالماڭلار. ئاللاھنىڭ كالامى قەلبىڭلارغا تار كەلمىسۇن! چۈنكى ئاللاھنىڭ كالامى ھەربىر نەرسىنىڭ ئەڭ ئۈستىنى ئايرىپ تاللايدۇ. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، بەندىلەرنىڭ تاللانغانلىرى

بولغان پەيغەمبەرلەرنى، قىسسىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلىنى[251] تىلغا ئالىدۇ، هالال ۋە هارامنى ئايرىيدۇ.

سىلەر پەقەت ئاللاهقا ئىبادەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭغا هېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار! ئۇنىڭدىن ھەقىقىي رەۋىشتە قورقۇڭلار! قىلغان ياخشى ئىشىڭلارنى تىلىڭلار قوللىسۇن! ئاللاهنىڭ سۆزى بىلەن بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار! شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاهتائالا ئەهدىنى بۇزغانلارغا غەزەپ قىلىدۇ.

ئاللاهنىڭ سالامى سىلەرگە بولسۇن! (بەيهاقى، «دەلائىل، 2-جىلد، 524-525)

بۇ خۇتبىلەر ئىسلامنىڭ ئېتىقاد، ئىبادەت، ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق تېمىلىرى بىلەن دىنىنىڭ ئومومىي خۇلاسىسىدۇر.

جۈمە نامىزىنىڭ هىجرەت جەريانىدا پەرز قىلىنىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت هالىغا كېلىشىنىڭ ئەهمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

## مەدىنىدە هاياجانلىق كۈتۈش

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇبادىن مەدىنىگە قاراپ هەرىكەت قىلغان ۋاقىتتا، تاغىلىرى بولغان نەججار جەمەتىگە خەۋەر ئەۋەتتى. ئۇلار قوراللىنىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا سالام بېرىپ:

---

251. قۇرئانى-كەرىمنىڭ ئۈچتە بىرىدىن كۆپ قىسمىنى پەيغەمبەر قىسسىلىرى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسسىلەرنىڭ هېكمەتلىرى ئۈچۈن ئوسمان نۇرى توپباشنىڭ "پەيغەمبەرلەر تارىخى" دېگەن كىتابىغا قاراڭ. بەيهاقى: «دەلائىل»، 2-جىلد، 524-525-بەتلەر. بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 46. دىياربەكرى: 1-جىلد، 339-بەت. ئىبنى هىشام: 2-جىلد، 112-113-بەتلەر. ئىبنى ماجە: «نىكاھ»، 21 دىياربەكرى: 1-جىلد، 341-بەت. بۇخارى: «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45، مۇسلىم: «زۇهد»، 75.ئەهمەد: 3-جىلد 122 تىرمىزى: «مەناقىب»، 1\3618.ئەهمەد: 3-جىلد، 301-بەت.

«بىختەرلىكىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۆگىڭىزگە مىنسىڭىز بولىدۇ» دېيىشتى[252].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىدىن كېيىن، قەسۋا دېگەن تۆگىسىگە مىندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى نەججار جەمەتىنىڭ ئاقساقاللىرى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەدىنىگە كىردى.

ئىككى جاھان قۇياشى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى بولغان رەسۇلىمىزنى تېخىمۇ كۆپ مېھمان قىلىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالدىغانلىقىنى چۈشەنگەن قۇۋالىقلار شۇ پەيتتە ئايرىلىش غەمكىنلىكى بىلەن:

«ئى رەسۇلۇللاھ! بىزدىن زېرىككەنلىكىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن ياخشىراق بىر يەرگە كېتىش ئۈچۈنمۇ بۇ يەردىن ئايرىلىسەن؟» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ماڭا مەدىنىگە بېرىشىم بۇيرۇلدى!» دەپ، ئۇلاردىن خۇشال بولغانلىقىنى ئېيتتى. (دىيەربەكرى، 1-جىلد، 339)

مەدىنىلىك پۈتۈن مۇئمىنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مېھمان قىلىپ، ئۆز ئۆيىدە كۈتۈۋېلىش ئارزۇسىدا ئىدى. بۇ جەھەتتە بىر-بىرلىرى بىلەن تالاش-تارتىش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسى قەسۋانى ئىشارەت قىلىپ:

«بۇ ھايۋاننى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ يولىنى ئېچىڭلار، ئۇ مەئمۇردۇر (يەنى قەيەرگە چۆكىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈلگەندۇر!)» دېدى. (ئىبنى ھىشام، 2-جىلد، 112-113)

چۈنكى مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىغانلىقى ھەل قىلىنغان بولاتتى.

---

252. بۇخارى، "مەناقىبۇل ئەنسار"، 46

دەرۋەقە، مۇبارەك تۆگە بىر ئىككى يەرگە چۆكۈپ قايتا تۇرغاندىن كېيىن ئاخىرى خالىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنى ئەبى ئەييۇب ئەل ئەنسارىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يەرگە چۆكتى. بەختلىك ساھابە ئەبۇ ئەييۇب ھەزرەتلىرىنىڭ كۆڭلىنى تەرىپلىگۈسىز بىر خۇشاللىق قاپلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى:

«مەرھەمەت ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! خانىمىزنى شەرەپلەندۈرۈڭ!» دەپ ئۆيىگە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغاندا، بەنى نەججار جەمەتىنىڭ كىچىك قىزلىرى داپلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

نحن جوار من بنى النجار

يا حبذا محمد من جار

«بەنى نەججار جەمەتىنىڭ قىزلىرى بىز! مۇھەممەدنىڭ دوستلىرى بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇش نېمىدېگەن كاتتا سائادەت، نېمىدېگەن بۈيۈك شەرەپتۇر!» دەپ، شېئىرلەر ئوقۇدى.

كۆڭۈللەر سۇلتانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قېنى ئېيتىڭلار، مېنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ئۇلارمۇ:

«شۇنداق ئى رەسۇللاھ! سېنى ياخشى كۆرىمىز!» دېدى.

ئۇلارنىڭ ناھايىتى روھلۇق ۋە قىزغىنلىقىغا خۇشال بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ:

«ئاللاھ بىلىدۇكى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن!» دېدى. (ئىبنى ماجە، «نىكاھ» 21، دىيەربەكرى، 1ـ جىلد، 341)

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن مەدىنىلىكلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىگە سۆيۈنگەندەك، باشقا بىر نەرسىگە سۆيۈنگەنلىكىنى كۆرمىدىم! پۈتۈن مەدىنىلىكلەر چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال، يول ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى كەلدى! يا مۇھەممەد! يا رەسۇلەللاھ! يا مۇھەممەد! يا رەسۇلەللاھ!» دەپ خۇشاللىق بىلەن توۋلىدى.» (بۇخارى، «مەناقىبۇل ئەنسار»، 45، مۇسلىم، «زۇھد»، 75)

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

«مەن رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىنى شەرەپلەندۈرگەن كۈندىن بەكرەك گۈزەل، ھاياجانلىق ۋە نۇرلۇق بىر كۈننى كۆرمىدىم، ئۇ كەلگەندە پۈتۈن مەدىنە يورۇقلۇققا چۆمدى.» دېگەن. (ئەھمەد، 3-جىلد، 112؛ تىرمىزى، «مەناقىب»، 3618/1)

مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىنى شەرەپلەندۈرگەنلىكىدىن ھېس قىلغان بەخت-سائادەتنىڭ شۈكرانىسىگە تۆگە قۇربانلىق قىلدى[253].

شۇنداق قىلىپ، بۇ مۇبارەك ھىجرەت بىلەن پەيغەمبەرلىكنىڭ مەككە دەۋرى ئاخىرلىشىپ، مەدىنە دەۋرى باشلاندى.

256. ئەھمەد، 3-جىلد، 301-بەت.

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................

......................................................................